# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ سىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ سىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


1. مەن مونتگومېرىنىڭ رولىنى ئالغان ............... 1
2. ئىككى ئوفىتسېر بىلەن بىر قىسىم ............ 27
3. شىمالىي ئافرىقىغا يوشۇرۇن بېرىش ........... 46
4. گېنېرال گرونىڭ تۇرمىدىن قېچىشى ......... 64
5. جاسۇس تۇتۇش خاتىرىسى .................... 72
6. جاسۇسنىڭ ”نادىر ئەسىرى“ .................... 82
7. گىتلېر ئامېرىكىغا تاجاۋۇز قىلغان مەز-
گىللەردە ........................................ 93
8. دېڭىزدىكى ئەرۋاھ كۆلەڭگىسى .................. 111
9. ناتسىستلارنىڭ ئاتوم بازىسىغا تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىش................................ 123
10. ھەققانىيەت بورىنىنىڭ دۇشمەن ئارقا سېپىنى
ساراسىمىگە سېلىشى ........................ 139
11. دېڭىز ئاستىدىكى سىرلىق جەڭ .............. 148
12. دەۋر ياراتقان قەھرىمان ...................... 170
13. ھىملاي بىلەن سودىلاشقان ئادەم.............. 181
14. ئەركىنلىككە تۇتاش تونېل ..................... 191
15. شەپقەتلىك كىشىلەر ......................... 223
16. ئاننى فرانكنىڭ خاتىرىسى ..................... 232
17. چاقماق تېزلىكىدە دۇشمەن پورتىغا زەربە

بېرىش ........................................ 244
18. پېئارل ـ هاربور پورتىغا تۇيۇقسىز زەربە
بېرىشنىڭ ئىچكى سىرى ........................ 253
19. 7 ـ دېكابىردىكى خورلۇق ........................ 261
20. غەۋۋاسلارنىڭ ئەنگلىيە فلوتىنى ئېغىر زەخمە-
لەندۈرۈشى ........................................ 283
21. دۆڭكېركتىكى مۆجىزە ........................ 293
22. ئىمپېرىيە ئوردىسىغا ئېرىشكەن خانقىز ...... 311
23. دېۋ دانژ بازىرىدىكى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان
مەھبۇس ........................................ 316
24. باتۇرنىڭ ئېيتقانلىرى ........................ 328
25. دوۋېردە مىنا تازىلىغان بىر كۈن ............ 337
26. قەلئەنىڭ قولىدىن كېتىش سىرىنىڭ ئاشكا-
رىلىنىشى ........................................ 347
27. بىرما ئورمانلىقىدىكى ئەسكەر ئېلىش
خاتىرىسى ........................................ 355
28. ئۇنتۇلماس بىر كېچە ........................ 374
29. 2 ـ 183 نامىلىق كۆمىلاچ دورىنىڭ مەيدانغا
كېلىشى ........................................ 383

# 1. مەن مونتگومېرنىڭ رولىنى ئالغان

## كرىۋدون. جامېس

ئالامان ئۇرۇشىدا يېڭىپ چىققان بۇ ۋىجىك گېنېرال جاھاندا بىر بولسىمۇ، پادىشاھ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ھەربىي لاۋازىمات پولكىدىكى بىر لېيتىنانت ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى . . . ئۇنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن ھەممىدىن بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە دائىر ھېكايىلەرنى تۆۋەندە شۇ رولنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى بىۋاستە بايان قىلىپ بېرىدۇ.

1944 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى بىر ئەتىگەندە، مېنىڭ ئەنگلىيە پادىشاھ جەمەت قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى لېستېر ھەربىي لاۋازىمات پولكىنىڭ خىزمەت ئۈستىلى ئۈستىدە تۇرغان تېلېفونۇم جىرىڭلىدى.

— لېيتىنانت جامېسمۇ؟ — دېدى بىرەيلەن مۇلايىملىق بىلەن، — مەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە كىنو ـ فىلىم باشقارمىسىدىكى پولكوۋنىك نىۋېن بولىمەن.

مەن بۇ ئاۋازنىڭ داۋىد. نىۋېننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ كىنو چولپىنى ئىدى.

— سەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە دائىر كىنو ئىشلىشقا قىزىقامسەن؟

— ھەئە، قىزىقىمەن، باشلىق، — دېدىم مەن، — بۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئىش بولامدۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا ئېپىنى بىلسەڭ، لوندونغا كېلىپ ئىشقا كىرىشكىن — دېدى نىۋېن.

مەن تېلېفون تۇرۇبكىسىنى ئاۋايلاپ قويۇپ قويدۇم. قۇرۇقلۇق ئارمىيە قانداقسىگە بىردىنلا ئەقىل تېپىپ قالغاندۇ؟ مەن 25 يىل ئارتىس بولغانىدىم، 1939 - يىلى ئۇرۇش پارتلىغاندا، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتىم، ئارمىيىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتىگە بۆلۈنگىنىمدە، ئۇلار مېنى ھەربىي لاۋازىمات پولكىدا ئىشلەشكە بۇيرۇشقانىدى، بۇ يەردىكى خىزمەت ماڭا زادىلا ماس كەلمەيتتى، ئەمدىلىكتە بۇ سەۋەنلىك تۈزىتىلمەكچى بولسا كېرەك.

ئارقىدىنلا بىر پارچە خەت كەلدى، مەن خۇشاللىق بىلەن لوندونغا باردىم. داۋىد.نىۋېن مېنى ئۆزى بەرگەن ئادرېسى — قارىغايلىق كوچىدا قىزغىن كۇتۇۋېلىپ، ئارقىدىنلا پۇقراچە كىيىنگەن بىر ئەر كىشى بىلەن كۆرۈشتۇردى، ئۇ كىشى ئۆزىنى مەن پولكوۋنىك لېستېر بولىمەن دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— جامېس، مەن ئارمىيە ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ 5 - باشقارمىسىدا[①] ئىشلەيمەن، بۇنداق دېسەم چۆچۈپ كەتمە يەنە، سەن كىنوغا ئېلىشقا ئەمەس، مونتگومېرىنىڭ رولىنى ئېلىشقا تاللاندىڭ.

مەن تەقى - تۇرقۇمنىڭ مۇند[②]غا ئوخشايدىغانلىقىنى دېمىسىمۇ بىلەتتىم. دوستلىرىم ئۇنىڭغا بەك ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىم ئۇستىدە دائىم پاراڭ سېلىشاتتى. بىر قېتىم مېنىڭ بېلىبې قالپىقى كىيىپ چۈشكەن رەسىمىم دۆلەت ئىچىدىكى بىر

---

① ئەنگلىيە ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلارغا قارشى تۇرۇش ۋە ئامانلىقنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئورۇن.

②مۇند مونتگومېرىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

گېزىتكە بېسىلغاندا، چۈشەندۈرمىسىگە: "بىلمەي يۈرمەڭ — بۇ كىشىنىڭ ئىسمى لېيتېنانت كرىۋدون. جامېس بولىدۇ" دەپ يېزىلغانىدى، ئەمما مېنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپەم بىرسىنىڭ راست رولىنى ئېلىش ئەمەس ئىدى.

پولكوۋنىك لېستېر لام ـ جىم دېمەي ماڭا بىر ھازا قارىـ ۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئىتتىپاقداش دۆلەت ئارمىيىسى غەربىي ياۋروپادا قۇـ رۇقلۇققا چىقاي دەپ قالدى، بىز ھۇجۇم قىلغۇچى كۈچلۈك بىر قوشۇن تەشكىللىدۇق، بۇ قوشۇن پات ئارىدا فرانسىيىدە قۇرۇقـ لۇققا چىقىپ، سۇر ـ توقاي قىلغىنىچە بېرلىنغا بېرىپ توختايـ دۇ. بۇ قوشۇننىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى نېمىسلاردىن يوشۇـ رۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قەيەرگە ھۇجۇم قىلىـ دىغانلىقىمىزنى قىياس قىلىپ بىلىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھۇجۇمنىڭ ۋاقتىنى بىلەلمەيدۇ، مەلۇم بىر ئۇرۇش سېپىدە تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچراش ئېھتىماـ لى بارلىقىنىمۇ كۆڭلىدىن ساقىت قىلمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن بىز دۈشمەننى قايمۇقتۇرىدىغان بىر لايىھە تۈزۈپ چىقتۇق ۋە بۇ لايىھىنى گېنېرال ئېيزېنخاۋېرغا تەستىقلاتتۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت مۇنداق: بەزى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى زور كۈچ بىلەن يوققا چىقىرىپ مۇند — ئەنگلىيە ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنىـ نىڭ قوماندانى بولۇش ئېھتىمالى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان شەخس — ئۇستىدە ئەنگلىيىدىكى خىزمەت ئورنىدىن دۇنيانىڭ باشقا يېرىگە كەتتى دېگەن چۈشەنچە پەيدا قىلىش. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار مەندىن قىسقا ۋاقىت رول مەشىقى قىلىش ئارقىلىق "گېنېرال مونتگومېر" قىياپىتىگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى.

— سەن بۇ ئىشنى ھەرقانداق ئادەمگە تىنما، — دېدى

پولكوۋنىك لېستېر مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — يەنە قانداق مە-
سىلە بار؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم، چۈنكى مەن بىر بولسا جىق مەسى-
لىلەرنى سورىشىم، بىر بولسا ھېچنېمىنى سورىمايلا قويۇشۇم
كېرەك ئىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كېيىن، مەن گويا ئىبلىس
چۈشىگەندەك بىر خىل قۇرقۇنچلۇقتا قالدىم. ئۆتكەن نۆۋەتتىكى
چوڭ جەڭدە مەن پەقەت 2 ـ رىيادوۋوي ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە
يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلاردىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىلىرىدەك قورقۇپ يۈرەتتىم — ئۇلارنىڭ مېنى ئەڭ چوڭ
ئوفىتسېرنىڭ قىياپىتىگە كىرگۈزۈش يولىدىكى بۇ غەرىزى ئا-
دەمنى ھەقىقەتەن ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان كۈلكىلىك بىر ئىش
ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مېنىڭ ئويلىنىپ
ئولتۇرۇشۇمغا ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، مەن گېزىتتى-
كى سۈرەتلەرنى تەتقىق قىلدىم ھەم مۇندقا مۇناسىۋەتلىك قىسقا
خەۋەر فىلىملىرىنى كۆردۈم. پولكوۋنىك لېستېر ۋە ئۇنىڭ
تۆۋەن دەرىجىلىك ئىككى نەپەر ئوفىتسېرى ماڭا موندىنىڭ خاس
مىجەزىگە دائىر بىرمۇنچە ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلارنى سۆز-
لەپ بەردى. ئۇلار مەخپىيەتلىكنى ساقلىشىمنى قايتا ـ قايتا
تەلەپ قىلغاچقا، مەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن زادى سۆزلىشىشكە
پېتىنالمايدىغانلا بولدۇم. پولكوۋنىك لېستېر مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ بۇ ئىشنى دۈشمەن ئۈچۈن رەپىتىس قىلغان
بىر ئويۇنىمىز دەپ بىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بىزنىڭ تاماشى-
بىنلىرىمىز ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس، بىز گېرمانىيىنىڭ
ئالىي قوماندانلىق شتابىنى قىلتاققا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك.

رول ئېلىشنى تېخىمۇ ياخشى مەشىق قىلىشىم ئۈچۈن،

ئۇلار مېنى موندىنىڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرقانچە كۈن بىللە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ يەردە ئۇنى يېقىن ئارىلىقتا تۇرۇپ كۆزىتىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. گۇمان تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ياكى كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان مەسىلىلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مېنىڭ ئاخبارات ئەترىتىدىكى بىر سىرژانت سۈپىتىدە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىمنى شتابىستلار ئىچىدىكى ئىككى كىشىلا بىلەتتى.

مەن ئاخبارات ئەترىتىدىكى سىرژانتلارنىڭ غەلىتە كىيىمىنى كىيىپ، قولۇمغا گۇۋاھنامە ئېلىپ، ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى كۈنى ئەتىگەندە، جىپ ماشىنىدا، گېنېرالنىڭ لورس - لويىس ماركىلىق ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغانلىقىمنى بايقىدىم. تاڭ سۈزۈلگەندە، ماشىنا ئەترىتىمىز ھەربىر ماشىنا ئوتتۇرىسىدا بەش ياردتىن ئارىلىق قالدۇرغان پېتى پۇسماۋۇس ئەتراپىدىكى بىر غوجا قورۇسى ئالدىدا توختىدى. بىز ئۇ يەردە يەنە بەش مىنۇت كۈتۈپ تۇردۇق، شۇ ئەسنادا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، راستىنلا موندىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ رەسمىيەتتىكى ئېنىق بەلگىلىمە بويىچە ھەربىرىمىزنى بىرقۇر كۆزىتىپ تۇرۇشىغا، موند پەيدا بولدى.

بۇ گېنېرالنىڭ تەقى - تۇرقى دەل مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك ئىدى. ئۇ بېشىغا داڭلىق قارا بېلېي شەپكىسى، ئۈچىسىغا خۇرۇم ئۈچقۇچىلار چاپىنى كىيگەنىدى، مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلدىمكى، ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۇسۇلى — قولىنى ئىككى قېتىم سەل - پەل قىمىرلىتىپ قويۇشى باشقا نەرسىدىن ئەمەس، سالام بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ماشىنا ئەترىتىمىز يولغا چىققاندا، شوپۇرىمىز بەلگىلىمە بويىچە ماشىنىسىنى لورسىنىڭ كەينىدىن بەش يارد ئارىلىق قالدۇرۇپ ھەيدەۋاتاتتى، مەن موندقا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ

تۇراتتىم. بىز يېزا ـ قىشلاق ئارىسىدىكى تاشيولدا يۇقىرى سۈرئەتتە كېتىۋاتقاندا، سەھەردە هارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر-نەچچە كىشى مېڭىشتىن توختاپ بىزگە قارىشىپ، بىردىنلا بۇ گېنېرالنى تونۇۋالدى ـ دە خۇشاللىقىدىن كۈلۈمسىرىدى ھەم قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى، موندمۇ ئۇلار-نىڭ سالىمىنى ئېلىپ دوستانىلىق بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى.

موند بىر ئادەمنىمۇ نەزىرىدىن قاچۇرۇۋەتمەيتتى. بىر كۈ-نى بىز ئىشلەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بۇ دېھقان بوۋاي موندنىڭ كۈلۈمسىرىشى ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈ-شىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندەك قىلدى. بىزنى غەلىبىگە يېتەكلىگەن مانا مۇشۇ ئادەم، ئەنگلىيىدىكى ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرىلارنىڭ ھەننىۋاسى كەلگۈسىدىكى قايتۇرما ھۇجۇم-نىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتىنى ئەنە ئاشۇ ئادەم — موندقا يۈكلى-گەن. ھېلىقى دېھقان بوۋاي كونىراپ كەتكەن شەپكىسىنى قولى-غا ئېلىپ، ئاستاغىنا پۇلاڭلىتىپ قويدى.

بىز دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلگەندە، كۆز ئالدىمدا ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. مەن غەربىي ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىققان كۈن تەقلىد قىلىنغان بىر قېتىملىق گىرىملىك رېپې-تېتسىيىگە قاتنىشىۋاتاتتىم. دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن كۆزۈم يەتكەنلىكى جايدا، ئۇرۇش پاراخوتى، ئوكيان چارلاش پاراخو-تى، قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە باشقا پاراخوتلار بار ئىدى. زور تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش پاراخوتلىرى نەچچە يۈزلىگەن تاڭ-كا، برونېۋىك ۋە زەمبىرەكلەرنى ھەدەپ توشۇماقتا ئىدى. ئۇس-تىمىزدە بولسا ئايروپىلانلار ئۇيان ـ بۇيان ئۇچۇپ ئاسماننى بىر ئالغانىدى. پىيادە ئەسكەرلەر باررادىن قىرغاققا ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى باشقا باشلىقلار بىر سارايىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ بۇ قېتىمقى

مانېۋىرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. موند ئۇلار بىلەن قىسقىچە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا دەرھال بىر كىچىك سەپ تۈزۈلگەنىدى. مەن ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئورنىغا ئۆتۈۋالدىم. مەن ئۇنى كۆزەتكەندە، باشقا ھەممە نەرسىنى خىيالىمدىن چىقىرىۋەتكەنىدىم. ئۇ ئالغا قاراپ كەڭ قەدەم تاشلاپ، پۈتۈن مەيداننى ئىدارە قىلىۋاتقىنى بىلەن ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالمىغانىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ، كوماندىر - جەڭچىلەردىن بىر قاتار سوئاللارنى سوراپ قوياتتى، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تەكلىپمۇ بېرەتتى ياكى چورتلا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى.

ئۇ قانداق پەزىلەتكە ئىگىدۇ! ئۇ ھازىر بولسىلا، ئېغىر ئاچمىغان ھالەتتىمۇ كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇراتتى. مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر ئۇ ئارتىس بولغان بولسا، جەزمەن سەھنىدە دەۋر سۈرگەن بولاتتى.

قۇرۇقلۇقتا چىقىش پاراخوتىدىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن دېڭىز ساھىلىغا قاراپ كېتىۋاتقان بەزى پىيادە ئەسكەرلەر پاراخوتتا ئولتۇرسا بېشى قايىدىغان ئىشتىن تېخى قۇتۇلۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھارغىنلىقنى بىلىندۇرمەيدىغان باتۇرلاردىن ئىدى. موند ئۆزىنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇشنى خوپ كۆرمەيتتى. ياپياش بىر ئەسكەر بىر تونىنا كەلگۈدەك قورال - ياراغ ۋە جابدۇقلىرى بىلەن كۈچەپ ئىلگىرىلەپ، بىر ياقتىن ھەمراھلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ماڭسا، بىر ياقتىن جېنىنىڭ بارىچە ئۇلارغا يېتىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ سەپكە يېتىشىۋالاي دېگەندە، پۈتلىشىپ كېتىپ، يەرگە دۈم چۈشتى - دە، يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان پېتى باشقا بىر نىشانغا قاراپ ئەلەڭ - سەلەڭ ھالدا يۈرۈپ كەتتى.

موند شۇ ياش ئەسكەر ماڭغان تەرەپكە جۈنەپ، قىزغىن

تەبەسسۇم بىلەن ئۇنى ئارقىسىغا ياندۇردى:

— ھەي، شاكىچىك، بۇ ياققا ماڭ! ئىپادەڭ ئوبدان بولدى، ئالدىڭدىكى ھەمراھلىرىڭدىن يىراقلاپ كېتىپ ئالاقىنى ئۈزۈپ قويما. — ئۇ قولىنى يىگىتىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ياش جەڭچىنىڭ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن ئارتمىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

بۇ ياش ئەسكەرنىڭ ئۆزىگە دوستانىلىق بىلەن ياردەم قىلغان بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۈن - تىنسىز بىلدۈرگەن ھۆرمىتى موندىنىڭ ئۆز قىسمىدا ئىشەنچ پەيدا قىلغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېرەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە، مەن بۇ گېنېرالغا ئائىت نۇرغۇن ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇ ھاراق - تاماكىنى ئۆزىگە يولاتمايتتى، تەنتەربىيىگە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. بىر قېتىم پولكوۋنىك لېستېر تېلېفوندا ئۇنىڭدىن يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە نېمىنى بەكرەك كۆڭلىگىز تارتىدۇ، بۇ بىلىۋېلىشىمىغا تېگىشلىك ئىش، دەپ سورىغاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن: "يوقسۇ، بىرنەرسىنى ئالاھىدە كۆڭلۈم تارتىپ كەتمەيدۇ، مەن ئۇماچ ئىچكەندە سۈت ياكى شېكەر ئارىلاشتۇرمايمەن، ناھايىتى شۇنچىلىكلا" دەپتۇ. ئۇ تاماق يېگەندە گۈل - گىياھ، ئۇچار - قانات، قۇرت - قوڭغۇز ۋە بېلىق - پاقا دېگەنلەر ئۈستىدە ئازادە پاراڭ سالىدىكەن. قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدە قىلچە ساۋاتى يوقلۇقىنى سەزگەندە، ئاستاغىنا ئۇلارنىڭ پېشىنى تارتىپ قويىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئۇرۇش ئۈستىدە گەپ ئاچقانلىقىنى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىدىم.

مەن كۈن بويى موندقا ئەگىشىپ قاتراپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ دەماللىق روھىي ھالىتىنى بىلىش ئۈچۈن، گويا بۈركۈتتەك كۆزىتىپ ماڭاتتىم. مەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنى كى-

رىشتۇرگەن هالدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ماڭىدىغان ئۆزگىچە هالىتىگە، پىكىر يۈرگۈزگەندە چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدىغان ۋە تاسادىپىي هەرىكەتلىرىگە، بىرنەرسە يېگەن چاغدىكى تۇرقىغا، شۇنىڭدەك بىرەر كۆزقاراشنى تەكىتلىگەندە قولىنى سىلكىپ قويىدىغان ئادەتلىرىگە دىققەت قىلدىم. ئاخىر مەن ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە تۇرقى ـ سىياقىدىن تارتىپ تاكى سالاپىتىگە قەدەر ئۆز ئەينى بويىچە رول ئالالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلدىم. لېكىن مەن تۇغما تارتىنچاق بولغاچقا، ئۇنىڭ بىردىنبىر خاسلىق تەرىپىنى تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سۆزسىز ئىشەنچ تۇرغۇزىدىغان تەرەپلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەرمەنمۇ؟ دەپ ئىنتايىن شۈبھىلەندىم.

مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچى گېنېرال بىلەن بىرەر قېتىم شەخسەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ خىزمەت ئۈستىلى ئالدىدا خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. لېكىن مەن كىرىشىم بىلەنلا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يېشى مەندىن چوڭ بولسىمۇ، لېكىن چۈشىنىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدىكەنمىز، بۇ خۇددى ئۆزۈمنى سىن ئەينەكتە كۆرگەندەك بىر ئىش بولدى. يالغان قاش ـ كىرپىكنىڭمۇ، بويىنى ئېگىزلىتىشنىڭمۇ ياكى باشقا هەرقانداق سۈنئىي گىرىمنىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى.

ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئورتاقلىق تەرىپىنى تېزلا سېزىۋالدى، بۇ هال مېنى قورۇنۇشتىن خالىي قىلدى — مەن ئاۋسترالىيەدە چوڭ بولغانىدىم، ئۇ بولسا يېقىن ئەتراپتىكى تاسمانىيە ئارىلىدا چوڭ بولغانىدى. ئۇ سۆز قىلغاندا، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە جاراڭلىق ئاۋازىنى شۇنداقلا كونا سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل ـ ئادەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خاتىرىلىۋالدىم. ئۇ ئەزەلدىن

تۆتامى يوق سۆزلەرنى ئىشلەتمەيتتى، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ نۇتقىنى پۇچەك يېرى يوق دەپ تەرىپلىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

— ئۆزۈڭگە مەلۇم، سەن ئىغىر ۋەزىپىنى ئۈستۈڭگە ئالدىڭ — دېدى ئۇ مەن مېڭىشتىن ئاۋۋال، — ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

مەن ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋىدىم، ئۇ يەنە شۇ ھامانلا:

— بۇنىڭغا تېنەپ كەتمە، ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ. — دېدى، ئۇنىڭ ئادەمگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان تالانتى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ماڭا ئايان بولدى، ئەندىشىلىرىممۇ يوقىدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىچىنى بىر خىل جىددىي كەيپىيات قاپلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، پول- كوۋنىك لېستېر ماڭا:

— ئەمدى، جامېس، ساڭا مەيدانغا چىقىش نۆۋىتى كېلىپ قالدى. ئەتە كېچە سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، سەن گېنېرال مونتگومېر بولىدىغان بولدۇڭ، جىپقا ئولتۇرۇپ ئاي- رودرومغا بارىسەن، خەلقئالىم ئالدىدا باش مىنىستىرنىڭ مەخ- سۇس ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۇچىسەن. ئەتىسى ئەتىگەن سا- ئەت يەتتىدىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە جەبىلتارىق بوغۇزىغا بېرىپ قونىسەن. بىز ئافرىقا قىرغىقىدىكى جايلاردا يالغان - ياۋىداق سۆز تارقىتىپ، گېنېرال موند فرانسىيىنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىش يۈزىسىدىن ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللەشكە ماڭدى دەيمىز، سەن پۈتۈن ئوتتۇرا شەرقنى ئارد- لاپ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىمىزنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ بېرىسەن. گىتلېرنىڭ جاسۇسلىرى سېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىڭ- گە قاتتىق دىققەت قىلىدۇ، بىز سېنىڭ قانداق قىلىشىڭنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئېيتىپ تۇرىمىز، بىراق ھەرقانداق ئىشنى

قىلچە چاتاق چىقارماي پىلان بويىچە ئىلىپ بارسەن دىگىلى بولمايدۇ. سەن ئەھۋالغا بېقىپ ئىش تۇتۇپ، ھەممىشە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ تۇرۇشۇڭ كىرەك. ئىسىڭدە بولسۇنكى، ھازىردىن باشلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ھەننە-ۋاسى پەقەت ساڭىلا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، خالاس. ئەگەر كىشىلەر سىنى كۆرۈپ ئالقىش - سادا ياڭراتسا، ئۇ ئۆز لايىقىدىكى ئىش بولۇپ قالغاي، — دىدى.

ئەتىسى، مەن بىرقۇر گىنىرال كىيىمىنى كىيىپ، برونې-ۋىك قىسىم پولكىنىڭ بەلگىسى قادالغان داڭلىق بىلىي قارا شەپكىسىنى كىيگەن ۋاقتىمدا، جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى بىر خىل ئىغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مىنى چۇلغۇۋالدى. شۇنداق-تىمۇ مەن پولكوۋنىك لىستېرغا ئۆزۈمنىڭ تەييارلىنىپ بولغان-لىقىمنى مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىنى ئۆتۈنگىنىمدە، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقى ئايان بولدى.

— يەنە مۇنداق بىر ئىش قالدى — دىدى ئۇ ماڭا قوڭۇر رەڭلىك ۋە گىنىرالنىڭ ئىسىم فامىلىسى قىسقارتىپ يىزىلغان B. L. M ماركىلىق بىرنەچچە قولياغلىقنى بىرىۋىتىپ، — ئۆزۈڭ مۇۋاپىق دەپ قارىغان سورۇندا، ئاندا - ساندا بىرنەچچە قولياغلىقنى چۈشۈرۈپ قويغان بولۇۋال، بۇنداق ئويۇنلاردا ئەر-زىمەس ئىشلارمۇ كارغا كىلىپ قالىدۇ، — ئۇ مىنىڭ قولۇمنى قاتتىق قىسىپ، ئىشىمنىڭ ئوڭغا تارتىشىنى تىلىگەندىن كىيىن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئىتتىكلا شەپكەمنى تۈزۈۋالغاندىن كىيىن، ئىككى ياردەمچىم گىنىرال برىگادىر ھايئۇد بىلەن ستارشى لىيتىنانت مور ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئالدىمدا يول باشلىغان پىتى بىنادىن چۈشتى. تالادا ئۈچ ھەربىي ماشىنا تۇراتتى، بىر توپ ئادەم موندىنىڭ ئۈچ يۇرجەك بايراق لەپىلدەپ تۇرغان ماشىنىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولۇشۇۋالغانىدى. مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇشۇمغىلا،

ئالقىش ـ سادا ياڭرىدى. ماشىنا ئورنىدىن قوزغالغاندا، مەن كىشىلەرگە خۇددى مونددەك كۆلۈمسىرەپ، داڭلىق موندچە سالام بەردىم. شۇنىڭ بىلەن "موند مويسىيىت ياخشىمۇ سىز!" دېگەن ئاۋازلارمۇ قۇلىقىمغا كىردى. مەن پۈتۈن بولجۇڭ گۈشلىرىم قېتىپ، قول ـ بىلەكلىرىم تېلىپ ئاغرىغانغا قەدەر كۈلۈمسىرەپ ۋە سالام بېرىپلا كەلدىم.

شىمالىي ئۇلت ئايرودرومىدا ئادەم تېخىمۇ كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئايروپىلانىمنىڭ يېنىدا سۆلىتىنى ئات تارتالمايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار غادىيىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موند بىلەن يېقىن ئۆتۈدىغانلار ئىدى. مېنىڭ يۈرىكىم خۇددى كلاپاندەك دۈك ـ دۈك قىلىپ سەكرەۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ماشىنىدىن يېنىك قەدەم بىلەن چىقىپ، چىرايىمغا كۈلگە يۈگۈرتۈپ قويدۇم، مېنىڭ ئارقامدا بولسا گېنېرال برىگادىر ھايئۇد كېلىۋاتاتتى. مەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى سالماق قەدەم بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتىم، ئۇلار بولسا تىك تۇرۇشاتتى، ئارقىدىنلا مەن ئايرو گۇرۇپپىدىكى خادىملار تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم.

— ياخشىمۇسەن، سلي — دېدىم مەن ليۇتچۇكىتىن ھال سوراپ، — سېنىڭچە بىزنىڭ سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولارمۇ؟ — بىز ھاۋا رايى ئۈستىدە ئۆزئارا پاراڭلاشتۇق. ئايروگۇرۇپپا خادىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئايروپىلان شوتىسىغا چىقىپ، ھەممە ئادەمگە كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئاخىرقى بىر قېتىم سالام بېرىۋېتىپ، ئايروپىلان ئىچىگە كىردىم، شۇنىڭ بىلەن، ئويۇننىڭ تۇنجى كۆرۈنۈشىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغىنىم ئۈچۈن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدۇم. (كېيىن ئاڭلىسام، مېنى ئۇزىتىپ چىققان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىرەرسىمۇ سالاھىيىتىمدىن قىلچە گۇمانلانماپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى موند بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدىغان بىر كىشى:

بۇ قېرى ناھايىتى تېمەن تۇرغىنى بىلەن سەل ھاردۇق يەتكەن-دەكمۇ قىلىدۇ، دەپ باھا بەرگەنمىش.)

ئەتىسى ئەتىگەندە ئايروپىلان جەبىلتارىققا كېلىپ قوندى، ئويۇننىڭ ئىككىنچى كۆرۈنۈشى باشلاندى، ئارقا كۆرۈنۈشتە مەشھۇر جەبىلتارىق بوغۇزىنىڭ قىيا تاشلىرى چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا ئىككى توپ ئەمەلدار بىلەن بىر قاتار ماشىنىلار تۇراتتى. ئايرودورومنىڭ ئادەتتىكى خادىملىرى ئارىسىدا بەزى ئىسپانىيىلىك ئىشچىلار بار ئىدى — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرنەچچە كىشىنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. مەن گېنېرال برىگادىر ھايئودنىڭ: «ئۆزىڭىزنى ئىمكانقەدەر ئادەملەرگە كۆپرەك كۆرسىتىڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئارقىدىنلا، ئايروپىلاننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مەن ئايروپىلاننىڭ ئىشىكىنىڭ تۇۋىدە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، جىمجىتلىق ئىلكىدە موندچە سالام بەجا كەلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىنلا يېنىك قەدەم بىلەن ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشتۇم.

قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ جەبىلتارىقنىڭ كوچا - رەستىلىرىنى ئايلىنىپ چىقتىم. توپ - توپ ئىسپانىيە پۇقرالىرى ماڭا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، رېزىدېنت قورۇسى ئالدىدا ئادەملەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى، بىزنىڭ ماشىنىمىز مۇشۇ يەردە توختىدى، ھۆرمەت قاراۋۇل ئەترىتى قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى، گېنېرال لارف. ئېستېئۇد — جەبىلتارىقنىڭ رېزىدېنتى مونتگومېرىنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى تەبەسسۇم بىلەن قولىنى چىقىرىپ:

— خالوۋ، موند، سىز بىلەن يەنە بىر قېتىم يۈز كۆرۈشۈشىمىز ھەقىقەتەن ياخشى بولدى! — دېدى.

بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ماڭا قىسقىغىنا تونۇشتۇرۇلغانىدى. مەن موندنىڭ ھەمىشە سىرلارنىڭ

كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمىنى ئاتايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا مەن موندىنىڭ خۇشخۇي تەلەپپۇزى بىلەن:

— ياخشىمۇسەن، راسىدى، رەڭگىرويىڭ ئوبدان تۇرىدۇ، — دېدىم. بىز بۆلۈمگە كىرىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قولتۇقلىۋالدىم.

سىر لارف مېنى ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىغا باشلاپ كىردى، ئۇ كارىدورغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاۋايلاپ يېپىپ، جىمجىتلىق ئىچىدە ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خۇشخۇي ھالەتتە، مەن بىلەن قول ئېلىشتى ـ دە، ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئۆزۈممۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم، نېمە بولدۇمكىن ـ تاڭ، سەن موندىغۇ! مەن خېلى بىر ۋاقىتقىچە سېنى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئاندىن ئۆزى كېلىش قارارىغا كېلەرمىكىن دەپ يۈرۈپتىمەن — دېدى.

مەن ئۆز ھۇجرامغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈم يالغۇز ناشتا قىلدىم. ئارقىدىنلا بىكارچىلىقتا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋېتىپ دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە كۆزۈم لاپىدە يوقىرىغا چۈشۈپ قالدى ـ دە، مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيگە تۇتاش بىنانىڭ ئۆگزىسىدە بىر كىمنىڭ لاپپىدە قىلىپ ئۆتكەنلىكى دىققىتىمنى تارتتى. بىر ئىشچى ئۆگزىدە مىلتىقتەك بىرنەرسە بىلەن مېنى قارىغا ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

دەماللىققا بىرەر چاتاق يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلدى، ئەمما يەنىمۇ يېقىن بېرىپ قارىۋىدىم، ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ كەتكەنلىكىم ئاندىن ئايان بولدى. ئەسلىدە بۇ كىشى مېنى مىلتىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن بىر دۇربۇن بىلەن كۆزىتىۋاتقانىكەن.

شۇ ئەسنادا بىر ئوفىتسېر كېلىپ ماڭا كىتابخانىغا بېرىشنى ئۇقتۇردى، سىر لارف شۇ يەردە كېيىنكى ئىشلارنىڭ باسـ

قۇچ، قەدەملىرى ئۈستىدە چۈشەنچە بەرمەكچى ئىكەن:

— ھازىردىن باشلاپ 20 مىنۇت ئىچىدە، مەن بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغدا بىرھازا سەيلە قىلىسىز. بۇ ئىككى نەپەر داڭلىق ئىسپانىيىلىك پۇل مۇئامىلە ئەربابى مېنىڭ تونۇشۇم بولىدۇ، — ئۇ كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويىدى. — مەن ئۇلارنى ئاغىنە دېيەلمەيمەن، ئۇلار بىزنىڭ بۇ يەرگە قەدىمكى ماراكەش گىلەملىرىنى كۆرگىلى كەلدى. پۇتۇنلەي تاسادىپىي ئىش، ئۇلار باغقا ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە سىزگە يولۇقۇپ قالدى، — شۇ ئەسنادا ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، مېنى باشلاپ باغقا قاراپ ماڭدى ۋە:

— مەن بالىلىق چېغىمدىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە بۇنداق ھۇزۇر سۈرۈپ باقمىغان، — دېدى.

بىز گۈللۈك ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەندە، قۇياش ئۇچۇق ئاسمان بوشلۇقىدا نۇر چېچىپ تۇراتتى، بىز تۇرۇپ - تۇرۇپ توختاپ باغۋەنچىلىك ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىپ ماڭدۇق. بىز بىر چەت تار يولدىن بۇرۇلغاندا، ئالدىمىزدا بىر ئۆينىڭ سول بۇرجىكى كۆرۈندى. مەن بىر گۇرۇپپا ئىشچىنىڭ جاھازا ئۈستىدە تۇرۇپ تامنى رېمونت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ ماڭا سىنچىلاپ قاراۋاتقانلىقىنى، ئەمما كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا دەرھال يەنە ئالدىغا قاراپ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇردۇم. بۇ ئادەمنىڭ بايا مېنى ئوغرىلىقچە دۈربۇن بىلەن كۆزەتكەن ئادەم ئىكەنلىكى بىر قارىشىمدىلا ئايان بولدى.

بىز سەيلە قىلىپ بېرىپ بىر تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت تاراڭ - تۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئىككى ئادەم يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە يولنى بويلاپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار ساقال - بۇرۇتلىرىنى قويماي

قىرىۋەتكەن ئىككى ئىسپانىيىلىك بولۇپ، ھەنىۋاسى ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، قارا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ئادەملەر ئىدى. ئۇلار بىزگە يېقىن كەلگەندە، سېر لارف پەس ئاۋازدا قولىقىمغا: "ھولۇقماي تەمكىن تۇرۇڭ، جامېس" دېدى.

مەن بۇ ئىككى يات ئادەمنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئىچكى كابىنېت ۋە "303 پىلانى" ئۈستىدە سۆز ئېچىشقا باشلىدىم. رېزىدېنت مۇرەمگە دىققەت قىلغىن دەپ ئاگاھلاندۇرغاندەك نوقۇپ قويدى. مەن جىم بولۇپ، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىزگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن ھەيران قالغان ھالەتكە كىرىۋالدىم.

سېر لارف ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. ئۇلار ئىسپانىيىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى، مەن تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى تىك تۇرۇپ ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش نەزىرى بىلەن ماڭا قاراشتى. مەن سىپايى ھالەتتە تۇرساممۇ، يەنىلا قورۇنۇشتىن خالىي بولالمىغانىدىم. مەن گەپ قىلغاندا موندىنىڭ ئۆزگىچە سالاپىتى بويىچە بارماقلىرىمنى كىرىشتۇرگەن پېتى قولۇمنى ئارقىغا قىلىپ تۇردۇم.

بۇ ئىككى ئىسپانىيىلىكنىڭ بىرى تۇرقىدىن پايلاقچىلىق رومانىدىكى بىرەر جاسۇسقا ئوخشاش خەۋپلىك ئىدى، ئۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى تىككىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى. يەنە بىرى بولسا سېر لارفنىڭ سۆزىنى زەن سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، كۆزىنى ئۇزمەي مېنى كۆزىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئىككىسى مېنىڭ ھاۋا رايى، گۈل - گىياھ ۋە رېزىدېنت قورۇسىنىڭ تارىخى ئۈستىدە سېلىۋاتقان پاراڭلىرىمنى بىر خىل ھىيلىگەرلىك بىلەن تىڭشاۋاتقان ھالەتكە كىرىۋېلىشتى.

مەن ئۇلارنىڭ مېنى قانغۇچە كۆرۈۋالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن يېنىك ئاۋازدا:

— ماقۇل، مەن ھاۋانىڭ ئۇدا شۇنداق ياخشى بولۇپ

بىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، مېنىڭ ئالدىمدا يەنە كۆپ قىيىنلىق ئايروپىلان سەپىرى تۇرۇپتۇ! — دېدىم. مەن ئارقىمغا بۇرۇلۇپ ماڭاي دېگەندە، ئۇلار دەرھال مەن بىلەن خوشلاشتى، سېر لارف ئۇلارنى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى يۈز كۆرۈشۈش ناھايىتى تېز ئاياغلاشتى. لېكىن شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، بۇ ئىككى جاسۇسنىڭ تەقدىرىدە، ئېھتىمال بىزنىڭ كۆپلىگەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كېيىن ئاڭلىشىمچە، بۇ ئىككى ئىسپانىيىلىك ئادەم گىتلېرنىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق جاسۇسلىرى ئىچىدىكى ئىككى ئادەم ئىكەن. ئۇلار گېستاپونىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى ئالغانىكەن. ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ 5 - باشقارمىسى ئىنگلىزلارنى ئىنچىكە تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بېرلىندا يالغان گۇۋاھنامە ئېلىپ، ساختا ئىسىم قويۇۋالغان، ئاندىن كېيىن، ھاپىلا - شاپىلا بانكىرلار سالاھىيىتىدە ئىسپانىيە جەمئىيىتىگە كىرىۋالغان ھەمدە جەبىلتارىقتا تۇرۇپ قالغان، بارلىق جىددىي جاسۇسلۇق ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ماڭا تاقابىل تۇرۇش ئىكەن. ئۇلار قول سالىدىغان ئىككى ئادەمنى بىز تەرەپكە كىرگۈزۈپ قويغانىكەن، ئىشچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىرى رېزىدېنتىنىڭ قورۇسىدىكى رېمونت قۇرۇلۇشىغا ياللانغانىكەن؛ يەنە بىرى نورۋېگىيىلىك بولۇپ، ئايرودورومدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىكەن. بۇ تۆت جاسۇسنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى كۆزىتىپ تاپقان ھەربىر كىچىك ھالقىدىكى ئۇششاق - چۈششەك مەلۇماتلارنى يىغىپ توپلايدىكەن، كېيىن مەن يەنە ھېلىقى نورۋېگىيىلىك ئادەمنى كۆردۈم.

بۇ بىرنەچچە ئىسپانىيىلىك ئىنتايىن تېز ھەرىكەت قىلغان بولسا كېرەك، ئۇلار رېزىدېنتىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ، ئىككى سائەتتىن كېيىن، گىتلېرنىڭ مادرىدتىكى ئەلچىسى: گېنېرال مونتگومېر جەبىلتارىققا كەلدى ھەمدە ئايروپىلانغا ئولتۇ-

رۇپ ئافرىقىغا بارماقچى، دېگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان. بېرلىن تەرەپمۇ ناھايىتى تېزلا: ”ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر «303 پىلانى» نىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلاش لازىم. سىلەر بىرەر ئاخباراتنى قولغا چۈشۈردىڭلارمۇ يوق؟ ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي!“ دېگەن جىددىي مۇراجىئەتنى تاپشۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تارماقلىرى ئۆز ئادەملىرىنىڭ يىغىلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى ھەققىدە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى.

مېنىڭ جەبىلتارىق بىلەن خوشلىشىشىم جەبىلتارىققا يېتىپ كەلگىنىمدىكىگە تازىمۇ ئوخشاش بولدى. نەيزىلەر قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى، بىر ئەترەت رېئاكتىپ ئۇرۇش ئايروپىلانى ئايرودرومدا كۆككە كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، قاناتلىرىنى قىيسايتىپ، ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. بۇ مۇراسىملار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەن سىر لارفنى قولتۇقلاپ ئايرودرومنىڭ رېستورانى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈردۈم، چۈنكى گېستاپونىڭ ھېلىقى نورۋېگىيىلىك جاسۇسى مۇشۇ يەردە ئىشلەيتتى. مەن رېستوراننىڭ چوڭ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ، جىددىي ھەربىي ھەرىكەت ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدىم. مەن:

— ئۇنداق بولسا، پورتنى مۇداپىئە قىلىش مەسىلىسىنى راسىد، مەن ئاللىقاچان باش مىنىستىرغا ئېيتقان، $C_4$ مۇتلەق بىخەتەر. لېكىن مەن قۇرۇقلۇق ترانسپورتىدا برونېۋىك قىسىملىرىغا بىر مىنۇتمۇ دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى توختىتىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدىم ۋە دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ قولۇمنى شىمايلىدىم، — ئەگەر بىز دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دىلتىلارنى قولغا چۈشۈرەلىسەك، قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى دىلتىنى «303 پىلانى» غا ماس كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ.

مەن گەپنىڭ مۇشۇ تېمىسى ئۈستىدە داۋاملىق سۆز ئاچ-
تىم، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاخىر توقۇپ چىقىل-
غان بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇنىڭغا قەسەم بېرەلەيمەنكى، بۇ
جەھەتتە، رېزىدېنتىمۇ مەندىن قىلچە گۇمانلانغانلىقىنى
كۆرسەتمىدى.

مېنىڭ ئالدىمدىكى بېكەت ئالجىر ئىدى. بۇ يەردە پۇختىد-
لىق بىلەن توقۇلغان ئىغۋالار كەڭ تارقىلىپتۇ: موند يېتىپ
كېلىپلا، بىر مۇھىم ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىكەن — ئېھتىمال
فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرىدىغان ئەنگلىيە -
ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنى تەشكىللىسە كېرەك. مەن ئاي-
رودرومدا گېنېرال ۋېلسوننىڭ شتابىدىكى ئەزالارنىڭ قارشى
ئېلىشىغا سازاۋەر بولدۇم، مەن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆرمەت
قاراۋۇل سېپىنى كۆزدىن كەچۈردۇم. يېقىن ئەتراپتا زور بىر
تۇركۇم ئارىلاشما چاسىنىلار ئەترىتى بار ئىدى، ئۇلار مېنىڭ
"مەخپىي زىيارەتكە كەلگەن" لىكىمنى قەستەن ئاشكارىلايدىغان
خەۋەرلەرگە ئالدىنىپ، موندنىڭ سالاپىتىنى كۆرۈشنى كۈتۈپ
تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئىتالىيىلىك بولۇپ،
كۆرۈنۈشتە "ئىتتىپاقداش دۆلەتپەرەس" لەردىن بولسىمۇ، ئەمە-
لىيەتتە ئۇلارنىڭ گېستاپوچىلارغا ياللانغانلىقى مەلۇم بولۇپ بول-
غانىدى، يەنە بىرى فرانسىيىلىك مايور بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ
بىۋاسىتە رەھبىرى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھەپتىدىن ئىلگىرى ئالجىر-
يىدە پەيدا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ فرانسىيىلىك ئاخبارات خادىمى-
نىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئادەملى-
رىمىز ئۇنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدى، ئۇ ئەمەلىيەتتە دۈش-
مەننىڭ بىر كوزىر جاسۇسى ئىدى. موند ئالجىرىيىگە يېتىپ
بېرىشى بىلەنلا، ئۇ موند بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى
بىلدۈرگەنلىكتىن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

بىز ئايرودرومدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، فرانسىيىلىك

بۇ مايورنى گېنېرال ۋېلسوننىڭ شتابىدىكى بىر پولكوۋنىك ماڭا تونۇشتۇردى. مەن كۆرۈنۈشى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر خەۋپلىك ئادەمنى كەمدىن ـ كەم ئۇچراتقانمەن، ئۇنىڭ ئوغرىنىڭ كۆزىدەك پاللىداپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن، تاتىراڭغۇ چىرايىدىن، توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن بىر قارا تارتۇقىدىن، شۇنىڭدەك مۆرىمەس ئېغىز ـ تۇمشۇقلىرىدىن ھەر نېمىدىن يانمايدىغان خوي ـ پەيلى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە گۇمان بىلەن دىققەت قىلىپ قاراپ تۇردۇم. لېكىن بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھەم ئۆزئارا ھۆرمەت بىلەن ئامانلىق سورىشىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمىدى.

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر پولكوۋنىكى ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئايرودرومدىن ئالجىر شەھىرىگە باردى. بىز ئاپتوبۇسقا كىرگەندە، «ئامېرىكا ئاياللار كورپۇسىنىڭ ئالاھىدە پىچىپ تىكىلگەن كىيىمىنى كىيگەن، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك چىرايلىق بىر ئايال شوپۇر ماڭا چاس بەردى، ئارقىدىنلا مېنىڭ ئىمزا قويۇپ خاتىرە قالدۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى. ئىمزا قويدۇرغۇچى ھەۋەسكارلار بىلەن ئۇچراشقاندا كۆرۈلىدىغان بونداق تۇيۇقسىز ئەھۋالنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ قويغاچقا ، پولكوۋنىك لېستېر ماڭا موندىنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويغان سۈرەتلىرىنى بەرگەنىدى. شۇڭا مەن كۆلۈمسىرىمەي ـــ چۈنكى موندىنىڭ ئۇرۇش رايونىدا ئاياللارغا سوغۇق چىراي تۇتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى ـــ بىر پارچە سۈرەتنى بۇ ئايال ئەسكەرگە بېرىپ، سوغۇققانلىق بىلەن:

ـــ مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلسا دېگەن ئۈمىدتىمەن، ـــ دېدىم.

مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئايرودرومدىن ئالجىرغىچە بول-

غان مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىمنى ئۇنتۇمايمەن. مېنىڭ ئامېرىكى-
لىق ياندىشىم، موندىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بىر سۇيى-
قەست تۈزۈپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ
20 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ئارتۇقچە قوشۇن چىقىرىپ ساقلا-
ش ئىمكانىيىتى يوق، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئىمكانقەدەر تېز-
لىتىش قارار قىلىندى، ئەڭ يامان ئاقىۋەتنىڭ ھازىرلىقىنى
قىلىش كېرەك دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشتىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ
بىلەن بىزنىڭ پىكاپىمىز خۇددى راكېتىدەك ئايرودرومدىن تېز
يول ئالدى - دە، قاتتىق سىگنال بېرىپ، يول بويى خوتنى
ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتكە سېلىپ، ئالجىرغا قاراپ ئۇچقاندەك
يۈرۈپ كەتتى.

ماشىنا قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ يولىمىزدا، مەن
پولكوۋنىك بىلەن مونددەك سۆھبەتلەشتىم، — ئۇ دېمىسىمۇ
ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىدى — بۇنىڭدا ئاساسەن بىزنىڭ ھېلىقى
ئوماق ئايال شوپۇرىمىز نەزەرگە ئېلىنغانىدى. بىز ئاخىر ئايلى-
نىپ بىر چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندە، جۇملىدىن تاش بىلەن
قوپۇرۇلغان غوجا قورۇسى — گېنېرال ۋېلسوننىڭ قوماندا-
لىق شتابى ئالدىدا توختىغاندا، ئاندىن ئەركىن - ئازادە بىر
تىنىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن، قورۇنىڭ دەرۋازىسى يېپىلىشى بى-
لەنلا، ئويلىنىپ بولغان يەنە بىر ئويۇننىڭ كۆرۈنۈشى
ئاياغلاشتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن خۇددى كونا
چۈش تەكرارلانغاندەكلا ئۆتتى — يەرگە قونۇش، ئەمەلدار ۋە
ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۈستۈن تاكتىكىغا ئا-
ئىت ئىشلار ئۈستىدە ساختا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ياندا قارىشىپ
تۇرغان چاسىنىلار (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۇشمەننىڭ جاسۇسلىرى
بولۇشى شەكسىز ئىدى) ئارىسىدىن، شۇنىڭدەك تىزىلىپ ئال-
قىش سادالىرىنى ياڭرىتىۋاتقان قوشۇنلار تۇرغان تالاي كوچا -

رەستىلەردىن ئۆتتۇش داۋام قىلىپ تۇردى.

ئېھتىمال مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش بولسا كېرەك، چۈنكى مەن يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەربىي ئىشلار ئۇستىدە داۋاملىق پاراڭلىشىش ئارزۇسىدا ئەمەس ئىدىم. لېكىن 5 ـ باشقارما مېنىڭ ساياھىتىمنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن پىلانلىغانىدى، بۇ ھال مېنىڭ دائىم يالغۇز تاماق يېيىشىمگە، جۈملىدىن بۇ پىلاننى بىلىدىغان ئاز سانلىق ئوفىتسېرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گېنې-رالنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش ئېھتىمالى بولغان ئوفىتسېرلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلىنىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. شۇنداق-تىمۇ مەن دۈشمەننىڭ جاسۇسلىرى بىلەن تار يولدا داۋاملىق دوقۇرۇشۇپ يۈردۈم، شۇنىسى ئېسىمدە باركى، گېنېرال برىگا-دىر ھايئۇد ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ياشىنىپ قالغان بىر چاس-نىنى باشلاپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۆچكە ساقىلى، ئەسكىرەپ كەتكەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىسى ۋە كەڭ قاسقانلىق باش كىيىمى ئۇنى پالاكەت باسقان تراگېدىيە ئارتىسىغا ئوخشىتىپ تۇراتتى.

ھايئۇد مۇنداق دېدى:

— كەچۈرۈڭ، باشلىقىم، سالۋادورنىڭ پروفېسسورى سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە رۇخسەت قىلسىڭىز، بۇنى ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئەڭ زور شەرەپ ھېسابلايدىكەن. بىر ئارخېئولوگ سۈپىتىدىن ئالغاندا، ئۇ ئەلۋەتتە نامدار مەشھۇر كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق ئۇ يەنىلا سادىق ئىتالىيان، — ئۇ سۆزىنى تولۇقلاۋېتىپ مېنىڭ ئارىسالدى روھىي ھالىتىمگە نەزەر سالدى.

بىر مەھەل مەن بۇ ئارخېئولوگ بىلەن نېمە ئۈچۈن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ سۆھبەتلىشىدىغانلىقىمنى ئاڭقىرالماي قالدىم. لېكىن مەن ھايئۇدنىڭ 5 ـ باشقارمىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنلى-كىنى، ئۇنىڭ بۇ مۇشكۈل خىزمەتكە مەخسۇس تاللاپ كېلىنگەن-لىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ھەرقانداق مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئە-

تەي ئارىلىشىۋالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا مەن بۇ پروفېس-
سور بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆھبەتلەشتىم، ئۇ سالام ـ سائەت
بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدا، مەن ئارقامغا قاراپ ھايئۇدقا يۇقى-
رى ئاۋاز بىلەن مەخپىي ھەربىي پىلاننى ئېيتىشقا باشلىدىم.

مەيلى مەن بولاي ياكى ھايئۇد بولسۇن، ھېچقايسىمىز تاسا-
دىپىي بولغان ھەربىر ئۆزگىرىشكە سالماقلىق بىلەن تاقابىل
تۇرالايتتۇق. شۇ چاغدا مەن شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئىككىنچى
بىر شەھىرىدە تۇرۇۋاتاتتىم، مېنىڭ بۇ يەردىكى ئاساسىي ۋەزى-
پەم فرانسىيىلىك مەلۇم بىر ئايال بىلەن سۆھبەتلىشىش ئىدى.
ھايئۇد ماڭا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىلگىرى فرانسىيىدىكى قارشىلىق
كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كېيىن گېستا-
پونىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنىنى
تۇتۇۋالغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭغا يا بىز ئۈچۈن ئىشلەيسەن، يا
ئېرىڭ تۈرمىدە يېتىپ ئۆلىدۇ، دەپ ئىككى يولنىڭ بىرىنى
تاللاشنى كۆرسەتكەنلىكىنى، بۇ بىگۇناھ ئايالنىڭ نائىلاج بىرىن-
چى يولنى تاللىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ھازىر ئالجىرىيىدىن كېلىپ
ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

ئۇ ماڭا تونۇشتۇرۇلغان چاغدا، ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇق،
بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزۈر ۋە 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال
ئىكەنلىكى ماڭا ئايان بولغانىدى. موندىنىڭ ئاياللارغا بولغان
پوزىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئەدەپلىك ئەمما
سۇرلۇك قىياپەتتە ئۇنى قوبۇل قىلدىم. بىز ئۆزئارا بىرنەچچە
ئېغىز پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ نېرۋىسى ئېلى-
شىپ قالاي دەپ قالغانلىقىنى بايقاپ تۇراتتىم. توساتتىنلا ئۇ
ئۆزىنى تىزگىنلەشتىن قالدى ـ دە، قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ
تىترەپ كەتتى، ئۇ دەسلەپتە بۇ ئۇرۇشنى شەيتان دېگەن ئىپلاس
كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارغىش ياغدۇردى، مېنىمۇ ئۇرۇش-
خۇمار ئىپلاس دەپ تىللىدى. بۇ ئادەمنى تازىمۇ ئوسال قىلىدى-
غان ئىش ئىدى، مەن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى

بىلەلمەي، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ تۇرغان ۋاقتىمدا، هايئۇد ئۇنى سىلاپ - سىيپاپ يۇرۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن ئېرىنى قۇتقۇزۇش ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان كەسكىن توقۇنۇشنىڭ بۇ بىچارە ئايالنى نېرۋىسىدىن كەتكۈزۈپ قوياي دەپ قالغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

بۇ مېنىڭ هايئۇدنىڭ ئوتتۇرۇپ قويغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. بىز بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشنى ئىككىنچى ئاغزىمىزغا ئالغۇچى بولمىدۇق.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەن ھەممە رولنى تولۇق ئېلىپ، ئەمەلىيەتتە گېنېرال مونتگومېرىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدىم. ھەتتا يالغۇز تۇرغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ مۇشۇ رولنى ئېلىۋاتقانلىقىم ماڭا بىلىنىپلا تۇراتتى.

بىر كۈنى بىز بىر ئايرودرومغا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، هايئۇد:

— نېرۋاڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن مونتگومېرىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بىلەن جاراڭلىق قىلىپ:

— قانداقسىگە نېرۋام جىددىيلىشىدۇ، هايئۇد، كاپشىمىساڭچۇ! — دېدىم.

شەنبە كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى، مەن ئالجىرغا قايتىپ كەلدىم، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا بىرەر ئېغىر سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەنلىكى ماڭا شۇندىلا ئايان بولدى. ئۇقۇشىمىزچە، مېنىڭ گېنېرال مونتگومېر ئىكەنلىكىمدىن ھېچكىم گۇمان قىلماپتۇ.

ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىقىشقا بىرنەچچە كۈنلا قالغاندا، مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئاياغلاشتى. مەن ئاخىرقى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ماشىنىنى ھەيدەپ گېنېرال ۋېلسوننىڭ شتابىغا كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ لېيتېنانتلىق كىيىمىمنى كىيدىم - دە، غىپپىدە ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. مېنىڭ گېنېرالغا

قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىم ئەمدىلىكتە مالامەتلىك بىر ئىش بولۇپ قالدى. چۈنكى ئەمەلىيەتتىكى قايتۇرما ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ مەخپىيىتىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەن ئەتىسى چۈشتە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قاھىرەگە بارىدىغان ئايروپىلانغا چىقتىم. قاھىرە يېقىن ئەتراپتا مېنى قىلچە ئىز قالدۇرغۇزماي پىنھان تۇتىدىغان بىردىنبىر چوڭ شەھەر ئىدى، مەن شۇ يەردە ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىققانغا قەدەر يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم.

مەن خېلى ئۇزاققىچە مېنىڭ شۇ ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمنىڭ قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇقماي يۇردۇم. ئۇرۇشتىن كېيىن، بۇنداق ئەسكەر ئالداش ھىيلىسىنىڭ دۈشمەننى قانداق خاتا نىشانغا باشلىغانلىقى، لونمېرنىڭ برونېۋىك دىۋىرىيىسىنى قانداق ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغانلىقى ۋە قايتۇرما ھۇجۇمنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىدا نەقەدەر زور رول ئوينىغانلىقى ماڭا مەلۇم بولدى.

كېيىن مەن شۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ يەنە قانداق خەۋپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. موند ئوتتۇرا شەرققە سەپەر قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ھەممىدىن ئاۋۋال بېرلىنغا يېتىپ بارغاندا، گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى: ئۇنىڭ ئايروپىلانىنى يېرىم يولدىلا سوقۇپ چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ئەگەر بۇ پىلان ۋۇجۇدقا چىقماي قالسا، موندنى ئىسپانىيە ياكى ئافرىقىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا قەتلى قىلىپ تاشلاڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن.

لېكىن ئاخىرقى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، نېمىسلار مېنىڭ راست موند ياكى يالغان موند ئىكەنلىكىمنى ئېنىقلاش قارارىغا كەلگەن. ھالبۇكى ئۇلار بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ چىقتۇق دەپ كۆرەڭلىگىلى تۇرغاندا، گېرمانىيە جاسۇسلۇق ـ ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئارىلىشىشى ئامان قېلىشىمغا سەۋەب بولغان. گىتلېر موندنى ئۇنىڭ قايسى جايدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغان-

لىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، ئۆلتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. لېكىن گىتلېر بۇ ئىشنى (دېڭىز بوغۇزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش يۈزىسىدىكى قايتۇرما ھۇجۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئېنىقلىيالمايلا كەتكەن.

ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا چىققاندىن كېيىن، ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۆزۈم يالغۇز ئەنگلىيىگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىمدا، مەن ئولتۇرغان ئايروپىلان جەبىلتارىقتا توختىدى. بىز ياتاق بېلىتى تارقىتىپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ھەر خىل قىسىم تۇرلىرىدىكى ھەربىيلەر ۋە يولۇچىلار ئايرودروم رېستورانىغا جەم بولدى.

پۇكەيگە يۆلىنىپ تۇرۇشۇمغا بىر سىنىڭ چەت ئەل تەلەپپۇزى ئارىلاش سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ياخشىمۇسىز، ئەپەندى، سىزگە بىرەر نەرسە كېرەكمىدى؟ — مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسام، چېچى ئاپئاق، قويۇق قاشلىق، ئۆتكۈر كۆك كۆزلۈك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى ئىكەن.

بىر دېڭىز ئارمىيە ئەسكىرى بۇ ئادەمنىڭ چەت ئەل تەلەپپۇزىدا سۆزلىگەن سۆزىگە دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— سىز ناھايىتى يىراق جايدىن كەلگەنغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە ناھايىتى يىراقتىن، نورۋېگىيىدىن كەلدىم، — دېدى ھېلىقى كىشى جاۋابەن.

قانداقتۇر بىر نەرسە مېنىڭ ھارغىن كاللامدا ئەسلىمە قوزغاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال ئارقامغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە ئالدىغان ھېلىقى نورۋېگىيىلىك دۈشمەن جاسۇسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغانىدىم.

ئەگەر مەن ئۇنىڭدىن «303 پىلانى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى قانداق بولدى دەپ سورايدىغان بولسام، نېمىدەر كىن - تاڭ.

# 2. ئىككى ئوفىتسېر بىلەن بىر قىسىم

## ئالون. مېكى

1942 ـ يىلىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق ۋە ئادەمنى سەسكەندۈ-رىدىغان سېسىقچىلىق بولۇۋاتقان ياز كۈنلىرىدە قاھىرە مالىمان-چىلىق ئىچىدە قالدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئېلۋىن. لونمېر باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ـ ئىتالىيە بىرلەشمە ئارمىيە-سى مىسىر پايتەختىگە يېقىنلاپلا قالغانىدى. ئەنگلىيىنىڭ 8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيىسى قىشتىن ئاۋۋال تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قوزغىغان لىۋىيىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش يولىدىكى كۈچلۈك ھۇ-جۇم مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانىدى. ئەنگلىيە قىسىملىرى قاتتىق تىرىپىرەن بولۇپ، نىل دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنمەكتە ئىدى.

ئوتتۇرا شەرق ھەربىي رايونىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال كراۋىد. ئوگېنرايىك 8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيىگە قوماندانلىق قى-لىش ھوقۇقىنى شەخسەن ئۆزى ئۈستىگە ئالغان، ھەمدە ئالاماندا نېمە قىلىشنى بىلمەي روھى چۈشۈپ كەتكەن قىسىملارنى يې-غىپ ۋاقىتلىق مۇداپىئە سېپى تۈزگەنىدى، بۇ سەپ كۆپكۆك ئوتتۇرا دېڭىزدىن 40 مىل نېرىراقتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن تاكى كاتالا ئويمانلىقىنىڭ ئاقما قۇملۇقلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى توسۇپ قېلىندى، لېكىن بۇنىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋام قىلغانلىقى ئۇزاق ئۆتمەي كىشىلەرگە ئايان بولغۇسى.

لونمبرنىڭ ئالدىدىكى 70 مىللا كېلىدىغان جاي ئەنگلىيە- نىڭ كۆلىمى غايەت زور ئالېكساندىر دېڭىز ئارمىيە بازىسى ئىدى، ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان جاي ـ ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسى ئۈچ يىل جان تىكىپ ئېلىشقان يارقىن ئۇرۇش غەنىيمىتى سۇۋەيش قانىلى ئىدى، ئۇ ھىندى ئوكيانغا ئۆتىدىغان ئېغىز، شۇنداقلا ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جاي ئىدى. شۇنداق ئىكەن، لونمبرنىڭ مۇشۇ جاينى دەپ ھەرقانداق خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن يانمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

بىتەرەپ مىسىرلىقلار ئانتانتا دۆلەت بويسۇندۇرغۇچە- لىرىنىڭ ئىلتىپاتىدا بولۇشقا ھازىرلىنىپ قويغانىدى، ئەنگلە- يىگە قارشى ئوقۇغۇچىلار چوڭ كوچىلاردا لونمبرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ شوئار توۋلاۋاتاتتى. ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرى، پۇلدار ئىنگلىزلار ۋە ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنىڭ ھەننىۋاسى بۇ يەردىن ئالدىراپ ـ تېنەپ نېرى كەتمەكتە ئىدى.

ئالتە ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، بىرمەھەل كۆرەڭلەپ كەتكەن لونمبرنىڭ ئافرىقا كورپۇسى يەر بىلەن يەكسان بولدى، ئۇ ئالاھازەل 1600 مىل يىراقلىققا قوغلىۋېتىلدى — بۇ تارىختا ھەرقانداق ئارمىيىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. ئۇ تۇنىس بىلەن بىزېرتا ئارىلىقىدىكى تار بىر رايونغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، يېتىم ۋە ياردەمسىز قېلىپ تەسلىم بولغانىدى.

نۇرغۇن نەرسە — ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئاشلىقى، قورال ـ جابدۇقلىرى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھاۋا ئۈستۈنلۈكى، يەر ئۈستى قىسىملىرى بىلەن ھاۋا ئارمىيە- سىنىڭ ماسلىشىشى جەھەتتىكى مەخپىي شەرتنامىسى — لون- مبرنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىمكان بەردى؛ لېكىن ئۇرۇش جەريان- نى ۋە دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن بۇ ئالتە ئايلىق ھېكايە ئاساسەن ئىككى ئادەم بىلەن بىر قوشۇننىڭ ھېكايىسى بولدى.

1942 ـ يىلىنىڭ ھېلىقى ياز كۈنى، ئورۇقلۇقىدىن قاقشال بولۇپ كەتكەن، قاڭشارلىق بۇ ئەنگلىيە گېنېرالى قاھىرەدىكى پادىچىلار رېستورانىغا كىرگىنىدە كوكتېيل ئىچىپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئادەملەرگە نارازى بولغان ھالدا چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ، پەلەمپەيدىن ئاتلاپ ـ ئاتلاپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇنى جىق ئادەم تونۇمايتتى، چۈنكى ھەربىي ساھەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 8 ـ گورۇپپا ئارمىيىنىڭ قوماندانلىقىنى يېقىندا ئۈستىگە ئالغان بۇ گېنېرال لېيتېنانت بېرنارد لور مونتگومېرىنىڭ تېخى ئاتىقى چىقمىغانىدى.

8 ـ گورۇپپا ئارمىيىدىكىلەرنىڭ جىمىسى ئۇنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، بىزە قاتمال ئاتاقتىكى گېنېرال دەپ ھېسابلايتتى، ئۇنى ئىخلاسمەن، مىسكىن ۋە ھەزىلچىلىكى يوق دىن تارقاتقۇچى دەپ بىلەتتى. ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى، ئادەممۇ تىللىمايتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئۇ ياش ئوفىتسېر سالاھىيىتى بىلەن قالتىس خىزمەت كۆرسىتىپ، كېيىن دىۋىزىيە باشلىقى بولغاندىمۇ ياخشى نام قازانغانىدى. مونتگومېر ئولىۋېر. كىلىنۋېرغا چوقۇناتتى، ئۆزىدىمۇ كىلىنۋېرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېر ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ دائىم قول ئاستىدىكىلەرگە: ”مەن ھەر كۈنى «ئىنجىل» نى ئوقۇيمەن، سىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن“ دەيتتى. ئۇنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان يەنە بىر كىتابى «ئەرشىئالا سەپىرى» ئىدى.

ئۇ ئەنگلىيىدە قوماندانلىق قىلغان قىسىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھەربىي ئىنتىزامىغا بوش كەلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىغانىدى، ئۇ ھەممىشە ئۇلارنى ھېرىش ـ چارچاشقا چىداشلىق بېرىش مەشىقى قىلدۇراتتى. مونتگومېرىنىڭ ئۆزى تەنھەرىكەت مەستانىسى بولغاچقا، قول ئاستى-

دىكى ئوفىتسېرلاردىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سەپ بويىچە يەتتە
مىل ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزد-
مۇ ئۇلار بىلەن بىللە يۈگۈرەيتتى. يېشى چوڭراق ئوفىتسېرلار
تاپا - تەنە قىلغاندا يۈگۈرۈشنى ئالتە مىلغا ئۆزگەرتەتتى.

8 - گۇرۇپپا ئارمىيىنىڭ نى - نى جەڭلەرنى باشتىن
كەچۈرگەن پېشقەدەم ئەسكەرلىرى "سپارتاك" پەدىسىدىكى بۇ
گېنېرالنىڭ نامشەرىپىنى ئاللىبۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى، ئۇلار ئۇنى
ياخشى كۆرمەي قالمايتتى، بولمىسا، ئۇنى ھايال ئۆتمەيلا
"موند" دەپ چاقىرغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا ھازىر بولغانلا جايدا
ئولىشىپ قارىمىغان بولاتتى.

مونتگومېر ئەمەلىيەتتە 8 - گۇرۇپپا ئارمىيە قوماندانلىقىغا
كۆرسىتىلگەن ئىككىنچىلا نامزات ئىدى. گېنېرال لېيتېنانت
ۋىليام . گيوتى قاھىرەگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىدە
قازا تاپقاچقىلا نۇنىڭ ئورنىغا ئۇ چىقىرىلغانىدى. لېكىن ئۇ
ئۆزىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ۋەزىپىگە قويۇلۇشىغا كۆز يەتكۈزۈپلا
كەلگەنىدى. 1942 - يىلى ئەتىيازدا، ئامېرىكىنىڭ لوندوندا
تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى يوھان . ۋىللاند ئەنگلىيە ئارمىيىسى-
دىن ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقى-
نى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىق كېلىدىغان بىرەر نامزات كۆرسىتىش-
كە تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇ مونتگومېرنى زىيارەت قىلغاندا:
"گېنېرال، ناۋادا سىز بۈگۈن ئاخشام بۇيرۇق بويىچە كالېغا
ھۇجۇم قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇرۇش پىلانىنى قانچىلىك ۋاقىتتا
تۈزۈپ چىقىپ جەڭگە ئاتلىنالايسىز؟" دەپ سورايدۇ. ۋىللاند
بۇنىڭغا بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن جاۋاب چىقارمىكىن دەپ
يۈرگىنىدە، ئويلىمىغان يەردىن مونتگومېر ئۇنىڭ شتابىغا تېلې-
فون بېرىپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى
تولۇق قورال‌لانغان دىۋىزىيە - پولكلارنىڭ گېرمانىيە ئەسكەرلى-
رىگە تەقلىدىي ھۇجۇم قىلىش مانېۋىرى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۇق-

تۇرىدۇ. بۇ ھال ۋېللاندتا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ مونتگومېرنى شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇش سېپىدى-
كى ئەنگلىيە - ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا
كۆرسىتىدۇ، شۇ چاغدا بۇ ئىش تەييارلىق باسقۇچىدا كېتىۋاتاتتى.
بۇيرۇق بويىچە ئوگېنرايىكنىڭ ئورنىغا چىقىپ ئوتتۇرا
شەرق ھەربىي رايونىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان
گېنېرال ئالېكساندىر بولسا مونتگومېرنىڭ يېقىن دوستى ئى-
دى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ھالى خاراب ئىدى.
ئالېكساندىر ھۇجۇم قىلىش روھىغا باي ئەزىمەت ئىدى، ئۇنىڭ
قىبلىنامىسى : ”مۇداپىئەدە تۇرساڭمۇ، ھۇجۇم قىل، ھۇجۇم
قىل، يەنە ھۇجۇم قىل،“ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما،
تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، گېنېرال ئالېك-
ساندىر ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىككى قېتىملىق زور چېكىنى -
شى — دۇنكېرك ۋە بىرما چېكىنىشىگە رەھبەرلىك قىلغانىدى.
دۇنكېركتا، گېنېرال ئالېكساندىر ئەڭ ئاخىرقى چېكى-
نىشنى ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئۇمىدسىزلىنىپ:
”بالايىئاپەتلىك ۋەزىيەت“ دېگەندە، ئۇ يۈز - خاتىرە قىلماستىن
”كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ بۇنداق پېچەت گەپلىرىڭىزنىڭ تېگىگە
يېتەلمىدىم“ دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغاندا، ئۇنىڭ
بۇنداق تەمكىنلىكى ناتسىستلارنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلى-
رى گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئەھۋالدا تەقەززالىق بىلەن كې-
مىگە چىقىشقا كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنى-
دى. ئۇ كۈتۈپ تۇرۇش ۋە بومباردىمان قىلىنىشتىن باشقا ئىش
يوق ۋاقىتلاردا، سايازلىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇم بىلەن قور-
غان ياسايتتى. ئەڭ ئاخىرقى كەچقۇرۇننىڭ تۈن پەردىسى يېپىل-
غان بىر كۈنى، ئۇ قۇم ساياز يەرلەردە سەپتىن چۈشۈپ قالغان
ھايات ئەسكەرلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىرقۇر چارلاپ كۆرۈپ،
بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى بىلەن ھەممىدىن كېيىن

چېكىنگەنىدى.
ئالېكساندىر قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئالدى-راپ - تېنەپ بىرمىغا قاراپ ئۇچقاندا، ئۇ يەردىكى ۋەزىيەت قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. گېنې-رال ۋېۋېرنىڭ ھىندىستاننىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئالېكساندىرنىڭ بۇيرۇق بويىچە ياپونلارنى ئىمكانقەدەر ئۇزاقتىچە ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم سانى ئاز، قورال - جابدۇقلىرى ناچار قىسىملىرى(25 مىڭ ئادەم) نى باشلاپ 100 مىڭ كىشىلىك ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى تۆت ئاي جەڭ قىلدى، ھەمدە يامغۇر پەسلىدە يول توسۇلۇپ قېلىش-تىن بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال بىرلا تاغ يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا چېكىنگەنىدى. بۇ ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي ساھەسىدە، مۆجىزە كەبى دۈنكېرك چېكىنىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر مۆجىزە دەپ قارالغانىدى.
مونتگومېرمۇ شۇ چاغدا دۈنكېركتا ئىدى. ئۇ قول ئاستى-دىكىلەرگە: "ناۋادا ئوق - دورائلار تۈگەپ، ئاشلىقئلار ئۈزۈ-لۈپ قالسا، دۈشمەننى ئىككى قولۇئلار بىلەن تىتماكاتاڭ قىلىپ تاشلائلار" دېگەنىدى. دۈنكېرك چېكىنىشىدىن كېيىن، ئۇ ئا-لېكساندىر بىلەن تەڭ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىككى قوشنا ھەربىي رايونغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتىلگەنىدى، ئەگەر ناتسىستلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، بۇ رايونلار ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۇچرىماي قالمايتتى.
چېرچىل ئوتتۇرا شەرقنىڭ خەۋپلىك ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن دەل مۇشۇ ئىككى ئادەمنى ئەۋەتكەنىدى. چېرچىلنىڭ بۇيرۇقى قىسقىلا ئىدى: "لونمېرنى چوقۇم تىرىپىرەن قىلىپ تاشلائلار". ستراتېگىيىسى بولسا تېخىمۇ ئاددىي ئىدى: يېڭى قورال - ياراغ ۋە تەمىنات قۇملۇقتا يەتكۈزۈلگىچە، ھەرقانداق

چىقىم كېتىشكە قارىماي، ئالامان مۇداپىئە سېپىنى مەھكەم ساقلاپ، ئاندىن ئافرىقا كورپۇسىنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش. ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلغاندا، 8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيىگە ماسلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئائىت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش (تۇزۇلۇش ئۇستىدە) ئىشىنى ئالېكساندىر، لونمېرنى تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى مونتگومېر ئۇستىگە ئالغانىدى.

مونتگومېر قاھىرەنىڭ ئادەمنى گاڭگىرىتىدىغان مۇھىتىدا ۋاقىتنى ھەرگىز بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، ئۇ بۇ جايغا كېلىپ قاق سەھەردىلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ قۇملۇققا كىرىپ، جىبىس تېغىنىڭ چوققىسىغا چىققانىدى، بۇ — ئالامان مۇداپىئە سېپىنىڭ بۆرتمە قىسمىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك جاي ئىدى. ئۇ بۇ جايدا دۇربۇن بىلەن دۇشمەننىڭ مۇداپىئە سېپىنى كۆزىتەتتى، ئارىلىقى بۇ جايدىن ئىككى مىڭ ياردمۇ چىقمايدىغان بۇ سەپ چوغدەك قىزىق قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى.

لونمېرنىڭ ئالدىنقى بازىسىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇپ قويۇلغان 88 كالىبىرلىق بىرمۇنچە زەمبىرەكلەر تىكلەپ قويۇلغانىدى، بۇلار ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرى ئۈچۈن، بىر كۇشەندە ئىدى. بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئاز دېگەندە 300 چە تانكا تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە 850 چە ياردەمچى تانكا بار ئىدى. لونمېرنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 160 مىڭغا يېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ناتسىستلار تەمىنلەش لىنىيىسى كۈچەيگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۇزۇلمەي يېتىپ كېلىۋاتاتتى.

ئالامان مۇداپىئە سېپى قايسىلا تەرەپتىن قارىسا بەئەينى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئەنگلىيە قىسىملىرى لونمېرنىڭ نىل دەرياسى ۋادىسىغا قارىتا ئېلىپ بارغان يەلپۈگۈچ شەكىللىك ھۇجۇمىنى توسۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن لونمېر-

نىڭ قىسىملىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسى يۇلۇپ تاشلاشقا تېگىشلىك پۆگەت ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئاندىن خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايتتى.

شۇ كۈنى جېسېس تېغىدا موندىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەننىۋاسى موندىنىڭ دەل مەيداندىلا لونمېرنى قانداق تارمار قىلىش ۋە قايسى ۋاقىتتا تارمار قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىگە ئىشەنچ باغلاپ تۇراتتى. شۇ كۈنى كەچتە، تۆت چاتما كوزۇپتىن تۈزۈلگەن "ھەرىكەتچان قوماندانلىق شتابى" دا ( بۇ ماشىنىلار 1941 - يىلى ئىتالىيىلىك "چاقماق بۆرۆت" گېنېرال بوگېن ھولدىن ئولجا ئېلىنغان) ، ئۇ ئۇرۇش پىلانى — بۇ پىلان ئۇنىڭ لونمېرغا ئەگىشىپ پۈتۈن ئافرىقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشكە سەۋەب بولغان — تۈزۈشكە كىرىشكەنىدى. قوملۇقتا ئۇرۇش قىلىش ئالاھىدىلىكىنىڭ ۋاقىتىنچە باشقىچە تۈس ئالغانلىقىنى مونتگومېر شۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدىلا تونۇپ يەتكەنىدى. چەكسىز چوڭ قوملۇقتا، دېڭىز ئۇرۇشى شەكلىدىكى تانكىنىڭ تانكىغا قارشى ئۇرۇشى ھازىرقى ۋاقىتتا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى تىركەشمە ئاكوپ ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ قېتىمقى ئالامان ئۇرۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھۇجۇم قوراللىرى يەنىلا ئۆتكەن قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكىدەك ئىدى، توپچى قىسىملار ۋە ھاۋا ئارمىيىسى يول ئېچىپ بەرسە، "جېبىدىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ماڭىدىغان بىچارە پىيادە ئەسكەرلەر" ۋە تانكىلار تاكى بوتۇلكىنىڭ پۆگىتى يۇلۇپ تاشلانغىچە ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ھېچبولمىغاندا، ئېغىزدا شەھەر ئېلىنىۋاتقانلاردا، مونتگومېر ئۆزىنىڭ تېزلا غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ راستىنلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان، ھەمدە گېرمانىيىنىڭ تانكا قىسىملىرىنى تارمار قىلىدىغانلا بولسا، لونمېرنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ بەدەر تىكىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قوملۇقتا

برونېۋىك قىسىم بولمىسا، بىمالال ئۇرۇش قىلمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيە ئۇرۇش سېپىدە قەيسەر يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە ئەسكەرلىرىنى ئـۆز ئـىچىگە ئـالغان ئالتە سەرخىل پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىگە ئىگە ئىدى، ئۇلار گرېتسىيە ئۇرۇشى ۋە كرېت ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم ئەسكەرلەر بولۇپ، چاپ ـ چاپ قىلىچ ئۇرۇشى قىلىشقا ماھىر ئىدى؛ يەنە ھىندىستاننىڭ 4 ـ دىۋىزىيىسىمۇ بار ئىدى، بۇ دىۋىزىيە ئۆز ۋاقتىدا ئىتالىيە ئىشغالىيىتىدىكى ھەبەشىستاننىڭ كلۇن ئېگىزلىكىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە مىسىردا نېمىسلارنىڭ قولىدىن قاتتىق مۇستەھكەم "دوزاخ ئوتى" ئۆتكىلىنى تارتىۋالغانىدى. چېرچىل يەنە ئىككى دىۋىزىيە ۋە زور بىر تۈركۈم ئەنگلىيىدە ياسالغان، ئالتە قاداق ئېغىرلىقتىكى زەمبىرەك ئوقىنى ئاتالايدىغان يېڭى تىپتىكى تانكىغا قارشى زەمبىرەك، تۈرغۇن ئايروپىلان، ئەنگلىيىدە ياسالغان ئېغىر تىپتىكى تانكا ۋە ئامېرىكىدا ياسالغان نەچچە يۈزلىگەن شېرمانچە تانكا بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدى، 75 كالىبىرلىق تېز ئاتار زەمبىرەكلەر ئورنىتىلغان بۇ تانكىلار ئاللىقاچان سۇۋەيشكە كەلتۈرۈلگەنىدى.

مونتگومېر بۇ قېتىملىق ھۇجۇمغا ئىككى ئاي تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لونمېرنىڭ ھۇجۇمىدىنمۇ بىر ئامال قىلىپ ساقلانماقچى بولغانىدى.

مونتگومېر كېلىپ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، لونمېر 300 تانكىلىق تولۇقلانما كۈچ بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيىسى مۇداپىئە سېپىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، تانكا قىسمى ئەنگلىيە ئارمىيىسى بازىسىنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتىدىغان ئاجىز نۇقتىنى تاپماقچى بولدى — بۇ لونمېرنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن نەيرىڭى ئىدى. مونتگومېر ئۆزىنىڭ تانكا قىسىملىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ساقلاپ قېلىپ،

تانكا ئۇرۇشى قىلىشتىن باش تارتقانىدى. ئۇ لونمېرنىڭ تانكى-لىرىنى يەملەپ تۇرۇپ مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كىرگۈزدى ـ دە، تانكىغا قارشى زەمبىرەكلەر ۋە قۇم بارخانلى-رى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئامېرىكىدا ياسالغان گېنېرال گىلانتچە تانكىلارنىڭ 75 كالىبىرلىق زەمبىرەكلىرى بىلەن ئۇلارنى باپ-لىدى. بۇ ناتىسىت قوماندان ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چېكىنگەندە، 140 تانكىسىدىن مەھرۇم بولدى، بۇ ئالاھازەل ئۆزى دەسلەپتە باشلاپ كەلگەن برونېۋىك قىسىمىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلات-تى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى بولسا ئاران 37 تانكىنى چىقىم تارتتى.

ـــ مىسىر قۇتقۇزۇۋېلىندى! ـــ دەپ جاكارلىدى، مونت-گومېر ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا، ـــ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش نەتى-جىسىدە بىز تانكا ۋە ئايروپىلان جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدۇق، لونمېرنى ئاخىر تارمار قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئەمدى سان جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلالايمەن.

مونتگومېرنىڭ سۆزى ئاڭلىماققا پو ئېتىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ زادى مۇشۇنداق ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇ تا مۇشۇ كەمگىچە ئاتقان پولىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىخلاس بىلەن تۈزۈلگەن پىلانىغا كۆز يەتكۈزەلەيتتى، ئۇ ئۆز ئىلكىدىكى ماددىي تەمىنات ئەھۋالىنى، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوققىچە بولغان ئەھۋالنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئو-فىتسېرلار ئۇنىڭ ئۆز قىسىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى-نى ئۆزىدىنمۇ ئوبدان بىلىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىشاتتى. ھەر-بىر دىۋىزىيە، پولك، باتالىيون، روتا ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېنىق ۋەزىپىسى بار ئىدى. مونتگومېر ئۇلارنىڭ پىلانىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى كۆزلەپ باراتتى، بۇ ئۇنىڭ غەلىبە قازىنىشتىكى ئەقىدىسى ئىدى.

لونمېرغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى پۇختا تۈزۈلدى. 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كېچىلىك جەڭ قىلىشقا ئەپلىك بىر ئايدىڭ كېچىدە، ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولدى.

ئىككى ھەپتىدىن بېرى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئايروپىلانلىرى لونمېرنىڭ ئارقا سېپىدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى بومباردىمان قىلىپلا كېلىۋاتاتتى، ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا كۆرەشچى ئايروپىلانلىرىمۇ ھاۋا بوشلۇقىدىكى گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنى ئىزدەپ يۈرەتتى ھەمدە ئۇلارنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ تۇراتتى. سائەت 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. بومباردىمانچى ئايروپىلانلار لونمېرنىڭ تەمىنات لىنىيىسى بىلەن ئايرودروم ئارىلىقىدا موكىدەك ئۆتۈشۈپ بومباردىمان قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇراتتى، كۆرەشچى ئايروپىلانلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىنقى سېپى ۋە توپچى قىسىم بازىلىرىنى ئوققا تۇتۇپ تۇراتتى. مونتگومېر قول ئاستىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۇرۇش پىلانىنى ۋە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى بىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى، شۇڭا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىش داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە، ئۇ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۆز پىلانىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ قىسىملارغا يەتكۈزۈشىنى تەلەپ قىلاتتى.

سائەت 12 گە يېرىم سائەت قالغاندا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق كۈچلۈك ھۇجۇم باشلاندى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ توپ ـ زەمبىرەكلىرى 40 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى ئالامان مۇداپىئەسىدە قاتارىسىغا تىكلەپ قويۇلغانىدى. مونتگومېر ھەممىشە كۈچلۈك ھۇجۇم دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى تۈگەل يىمىرىپ تاشلايدۇ، دېگەننى تەرغىب قىلاتتى. كەچ سائەت ئوندا، ئوق ـ دوردىلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاستا ـ ئاستا يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈل-

گەندە، ساپيور قىسمىنىڭ ئەسكەرلىرى مىنا رايوندا تازىلاش ئېلىپ بېرىپ كەڭ يول ھازىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە ئەسكەرلەر كېلىپ، ئانتانتا دۆلەت بازىلىرىغا قەيسەرلىك بىلەن بىر - بىرلەپ ھۇجۇم قىلاتتى.

پۈتۈن بىر كەچ ۋە ئەتىسى بىر كۈن، شۇنىڭدەك كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە، تېخىمۇ كۆپ سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۇرۇش مۇشۇ قۇملۇقنىڭ "فلاند" ئۇرۇش مەيدانىدا بولدى. لونمېر غالجىرلىشىپ قايتا ئېتىلىپ كەلدى. ھەربىر غېرىچ يەرنى تالىشىش ئۈچۈن بولغان جەڭدە ھەممىلا يەرنى ئىككى تەرەپنىڭ جەسەتلىرى قاپلاپ كەتتى، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مونتگومېر ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىنى باشلاشنىڭ لازىملىقە-نى چورتلا تايىن تاپتى. شېرمانچە تانكىلار بىرېزېنتلىق ساختا نىقابلاردىن چىقىپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار ئاكېردا لونمېرنىڭ 15 - ۋە 2 - برونېۋىك دىۋىزىيىسى-نىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلدى ھەمدە لونمېر-نىڭ 1000 دانە تانكىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. موند قىسىملارغا يوللىغان بۇيرۇقىدا كۆرەڭلىگەن ھالدا: "بۇ — يىراقلىقتا غەربكە قەدەر سوزۇلغان قالتىس بىر قېتىملىق شىكاردۇر، بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر، كەڭ كۆلەملىك بۇ قېتىمقى شىكارغا پۈخادىن چىققۇچە كىرىد-شىڭلار!" دېگەنىدى.

لونمېر ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغان ئافرىقا كورپۇسىنى باشلاپ ھاپىلا - شاپىلا ئاپتوموبىلغا چىقىپ، ئىتالىيىلىك ئەس-كەرلىرىنىڭ تولىسىنى — ئۇلارنى توشۇيدىغان ترانسپورت قو-راللىرى بولمىغاچقا، — كەينىدە قالدۇرۇپ، دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ بەدەر تىكىۋېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر پەس قوغدىنىش ئۇرۇشى قىلىپ، چېكىنىش جەريانىدا ئاۋ-ۋال ماترۇ ئارقىلىق "دوزاخ ئوتى" ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن

تۆبرۇك، دېرنا، بېنغازى ئارقىلىق تىرىپولىنى ئەگىپ ئۆتۈپ تۇنىسقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان مونتگومېر ئۆزىنىڭ قىساسچى 8 – گۇرۇپپا ئارمىيىسىنى باشلاپ، ھەپتە – ھەپتىلەپ ئىزمۇئىز قىستاپ كېلىدۇ. ئۇلار يول بويىدا 80 مىڭ ئىتالىيىلىك ئەسىرنى ۋە 20 مىڭ گېرمانىيىلىك ئەسىرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق مونتگومېر: ”بىزنى ھېچقانداق كۈچ توسۇۋالالمايدۇ، غەلىبە ئالدىمىزدا“ دەيدۇ.

ئۇزاق داۋام قىلغان چېكىنىش داۋامىدا، لونمېر ئاگېرا ۋە مارېت ئۇرۇش سېپىدە ئىككى قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىشنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. مونتگومېر بولسا ئانتانتا دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلىپلا كېلىدۇ. ”لونمېر پىشقان گېنېرال“ دەيدۇ مونتگومېر ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: ”لېكىن ئۇنىڭ بىر ئاجىزلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تەكرارلاۋېرىش، بىزنىڭ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ.“

يەنە بىر تەرەپتىن، مونتگومېر ئۆزىنىڭ ھەممىگە قابىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ يېڭى ئۇرۇش پىلانى قوللانمىسىنىڭ بىرەر بېتىنى قوللىناتتى، كېلەر قېتىم بولسا يەنە تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلاتتى. ئالامان مۇداپىئە سېپىنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى جەڭ ئۈلگىلىرىنى قوللانغانىدى. مالېت ئۇرۇش سېپىدە، ئۇ ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ، قۇملۇق ئارقىلىق دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ماسلىشىدىغان دادىل ئىلگىرىلەش تاكتىكىسىنى قوللانغانىدى. يەنە بەزى جەڭلەردە، ئۇ ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى بويلاپ بارلىق برونېۋىك قىسىملىرى بىلەن دۈشمەننىڭ مۇداپىئە سەپلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغانىدى.

مونتگومېر ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرى ئوڭۇشسىز-لىققا ئۇچرىشىنىڭ توپ مەنبەسى ھاۋا ئارمىيىسى، يەر ئۈستى قىسىملىرى ۋە توپچى قىسىملارنىڭ جايىدا ماسلىشالمىغاندا ئىد-كەنلىكىگە چىن مەنىدىن ئىشىنەتتى. ئاۋئا گېنېرال لېيتىنانت ئىسى. كېنهان مونتگومېرنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئولتۇراتتى، ئۇلار يەر ئۈستى ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش پىلانلىرىنى بىرلىكتە تۈزەتتى، بۇ پىلانلار لونمېرنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماي، كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئاتاكا ئۇرۇ-شى ئۇچۇنمۇ ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنىدى.

8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيە ئوتتۇرا دېڭىزنى بويلاپ لونمېرغا زەربە بېرىپ كېلىۋاتقاندا، ھەممە كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى مونتگومېرغا مەركەزلەشكەنىدى. ئالېكساندىر بولسا قاھىرەدىكى قوماندانلىق شتابىدا ھاڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغاندەكلا قىلاتتى. لېكىن لونمېرنى تارمار قىلىش-تا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا مەدھىيىلەشكە مۇنا-سىپ ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قى-لىپ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ تۇراتتى. ئالېكساندىر شەيئى-لەرگە قاراشتا يىراقنى كۆرەرلىك، پىكىر ـ زىكرى جايىدا، ۋە ئەتراپلىق ھەربىي بىلىمگە ئىگە ئادەم ئىدى، ئۇ ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇش رايونىدىكى دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلەيتتى. سەپرا مىجەز مونتگومېر بولسا ئەسكەرلەرگە ئىلھام بېرىشكە ماھىر ئىدى، 8 ـ گۇرۇپپا ئارمى-يىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ يېتىلىشى ئەنە شۇ سەۋەبلىك ئىدى.

مونتگومېر بىلەن ئالېكساندىرنىڭ كەسپىي ھەربىي ئىكەن-لىكىدە گەپ يوق ئىدى. مونتگومېر 1908 ـ يىلى سانهۇستتىن بىۋاستە خان جەمەت ئوۋئكشېر پولكىغا كىرگەنىدى . ئىككىن-چى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئىككى قېتىم يارىدار بولغاند-

دى، ھەمدە ئەنگلىيىنىڭ ئالتۇن كرېست مېدالىغا ۋە فرانسىيە-
نىڭ ھەربىي تۆھپە كرېست مېدالىغا ئېرىشكەنىدى. ئىككى
قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئۇ مەسلىھەتچى ئوفىتسېر سۈپىتىدە
ئېرلاندىيە، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاندا بىر قاتار ۋەزىپىلەردە بول-
غانىدى. ئۇ يەنە كامبرىي شتابىستلار ئىنستىتۇتى ۋە پاكىستان
بەلۇجى ئۆلكىسىنىڭ كۇھدتا شتابىستلار ئىنستىتۇتىدا ئوقۇت-
قۇچى بولغانىدى. 1938 - يىلى پەلەستىندە "مالىمانچىلىق"
يۈز بەرگەن مەزگىلدە بىر دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلغانىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەمدىلا 24 ياشقا
كىرگەن ئالېكساندىر ئەنگلىيىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلمە قوشۇنىغا
قاتنىشىپ، ئېرلاندىيە گارنىزون قىسمىنىڭ برىگادىسىغا قومان-
دانلىق قىلغان، ئۇ ئاكوپتا پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ، ئېغىر
ياردار بولغاچقا، ئالتۇن كرېست مېدالىغا ۋە ھەربىي كرېست
مېدالىغا ئېرىشكەنىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مەز-
گىلىدە، ئۇ لاتۋىيە ئارمىيىسىنى قايتىدىن قۇرۇشقا ياردەم بەر-
گەن ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرىلىرىدا جەڭ قىل-
غان، ھەمدە جەبىلتارىق بىلەن ئەنگلىيىدە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتى-
گەنىدى. ئۇ 45 ياش ۋاقتىدا قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرال
مايورى بولغانىدى، بۇ — شۇ چاغدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئىچىدە
ئەڭ ياش ئوفىتسېر ھېسابلىناتتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى قۇملۇق
ئۇرۇشىنى قىلىۋاتقاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋەزىپە ئۆ-
تەۋاتقانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ ياش ئىدى — ئالېكساندىر
51 ياش، مونتگومېر 55 ياش ئىدى.

لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى ئۇلار-
نىڭ ھەربىي ئىشلارغا كىرىشىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىنلا ئايان
ئىدى. ئالېكساندىر كالدېن گراف IV نىڭ ئۈچىنچى ئوغلى
بولۇپ، لوندون ھالو مەكتىپىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ
بىر مەھەل ئىدېۋارد VIII نىڭ ئاديوتانتى بولغانىدى، ھەم ئەنگلىيە

ئارمىيىسى ئىچىدە شەخسىي ئامانىتى خېلى جىق ئالىي گېنېرال-
لارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

مونتگومېرنىڭ ئاتىسى خرىستىئان يېڭى دىنىنىڭ باش را-
ھىبى ئىدى، مونتگومېر بىر ئايلىق بولغاندا، ئاتىسى ئۇنى
پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن تاسمانىيىگە[1] ئېلىپ كەلگەنىدى. مونتگو-
مېر ياش ۋاقتىدا راھىب بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن
ئاۋستىرالىيىلىكلەرنىڭ ھەربىي سەپكە كىرىپ بۇر ئۇرۇشىغا
ئاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغۇل بالىلىق سۆيىتى بىلەن ئەسكەر
بولۇشقا بەل باغلىغانىدى.

ئالېكساندىر مېھرى ئىسسىق، كۆپنى كۆرگەن ۋە ئۆزگىچە
سېھرىي كۈچكە ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم
بولغىنى بىلەن، ناھايىتى ئەدەپ قائىدىلىك ئىدى، ئوتتۇرىدا
چېچىپ يۇرۇشنىمۇ ئانچە راۋا كۆرمەيتتى. مونتگومېر بولسا
قوپال، سۆزلىرى تاقىقا ـ تۇققا ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ
دېگىنىم ھېساب دېگەن قارىشىنى قىلچە يوشۇرمايتتى. ئۇ
ئويۇن ـ كۈلكىگە خۇشتار ئىدى، بىرەر پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنى
كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز قىسىملىرى ناتسىستلار گېنېرالى
ۋىلىيام. لت . فېنتومانى ئەسىر ئالغاندا، دەرھال ئۇنى چوشلۇك
تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ دائىم لونمېرنىڭ رەسى-
مىنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا ئېسىۋالاتتى، ھەمدە ناتسىستلارنىڭ
بۇ قورۇقلۇق ئارمىيە مارشالى بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىنى ئارزۇ
قىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇ مىسىردا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، گېرمانىيە ئوفىتسېرلى-
رىنىڭ يىپەكتىن توقۇلغان بىرقۇر ئىچ كىيىمىنى تېپىۋېلىپ
كىيىۋالغانىدى. ئۇ شتابىستا ئوفىتسېرلىرىنىڭ قىزىل شەپكى-
سىنى ياقتۇرماي، ئەكسىچە ئۆز قىسمىنىڭ پولك بەلگىسى چو-

---

[1] ئاۋستىرالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر شتات.

شۇرۇلگەن ئاۋستىرالىيىچە يۇمشاق شەپكىسىنى ياكى تانكا قىد- سىملىرىنىڭ بىلىپى قالپىقىنى كىيىشنى ياقتۇراتتى.

ئۇ ھەربىي ئىنتىزامغا كەلگەندە بوش كەلمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈنمۇ شتابىست ئوفىتى- سېرلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاشتىن يانمايتتى. بىر كۈ- نى ئۇ قوماندانلىق شتابىغا ئەۋەتىلگەن بىر ئوفىتسېرنى خىزمى- تىدىن ئېلىپ تاشلىدى، بۇ ئوفىتسېر ئەمدى سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، مونتگومېر: "سەن يارام- لىق ئوفىتسېر بولغىنىڭ بىلەن، مېنىڭ نەزەرىمدە يەنىلا تولۇق يارامىلىق ئەمەستەك قىلىسەن" دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ نۇتۇق سۆزلەشتىن ئاۋۋال دائىم مۇنداق قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈ- رەتتى: "مەن تاماكا چېكىش بىلەن يۆتىلىشنى ياقتۇرمايمەن. بۇ يەردە تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ. ھازىر يۆتىلىۋېلىشىڭ- لار ئۈچۈن ئىككى مىنۇت ۋاقىت بېرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 20 مىنۇت ئىچىدە تاكى مەن يۆتىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن يەنە بىر مىنۇت ۋاقىت بەرگۈچە، يۆتىلىدىغان ئىش كۆرۈلمىسۇن."

ئۇ 40 ياشقا كىرگەندە ئۆيلەنگەنىدى، ئۆي ئىشلىرىنىمۇ ھەربىي ئىنتىزام بويىچە باشقۇراتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر- دىنبىر ئوغلىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئۇنى يېتىشتۇرۇش توغرىسىدا ھەر كۈنى بەزى بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ تۇرغانىدى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن يەنە بالا تاپىماسىز دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋا- بەن: "يوقسۇ، تاپمايمەن، شتابىستلارنىڭ ئىشى ناھايىتى ئالدى- راش" دېگەنىدى.

ئالېكساندىر بىلەن مونتگومېر بىرلىكتە ئىش تەۋرىتىۋاتقان- دا، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا ياسالغان سەرخىل قورال ـ جابدۇق- لار 8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيىگە توشۇلۇشقا باشلىغانىدى. شۇنداقتى- مۇ 8 ـ گۇرۇپپا ئارمىيىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ دۈش- مەن ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇش روھى بولمىغان بولسا، شۇنچىۋالا

كۆپ تانكا، زەمبىرەك ۋە ئايروپىلان بولغان ھالەتتىمۇ لونمېرنى يېڭىدىغان بىرەر گېنېرالنىڭ چىقمىقى، تەس ئىدى.
ئالاھازەل ئۈچ يىلچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ چۆل مۇشۇنداق رايوندا كارامەت ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار پىژ - پىژ ئىسسىقلارغا چىدىدى، بۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا مىلتىقنىڭ ستۋولىمۇ لاخشىگىردەك قىزىپ كېتەتتى. ئىسسىق جەنۇب شامىلى ۋە قىزىق قۇم - بورانلار ئۇلارنىڭ ئەت - تېرىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى، چىۋىنلەر ئوزۇق - تۈلۈككە ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستۋاشلىرىغا يېپىشىۋالاتتى. بۇنى ئاز دەپ كېسەللىك، ئۇمىدسىزلىك ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتىكى يېتىشسىزلىك مانا مەن دەپلا رۇي بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارغا ئېغىر تالاپەت يەتكەندى. ھىندىستاننىڭ 4 - دىۋىزىيەسىنى مىسالغا ئالساق، بۇ دىۋىزىيە قۇملۇق ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان قاتتىق چىقىمغا ئۇچرىغاچقا، سان جەھەتتىن يۈزدە يۈز پىرسەنت ئادەم تولۇقلاشقا موھتاج ئىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى ھەم تېيىز، ھەم قاقاس يەرلەرگە دەپنە قىلىنىپ، گۆرلەرنىڭ تاش ئابىدىلىرىگە: "بۇ — مۇقەددەس جاي. ئۆلگۈچى ۋەتەن يولىدا قۇربان بولغان" دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.
بەزىدە ئۇلار توغرا يول باشلانمىغانلىقىنىڭ كاساپىتىگىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. مەسىلەن، 1942 - يىل 6 - ئاينىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ تانكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى لونمېرنىڭ قىرىش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان، 88 كالىبىرلىق توپ - زەمبىرەك پىستىرما دائىرىسىگە ئەۋەتىلىدۇ. 90 دانە ۋالېنتىنچە ئېغىر تىپلىق تانكا گولدۇرلىگىنىچە ناتسىستلارنىڭ مىنا رايونىغا كىرگەندە، پەقەت 19 تانكىلا ساق قالىدۇ. بۇ بىرسىنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى خاتا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان. ئۇلار ئەزەلدىن يېتەرلىك

قورال ـ جابدۇقتا ئىگە بولۇپ باقمىغان، دەسلەپتە ئىتالىيە ئارمىيىسىگە قارشى تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مىسرنى تۇتۇپ تۇرغان قىسىملىرى 15 مىڭ ئادەمگە يەتمەيدىكەن، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىرنەچچە برونېۋىك ماشىنىسى ۋە 87 دانە ئايروپىلانىلا بار ئىكەن.

لېكىن پېشكەللىككە ئۇچرىغان تالاي كۈنلەردە 8 ـ گورۇپ-پا ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرى ئەزەلدىن مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا ئىقرار بولۇشتىن باش تارتقان. ئۇلار: يېتەرلىك قورال ـ جابدۇق بولسىلا، لونمېر قىسىملىرىنى يېڭەلەيمىز، دېگەن ئى-شەنچىنى ئەزەلدىن يوقاتمىغان. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت تاقەت قى-لىش ئارقىلىق مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىسپاتلىغان: ھەربىينى ھەربىيگە سېلىشتۇرسا، ئۇلار ناتسىستلارنىڭ ئەسكەرلىرىگە قا-رىغاندا تېخىمۇ نوچى ئەسكەرلەردۇر.

مۇشكۇلات ئىچىدە تۆرىلىش، مەغلۇبىيەت ۋە چېكىنىش داۋامىدا چېنىقىش — كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش. 8 ـ گورۇپپا ئارمىيە ئۇرۇش جەريانىدا يېتىلىپ ئىتتىپاقداش دۆلەت تەرەپ-نىڭ قورال ـ جابدۇقلىرى سەرخىل، بىردەك ماسلىشالايدى-غان، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ۋە جەسۇر مۇستەقىل قوراللىق كۈچى بولۇپ قالغان. ئۇلار مەغرۇر قىياپەت بىلەن ترىپولىغا كىرگەندە، چېرچىل ئۇلارنى ئەركىن دۇنيانىڭ گۆھىرىگە ئوخ-شاتقانىدى. باش مىنىستىر مۇنداق دېگەنىدى: ”ئۇرۇش ئاخىر-لاشقاندىن كېيىن، بىرى مەندىن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ سورىسا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرسەملا كۇپايە قىلىدۇ — مەن 8 ـ گورۇپپا ئارمىيە بىلەن بىللە باتۇرانە كۈرەش قىلدىم.“

# 3 . شىمالىي ئافرىقىغا يوشۇرۇن بېرىش

فرېدرك . فېيندون

گېنېرال دۋگخت . ئېزېنخاۋېر لوندوندىكى قوماندانلىق شتابىدا ئۇستىگە "قەتئىي مەخپىي" دېگەن خەت يېزىلغان بىر پارچە يېڭى تېلېگراممىنى پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى . تېلېگراممىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى : ئالجىرىيىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتپەرەس ۋېئىس ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۈركۈم فرانسىيىلىك ئوفىتسېرلىرى ئانتانتا دۆلەتلەرنىڭ ئالجىرىيىنى ئىشغال قىلىش پىلانىغا دائىر ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرگەن . ئۇلار گېنېرال ئېزېنخاۋېرنىڭ ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ، شتابىدىن بەش ئوفىتسېرنى دەرھال ئالجىر ئەتراپىدىكى بىر ئۇچرىشىش ئورنىغا يوشۇرۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن .

بۇنىڭ بىلەن گېنېرال چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى : ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بۇ رايوننى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىش پىلانى بار ئىدى ؛ D كۈنى H سائەتتە ( 1942 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ، ئەتىگەن سائەت 10 دا ) ، ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدا دېڭىز ۋە ھاۋادىن تەڭلا قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى . مۇشۇ فرانسىيىلىكلەر بىلەن بىر قېتىم مەخپىي ئۇچراشسا ، ئاخباراتقا ئىگە بولغىلى بولاتتى ياكى بولمىسا كېمىگە چىقىپ بولغان نۇرغۇن ياش ئەسكەرلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى ،

قورقۇنچلۇق شۇنداقتىمۇ بۇ بىر قىيتمىلىق تەۋەككۇلچىلىك ـ تە. بۇ قېتىمقى مەخپىي ۋەزىپىنى سىزىلىپ قالمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى، سىزىلىپ قالسا، ۋېيىس ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي قو- ماندانلىق شتابىدىكى ناتسىستلار قاتتىق ساراسىمگە چۈشەتتى ـ دە، بۇ ئۇلۇغ ئۇرۇش قورقۇنچلۇق بالايىئاپەت بىلەن تاماملانغان بولاتتى.

گېنېرال ئېيزېنخاۋېر خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېگىزلىكى ئالتە فۇت، ئۆچ دىئوم كېلىدىغان ھېلىقى ئەر كىشى — ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى پودپولكوۋنىك مارك. ۋېس. كلاك تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى.

— ۋېس، مەن سېنى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن.

بۇ ئىش قارار قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېيزېنخاۋېر بىلەن كلاك دەرھال دوۋنىن كوچىسى 10 ـ نومۇرلۇق قورۇغا قاراپ يول ئالدى. ۋېنستون. چېرچىل بۇ پىلاننى تاماق يەۋېتىپ ئاڭلىدى ھەمدە بۇ پىلانغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ پىلان ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقىدىغان بىر قېتىملىق تەۋەككۇلچى- لىك بولۇپ ھېسابلىناتتى، ئەگەر ئالدىنقى ئەسىردە بولغان بولسا ئىدى، بۇ پىلاننى ئۇ ئۆزى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ئەمەل- يەتتىن ئۆتكۈزگەن بولاتتى.

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن — دېدى ئۇ، — بىز سىلەرگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ھەمدەم بولىمىز.

شۇنىڭ بىلەن، كلاك دەرھال بىرىپ ئۆزى بىلەن بىللە بارىدىغان تۆت ئادەمنى تاللىدى: ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كاپىتان 1 ـ رانگىنى جلورد. رايت، ئۇ بىر مەرگەن ئىدى؛ كاپىتان 2 ـ رانگىنى جولس. خولمېس، ئۇ فرانسۇزچىنى بىلەتتى ھەمدە ئالجىرىيىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى؛ كاپىتان 2 ـ رانگىنى ئارچ. هامبۇرېن، ئۇ دېڭىز نەقلىياتى

مۇتەخەسسىسى ئىدى؛ ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىش شتابى 3 - باشقارمىسىدىكى گېنېرال برىگادىر لېيمان لىرېز.[1]

ھەممەيلەن مۇنداق يولىيورۇقتىن خەۋەر تاپتى: "ئىشخانىلار ئادەم ئۈزۈلگىنىگە تېخى بىرەر سائەت بولمىغاندەكلا ھالەتتە تۇرسۇن. ھەربىيچە سومكىغا پاتقىدەكلا نەرسە ئېلىنىۋېلىنىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تۈردىكى ھۆججەتلەرنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ، بىز بۈگۈن كەچتە يولغا چىقىمىز".

ئۇلار ھەربىيچە سومكىدىن باشقا يەنە گرانىچ تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق، تومسونچە پىلىموت ۋە بىرەر مالامەت يېتىپ قالسا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئاز مىقداردا — قىممىتى تەخمىنەن 120 فوند ستېرلىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئالتۇن — ئېلىۋالغانىدى. 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەتىگەن سائەت يەتتە يېرىمدا چوڭ تىپتىكى ئىككى ئايروپىلان غوڭۇلداپ قوزغالغان پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تارىخىي ۋەزىپىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بازىسىغا مەخپىي تېلېگراما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، يولۇچىلارنى قىرغاققا چىقىرىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ۋە تۆت دانە ئېسكىموسچە كىچىك قېيىق — ياغاچ ۋە برېزېنتتىن ياسالغان كىچىك قېيىق يەتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىندى . ئەنگلىيە زەربىدارلار ئەترىتى مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى تازا پىششىق بىلىدىغان ئۈچ ئوفىتسېرنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئۈچ ئوفىتسېر: ستارشى لېي-

① گېنېرال لىرېز 1962 - يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولغان — ئەسلى ئىزاھ

تېنانت G.B كاۋتنى، ستارشى لېيتېنانت R.P لىۋېنستون ۋە لېيتېنتانت J.P فوت ئىدى.

زاۋال ۋاقتى بولغاندا، كلاكنىڭ بىر سىپىرا ئادەملىرى بازىغا يېتىپ كېلىدۇ. پادىشاھلىق دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر كاپىتانى 3 - رانگىنى بۇ پىلاننىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن: "بۇ — تولىمۇ خەتەرلىك ئىش، بىزنىڭ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇشىمىزدا گەپ يوق، بۇنىڭغا ھېچقانداق ھەشەممۇ كەتمەيدۇ، شۇغىنىسى بۇنىڭغا كەلگەندە ئېسكىمۇس قېيىقى ناھايىتى كىچىكلىك قىلىدۇ، ناۋادا دېڭىزدا قاتتىق دولقۇن كۆتۈرۈلسە، قېيىقنى سۇغا سالغىلى بولمايدۇ، سىلەرمۇ نېرى كېتەلمەي قالىسىلەر" دەيدۇ.

كلاك بېشىنى لېڭشىتىدۇ. بۇ خېيىمخەتەر ئۇستىدە ئۇ ئالللىقاچان ئويلانغانىدى. شۇنىڭدەك تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ باقماقچىمۇ بولغانىدى.

كاپىتان 3 - رانگىنى سۆزىنى داۋام قىلىپ: "گېنېرال، ئاڭلىماققا بۇ بىر جاسۇسنىڭ تەۋەككۇلچىلىك رومانىدىكى ھېكايىگە ئوخشايدىكەن، بۇ ھېكايىدىكى باش قەھرىمان شەيتان ۋەسۋەسى بولۇۋاتقان دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۈن يېرىم بولغاندا پىل - پىل قىلىپ چىراغ ياندۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ" دېدى.

كلاك مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى:

— ھەتتىگىنەي، سەن بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىسەن؟ — "ئەسلىدە، شەيتان ۋەسۋەسى بولغان دېھقاننىڭ ئۆيىدە چىراغ ياندۇرۇش" دېگەن بۇ سۆز، پىلاندا ئېيتىلغان قۇرۇقلۇققا چىقىشتا توسالغۇ بولمىسا، سىگنال چىرىغى ياندۇرۇلىدۇ دېگەن ئەھۋالغا خويمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ بەش نەپەر ئامېرىكىلىق، ئۈچ نەپەر ئەنگلىيىلىك ئەزاسى پاراخوت باشلىقى ستارشى لېيتېنانت

جېۋىلىنىڭ باشچىلىقىدا 750 تونىلىق كىچىك تىپتىكى سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىققاندا، تولۇن ئاي كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار كۆك رەڭلىك سىگنال چىرىغى — ئۇلارنىڭ سىگنال بېرىپ چىقارغان نۇرىنى يان تەرەپتىن كۆرۈۋالغىلى بولمايتتى — بىلەن قورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن مورس تېلېگراممىسى ئارقىلىق خەۋەر بەرمەكچى بولغانىدى، سۇ ئاستى پارخوتى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن كىچىك تىپتىكى بىر قىسقا يوللۇق تېلېفونمۇ ئېلىۋالغانىدى، ئۇنىڭدا نېمە دېيىلگەنلىكىنى فرانسۇزلارمۇ بىلىۋالالمايتتى، بۇنداق تېلېفون ناھايىتى بىخەتەر ئىدى. ماتور گۈرۈلدەش بىلەن تەڭلا سۇ ئاستى پاراخوتى يولغا چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆتتە، ئۇلار ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن بېرىلگەن ئالاقىلىشىش سىگنالىنى كۆردى، ئەمما بۇ چاغدا تاڭ سۈزۈلەي دەپ قالغانىدى، شۇڭا قورۇقلۇققا چىقىشتا قاراملىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەچ كىرىشىنى كۈتتى. كلاك ئەمدى دۇربۇن ئارقىلىق مورلارنىڭ قەدىمكى پوسۇندىكى ئۆيلىرىنىڭ قىيا بېشىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيتتى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى يول ئالجىر شەھىرىگە بارىدىغان غوللۇق تاشيول ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ يەردە ئىنس - جىنىنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

پودپولكوۋنىك خومىس بۇ كۆرۈنۈشنى چېكىش روھىي كەيپىيات ئىچىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ باراتتى. — مىنىڭ بۇ تاشيولنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم، — دېدى ئۇ، — ئايالىم بىلەن شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇ تاشيولنى بويلاپ ماشىنىدا كېتىۋاتقان ۋاقتىمغا توغرا كەلگەنىدى.

بۇ كىچىك سۇ ئاستى پاراخوتى دېڭىز ئاستىدا ئۇدا 15 سائەت تۇردى، ئۇنىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك بۇلغىنىپ كەتكەنكى،

ھەتتا بىرەر تال سەرەڭگە ياقسىمۇ ئوت ئالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. ھەممەيلەن دېمى سىقىلىپ، نەپەس ئالالماي بېشى چىڭقىلىپ مىدىرلىيالماي قالغانىدى. لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا سۇ ئاستى پاراخوتى يەنە سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. پاراخوتتىكىلەر قوماندانلىق مۇنارىغا يامىشىپ چىقىپ، كەچكى ھاۋادا مېڭىسىنى سەگىتكەچ يەنە سىگنال چىراغىنىڭ نۇرىغا كۆز تىكىشكە باشلىدى.

سائەت سەككىز بولۇپ، ھايال ئۆتمەيلا يەنە توققۇز بولدى، دېھقانلارنىڭ ھېلىقى ئۆيلىرى ئاۋۋالقىدەكلا قاپقاراڭغۇ تۇراتتى. بىرمۇنچە ئادەملەر ئادەتتە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا كەينى ـ كەينىدىن سەجدە قىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىلى تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ماشىنىلاشقان ئاشۇ يۇندى تۇرۇبىسى ئىچىدە يەنە بىر سوتكا تۇرۇشى ھاجەتمىكىن ـ تاڭ؟ لىرىز بىئارام بولغان ھالدا:

— نېمە ئىش بولغاندۇ، چىراغ ياندۇرۇلمايۋاتىدىغۇ، — دېدى. سائەت 11 بولغاندا، ئۇنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئىسپاتلاندى: چىراغ ياندى.

بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر مىنانوستىن قېيىقلارنى چىقىرىپ سۇغا سالدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن ياندىشىپ، كۆۋەجەپ تۇرۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ قىرغاققا قاراپ ماڭدى، چاچراپ چىققان سۇ تامچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى ھۆل قىلىۋاتكەنىدى. ئۇلار قىرغاققا ئالاھازەل 500 يارد كېلىدىغان يەرگە بېرىپ توختىدى. ناۋادا ۋېئىس ھۆكۈمىتى كونتروللۇقىدىكى ساقچىلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ھەمدە قىرغاقتا پىستىرما ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىچۇ؟ بىز بىرەر قىلتاقتا چۈشۈپ قالارمىزمۇ؟ شۇڭا، بۇ ئەھۋالنى ئېنىقلاشقا ئالدىن بىر ئادەمنى ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى.

خومېس فرانسۇزچىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلەيتتى، يەنە

كېلىپ ئۇ قىرغاقتىكى ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنى تونۇغاچقا زەربە-دارلار ئەترىتىدىكى ستارشى لېيتېنانت لىۋىنستون بىلەن ئال-دىن كۆزەتچىلىككە چىقتى. ئەھۋال توگەل ئىنقىلابچىلار ھامان، باشقىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقماقچى بولدى. ئون مىنۇت-تىن كېيىن خومپىسنىڭ قېيىقى شىر - شىر قىلغان پېتى سايازلىققا بېرىپ توختىدى. ئۇلار يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقلى-رىنى كۆتۈرگەن پېتى قېيىقتىن چۈشۈپ، دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالغا سىلجىدى.

. شۇ ئەسنادا، بىرىنىڭ چاتقاللىقتا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكى چېلىقىپ قېلىۋىدى، ئۇلار شاققىدە كەينىگە بۇرۇ-لۇپ مىلتىقلىرىنى شۇ تەرەپكە بەتلىدى ۋە ئىنگلىزچە ”كىم بۇ؟ قەيەردە سەن؟“ دەپ توۋلىدى.

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى خومپىس.

— مەن رىچۋېي. نارد.

رىچۋېي نارد — ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاش-تۇرغان ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئىدى.

— مەن جۇلس. خومپىس، بېردېي. موف نەدە؟ — موف ئامېرىكىنىڭ شىمالىي ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئىنچىكە رول ئويناپ كېلىۋاتقان شەخس ئىدى.

— ئۇ ھازىر كېلىدۇ. ھەممە ئىشلار جايىدا.

خومپىس لىۋىنستونغا قاراپ:

”سىگنال بېرىڭلار!“ دەپ توۋلىدى.

لىۋىنستون كۆك رەڭلىك سىگنال چىرىغىنى دېڭىزغا قارى-تىپ گاھ ياندۇرۇپ، گاھ ئۆچۈرۈپ سىگنال بەردى. سىگنال-نىڭ ”K“ بەلگىسى ” توغرا“ دېگەن سۆز ئورنىدا ھەممە ئىش جايىدا دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى؛ ”F“ بەلگىسى بولسا ” ئەپلەشمىدى“ دېگەن سۆز ئورنىدا، چاتاق چىقتى دېگەن مەنىنى

بىلدۈرەتتى. ئۇ مورس تېلېگراممىسى ئارقىلىق "K" دېگەن سىگنالنى بەرگەندە، باشقا بىرنەچچە قېيىق تۈن پەردىسى ئىچىدە پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن باشقا 6 ئادەم قىرغاققا چىقتى. ئارقىدىنلا سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارىتىپ "ھەممە ئىش جايىدا" دېگەن سىگنال بېرىلدى، سۇئاستى پاراخوتى دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن جايدا توختىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېلىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىمۇ پەسىيىشكە باشلىدى.

بۇ قېيىقلارنى يوشۇرىمىز دەپ ئۇستىبېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن ۋە توڭلاپ دىر - دىر تىترەپ كەتكەن بۇ كىشىلەر قېيىقنى سۆرىگەن پېتى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ ئاشخانىغا دۆۋىلەپ قويىدى. ئاندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ، قۇرۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، تاكى سائەت يەتتىدە فرانسىيە ئوفىتسېرلىرى گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېلىپ سۆھبەت يىغىنى باشلىغۇچە مۈگدەپ ئولتۇرۇشتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاخبارات مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئاخبارات كاسابلانكا، ئالجىر، ئوران ۋە تۇنىس قاتارلىق پورت ئېغىزلىرىدىكى كېمىلەرنىڭ تونناژ بىرلىكى؛ فرانسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن مۇداپىئەلىنىش پىلانى؛ يەنە بىر پارچە يەر - جاي ناملىرى جەدۋىلى، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچىنىڭ قەيەردە كۈچلۈك ئىكەنلىكى، قەيەردە ساختا ئەسلىھەلەر بارلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئايرودرومدىكى ئۇچۇش - چۈشۈش يولىغا دائىر مەخسۇس ئاخباراتنىڭ كېيىن غايەت زور قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، بۇ كىشىلەر تېخىچىلا ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش، ھېسابلاش، خەرىتىگە بەلگە قويۇش بىلەن بەند ئىدى.

لېكىن ئاخىر گېنېرال كلاكنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالدى. جېبل. لېيت بىرخىل ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇچقاندەك ئۆيدىن

يۈگۈرۈپ چىقتى. قىزىل كاھىشلىق ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە شامال ھۇۋۇلاپ دېڭىز دولقۇنى ئادەم بويى كۆتۈرۈلۈپ، قىرغاققا ئۇ-رۇلۇپ تۇراتتى. كىچىككىنە بىر قولۋاقنى دېڭىزغا سىلىشقا بولمايدىغانلىقى لېيتقا، ئايان بولغاچقا، ئۇ خۇرسىنغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىردى.

دەل شۇ پەيتلەردە، بىخەتەرلىك ۋەجىدىن شۇ كۈنى ئۆي خوجايىنى تەرىپىدىن ئىشتىن بوشۇتۇۋېتىلگەن ئىككى ئەرەب يېقىن ئەتراپتىكى بازارغا بېرىپ يەرلىك ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىرقانچە يات ئادەملەرنىڭ يوغان - يوغان باغلام نەرسىلەرنى (قولۋاقنى دېمەكچى) دېھقان-نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى تىنىپ قوي-غانىدى. بۇ جاي بىرمەھەل ئەتكەسچىلەر پاناھلىنىدىغان جاي بولۇپ قالغانىدى؛ ئېھتىمال ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن پايدىلىنىلىۋاتقان بولسا كېرەك. شۇ سەۋەبتىن بىر ساقچى ماشىنىسى سىگنال بەرگەن پېتى تاشيولنى بويلاپ ئۇچقاندەك ئالاقىلىشىش ئورنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قوياش پېتىپ، دېھقان ئۆيىنىڭ پۇختا تورالغان دېرىزىسى ئارقىسىغا ئۆتكەندە، چىراغ نۇرى مەجلىس ئېچىلىۋاتقان ئۆينى يورۇتۇپ تۇراتتى. مۇزاكىرە ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، بىرلا مەسىلە قالغانىدى.

فرانسىيىلىك بىر ئوفىتسېر:

— بۇ يەردە بىز ھەممىمىز ھىمايە قىلىدىغان بىر رەھبەر-گە موھتاج بولۇپ قالدۇق. مەن گېنېرال ھېنرى. ھونو. گىرونى رەھبەرلىككە كۆرسىتىمەن، — دېدى.

— شۇغىنىسى ئۇ ھازىر فرانسىيىدە، — دېدى كىلاك باشقىچە پىكىر بىلەن — ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ئەسىر تۇرسا.

— ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش لازىم. ئۇ ئۆزئارا توقۇنۇشۇۋاتقان گۇرۇھلارنىڭ قوللىشىغا ئې-

ـرىشەلەيدىغان بىر دىنبىر كوماندىر.

كلاك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گىرونى قۇتقۇ- زۇشقا ھەم ئۇنى شىمالىي ئافرىقىغا ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە قىلدى.

مۇشۇ پەيتتە، باشقا بىر ئۆيدىن تېلېفوننىڭ قولاقنى يارغۇ- دەك جىرىڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرىگە كۆز بېقىشتى. ئۆي ئىگىسى تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ھايال ئۆتمەيلا مەجلىسخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ: "ساقچىلار! ئۇلار بەش مىنۇتتىن كېيىن مۇشۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ" دېدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ۋەھىمىلىك چىقىپ تۇراتتى.

فرانسىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ تولىسى ــ ھەنىنۋاسى يۇقىـ ـرى ھەربىي ئۇنۋانلىقلار ــ ئالاقزادە بولۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. بۇ يەردىكى مۇشۇنداق سورۇننىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى ئىسيان كۆتۈرۈش جىنايىتى بىلەن ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

كلاكنىڭ ئادەملىرى خەرىتە ۋە ھۆججەتلەرنى قوينىغا سال- دى. ئۇلار ۋېس ھۆكۈمىتىنىڭ ساقچىلىرى بىلەن بوران - چاپقۇنلۇق پايانسىز دېڭىز ئارىلىقىدا قامىلىپ قالدى، مۇشۇ پەيتتە ساقچى ماشىنىسىمۇ غۇيۇلداپ كېلىپ قالدى، ماشىنىنىڭ چىراغلىرى دېھقانلارنىڭ ئاپئاق تاملىق ئۆيلىرىنى ۋال - ۋۇل قىلىپ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارغا نەدىمۇ پاناھلىنىدىغان جاي بولسۇن؟

كلاك ئىشنىڭ ئاسىنى ئورمانلىقتا قېچىپ كىرىۋېلىش دې- گەن پىكىرنى قاتتىق تەشەببۇس قىلدى، موف بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە قاراشتا بولدى. ناۋادا ساقچىلار گۇمانلىق جاينى بايقاپ قالسا، ئاختۇراتتى، ئۇ چاغدا، بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ سېزىلىپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— بۇ يەردە ئىچى بوش شوپاڭ بار، سىلەر تۆۋەنگە
چۈشۈۋېلىڭلار، بۇ ساقچىلارنى مەن ئۆزۈم بىرنېمىدەپ يولغا
سالاي، — دېدى ئۇ.

كلاك بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى: بۇ يەردىكى بىر ئورەك
خۇددى چاشقان تۇتىدىغان قەپەسنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى —
ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى. لېكىن شۇ تاپتا
باشقا چارە قوللىنىشقا ئۇلگۇرەلمەيتتى، ژاندارمىلارنىڭ ساقچى
ماشىنىسىدىن دوكۇلداپ چۈشۈۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بۇ
سەككىز ئوفىتسېر يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق ۋە تومسونچە ئاپتو-
ماتنى مەھكەم تۇتۇپ تەرتىپ بىلەن شوپاڭغا چۈشتى. موف
قاپقاقنى تەكشى يېپىپ، بىرنەچچە ساندۇقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە
باستۇرما قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ساقچىلار
بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدى.

ئۇ خېلى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر پىلاننى ئويلاپ قوي-
غانىدى. پىلان بويىچە يىغىن ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە يېرىم بو-
تۇلكا ئۈزۈم ھارىقى ۋە تاماكا كۆتەكلىرى پەلىپەتىش قويۇپ
قويۇلاتتى، پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى فرانسۇز لېيتېنانت ھايا-
تىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي موف ۋە نارد بىلەن ئۆلگۈدەك
ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغان ساختا قىياپەتنى كۆرسىتەتتى. ئۇ-
لار ئالدى بىلەن بىر پەس شاراب ناخشىسىنى ئېيتىشاتتى،
ئاندىن كېيىن قاقاقلاپ كۇلەتتى ۋە شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشات-
تى. بىزە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەرلىك ساقچىلار كىرىپ
كۆرىدىغان كۆرۈنۈش ئەنە شۇ ئىدى.

تۆۋەندىكى ئورەك ئىچىدە — كۆلىمى ئاران ئون كۋادرات
ئىنگلىز چىسىچىلىك كېلەتتى — كلاك ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى-
لەرنى ئاسانلىقچە بايقىلىپ قالمىسۇن دەپ تامغا يۆلەندۇرۇپ
پەلەمپەينىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ناۋادا ساقچىلار چۈ-
شۈپ تەكشۈرسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ گېنېرال كلاكنىڭ شىۋىر-

لاپ بەرگەن بۇيرۇقى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى: قىيا - چىيا قىلىپ ئېلىشىش كېرەك! يۇقىرىدىكى ئەھۋال بىردەمدىلا يامان-لىشىشقا يۈزلەندى. بېردىي. موف بىلەن ساقچى باشلىقىنىڭ گەپ تالىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇرات-تى. موف بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: مەن ئاغىنىلىرىم بىلەن كىچىك دائىرىدە شاراب زىياپىتى ئۆتكۈزۈۋاتسام، بۇ قاچاندىن بېرى بىر گۇناھ ئاتىلىپ قالدى؟ دەپ سورىدى. ئەمما بۇ ئاۋازنىڭ شۇنچە يېقىندىن ئاڭلىنىشى ئۇلارنى سۆزلىشىۋاتقانلار ئورەك قاپقىسىنىڭ ئۈستىدە ئىكەن دېگەن ھېسقا كەلتۈردى.

ئەمما شۇ ئەسنادا ئورەك ئىچىدىكى جىددىي شۈك ھالەتنى بىر پەس بۇرۇختۇرما نەپەس ئاۋازى بىردىنلا بۇزۇپ تاشلىدى. G. B كاۋتېنى يۆتىلىپ تاشلاشتىن جېنىنىڭ بارىچە ھەزەر ئەيلە-مەكتە ئىدى، چۈنكى ئۇ بىرلا يۆتەلدىغان بولسا، ئاۋازىنىڭ ئالجىرغا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ياڭراق ئىكەنلىكى ھەمراھلىرى-غىمۇ ئايان ئىدى، G. B كاۋتېنى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا جان تالىشىۋاتاتتى.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈ - دەپ، — مەن دېمىمنى سىقىلىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن.

— مېنىڭچە سەن ئۈنچىۋالا بولۇپ كەتمەيسەن — دېدى. كلاك كەسكىنلىك بىلەن، — بېرى كەل، ماۋۇ نەرسىنى چايناپ كۆرگىن.

G. B كاۋتېنى سېغىزنى سىيپاشتۇرۇپ ئېلىپ بولۇشىغا چايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۆتىلى توختاپ ئورەك ئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆمدى، ھەممەيلەنگە ئۆز يۈرەكلىرىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۈستىدە موف يەنىلا جەڭگى - جېدەل قىلىپ زوكۇنلىشى-ۋاتاتتى. فرانسىيىلىك ئىككى قەيسەر لېيتېنانت تاققا - تۇققا

مەيپۇرۇش ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. بىر مىنۇت ۋاقىت گويا بىر ئەسىردەك بىلىنەتتى.
هايال ئۆتمەيلا، ئورەك ئۈستىدە چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ ئۇر-غۇسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ساقچى باشلىقى ئەمدى ئانچە قو-پاللىق قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. خومىس يېنىككىنە بىر تىنىۋالدى.
— بوبىر راستلا ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋەتتى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.
ساقچى باشلىقى يەكۈن چىقىرىپ بۇ يەردە ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتى بولمىغان دېدى. بىراق ئۇ بۇ ئەھۋالنى باشلىقىغا جەزمەن مەلۇم قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇنىڭ باش-لىقىنىڭ بۇ ئىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قايتا تەكشۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى.
دەل مۇشۇ پەيتتە G.B كاۋتېنىڭ يۆتىلى يەنە قوزغىلىشقا باشلىدى.
— ھېلىقى سېغىزنى چاينا، — دېدى كلاك جىددىي تۇس بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.
— چايناۋاتىمەن، باشلىقىم، ئەمما بىزەمۇ تەمى قالمىدى.
— بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەيمەن، — دېدى كلاك پەس ئاۋاز دا، — مەن ئۇنى ساڭا بېرىشتىن ئاۋۋال بىر سائەت چاينىغان.
كېيىن، بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كۈلۈشكە سەۋەب بولغانىدى.
ئاخىر بىرىپ ئاياغ تىۋىشىدىن ھامان ئەسىر قالمىدى، ساقچى ماشىنىسىنىڭ يىراقلاپ كەتكىنى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭ-لاندى. كلاك ۋە ئۇنىڭ ھېلىقى بىر سېپىرا ئادەملىرى يەر ئۈستىگە چىقىپ، ھاپىلا - شاپىلا سۇ ئاستى پاراخوتى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئەمما دېڭىز دولقۇنى تىنماي قىرغاققا ئۇرۇ-

لۈپ تۇراتتى.

— كىچىك قۇتقازغۇچ كېمىنى مۇشۇنداق دېڭىز ئۈستىگە سېلىشنى راستتىنلا خالىمايتتىم، — دېدى جىل. رايت.

لېكىن بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ مۇشۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا غەلىبىلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولۇشى پەقەت ئۇلارنىڭ ئاخبا. رات ئېلىپ كېتىش ـ كېتەلمەسلىكىگە باغلىق ئىدى.

— قېنى بىز سىناپ كۆرەيلى، — دېدى كلاك.

شۇنىڭ بىلەن، سۇ ئاستى پاراخوتىغا تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر بېرىلدى:

— ئىمكانقەدەر بىزگە يېقىنلىشىڭلار، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. دەرھال سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىقىشقا ناھايىتى تەقەز. زارمىز.

ئۇلار قېيىقنى ئوڭاي شامال تەگمەيدىغان دېڭىز ساھىلىغا يۆتكىدى. چوڭلۇقى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق قېيىقىدىن ئانچە پەرق. لەنمەيدىغان كەتمەيدىغان مۇشۇنداق ئاجىز كىچىك قولۋاققا ئولتۇ. رۇپ شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ باتۇر ئەزىمەتلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. كلاك ئىچ كۆڭلەك ۋە تامبىلىدىن باشقا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، چاپىنىنى قولغا ئالغان پېتى لە. ۋېنستون بىلەن بىللە ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنى ئىچىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ قېيىققا چىقىپ، ئاندىن قېيىقنى پالاق بىلەن ھەيدىگەن پېتى سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە بارماقچى بولغانىدى. دەل شۇ پەيتتە غايەت زور بىر دولقۇن ئۇلار تەرەپكە ئۆركەش ياساپ كەلمەكتە ئىدى. قېيىق كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ، كلاك بىلەن لىۋېنستون دېڭىز دولقۇن. نىڭ ئۆركەشلەپ تۇرغان ئاق بۇژغۇنلىرى ئىچىدە قالدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، گاھ ئۆرلەپ، گاھ پە. سىيىپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنى ئۇلارنى قىرغاققا قايتۇرۇپ كەل. دى. ئۇلار سايازلىقتا دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۈستۈبېشى ساپ

قوم، پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەچكە ئاغزىدىن تىنماي قارغىش ياغدۇرۇۋاتاتتى. قالغان كىشىلەر قېـ-ىىقنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، ئەمما پالاق بىلەن گېنېراللىق كىيىـ-مىنى دېڭىز سۈيى ئېقىتىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ ئىشتىنىنى تۇتۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى، بىرسى.

رايت: "ئىشتان - پىشتان دېگىنىنى قويۇپ ئاۋۇ ئىككى پالاقنى تۇتۇۋېلىڭلار!" دەپ بىرلا توۋلىۋىدى، ئۇلار پالاقنى تۇتۇۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە قېيىقنى سۇغا سېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كلاكمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. يەنە كېلىپ بوران چىقىۋېرىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ بۇ يەردە بىرقانچە كۈن قامىلىپ قېلىش ئېھتىما-لى بارلىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدى. ئەمما ئۇ ساقچى بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماي، ئورەككە قايتىشنى رەت قىلغانىدى. شۇ-نىڭ بىلەن، ئۇلار ئورمانلىققا بارماقچى بولدى، ئۇ يەردە ھەربىـ-رەيلەن ئۆچۈن ئېتىشىپ يول ئېچىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى.

شۇڭا، ئۇ قېيىقنى ئېلىپ پالمىزارلىققا يوشۇرۇندى. ئۇلار ئىچ كىيىملىكلا بولغاچقا، سوغۇقتىن دىر - دىر تىترەپ جاقىلداپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئالىي قوماندانلىق شتابىدىكى بۇ ئوفىتسېرلەر تورسىك بىلەنلا پوستقا چىقتى. بوران پەسەيمە-گەچكە ئادەم ئۇنىڭدىن ئوڭاي قۇتۇلۇپمۇ كېتەلمەيتتى.

ساقچىلار شۇ كۈنى كەچ سائەت سەككىزدە يەنە كېلىشتى. ئورمانلىققا مۆكۈنگەن بۇ ئادەملەر مىلتىقلىرىنى مەھكەم تۇتقان پېتى قاتتىق يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. موف يەنە بېرىپ بۇ ساقچى-لارغا تەكەللۇپ بىلەن سۆز قىلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن سىرلىق كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئۇ توختىماي سۆزلىدى، سۆزلىگەندىمۇ چاندۇرماي سۆزلىدى. ساقچىلار ئاخىر ئورمانلىقنى ئاقتۇرمى-دى. ئۇلار بۇنىڭغا تەن بەرمەي، ئەتە يەنە كېلىدىغانلىقىنى

ئېيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ۋاقتىنچە بۇ يەردىن نېرى بولدى.

ئەتىگەن سائەت 4 تە، بوران سەل پەسەيگەندەك قىلغان بولسىمۇ، دېڭىز دولقۇنى يەنىلا كۆۋجەپ تۇراتتى.

— بىز يەنە بىر سىناپ كۆرەيلى، — دېدى كلاك. ئۇنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا بەرگەن تېلېگراممىسى بۇ قېتىم بۇيرۇق خاراكتېرىدە ئىدى:

— ئىمكانقەدەر يېقىنلىشىڭلار!

G. B نايت بىلەن ئىككى نەپەر فرانسىيىلىك لېيتىنانت باشتىكى قېيىقنى مۇقىم تۇرغۇزغاندىن كېيىن، كلاك بىلەن رايت ئۆمىلىگەن پېتى ئۇنىڭ ئىچىگە كىردى. رايت ئاران تۇز تۇرغۇزۇلغان دېڭىز يولىنى كۆرگۈچە، بۇ تۆت ئادەم ئاشۇ ئاجىز قېيىقنى تىنماي ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنى ئىچىگە ئاۋايلاپ سۆرەشتۇرۇپ كىردى. — قېنى ئىشنى باشلايلى، — دېدى ئۇ.

تۆت كىشى قېيىقنى تېگىدىن تۇرتكەن پېتى ئالغا ئىلگىرى-لىمەكتە ئىدى، كلاك بىلەن رايت بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن پالاقنى ئىشقا سېلىپ قېيىقنى بولۇشىغا ھەيدەۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، قېيىق ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، چەكسىز بوشلۇق ئىچىدە ئالاھازەل ۋېرتىكال ھالەتتە تۇردى - دە، ئاندىن زور دولقۇن ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان دولقۇننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى.

ستارشى لېيتىنانت رايت سۇ ئاستى پاراخوتىغا قاراپ قې-يىقنى ھەيدەۋېتىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— تووۋا خۇدايىم! دېڭىز ئارمىيىسىدە 30 يىل ئىشلەپتى-مەن، ئەمدىلىكتە كىچىككىنە بىر قېيىققا قوماندانلىق قىلىشقا يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان، — دەپ كايىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قېيىق-

لىرنى لەيلتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرمەكتە ئىدى. گېنېرال لېيمان بىلەن لېيتىنانت فوتمۇ ئوخشاشلا ”تۆت ئادەم قېيىقنى سۇغا سېلىش ئۇسۇلى“ نى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىيىن- قى شۇ زاماتلا ئۆگىتۇرۇلۇپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئادەممۇ، قېيىقمۇ تەسلىكتە قىرغاققا قايتىپ كەلدى. ئۇلار يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈۋىدى، بۇ قېتىم ئۆتۈپ كەتتى.

خومېس بىلەن لىۋېنستون ئامان - ئېسەن يولغا چىقتى. لېكىن ئارچ . هامبۇرېن بىلەن G. B كاۋتېنى بىسمىللا دېمەي تۇرۇپلا قېيىقنى كۆمتۈرۈۋەتتى: ئۇلار سۇ ئاستى پاراخوتىغا هەممىدىن كېيىن يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يېتىپ كېلىشىگىلا قاتتىق بىر دولقۇن قېيىقنى قاڭقىتقان پېتى ئاپە- رىپ دەل سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ خادىملىرى بۇ ئىككى ئادەمنى قېيىقتىن تارتىپ چىقىرىپ تۇتۇپ تۇرۇشىغىلا، قاتتىق بىر دولقۇن كېلىپ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇلدى - دە، قېيىقنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، ئارقىدىنلا سۇغا غەرق قىلىپ تاشلىدى.

بىر خىل خەۋپ مانا مەن دەپلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ماددىي نەرسىلەر قاچىلانغان ۋەيرانە بىر قېيىق قىرغاققا سۈرۈلۈپ بې- رىپ، سايازلىققا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە خەت - چەك، هەربىيچە كىيىم ۋە ئالتۇن قاچىلانغان بىرېزېنتلىق هەر- بىي سومكا بار ئىدى. بۇلار بۇ يەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئىز - تىزىنى ئەلتۈكۈس ئاشكارىلاپ بېرەتتى. ئۇلار مۇقۇقا جىددىي تېلېگراما يوللاپ، دېڭىز ساھىلىدىكى جىمى ئىز قالدۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

سۇ ئاستى پاراخوتى بېشىنى شىمالغا قارىتىپ، چىدىغۇسىز هالەتتىكى تۆتىنچى يۈرۈش سۈرئىتىدە ئاستا كېتىۋاتاتتى. كلاك ئاخباراتنى لوندونغا ئىمكانىقەدەر تېز يەتكۈزۈشكە ئالدىرىغاچقا، قارامىلىق بىلەن تېلېگراما ئىشلىتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ يې-

قىن ئەتراپتىكى ئەنگلىيە بازىسىغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئۆزلىرى-نىڭ يۆرۈش نىشانى، سۈرئىتى ۋە ئورنىنى مەلۇم قىلىپ، بىر ئايروپىلان ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، كاتالىنا تىپلىق بىر سۇ ئۈستى ئايروپىلانى غۇڭۇلدىغان پېتى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە پەس ئۇچۇشقا باشلىدى. بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن، كلاك ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بازىغا كېلىپ قوندى ھەمدە ۋەزىپىنى پۈتۈنلەي غەلىبىلىك ئورۇندىغانلىقىنى تېلېگراممىا ئار-قىلىق مەلۇم قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇلار ئەنگلىيىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقتى — ئۇلار مىڭلىغان ئەنگلىيىلىك ۋە ئامېرى-كىلىقلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان ئاخباراتنى ئۆزى بىلەن بىل-لە ئېلىپ ماڭغانىدى.

# 4. گېنېرال گرونىڭ تۆرمىدىن قېچىشى

## فرېدرك فېيندون

1940 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، گېرمانىيە پىيادە ئەسكەرلىرى فرانسىيىنىڭ لېكاتلېت دېگەن يېرىگە يېقىن ئەتـ ـراپتىكى ئورمانلىقتىن ئېتىلىپ چىقىپ فرانسىيىنىڭ بىر پىلدـ ـموت بازىسىنى قورشىۋالدى. بۇ بازىنى مىناميوتلار پاچاقلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئامان قالـ ـغانلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان، قىسقا ساقال ـ بۇرۇت قويۇۋالغان، بەش يولتۇزلۇق ئىسپانكا شەپكە كىيگەن بىر گېنېرالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ بولسىمۇ 25 يىل ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن ھىنرى. ھونو، گرو ئىدى.

تېخى بىرەر ئىشتا ئەمدىلا ۋايىغا يەتكەن بىر ئادەم ئـۇ. چۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل چىدىغۇسىز خورلۇق ئىدى. گرو 1898 ـ يىلى سېنسىنل ھەربىي مەكتىپىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەندىن باشلاپ، داڭلىق ئوفىتسېر بولۇپ قالغانىدى. لېـ ـكىن ئۇ جەڭگە ئاتلىنىشى بىلەنلا بىتەلەي بولۇپ چىقتى. بىرىنـ ـچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، گرو ستارشى لېيتېنانت ئىدى. ئۇ بىر تۈركۈم يېڭىدىن قورالانغان پىيادە ئەسكەرلەرنى باشلاپ چالېرودا نەيزىۋازلىق جېڭى قىلىۋاتقاندا ياردار بولغاچـ ـقا، ئالدىنقى سەپتە قازا تاپقانلار قاتارىدا ئۇرۇش مەيدانىنىڭ

ئۆزىدىلا قالغانىدى. نېمىسلار ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ، بېلگىيە-
دىكى ئەسىرلەر لاگېرىغا قامىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جاراھىتى
سەللىمازا ساقايماي تۇرۇپلا، بىر ئامال قىلىپ، لاگېردىن قې-
چىپ چىقىپ، بېلگىيىلىك قىياپىتىدە ياسىنىپ، جاھان كېزىپ
يۈرىدىغان بىر سېرك ئۆمىكىگە كىردى. برىيۇسسېلغا بېرىپ
ئويۇن قويغاندا، كاۋېر دەيدىغان بىر سېسترا ئۇنى گوللاندىيىگە
يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ شۇ يەردىن يولغا چىقىپ ئەنگلىيىگە
باردى. ئۇ ياردار بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە توكۇر بولۇپ
ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاھايەت، يەنىلا فرانسىيىدىكى ئۆز پولكىغا قايتتى.
ئۇ تىنچلىق دەۋرىدە ياۋروپادا ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ ئوب-
دان ئىپادە كۆرسەتتى ۋە مېتسىنىڭ گېنېرال گۇبېرناتورلۇقىنى
ئۆتىدى. ئۇ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغاندا، ستارشى
لېيتېنانت شارىل. دېگول ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئى-
دى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، لېئون
ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ
باش قوماندانى بولدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئاردېنىدىكى ئور-
مانلىقتىن ئۇشتۇمتۇت ئۇسۇپ چىققاندا، ئۇ ئۇتتۇر ئالدىنقى
سەپكە بېرىپ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى قانداق تو-
سۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. دەل تەكشۈرۈش بولۇ-
ۋاتقاندا، ئالدىنقى سەپتىكى بىر پىلىموت بازىسى قولغا چۈشۈ-
رۈلگەنىدى.

گىرونىڭ ئىلگىرى تۇرمىدىن قېچىپ چىققانلىقى دېمىسىمۇ
راست ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇ 61 ياشقا قەدەم قويدى، تۇرمىدىن
قېچىش ئۇچۇن ياشلارغا خاس قۇدرەت بولۇشى كېرەك ـ تە،
شۇنداقتىمۇ ئۇ تۇرمىدىن قېچىش نىيىتىدىن ئەسلا ۋاز كەچكىنى
يوق. ئۇ كورىشتېيىن قەلئەسىگە يالاپ ئاپىرىلدى، بۇ قەلئە
150 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى تىك قىياغا جايلاشقان بو-
لۇپ، قەلئەگە كىرىش ئېغىزىنىڭ ھەممىلا يېرىگە پەۋەس پوست

قويۇلغانىدى، يەنە كېلىپ، بۇ يەردە پوستا تۇرغۇچىلارنىڭ چارلاش يۆنىلىشىمۇ كۆرسىتىگلىك ئىدى، ھەر ئون مىنۇتتا بىر بۆلۈك قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

گرو دەرھال تۇرمىدىن قېچىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ نېمىس تىلىنى تاكى فرانسىيە شېۋىسى قالمىغىچە مەشىق قىلدى. ئۇ تۆت ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارنىڭ خەرىتىسىنى تېپىپ، ھەربىر جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ئۇ ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن پوسۇلكىلارنىڭ ئىنچىكە تانلىرىنى ئۆزىنىڭ 200 فۇت بەدەن ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلەيدىغان ئارقان قىلىپ ئېشىپمۇ چىقتى. كېيىن بۇ ئارقاننىڭ ئانچە پىششىق ئەمەسلىكى سېزىلگەندە، ئۇنىڭ فرانسىيىدىكى ئاغىنىسى 150 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان مىس سىمنى سۇرلەنگەن چوشقا سىڭىغا ئۇستالىق بىلەن ئوراپ ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ خەت يېزىشىغا رۇخسەت قىلىناتتى. ئۇنىڭغا قارىغۇچىلار بۇ مېيىپ مەھبۇسنىڭ رەپىقىسىگە مەخپىي بەلگە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مۇشۇ مەخپىي بەلگىلەر ئادەتتىكى خەت - چەك ئارىسىدا بولغىنى بىلەن، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تۇرمىدىن قېچىش پىلانىنىڭ تەپسىلاتى ئاز - ئازدىن يوللىنىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن، 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى ۋە 1941 - يىلىنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ ئۈچىسىدا فرانسىيە گېنېراللىرى كىيىدىغان بىر قۇر كۆك رەڭلىك كىيىملا بولغىنى بىلەن، ئۇنى يامغۇر چاپىنى پۇقرا تۇسىگە كىرگۈزۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا پوسۇلكا بىلەن مەزىلىك سۇر گۆشلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى. نېمىسلار ئالىمادىس ئۇنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىن تىرول① پوسۇنىدىكى يېڭى شەپكە چىقمايمۇ قالمايتتى.

---

① تىرول: ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتالىيىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رايون.

1942 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە، گىرو بالكوندا تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۇرگەن پوستلارغا كۆز يۇگۈرتتى، ئۇنىڭ مايكىسى ئىچىگە بىر بوغچا تىقىلغان بولۇپ، ئىچىدە شاكىلات، پېچىنە ـ پىرەندىك، تىرول پوسۇنىدىكى شەپكە ۋە يامغۇر چاپىنى بار ئىدى. قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ گېنېرال ئۆزى ئېشىپ چىققان ئارقاننى رېشاتكىغا چېگىپ، 150 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى يەردىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ قولىغا پەلەي سىيپىۋالغان بولسىمۇ، ئىككى قولىنىڭ تېرىسى سۇرۇلۇپ يارا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تويلۇق ئۇزۇكىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغان بولسىمۇ، ئارقان كىيىمىنى يىرتىۋەتكەچكە، ئۇزۇك تاشنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كونا يارىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىغا قارىماي، ئاخىرى ساق ـ سالامەت يەر يۈزىگە چۈشۈۋالدى.

ئۇ دىڭگۇكلاپ ماڭغان پېتى بېرىپ ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇندى ـ دە، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى تۇگەل قىرىپ تاشلاپ، بېشىغا چاسىنچە شەپكە، ئۇچىسىغا يامغۇر چاپىنى كىيىۋالدى. ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ بەش دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى سىساندان دېگەن جايدا بىر كۆۋرۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ، رېشاتكىغا بىمالال يۆلەنگەن هالدا بوغچىسىدىكى ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىپ چۈشلۈك غىزا يېيىشكە كىرىشتى. پىلاندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە دەل سائەت بىر بولغاندا، ۋىجىك بىر ياش بالا قولىدا چامادان كۆتۈرگەن پېتى شەپكىنى ئېلىپ گىرونىڭ يېنىغا كەلدى، بۇ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەرتلىك بەلگە ئىدى. بۇ ياش بالىنى ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئەۋەتكەنىدى.

گىرو ياش بالا بىلەن ۋوگزالغا كېلىپ، بېكەتتىكى تۇنجى نۆۋەتلىك پويىزغا چىقتى، ئاندىن كېيىن هاجەتخانىغا كىردى، چامادانىنى شۇ يەردە ئېچىپ، ئۆزىنىڭ پارىژدا كىيگەن كىيىملىرىنى ئالدى. چامادانىنىڭ ئىچىدە بىر كارخانىچىنىڭ ئىسىم

فامىلىسى قوللىنىلغان سالاھىيەت كىنىشكىسى بار ئىدى، كەكە ساقال قويۇۋالمىغان بولسىمۇ ئۆزىگىلا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پارچە رەسىم ۋە ئازراق پۇل ـ پۇچەكلەرمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، سالاپەتلىك بىر سودىگەر ھاجەتخانىدىن چىقىپ كەلدى.

ئەمدى گرو ئۆزىنىڭ تۆرمىدىن قېچىش پىلانىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىلىپ، چېگرىدىكى پوستلار ھەربىي ھالەتتە تۇرۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا مۇشۇ ھالەت ئاخىرلاشقىچە پويىزدىن چۈشمەي سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقتىن باشقا ئۈمىد قالمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر پويىز بىلەن گېرمانىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ھەپتىلىك بۇ ”زور قاچقۇنلۇق“ باشلاندى.

بىر كۈنى ستۇتگارت ئەتراپىدا، گېستاپو ئىشپىيونلىرى پويىزدا چارلاش ئېلىپ بېرىپ، يولۇچىلارنىڭ بويىنى گۇۋاھنامىسىغا قاراپ تەكشۈرۈپ چىقتى. گرونىڭ بويى ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا بولىدىغان بوي ئەمەس ئىدى، ئۇ گېرمانىيە، ئافرىقا كورپۇسىنىڭ بىر ياش لېيتېنانتى بىلەن روبىرو ئولتۇراتتى. ئۇ تەبەسسۇم بىلەن بۇ لېيتېنانتقا ئۆزىنىڭ ئافرىقىدا ئۇزاق تۇرغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. گېرمانىيىلىك بۇ ئوفىتسېر ئافرىقىنىڭ قۇملۇقلىرىدىن خەۋەردار بىر ئادەم بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنىغا تولىمۇ خۇشال ئىدى، ئۇلار ئۇجۇر ـ بۇجۇر بىرنېمىلەرنى دەپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

گېستاپونىڭ بىر ئىشپىيونى گرونىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ قوللىرىنى شىمايلىغان ھالدا لونمېرنىڭ ئەنگلىيىلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىۋاتاتتى، ھېلىقى گېرمانىيىلىك لېيتېنانت بۇ سۆزلەرنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى تەقەززار-

لىق بىلەن گۇرۇغا تىككىنىچە ئىككى قولىنى تەمكىن كىرىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

گېستاپو خادىملىرى گۇرۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ:

— ئەپەندى، گۇۋاھنامىڭىزنى چىقىرىڭ، — دېدى. گېرمانىيىلىك لېيتېنانت ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى بايان قىلىشقا ئالدىراپ تۇرغاچقا، خاپا بولغان ھالدا ئۇلارغا لىككىدە بىر قاراپ قويۇپ: ”كۆزۈمدىن يوقال! بىزنىڭ سۆزىمىزگە لوقما سېلىشقا نېمە ھەددىڭ! “ — دەپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ بىر پاتمان كەسكىن سۆزلىرىنى باشلىدى. شۇ گەپتىن كېيىن، خۇددى گۇرۇنىڭ پەرىزىدىكىدەك ھېلىقى گېستاپو ئىشپىيونى ناماقۇل بولۇپ بۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

يەنە بىر كۈنى، بۇ گېنېرال پويىزغا چىقاي دەپ تۇرغاندا، گېستاپو ئىشپىيونلىرىنىڭ ھەربىر يولۇچىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاكى پويىز قوزغالغىچە تالادا ئايلىنىپ يۈردى. شۇ ئەسنادا گۇرۇ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھەم ئاقساقلىقىنى بىلىندۈرمەي يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆزەينىكىنىڭ يالت - يۇلت قىلىپ تۇرۇشى، يۈز - پېشانىلىرىنىڭ پۈرۈشۈپ كېتىشى بەئەينى پويىزغا چىقىشقا ئالدىراۋاتقان بىر نېمىس سودىگىرىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، بۇ پويىزغا چىقىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىگە دائىر بىرتالاي سۆزلەرنى تىنماي دەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دادىل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ يۇغۇشتۇرغانىدى. گېستاپونىڭ بىر خادىمى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقان بۇ قېرى ئەپەندىمنىڭ پويىزغا چىقىشىغا ھە - ھو دېيىشىپمۇ بەردى.

ئاخىر ئۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ فرانسىيىنىڭ گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونىغا كىردى. ئۇ بۇ يەردىن ئىشغالىيەتسىز رايونغا غىپپىدە كېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما گېرمانىيە

قاراۋۇللىرىنىڭ بويى بەش ئىنگلىز چىسى 11 ئىنگلىز سۇڭىدىن ئارتۇق ھەربىر ئەر كىشىنى توساۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قال-دى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە پويىزغا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا يېنىپ بېرىپ شۋېيتسارىيە چېگرىسى-غا كەلدى. بۇ يەر قارىماققا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بەزى تاغ يوللىرىغا تولۇق پوست قويۇلمىغانىدى. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ خىلۋەت تاغ يوللىرىنى بويلاپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل جىلغا - جىرالارغا يامىشىپ چىقىپ كېتى-ۋاتقاندا، ئۈچ نەپەر ياش ئەسكەرگە يولۇقۇپ قالدى، بۇ ئەسكەر-لەر نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى ئۇنىڭغا بەتلەپ تۇراتتى.

ئارقىدىنلا بىر ئەسكەر زۇۋان سۈردى — ئۇ شۋېيتسارى-يىنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلىگەنىدى — گىرونىڭ كۆڭلى شۇندىلا ئارام تاپتى. قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئۇنى بازىلغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى شۇ يەردە ئاشكارىلىدى. نېمىسلارنىڭ بۇنىڭغا ئەرۋايى ئۇچقان بولسىمۇ، شۋېيتسارىيە-لىكلەر گىرونى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باش تارتتى.

گىرو ئاخىر فرانسىيىنىڭ ئىشغالىيەتسىز رايونىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يەنىلا كونا پەدىسى بويىچە ئىش قىلدى — شۋېيتسارىيىنىڭ قاقاس تاشيوللىرىدا بىرنەچچە قېتىم ماشىنا ئالماشتۇردى، ماشىنا ئۇنى ھەرخىل يوللار بىلەن فرانسىيىنىڭ ئىشغالىيەتسىز رايونىغا ئاپىرىپ قويالايتتى. گېستاپوچىلار ئۇ-نىڭ ماشىنىغا چىقىپ كېلىشىنى پەم ئېتەلمەي قالغانىدى.

1914 - يىلى گىرو تۇنجى قېتىم نېمىسلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ گوللاندىيىگە بارغاندا، يولدىشىغا مۇنداق بىر پارچە تېلېگرامما يوللىغانىدى: ”دۆلەت ئىشى جايىدا بېجىرىلدى، سا-لامەتلىكىم بېجىرىم“. بۇ نۆۋەت ئۇ يەنىلا شۇنداق مەزمۇندا تېلېگرامما يوللىدى.

لېكىن گېنېرال گىرو ھېلىھەم بىر ئەركىن - ئازادە ئادەم

ئەمەس ئىدى. پېتائىن مارشال گېرمانىيىنىڭ گرونى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ناتسىستلار ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ يوشۇرۇنۇۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

ئەمما، تارىخ گرونى قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە چاقىرىق قىلدى. 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئالجىرىيىنىڭ ئەرەب پوسۇنىدىكى بىر ئىخىز دېھقان ئۆيىدە، گېنېرال لېيتېنانت ماك. كلاك فرانسىيىلىك ئىتتىپاقداش دۆلەتپەرەس ئوفىتسېرلەرگە فرانسىيە قارىمىقىدىكى شىمالىي ئافرىقىنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىشغال قىلىشى مۇمكىنلىكىنى مەخپىي ئېلان قىلغانىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، بەزى فرانسىيىلىك ئوفىتسېرلەر فرانسىيىدىكى بىرمۇنچە گۇرۇھلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان بىرەر رەھبەرنى تاللاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، گېنېرال ماست: ”بۇنىڭغا گېنېرال گرودىن باشقا ئادەم يوق“ دېگەنىدى.

گېنېرال كلاك مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى:

— شۇغىنىسى، گېنېرال گرو ئەمەلىيەتتە هازىر فرانسىيىنىڭ ئىشغالىيەتسىز رايونىدا نەزەربەند قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

”ئۇنى شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىش كېرەك — سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن!“

بۇ بىر دادىل پىلان ئىدى، بىرقانچە كۈندىن كېيىنكى بىر كېچىدە بۇ پىلان يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، بىر سۇ ئاستى پاراخوتى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. ئەنگلىيىنىڭ مەخپىي خىزمەت خادىملىرى بۇ ئەھۋالدىن گرونى خەۋەرلەندۈرۈۋىدى، ئۇ هازىرلىنىپ تۇردى. گرو شىمالىي ئافرىقىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، فرانسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلدى، بۇ ئارمىيە ئىتتىپاقداش دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە تۇنىستا شانلىق جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

# 5. جاسۇس تۇتۇش خاتىرىسى

## كارل فېئور

جاسۇسلار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىدە يالغان ساقال - بۇرۇت، پلاش ۋە خەنجەر دېگەنلەر يوق؛ گۈزەل مارت. خارلې[①] بۇنىڭدىن مۇستەسنا؛ چوقچىيىپ تۇرغان "تىك قىيالاردا جان تىكىپ ئېلىشىدىغان كۆرۈنۈشلەردىن ئەسىر يوق؛ ھەتتا بىرەر تال ئوق ئېتىلىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ باققان ئەمەس. لېكىن بۇ ئەنزە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ يىلنامە تارىخىدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئەنزىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە بايان قىلىنغىنى تۇتقۇن قىلىنماقچى بولغان نامسىز بىر ئەر كىشى ئىدى، ئۇ نيۇ- يورك شەھىرىدىكى نەچچە مىليون ئاھالىنىڭ چەكسىز ئادەم قاينىمى ئىچىدە غايىب بولدى".

1942 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە، سەزگۈر بىر خەت - چەك تەكشۈرگۈچى خادىم پورتۇگالىيىگە ئەۋەتىلىدىغان بىر پارچە خەتكە كۆز يۈگۈرۈتۈۋاتاتتى. ئۇ ئايرو زاكاز كونۋېرت ئىچىدىن ماشىنكىدا بېسىلغان بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ كۆردى. بۇ خەتنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكى مەزمۇنىدىنلا ناھايىتى ئايان — قەدىناس ئاغىنىلەر ئەۋەتىشىپ تۇرىدىغان

---

① مارت. خارلې: گوللاندىيىلىك رەققاس، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە جاسۇسى بولۇپ، كۆپلىگەن ئاخباراتلارنى ئوغرىلىغان، كېيىن فرانسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

خەتلەر ئىدى ـــ بولسىمۇ، ئەمما خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى چەت ئەللەرنىڭ جاسۇسلارغا قارشى خادىملىرى مىسال قىلىپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە جاسۇسلىرى ئالاقىلىشىشتە ئىشلىتىدىغان ئادرېسلارنىڭ بىرى ئىدى.

بىرقانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاشىنگتون قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا، بىر خىمىيە مۇتەخەسسىسى دورا سۈيىگە چىلانغان بىر پارچە بۇلۇت پاختا بىلەن خەتنىڭ چۆرىسىدىكى بوش ئورۇننى سۈرتۈۋىدى، ئۇنىڭدا نېمىسچە باسما شەكىللىك قولىيازما بىلەن مەخپىي يېزىلغان تونۇغۇسىز بىر ئىرماش - چىرماش يوچۇن خەت پەيدىنپەي ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خەتتە نيۇ - يورك پورتىدىكى ئەسكەر توشۇش پاراخوتى ۋە يوللىنىش ئالدىدا تۇرغانماللارغا دائىر ئاخبارات مەلۇم قىلىنغانىدى. بۇ ئاخبارات دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ماتروسلار-نىڭ ھاياتىغا ھەم زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك مال توشۇش پاراخوتلىرىغا خەۋپ يېتەتتى.

بۇ جاسۇسنى جەزمەن تۇتۇش كېرەك ئىدى. لېكىن تەجرى-بىخانا بۇ ھەقتە كىچىككىنە بىر يىپ ئۇچى بىلەنلا تەمىن ئەتكە-نىدى. بۇ خەت ئاندۇود ماركىلىق ئۇچ تىزما باسمىلىق كىچىك ماشىنكىدا بېسىلغانىدى. ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى نيۇ - يورك رايونىدىكى بارلىق ماشىنكا سېتىش ۋە ئارىيەتكە بېرىش ئورۇنلىرىنى تۇگەل تەكشۈرۈپ چىقتى.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يەنە ئىككى پارچە خەت پەيدا بولدى، بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىۋاسى نيۇ - يوركتىكى پوچتىغا يوللانغانى-دى. بۇ شۇ جاسۇسنىڭ نيۇ - يوركتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ قانداق ئىسكەتتىكى ئادەمدۇ؟ ئادەتتە ساقچىلار بىرەر جىنايەتچىنى تۇتماقچى بولسا، تەقى - تۇرقىنى ئاساس قىلاتتى. ئەمما قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى بۇ ھەقتە

ھېچنېمىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.
بىر كۈنى كەچتە، بىر ئالاھىدە خىزمەت خادىمى بۇ خەتلەر-نىڭ قايتا سۈرەتكە ئېلىنىپ بېسىلغان نۇسخىسى ئۈستىدە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ، توساتتىنلا مۇنداق بىر ئەمەلىي ئەھۋالنى بايقىدى: بۇ خەتلەرنىڭ ماشىنكىدا بېسىلغان قىسمىنىڭ بەزى ئابزاسلىرىدا غەلىتە بىر چېكىلىق تۇس بار ئىدى. بۇ خەتلەرنىڭ تولىسى غىلاپ توقۇپ چىقىلغىنى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى چۈۋالچاق ئىشلارنىڭ تەسۋىرى ئىكەنلىكى، بۇ جا-سۇسنىڭ راست گەپ قىلىش ئېھتىمالى بارلىقى ئۈنىڭغا ئايان ئىدى. بۇ ئالاھىدە خىزمەت خادىمى ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا راستتەك بىلىنگەن بەزى ئەھۋاللارنى ئۈپۈل - توپۇل رەتلەپ چىقتى:
X تۇرمۇش قۇرغان، ئۆز ئالدىغا ئولتۇراق جايى بار. ئۇنىڭ قاتتىق يۆتەلىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر ئىتى بار، رەسمىي خىزمىتىمۇ بار. ھەر ھەپتىنىڭ خىزمەت كۈنلىرى-دە ئەتىگەن سائەت يەتتە - سەككىزلەردە ئۆيىدە بولمايدۇ. ئۇ يېقىندا بىر كۆزەينەك ئالماشتۇردى. ئۇ تېخى خەلق مۇداپىئەسى ئەترىتىنىڭ ئەزاسى.
كەڭ نيۇ - يورك رايونىدا بولسا 98 مىڭ 338 نەپەر خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بار ئىدى.
— ھاۋا مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى دېمىسىمۇ ئاز ئەمەس، - دېدى ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلى بۇ ئوي - پىكىرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىجايغان پېتى كۈلۈپ، — بىراق بۇ سەككىز مىليون ئاھالىنىڭ ئىشىنى قىلىشتىن ئاسان. بىز ھېچبولمىغاندا تىرناقچىلىك بىر نېمىگە ئىگە بولدۇق.
قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى قەتئىي ئىرادە بىلەن خەلق مۇداپىئە ئەترىتىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ چوڭ - چوڭ

خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. تۇرمۇش قۇرغانلار قانـ.
چىلىك؟ ئۆي ـ ماكانى بارلار قانچىلىك؟ ئىتى بارلار قانچىـ.
لىك؟ كۆزەينەك تاقايدىغانلار قايسىلار؟

تېخىمۇ كۆپ خەت ـ چەكلەرنىڭ قولغا چۈشۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، X نىڭ ئوبرازى كونكرېتلىششقا باشلىدى. بۇ مەزمۇنلار جەدۋەلگە تولۇقلاپ كىرگۈزۈلدى: ئۇنىڭ بېغى بار؛ ئۇنىڭ ئولتۇراق جايى گۈزۈنى بىكار قىلىپ قايتۇرۇۋېلىش هوقۇقىنىڭ تەهدىتىگە دۇچ كەلمەكتە؛ ئۇ بىر توخو فېرمىسىغا ئېرىششنى ئىنتىلاۋاتاتتى.

يوشۇرۇنغان بۇ جاسۇسنىڭ كۆلەڭگىسى تۇتۇق بولغىنى بىلەن، نەچچە يۈز مىليون ئاهالە ئىچىدە مەۋھۇم بولۇپ تۇرۇشـ.
تىن قالغانىدى. باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەۋاتقان قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىپ، بۇ ساننىڭ دائىرىسىنى بارغانسېرى تارايتماقتا ئىدى: 98 مىڭ ... 88 مىڭ ... 81 مىڭ شۇنداقتىمۇ 81 مىڭ يەنىلا ناهايىتى زور سان ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە، 14 ـ پارچە خەت قولغا چۈشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خادىملىرى ئۇنىڭ ئىچىدىن يۇرتنى سېغىنىش هېسسىياتى چىقىپ تۇرىدىغان مۇنداق بىر ئابزاسنى كۆردى: ”هازىر بۇ يەرنىڭ هاۋاسى ناهايىتى ئىللىق، دەل ـ دەرەخلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىدى، باهار ماڭا هەمىشە بىزنىڭ ئېشتوربېلدىكى دېڭىز ساهىلىدە ئۆتكۈزگەن هېلىقى شېـ.
رىن هەپتىنى ئەسلىتىدۇ...“.

ئېشتوربېل! قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بۇ يەرـ.
دىن خەۋىرى بار ئىدى. لېسبونغا نەچچە ئىنگلىز مىلى كېلىدىـ.
غان بۇ ساياهەت رايونى گېرمانىيە جاسۇسلۇق ئورگىنىنىڭ ئاخبارات ئالماشتۇرىدىغان بىر جايى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، دەرهال بىر جىددىي يىغىن چاقىرىلدى.

1941 ـ يىلى باھاردىن بۇيان لىسبوندىن ئامېرىكىغا كەلگەن ھەربىر ئادەمنى تەكشۈرۈشتە ئەڭ ياخشى ئۇسۇل قايسى؟ پاس- پورتتىكى رەسىمگە سېلىشتۇرىدىغان رەسىم، بارماق ئىزى ۋە ئىسىم فامىلىسى يوق تۇرسا. بىر ئالاھىدە خىزمەت خادىمىنىڭ ئېسىغا ئۇشتۇمتۇتلا مۇنداق بىر ئوي كېلىپ: «بىزدە X نىڭ پوچېركىسىنىڭ ئېنىق نۇسخىسى بار — خەتتىكى ئىمزا ـ فرېد . لۇئىس. ئىسمى يالغان بولسىمۇ، پوچېركىسى يالغان ئەمەس ـ تە. چۈنكى پوچېركىنى دوراش بارماق ئىزىنى ئۆز- گەرتىشتەكلا قىيىن ئىش» دېدى.

— ئامېرىكىغا كەلگەن ھەربىر ئادەمنى ـ دېدى ئۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تاموژنىدا يۈك ـ تاق تەلەپنامىسى تولدۇرۇلۇشى كېرەكقۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز نيۇ ـ يورك تاموژنىسىغا بېرىپ ئارخىپ تەكشۈرسە، يۈك ـ تاق ساقلاش تالونىدىكى پوچېركىنىبۇ ئىمزا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسە بول- مامدىغاندۇ؟

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدا- رىسىنىڭ پوچېركا مۇتەخەسسىسى تۇتقۇن قىلىنىدىغان بۇ جا- سۇسنىڭ پوچېركا نۇسخىسىنى ئېلىپ، بىر تالاي يۈك ـ تاق ساقلاش تالونىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. 1941 ـ يىلى باھاردا لىسبوندىن كېلىۋاتقان مۇساپىرلار يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگە- نىدى، يۈك ـ تاقا ساقلاش تالونىدىكى پوچېركىلار ھەرخىل ـ ھەرياڭزا ئىدى: پولەكچە، نېمىسچە، فرانسۇزچە، گوللاندىيىچە ۋە رۇسچە. . . دېگەندەك.

پوچېركا مۇتەخەسسىسىنىڭ خىزمىتى نازۇك ئىلمىي خىز- مەت ئىدى. بىر E خېتىنىڭ سەللا ئۇيان ـ بۇيان بولۇپ كېتىشى ياكى بىرەر Z خېتىگە ئارتۇق قەلەم تېگىپ كېتىشى بىرەر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشتىن نېرى ئەمەس ئىدى. ھەربىر ھەرپنىڭ بىرەر سىزىقىنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن دەلىل-

لەشكە توغرا كېلەتتى. بىرقانچە كۈندىن بېرى، بۇ مۇتەخەسسىسلەر دۆۋە - دۆۋە خەت - چەكلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي تەكشۈرمەكتە ئىدى.

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنىڭ بىر تەرىپىلا بولغان بۇ ئىش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانىدى. مۇشۇ 12 پارچە خەتتىن مەلۇم بولغان ماتېرىياللارنىڭ ھەربىرى قايتا - قايتا سۈۋارى تەكشۈرۈلدى. خەلق مۇداپىئە ئەترىتىدىكى 98 مىڭ ئەزادىن 60 مىڭى تەكشۈرۈشتىن ساقىت قىلىندى. قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئېرىشمەكچى بولغان جاۋاب سوئال سوراش، كۈتۈپ تۇرۇش، جىمغۇر ئادەملەرگە نەسىھەت قىلىش، ۋالاقتەككۈر ئادەملەرنىڭ ياندا كوتۇلداپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىش يولى بىلەن بولاتتى. تەكشۈرۈشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ۋاقىت سەرپ قىلىناتتى.

1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا، بىر نەپەر ئالاھىدە خىزمەت خادىمى نيۇ - يورك تاموژنىسىنىڭ ھۆججەتلىرى دۆۋىسىدىن بىر جەدۋەلنى قولىغا ئېلىپ كۆردى، بۇ — تەكشۈرۈلگەن جەدۋەللەرنىڭ 4881 - پارچىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇساتتىن قەغەز بېتى ئاستىدىكى ئىمزاغا مەركەزلەشكەندە، ھارغىنلىقتىن ئەسەر قالمىدى. ئۇ لوپ ئەينەكنى شۇنداق يېقىنلاشتۇرۇۋېدى، بۇ ئىمزا دەل شۇ پوچېركىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقتى! بۇ يەردە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر E ھالقىسىمان ھەرىپى بىلەن قىڭغىر F ھەرىپى ۋە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىيسىق S ھەرىپى بار ئىدى. بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ "ھەئە، شۇ!" دەپ بىر ۋارقىرىشى بىلەنلا سەپداشلىرى چۆچۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە بۇ ئىمزا ۋاشىنگتوندىكى تەجرىبىخانىدا سۈرەتكە ئېلىندى. قايتا بېسىلغان نۇسخىسى چوڭايتىلغاندىن كېيىن جاسۇسنىڭ خەت يۈزىدىكى ئىمزاسى بىلەن سېلىشتۇرۇل-

دى. ھەمدە مۇتەخەسسىسلەر بۇنى شەكسىز دەلىللىدى. ئەتىگەن سائەت بىردىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى: "ئېنىست. لېمىز فامىلىلىك كىشى تەكشۈرۈلسۇن".

خەلق مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىدە لېمىز ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدى، ئۇنىڭ ئادرېسى مۇنداق ئىدى: نيۇ - يورك شەھىرى ستاتېن ئارىلى تامپۇجىنسۋېر رايونى، ئوكسفورد كوچىسى 123 - قورۇ.

بىر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى مانخادوندىن ستاتونغا ئۆتىدىغان كىچىك كۆۋرۈكتىن چۈشۈشكە باشلىدى. ۋارقىراپ - جارقىراپ تاپانچا چىقرىش كېرەكمۇ؟ تاڭ سۈزۈلگەندە قول سېلىش كېرەكمۇ؟ بۇ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس - تە. بەزى مەسىلىلەرنىڭ تېخى تۈگۈنى يېشىلمە-گەنىدى؟ شېرىكى بارمىدۇ؟ بۇ جاسۇس ئاخباراتنى نەدىن، قايسى يول بىلەن ئالغاندۇ؟ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئىقرار قىلىدىغان جاسۇسلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. يەنە بىر ئامىل: جاسۇس ئامېرىكىدا سوراق قىلىنسا، سوت قايىل بولغۇدەك دەلىل - ئىسپات بولۇشى كېرەك.

قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى ئوكسفور كوچىسىدىكى ھېلىقى ئۆينى كېچىچە كۆزد-تىپ چىقتى. سائەت يەتتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆزەينەك-لىك ئېگىز بىر ئاۋاق دارازا ئەر كىشى ئالدىراپ - سالدىراپ ماڭغان پېتى كوچىغا چىقتى. قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدار-سىنىڭ بىر خادىمى ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى. بۇ گۇمانلىق ئۇنسۇر شۇ ماڭغىنىچە ئايلىنىپ بېرىپ ئۆيگە يېقىن جايدىكى بىر رېستورانغا كىرىپ كەتتى.

خېلى سەھەر بولسىمۇ، رېستوراننىڭ ئىچى پرېستان ئىش-

چىلىرى، ئەسكەرلەر ۋە ماتروسلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئالاھىدە خىزمەت خادىمىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ رېستورانغا كىردى. ئۇ قەھۋە ئىستاكانىنىڭ بىر چېتىدىن قارىغىنىچە ئۇنى كۆزىتىپ باراتتى. ئۇ ئازارەت قىلىۋاتقان ھېلىقى كىشى بېلىگە كىرلىشىپ كەتكەن پەرتۇق تارتىپ پولنى سۈرتكىلى تۇردى. بۇ ئادەم قارىماققا 55 ياشلاردا بار ئىدى، ئۇنىڭ چىقىر كۆزلىرى يېقىملىق كۆرۈنەتتى، چېچىمۇ قوڭۇر رەڭ ئىنچىكە ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە كۆز قىرىنى سالمايتتى — چۈنكى ئۇ بىرتالاي چۇپرەندىلەر ئىچىدىكى ئاددىي بىر شەخسنىڭ بىرى ئىدى.

رېستوراندىكى كىشىلەر مال، كېمە ترانسپورتى ۋە ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. ئالاھىدە خىزمەت خادىمى قەھۋەنى ئىچىپ بولۇپ، رېستوراندىن چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى 16 كۈن ئىچىدە، بۇ جاسۇس كېچە-كۈندۈز تەقىب قىلىنىپ تۇردى. ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى مال ساتقۇچى ياكى جاۋىلداق رېستوران خىزمەتچىلىرى قىياپىتىگە كىرىپ، جىنايەتنى بېكىتىشكە دال بولغۇدەك جىق پاكىتلارغا ئىگە بولدى — جىنايەتنى بېكىتىشكە بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى ئېرىشكەن دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن جاسۇسنىڭ خەت-چەكلىرىدىكى گەپ-سۆزلەر شۇقەدەر ياپپا كېلىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە قوشنىلار مۇنداق دېيىشەتتى:

— ئېنستمۇ؟ ھەئە شۇنداق، مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇ مۇشۇ كوچا رايونىدىكى خەلق مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، سىز ئۇنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەيدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇرىسىز. ئېنست ئۇرۇشقا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم.

— ئېنست؟ تۈز كۆڭۈل ئادەم، ئۇنىڭ بىر ئىتى بار

ئىدى، بۇلتۇر يازدا قاتتىق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئىتىدىن ئايرىلىپ، خۇددى قەدىناس دوستىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدى.

— ئېنىست، لېمىز؟ بۇ ئارالدىكى ئەڭ داڭلىق باغۋەنلەرنىڭ بىرى.

— بۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان، بانكا ئۆتكەن قېتىم گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ سېتىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ.

— مەن دېمىسىمۇ ئۇنى تونۇيمەن. ئۇ دائىم مۇشۇ يەردە توختاپ بىرەر ئىستاكان پىۋا پاخمىل قىلىۋالاتتى. ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا توخۇ فېرمىسى ئۇستىدە ئېغىز ئاچاتتى.

سىرتماق بارا - بارا تارىيىشقا باشلىدى. 1943 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، تۇنجى قېتىملىق خەت قولغا چۈشكەندىن كېيىنكى بىر يىل 4 ئاي 7 كۈندە، لېمىز قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ھېلىقى خەت - چەكلەر كۆرسىتىلدى. شۇقەدەر ئېرىنمەي يىغنۇېلىنغان بىرتالاي دەلىل - ئىسپاتلار ئۇنىڭ ئالدىدا پولاتتەك پاكىت بولۇپ قويۇلغاچقا، ئۇ پۈتۈنلەي ئىقرار بولماي تۇرالمىدى.

ئۇ 1908 - يىلى گېرمانىيىنىڭ نيۇ - يوركتا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى سۈپىتىدە ئامېرىكىغا كېلىپ، گېرمانىيىگە بىرقانچە قېتىم قايتقانىدى. 1938 - يىلى ئۇ گېرمانىيىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايتقاندا، گېرمانىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ مەخپىي يېزىق ئىشلىتىش ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىش مەشىقى قىلدۇرۇلغانىدى. ئۇ بۇيرۇق بويىچە 1941 - يىلى باھاردا ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، مۇقىم بىر خىزمەت تېپىپ، يارامىلىق پۇقرا قىياپىتىگە كىرىپ، تالاي

ئادەملەر توپى ئىچىدە پىنھان يۇرگەنىدى.

ئىقرارنامىدە، لېمىز ئىككىنچى بىر جاسۇس ـــ ئوۋېن. خالى . دېپلېتنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن 30 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

لېمىز نەقەدەر قالتىس رول ئالغان ـ ھە، ئۇنىڭ بۇ كارامىتى ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىلا نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ستاتېن ئارىلىدىكى بىر-مۇنچە قوشنىلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ خەيرىخاھلىق قىلغانىدى. بىر ئايال ـــ ئۇنىڭ ئوغلى ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋا - تاتتى ـــ مۇنداق دېگەنىدى: "ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇنداق ئەسكى ئىش قىلماس، نېمە ئۇچۇنكىن ـ تاڭ، لېمىز ئەقەللىسى بىرەر تال بۇرگىگىمۇ زىيان سالىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى."

لېكىن قوشما شتات تەكشۇرۇش ئىدارىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇكچىيىپ قالغان، سالاپەتلىك ۋە سىپايى بۇ جاسۇسنى قولغا چۇشۇرۇش ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇلار ھەممىدىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغان خىزمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. پول سۇرتىدىغان، كۆكتات تېرىيدىغان بىر جاسۇس قىلچە سېھىرىي كۇچكە ئىگە بولمىغنى بىلەن ئۇنى تۇتۇش ئىنتايىن تەسكە چۇشكەنىدى.

# 6. جاسۇسنىڭ "نادىر ئەسىرى"

## يوھان . ئېدگارد. خوف

1940 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر ئەتىگەندە، نيۇـ يورك پورتىغا كىرگەن بىر پاراخوتنىڭ شوتىسىدا بىر يولۇچى ئۆرە تۇراتتى. يول باشلىغۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار پاراخوتقا چىقتى. پاراخوتقا چىققان خادىملاردىن بىرسى ئەتراپتا ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پاراخوت شوتىسىدا تۇرغان ئادەمگە:

— سەن S • T جاجىنس دېگەن ئىسىمنى قوللان، بىز قىرغاققا چىققان ھامان، سەن بېرۋا مېھمانخانىسىغا بېرىپ ئۇ. يۇگدە ساقلاپ تۇرغىن! — دەپ پىچىرلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە، جاجىنس بىرقانچە سائەت ساقلاپ، ئاخىر قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىنغان تىۋشنى ئاڭلىدى. ئارا ئۆينىڭ ئىشىـ كى غىچچىدە ئېچىلىشى بىلەنلا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىـ سىنىڭ ئىككى ئالاھىدە خىزمەت خادىمى كىرىپ كەلدى. جاـ جىنسمۇ قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ياللانما خادىمى ئىدى، ئۇ بۇ ئىككى ئالاھىدە خىزمەت خادىمى بىلەن كۆرۈشكەنـ دىن كېيىن، مۇنداق ئەنسىز مەلۇمات بەردى:

"مەن ھامبۇرگ كرىستاك سارىيىدىكى ناتسىست جاسۇسلۇق مەكتىپىدە تەربىيىلەندىم، مېنىڭ كلاسكومۇم بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدى، مەكتەپ مۇدىرى دوكتور گېئورگى . سېبىر خوشلىشىش سۆزىدە: دۆلەت باشلىقىمىزنىڭ

چەت ئەلدىكى ئاخبارات خادىملىرى ئالدىدا تۇرغان ئەڭ زور مەسىلە بىر ئامال قىلىپ بىز بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاش. دۈشمەنلەر بىزگە خېلى ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايلا دۇنيادىكى بارلىق رايونلار بىلەن بىخەتەر ئالاقە باغلىدۇق. ھازىر مەن بۇنداق ئۇسۇلنى تېخى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسەممۇ، لېكىن سىلەر ئاشۇ يۇمىلاق توچكىلارغا — نۇرغۇن كىچىك توچكىلارغا دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك" دېدى.

مەخپىي ئاخبارات خادىمىمىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن ئامېرىكىغا ئۆز كۆرسەتمەم بىلەن ئەۋەتىلگەن — ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىم، — دېدى.

تا مۇشۇ كەمگىچە قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى دۈشمەننىڭ ھەربىر يېڭى ئالاقە تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز پاش قىلىپ، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئامېرىكىدىكى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. جاسۇسلارغا قارشى مۇتەخەسسىسلەر دۈشمەن ئالاقىچىلىرىنى تونۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت نۇقتىلىرىنىڭ پېيىغا چۈشۈپ ۋە مەخپىي خەت - ئالاقە يېزىش سىياھلىرىنى قولغا چۈشۈرمەكتە ۋە يوشۇرۇن سىمسىز رادىئو ئۈسكۈنىلىرىنى ئاختۇرۇپ تاپماقتا ئىدى.

بىر كۈنى، بىر جاسۇسنىڭ يانچۇقىدىن بىر قاپ سەرەڭگە تېپىلدى. ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قاپ ئىچىدىكى تۆت تال سەرەڭگىنىڭ كۆرۈنۈشتە باشقا سەرەڭگىدىن قىلچە پەرقى يوقتەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە كىچىك قېرىنداش قەلەم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا يېزىلغان خەتنىڭ كۆزگە چېلىقمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنداق يازما خەتلەرنى بىر خىل سۇيۇقلۇقتىن ياسالغان ئېرىتمە دورا بىلەن كۆرۈنىدىغان قىلغىلى بولاتتى. رومان ئىچىگە ئورنىتىلغان بىر خىل ئىجادىي ئۈسكۈنىمۇ بايقالدى. يۆگەش ئوقىغا ئورالغان بۇنداق ئالاھىدە كىچىك لىنتىلىق

خەتنىڭ سىرتى سىم بىلەن ئورالغاندىن كېيىن كىتابنىڭ ئارقى-
سىغا تىكىپ قويۇلىدىكەن. جۈملىدىن بىر خىل لېنتا بولۇپ،
ئۇ گاڭبىنىڭ نەيچىسىگە ئورنىتىلىدىكەن، ئاخباراتنى ئېلىشتا
سىياھ شۈمۈرگۈچنى سۈندۈرۈپ تاشلاشقا توغرا كېلىدىكەن.

ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدا قۇرۇقلۇققا چىققان سەككىز
بۇزغۇنچى ئۇنسۇر گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى مەخ-
پىي خەت سىياھى بىلەن يېزىپ بەرگەن ئامېرىكىدىكى ناتىسىت-
پەرەسلەرنىڭ ئىسىملىكىنى قولياغلىقىغا ئوراپ ئېلىۋالغاند-
كەن. بىز بىر ئىشپىيوننىڭ رېزىنكە ئايغىنىنىڭ چەمىدىن سۇ
ئاستى پاراخوتىنى قۇراشتۇرۇش سخېمىسىنىڭ سۈرەتكە ئېلىن-
غان نۇسخىسىنىمۇ قولغا چۈشۈردۇق.

شۇنداق قىلىپ، جىق نەرسىلەر شۇنىڭدەك تېخىمۇ كۆپ
كەشپىياتلار پاش قىلىندى. — ئۇنداقتا ”توچكا، توچكا، توچ-
كا“ دېگەنلەر يەنە نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر-
نىڭ قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى خىمىيۋى تەجرىبىخانىدىن بىر
ياش فىزىكنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشتىن ئىبارەت بولدى.
رەڭلىك مىكرو سۈرەت تارتىش تېخنىكىسى ناھايىتى ئۈستۈن
بولغان بۇ فىزىك مەلۇم بىر تەجرىبىنى قول سېلىپ ئىشلەش
توغرىسىدا يولىيورۇق ئالغاندى. ئۇنىڭ ئاساسلانغىنى مۇتەخەس-
سىسلەر ئىشخانىسى ھېببېردىنىڭ لاپ ئۇرغان سۆزلىرىنىڭ مەنى-
سى توغرىسىدا چىقارغان ئەقلىي يەكۈن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرىنىڭ ھەربىرى تا بۈ-
گۈنگە قەدەر ئېنىقلانمىغان يوملاق توچكىنىڭ نېمە مەنە بېرىدى-
غانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان دەلىل - ئىسپاتنى يۈكسەك قىزغىن-
لىقى بىلەن ئىزدىمەكتە ئىدى.

1941 - يىل 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى، بىز بىر ياش
يولۇچىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ بالقان يېرىم ئارىلىدىن ئامېرىكىغا

تېخى ئەمدىلا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر مىليونېرنىڭ بەگزادىسى ئىكەنلىكى بىزگە ئايان ئىدى، ئۇنىڭ گېرمانىيىنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىگە كۆز يەتكۈزۈشكىمۇ ئاساسىمىز بار ئىدى. بىز ئۇ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلەرنى — چىش چوتكىسى، ئاياغ، كىيىم - كېچەك ۋە ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تۆگەل تەكشۈرۈپ چىقتۇق. خىمىيىۋى تەجرىبىخانىنىڭ بىر ئالاھىدە خىزمەت خادىمى بىر كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرغا تۇتۇپ، كۈتۈلمىگەن كىچىك بىر يالتىراق نۇرنى — بىر كىچىك يۇمىلاق تۇچكا ئەكسكە قايتۇرغان نۇرنى — بىر يۇمىلاق توچكىنى — كونۋېرتنىڭ يۈزىدىكى بىر تىنىش بەلگىسىنى، يىڭنىنىڭ تۆشۈكچىلىك كەلمەيدىغان بىر كىچىك مىكرو توچكىنى بايقىدى.

بۇ ئالاھىدە خىزمەت خادىمى يىڭنىنىڭ ئۇچىنى قارا توچكى-نىڭ چېتىگە سانجىپ، بۇ نەرسىنى ئاۋايلاپ قومۇردى. بۇ قەغەز تالانىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن غەيرىي نەرسىگە سەل ئوخشايتتى، ئۇ قارىماققا ماشىنىدا ئۇرۇلغان توچكىغا ئوخشايتتى. ئۇ مىك-روسكوپنىڭ ئاستىغا قويۇلۇپ ئىككى يۈز ھەسسە چوڭايتىلدى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ كۆزگە كۆرۈنەتتى، بۇ بىر پارچە ماشىنى-دا ئۇرۇلغان مەزمۇنى تولۇق خەت - چەكنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان لېنتىسىنىڭ كۆرسەتمە شولىسى ئىدى. بۇ مەزمۇنى ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان بىر پارچە جاسۇسلۇق خېتى ئىدى:

، ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، ئاتوم يادرو ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي خىزمەت ئامېرىكىدا گېلىينى قىسمەن ئىشلىتىش يۈزىسىدىكى مەلۇم خاھىشلارنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بۇ ھال مۇشۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك بول-غان تەجرىبىگە ئائىت يېڭى ئاخباراتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە:

1. ئامېرىكا ئېغىر ئۇراننى توشۇشتا قانداق ئۇسۇل قوللى-

نىلىدۇ؟
2. ئۇران تەجرىبە ـ سىناقلىرى قەيەردە ئېلىپ بېرىلغان؟ (ئۇنىۋېرسىتېت، سانائەت تەجرىبىخانىسى قاتارلىق)
3. بۇنداق تەجرىبە ـ سىناقلارنى ئېلىپ بېرىشتا قانداق خام ئەشيالار ئىشلىتىلگەن؟ بۇ مەسىلىنى پەقەت ئەڭ ئۇبدان مۇتەخەسسىسكە ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ.
مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئاخىر ئاشكارىلاندى! گېرمانىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرى بىر خىل سۈرەت تارتىش تېخنىكىسى ئىجاد قىلىپتۇ، بۇنداق تېخنىكا سۈرەتكە ئېلىنغان پۈتۈن خەت ـ چەكنى قىسقارتىپ ـ كىچىكلىتىپ پەقەت بىر كىچىك تەخسىچە ـ لىك ھەجىمگە كەلتۈرەلەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ھال ئالللىقاچان بىزنىڭ گۇمانىمىزنى قوزغىغانىدى. بىزنىڭ ئالىملىرىمىزمۇ ئۆزىمىزگە خاس ئىنتايىن كىچىك سۈرەت لېنتىسىنى مۇۋەپپەـ قىيەتلىك ھالدا ياساپ چىققانىدى، سۈرەت لېنتىلىرى مەسىلە ـ سى نەزەرىيە جەھەتتە ئەمەس، بەلكى پەقەت نېمىسلار ئۆزلەش ـ تۈرگەن بىر خىل نۇر سەزگۈچ ئېمۇلسىيىنىڭ كەمچىل بولۇ ـ شىدا ئىدى.
مىكرو تېپلىق يۇمىلاق توچكىغا ئائىت بۇنداق كىچىك كەشپىيات ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئەپ ـ چىل ھەم ئۈنۈملۈك ئىدى. ئۇ ماشىنكىدا بېسىلغان ياكى قوغۇ ـ شۇن ھەرپ بىلەن بېسىلغان قارا توچكىلارنى ئىنتايىن ئۇستا ـ لىق بىلەن يالغاندىن يارىتىپ بېرەلەيتتى. بالقاندىن كەلگەن ھېلىقى ياش جاسۇسنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭ يان خالتىسىغا سېلىنغان تۆت پارچە تېلېگراممىنىڭ ئۈستىدە "پاكارلار دۆلىتى" نىڭ جاسۇسلۇق بۇيرۇقى بار ئىدى. بۇلار قارىماققا توچكىغا ئوخشىسىمۇ، تۆت پارچە قەغەزدە جەمئىي 11 كىچىك يۇمىلاق توچكا بار ئىدى. بىز بىر پارچە پوچتا ماركىسىنىڭ ئارقىسىغا كىچىك بىر تار لېنتا چاپلانغانلىقىنى، لىنتا ئۈستىگە

بولسا ماشىنىدا بېسىلغان 25 پارچە قەغەز بېتىنىڭ رەسىمگە ئېلىپ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى بايقىدۇق.

ئەھۋال ئەمدى بىزگە ئايان بولدى، بالقاندىن كەلگەن بۇ بەگزادە بۇيرۇق بويىچە ئاتوم ئېنېرگىيىسى پىلانىنى تەكشۈرۈپلا قالماي، ئايروپىلاننىڭ ئايلىق ئىشلەپچىقىرىلىش پىلانى ئۈستە-دىمۇ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئەنگلىيە، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيىنىڭ ئايروپىلان سانىنى شۇنىڭدەك تەلىم - تەربىيە ئېلىۋاتقان ئامې-رىكا ئۇچقۇچىلىرىنىڭ سانىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈدەك. سوراق قىلىنغاندا، ئۇ بىمالال ۋە ئەس - ھوشىنى يوقاتماي تۇردى، بىزنىڭ بۇ يۇمىلاق توچكىلارغا دائىر ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان-لىقىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاخبارات ھەققىدە ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ئۇ ئىلگىرى درېزدىن ئالىي تېخنىكومىدىكى مەشھۇر پرو-فېسسور سېپپۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغانىدى. پروفېسسور سېپپۇ بولسا مىكرو توچكىنى سۈرەتكە ئېلىش تېخنىكىسىنىڭ كەشپىياتچىسى ئىدى. جاسۇسلۇق خەت - چەكلىرى ئالدى بى-لەن ماشىنىدا بىر پارچە چاسا قەغەزگە بېسىلىدىكەن، ئاندىن كېيىن توغرىلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى مىكرو تىپلىق ئاپپارات ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىنىدىكەن. تۇنجى قېتىم تارتىلغان بۇ سۈرەت بىر پارچە پوچتا ماركىسىنىڭ ئابيومىچىلىك دەرىجىدە قىسقارتىلىپ كىچىكلىتىلگەندىن كېيىن، كۆمتۈرۈپ قويۇلغان مىكروسكوپ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۈرەتكە ئېلىنىدىكەن. ئىنتايىن كىچىك بولغان كۆلەڭگە قويۇق نۇر سەزگۈچ ئېمۇلسى-يە قېلىن سۈركەلگەن بىر پارچە ئەينەك تاختىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈلۈپ يۇيۇپ ئېلىنىدىكەن. يۇيۇپ چىقىلغان نىگاتىۋغا سېللوئېدىن يېلىمى سۈرتۈلگەندىن كېيىن نۇر سەزگۈچ ئېمۇل-سىيىنى ئەينەك ئۈستىدىن بىجىرىم ھالدا چىقىرىۋالغىلى بولى-دىكەن. تېخنىك ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن گىرۋەكلىرى بىلەپ

ئۆتكۈر قىلىنغان ئوكۇل يىڭنىسى بىلەن ئۇنى مىكرو توچكىغا توغرىلاپ، ئاندىن مىكرو توچكىلارنى ئاجرىتىپ چىقىدىكەن.

ئارقىدىنلا، خەت ئىچىدىكى مىكرو توچكىلار قويۇلىدىغان نۇقتا ئۈستىدە، يىڭنە بىلەن قەغەز يۈزىگە ئاستاغىنا سىزىق سىزىلىدىكەن، ئوكۇلنىڭ تۈرتكۈچ نەيچىسى بۇ مىكرو توچكىلارنى سالام خەت قەغىزىنىڭ تالالىرى ئىچىگە بېسىپ كىرگۈزۈۋېتىدىكەن. ئاندىن كېيىن يەنە بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى كىچىك يىڭنە بىلەن يېرىلغان تالالار ئاستاغىنا ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلۇپ، يۇمىلاق توچكا يېپىپ قويۇلىدىكەن، ئەڭ ئاخىردا، سىللوئىدىن يېلىمى ئازراق سۈركەپ قويۇلۇشى بىلەنلا، كېسىلىپ كۆتۈرۈلۈپ قالغان تالالار مەھكەم چاپلىشىپ قالىدىكەن.

كېيىن، سېپۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرۇپتۇ. ئىش تەرتىپىنىڭ كۆپ قىسمىنى مېخانىكىلىق ئۇسۇل بىلەن بىر ھۆججەت يەتكۈزۈش كوروبكىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە تەڭ كېلىدىغان قاپچۇق ئىچىدە ئورۇندايدىغان بوپتۇ. ئاخىرى بۇ خىل ماشىنا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلاپتۇ ھەمدە كېمە ئارقىلىق جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى جاسۇسلارغا يەتكۈزۈلىدىغان بولۇپتۇ. جۈملىدىن ھەربىر مۇدەت ئىچىدە بىر تۈركۈم قەرەللىك نۇر سەزگۈچ ئېمۇلسىيىمۇ يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ناتسىست جاسۇسلارمۇ بۇ خەت - چەكلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز يېنىدا قاتلىنىدىغان ئەپچىل مىكروسكوپلارنى بىردىن ئېلىپ يۈرىدىغان بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىز جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى نەچچە يۈزلىگەن مىكرو توچكىلىق خەت - چەكلەرنى سېزەلەيدىغان ۋە قولغا چۈشۈرەلەيدىغان بولدۇق. مىكرو توچكىلارنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ھەر خىل گۇرۇھلارنىڭ

ھەرىكىتىنى ھەرقانداق پەيتتە بىلىپ ـ كۆزىتىپ تۇرالايدىغان بولدۇق. ئۇلار ئەسەبىيلىك بىلەن ھەممە يەردە ھەرىكەت قىلىپ، پاناما قانىلىدىن ئۆتىدىغان پاراخوتقا دائىر ئەھۋالنى، قانال توسمىلىرىغا ئائىت غەيرىي رەسمىي ئەھۋاللارنى شۇنىڭدەك پيورل ـ خاربورغا ھۇجۇم قىلىنىغان چاغدىكى ئامېرىكا ماي ئىسكىلاتىنىڭ خانىۋەيران بولۇش دەرىجىسى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى تىلغ ـ تىڭشىماقتا ئىدى. بىرلىنىدىن بىرلىگەن جىددىي بۇيرۇقلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بىز بىر جاسۇسنىڭ يېنىدىن زىيىنى يوقتەك بىلىنگەن تېلېفون سۆزىنىڭ قالدۇرمىسىنى تېپىۋالدۇق، بۇ سۆز مەلۇم بىر سارايىنىڭ تېلېفون ئالماشتۇرىدىغان مۇنبىرىدىكى بىر بەت ئەسلەتمە گرافىكىغا يېزىلغان بولۇپ، ئاللىقاچان پۇرلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ گرافىكتىكى باسما يېزىقتا ئىككى توچكا بار ئىدى. چوڭايتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە پارچە خەت بارلىقى مەلۇم بولدى، ئۇ مۇنۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى:

تۆۋەندىكىسى ئالاھىدە بۇيرۇق:

خەۋەرلەرگە قارىغاندا ھازىر ئامېرىكىدا بىر خىل ئوق ـ دورا ئىشلىنىۋېتىپتۇ. بۇ خىل ئوق ـ دورىنىڭ ئىسمى يوق دېيەرلىك ئىكەن، مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن چىقىدىغان ئوتى ئاجىز ئىكەن. مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن چىقىدىغان ئوتنىڭ رەڭگى، ئىس ـ تۈتۈننىڭ رەڭگى ھەققىدە تېخىمۇ ئىنچىكە ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز: ئىمكانىيەت يار بەرسە، ئوق دورىنىڭ رېتسېپىدىن خەۋەرلەندۇرسەڭلار.

ياپونلارمۇ مۇشۇ خىل مىكرو توچكا ئويۇنىنى ئويناشتى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بىر قاتار مىكرو توچكىلارغا ئائىت بولغان 90 ـ نومۇرلۇق قورۇغا دىققەت قىلىندى. ئۇ برازىلىيىدىكى مەلۇم بىر ئادرېسقا ئەۋەتىلىدىغان بىر پارچە خەتنىڭ لىپاپىسى ئىچىدە بولۇپ، بۇ خەت توكيونىڭ

جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بىر ياپونلۇق دېڭىز ئارمىيىسى ئەمەلدارىغا يەتكۈزۈلىدىغان يوليورۇق ئىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ئەگەر Q بىلەن ئالاقىلەشكىلى بولمىسا، I ياكى ئارگېنتىنادا تۇرۇشلۇق ۋەكىلنى شۇ يەردىكى دېڭىز ئارمىيىسى ئەمەلدارى بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتىڭلار.

Q. شۇ زامانلاردا سېسىق نامى پۇر كەتكەن ياپون دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جاسۇسى ئىدى.

دۇشمەن جاسۇسلىرى ھەمىشە يالغان تېلېگراممىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى ئالداپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىدە خېلى تولۇق ماتېرىيال مەنبەسى بارلىقىغا ئىشەندۈرەتتى. جاسۇسلار يېڭى خەۋەردىكى مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار 1943 ـ يىلدىكى ئىككى ھەپتە ئىچىدە يۈزگە يېقىن ئاخبارات بېرىشكەن بولۇپ، ھەممىسى ئىككى يېڭى خەۋەر ژۇرنىلىدىن ئۆزۈۋېلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پورتۇگالىيىدىكى گېرمانىيە جاسۇسلىرىمۇ بىتەرەپ دۆلەت ماتروسلىرىدىن ئامېرىكىنىڭ بەزى ژۇرناللىرىنى پۇلغا سېتىۋالغانىدى — ھەربىي ئىشلار ماتېرىياللىرىنى مەزمۇن قىلغان بىر نۇسخا ژۇرنالغا 300 ئېسكۇدو[1] تېگىشىۋالغىلى بولاتتى، بۇنىڭ شۇ زامانلاردىكى قىممىتى تۆت فوند ستېرلىڭ ئىدى. لېكىن ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بۇ ئويۇنلار مەغلۇپ بولدى، ئەيىبلەش مەزمۇنىنى ئىچىگە ئالغان بىر بۇيرۇق گېرمانىيە جاسۇسلىرىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈلدى:

”بىزگە لازىم بولغىنى ئاخبارات خەۋەرلىرىگە بېسىلغان نەرسىلەر ئەمەس.“

بىز يۇمىلاق مىكرو توچكىلارنىڭ سىرىنى بىلىپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇن جاسۇسلار تورغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ

---

① پورتۇگالىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

بىرمۇنچىسىنىڭ ئۇگىلىرىمۇ چۇۋۇپ تاشلاندى. بىر كۇنى بىر پارچە ئاخباراتتا مادرىدتا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئايالنىڭ ئىسمى ئاتالغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئالدىن تاللاپ تىزىمغا ئېلىنغان توقاملىشىپ كەتكەن جەدۋەللەرنى تەكشۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئەركىشىگە پۇل ئەۋەتكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ بۇ ياش ئادەمنىڭ ۋاشىنگتوندىكى بىر بىكار تەلەپ ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، ھەتتا ئۇنىڭ بىر ئامېرىكىلىق قىزغا ئىچەكەپ قالغانلىقىنىمۇ بىلدۇق. كېيىن بۇ قىز ئارمىيىگە كىرىپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ تىنچ ئوكيانىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا ئىدى. خۇددى بۇرۇنقىدەك، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ھەمكارلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار بۇ قىزنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىشىنى بۇيرۇق قىپتۇ، ئۇ يېتىپ بېرىپ 15 مىنۇتتىن كېيىن قوشما شتات تەكشۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ بۇ ئەرنى زادى قانچىلىك چۇشىنىدۇ؟ بۇ كىشى ئىلگىرى ئۇنى قىزغىن قوغلىشىپ يۇرگەنىدى، لېكىن قىز ئۇنىڭ غەمىكىن ۋە ئوغرى مۇشۇكتەك قىلىقلىرىدىن ئىنتايىن بىزار بولغانىدى، كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان خەت - ئالاقىنى ئۇزۇۋەتكەنىدى. بىز بۇ قىزغا راستچىللىق بىلەن: بىزگە لازىم بولغىنى بۇ ئادەمنىڭ دۇشمەن ياكى دۇشمەن ئەمەسلىكىنى بىلىش دېگەن مەسىلىنى قويدۇق.

سىرتماق مۇنداق سېلىنىدى: بۇ قىز ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغۇچى بىلەن بازاردا "تاسادىپىي ئۇچرىشىپ" قالماقچى بولدى. ئۇ پۇتۇنلەي يوشۇرۇنۇپ يۇرگەچكە، قايتا ئۇچراشقاندىن كېيىن تولىمۇ چۆچۈپ كەتتى. كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، بۇ قىز دىلېرانىڭ رولىنى ئۇستىلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز ئۇستىگە ئالدى. بۇ جاسۇس قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئۆزۈمىنىڭ جاسۇسى بولۇشىدا گەپ يوق دەپ ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزاق ئۆتمەيلا تورمىگە چۇشۇپ قالدى.

يۇمىلاق مىكرو توچكا ئارقىلىق پاش قىلىنغان يەنە بىر ئەنزە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئەنزە ئىدى. شۇ چاغدا بىز شۇ يەردە قىسما - قىسما ئادەملەر يازغان خەتلەرنى — بېرلىنغا ئەۋەتىلگەن ھەم يۇمىلاق مىكرو توچكىسى بولغان ھەربىر پارچە خەت - چەك، ئىشق - مۇھەببەت خېتى، ئائىلە خېتى ۋە تۈرلۈك ئىشلار توغرىسىدىكى خەتلەرنى تەكشۈرۈۋاتاتتۇق، خەتلەرنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ئەمەستەك قىلاتتى. لېكىن يۇمىلاق مىكرو توچكىلار يوشۇرۇنغان خەت - چەكلەر جەنۇبىي قىسىمدىكى پورتلارنىڭ پارتلىتىلىشى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغان ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ پاراخوتى شۇنىڭدەك ھەربىي قورال - ياراغ سانائىتىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ خەتلەر ھەر خىل پوچېركىدا يېزىلغان، ھەر خىل تىپتىكى ماشىنكىلاردا بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۇمىلاق مىكرو توچكىلار بىر ماشىنىدا ياسالغان بولۇپ ئىمزالىرىمۇ ئوخشاشلا بىر پوچېركىلىق ئىدى. بۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەشكىلاتنىڭ ياساپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن، جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئالاقىدار ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى شەھەر - شەھەرلەردە، سودا دۇكىنى، خىزمەت ئىشخانىسى ۋە ئائىلىلىكلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، ناتسىستلارنىڭ زەنجىرسىمان يوغان جاسۇسلۇق تورلىرىنى پاش قىلىپ چىقتى. ئۇلار ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىشلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىدى.

مانا بۇلار بىزلەر دەككىسىنى بەرگەن دۈشمەنلەرنىڭ ھەر خىل پىلانلىرىنىڭ بىرتاڭچە ئۈزۈندىسى، خالاس. بۇ بىز سېبىر دوكتورنىڭ يېنىدا تۇرغان ئالاھىدە خىزمەت خادىملىرى ئىچىدىن قولغا كەلتۈرگەن يۇمىلاق مىكرو توچكىلارنىڭ سىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

# 7. گىتلېر ئامېرىكىغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىللەردە

## لاۋرېنس پىلئوت

1942 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئەمدى ئۆتكەندە، دېڭىز قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى جون كارېن نيو ـ يورك ئۈزۈن ئارىلىنىڭ ئومانگانسېت دېگەن جايىدىكى ئەترەت شتابىدىن يولغا چىقىپ، دېڭىز ساھىلىدە چارلاش ئېلىپ باردى. ئۇ قول چىراغ بىلەن ئالدى تەرەپنى پات ـ پات يورۇتۇپ تۇراتتى. قويۇق تۇمان ـ تۇتەك ئىچىدە ئۇ پەقەت ئالدىدىكى بەش ـ ئالتە يارد كېلىدىغان جاينىلا كۆرەلەيتتى.

دېڭىز قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ 21 ياشلاردىكى بۇ ئەزاسى ئەترەت شتابىنىڭ شەرقىدىن يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر جايغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا تۆت كىشىنىڭ كىچىككىنە بىر كېمىنى چۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى، قىرغاقتا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇن ئادەمنىڭ ئوشۇقىغىمۇ كەلمەيتتى. "بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟" دەپ سورىدى ئۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

چەت ئەل تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان سوقچاق يۈزلۈك بىر ئەر ئۆزىنىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بېلىقچى ئىكەنلىكىنى، تومانىدا نىشانىدىن ئادىشىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى. كارېن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن گۇمانلىنىپ، "سىلەر ئەڭ ياخشىسى مەن بىللە ئەترەت شتابىغا بېرىڭلار" دېدى.

سوقچاق يۈزلۈك "بىلىقچى" كارېننىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇپ: "ئۇكام، گېپىمگە قۇلاق سال! ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلارنى يەنە كۆرگۈڭ باردۇ؟ تۇتە، بۇ پۇلنى ئېلىپ خۇشال ـ خۇرام كۈنۈڭنى ئال! كۆز ئالدىڭدىن ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى ئۇنۇت، ئۇقتۇڭمۇ؟" — دېدى.

ياش كارېن زورمۇزور تۇتقۇزۇپ قويۇلغان بىرتۇتام پۇلنى ئالغىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا قورال يوق ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يېگانە تاقابىل كېلەلمەيدىغان بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالغانلىقىنى شۇزامانلا ھېس قىلدى. ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ئەترەت شتابىغا قاراپ يول ئالدى.

بۇ «سوقچاق يۈز» ئۆزىنىڭ ئۈچ شېرىكى بىلەن رېزىنكە قولۋاقتىن ئالمان ـ تالمان بىر نېمىلەرنى چۈشۈردى. ئۇلار مۇشۇ رېزىنكە قولۋاقتا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىنىڭ U — 202 نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قىرغاققا چىققانىدى. ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەنلا قازغان ئورەككە سۇدىن مۇداپىئەلىنىش ساندۇقىدىن تۆتنى كۆمدى، بۇ ساندۇقلارغا لىپمۇلىق پارتلاتقۇچ دورا، ۋاقىت توغرىلاش ئەسۋابى ۋە (كاپسۇل ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇلار ئىككى يىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ نۇقتىلىق سانائەت بازىلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىشكە كۇپايە قىلاتتى. ئاندىن كېيىن، كارېن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەترەت شتابىغا ئاتلىنىپ كونا كەپىدىن ياردەم سورىماقچى بولغاندا، ئۇلارمۇ ئومانگانىستقا قاتنايدىغان پويىز ئىستانسىسىدىن تېز سۈرئەت بىلەن دېڭىز بويىدىكى تاشيولغا چىقتى. كارېن ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ھەمراھى تولۇق قوراللانغان پېتى يېتىپ كەلگەندە، بىپايان دېڭىز ساھىلى ۋە قويۇق تۇماندىن باشقا ھېچنېمىدىن ئەسەر قالمىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ بۇ ۋەيران قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش گۇرۇپپىسى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا چىقىش

بىلەن تەڭلا «پاستولېس ھەرىكىتى»① نىڭ مۇقەددىمىسى باش-
لىنىپ كەتتى.

گېرمانىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاخبارات
ئورگىنى — جاسۇسلۇق ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بۇ
ھەرىكەت پىلانى، ئامېرىكىنىڭ ھالقىلىق سانائەت كارخانىلىرى-
نى توختىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ پىلاننىڭ تېخنى-
كىلىق خىزمىتى قابىل ئەمما سەپرا مىجەز بىر ئاخباراتچىسى
لېيتنانت فىئورد. كافقا ھاۋالە قىلىنغانىدى. ئۇ نيۇ - يورك
ۋە چىكاگودىكى ناتسىست ئاۋانگارتلار تەشكىلاتىدا 12① يىل تەش-
ۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇنىڭ پىلانىدا ئامېرى-
كىدا ئولتۇراقلاشقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان نېمىسلارنى تەش-
كىللەش تەلەپ قىلىنغانىدى، بۇ كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ
ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، بۇ دۆلەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالسىمۇ سېزىلمەيدىغان ئەرىجىدە
بولۇشى كېرەك ئىدى.

مۇشۇ كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا جىددىي
تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تولۇق قوراللىنىپ سۇ
ئاستى پاراخوتىدىن قىرغاقتا چىقتى. ئۇلارنىڭ نىشانى ئالدىنئالا
بېكىتىلگەنىدى. كاف ۋەتەنگە سادىق سانسىزلىغان نېمىس قان
سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلى-
قىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇلار «چىكاگو مۇنبىرى گېزىتى»
گە بېسىلغان مەخپىي بەلگىلىك ئېلاندىن پايدىلىنىپ، كاف
بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلايدۇ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى
ئېلىپ بېرىش تورى شەكىللەنگەن ھامان كاف ئامېرىكىغا يوشۇ-
رۇن كىرىدۇ ۋە چىكاگودىكى مەخپىي باش شتابقا مەسئۇل

① پاستولېس — ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارغان تۇنجى نېمىس كۆچمەنلى-
رى تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

بولىدۇ.

فىئورد. كاف 1941 ـ يىلى قىشتا ئۆزىنىڭ تەشكىللەش خىزمىتىنى باشلىدى. بۇ بىر قېتىملىق زېرىكەرلىك مۇرەككەپ ئىش ئىدى. ئۇ گېستاپونىڭ يېقىنقى مەزگىلدە ۋەتەنگە قايتۇرۇ- لىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكىگە دائىر ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ ئوسلاند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەلدە مۇھاجىرەتتە تۇرۇۋاتقان نېمىسلارنى ناتسىستلار پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان يىغىندا نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ يەنە گېرمانىيە ئار- مىيىسىنىڭ ئارخىپلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆردى. ئۇ ھەتتا قوبۇل قىلىنىش ئېھتىمالى بولغان ھەربىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەش- تى. ئاخىر 1942 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاز ساندىكى پىدائىيلار بېرلىنغا يېقىن بىر جايدىكى قورۇلغا يىغىلىپ، گېرمانىيىنىڭ "بېسىپ كىرىش" دېگەن ئالدىن تەييارلىق كۆ- رۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكىلەر بار ئىدى: گېئورگى . جون . دېيچ، يەنى «سوقىچاق يۈز، 39 ياش، ئۇ مۇشۇ كىچىك ئەترەتتىكى يېشى ئەڭ چوڭلارنىڭ بىرى ئىدى. 1922 ـ يىلى ئامېرىكىغا قانۇنسىز كىرگەن بولۇپ، نيۇ ـ يوركتا ئاشپۇزۇل كۆتكۈچىسى بولغانىدى. 1941 ـ يىلى گېرمانىيىگە قايتىش ئالدىدا ئۇ يەنە ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئاۋىئاتسىيە ئەتر- تىدە قىسقا مۇددەت ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەنىدى.

ۋىللا . دېر، 1927 ـ يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن ۋە ئۇ يەردە 14 يىل تۇرغانىدى، ئۇ ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلغان.

ئىدۋارد . كونىن، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ سادىق مۇرى- تى، ئۇ ئامېرىكىدا 11 يىل تۇرغان، شوپۇر ۋە ئائىلە خىزمەت- چىسى بولغان. ھولمان . نېيبىرىي ئۇ بىر ئاشپەز ئىدى.

ھايبود . خوفېت گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىچىدىكى يېشى ئەڭ

كىچىكلەردىن بىرى بولۇپ 22 ياشتا ئىدى. ئۇ 22 ياشلىق هاياتىنىڭ 16 يىلىنى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزگەن، ئاتا - ئانىسى ئامېرىكىدا پۇقرالىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭمۇ ئامېرىكا گراژدانى بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

ئىنست . بىگېر، ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بو-لۇپ، ئامېرىكىدا ماشىنىسازلىق ئىنژېنېرى بولغان ھەمدە مى-چىگان شتاتى ۋە ۋىسكونسىن شتاتىدىكى دۆلەتلىك قوغدىنىش ئەترىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

ھىنرىك . ھوك، ئىستانوك رېمونت ئىشچىسى بولۇپ، ئامېرىكىدا 13 يىل تۇرمۇش كۆچۈرگەن.

رىچارد. كۇيرېن، 1927 - يىلى ئامېرىكىغا كەلگەن، ئۇ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن نېمىس ئىمپېرىيىسىنىڭ مەلىكىلىك تېخنىك ئىشچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا مەدەت بېرىش توغرىسى-دىكى بۇيرۇقىغا بىنائەن گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتە، لېيتىنانت كاف بۇ بىر تۈركۈم ئادەمنى يېتەكلەپ قورۇلغا كەلدى. بۇ يەردە بىر كور-پۇس ياتاقتىن باشقا يەنە بىر چېنىقىش ئۆيى، بىر ئېغىزلىق دەرسخانا، ئۇسكۈنىلىرى تولۇق بولغان بىر تەجرىبىخانا، پارتلى-تىش تەجرىبىسى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر قورغان ۋە يەنە ئىككى پىيادە ئەسكەر مىلتىقى ئېتىش مەيدانى بار ئىدى.

كاف گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ھازىردىن باشلاپ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈش، ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىمگە تىنماسلىق لازىملىقىنى ئېيتقانىدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، قاتتىق تەلىم - تەربىيە دەرسلىرى باشلاندى: بەدەن چېنىقتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى؛ دەرسخانىدا، ئوت قويۇش، پارتلىتىش؛ پارت-لاش مۇددىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەخپىي پۇتۇش تېخنىكى-سى؛ گرانات تاشلاش، پىيادە ئەسكەر مىلتىقى ئېتىش ۋە چېلى-

شىش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمەلىي بوزغۇنچىلىق ۋەزىپىسىنى پراكتىكىدا قىلىش قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى.

ئوقۇتقۇچى خام ئەشيالار ھەققىدىكى ساۋاتنى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، بۇ خام ئەشيالارنى خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى سېتىلىدىغان بىرەر ماگىزىندىن خالىغانچە سېتىۋالغىلى بولغاچقا، گۇمان پەيدا قىلمايتتى. مەسىلەن، كىسلاتا ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە شېكەر كۆپۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئوت قويۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئوت تۇتاشتۇرۇش دورىسىنى تەييارلاشقا بولاتتى. بىر خىل مەخپىي يېزىق ئىسپىرتتا ئېرىتىلگەن ئاسپىلىنغا چىلىناتتى، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن خەت ئىزى يوقىلاتتى؛ ئىسپىرتقا مىلەنگەن پاختا بىلەن سۈرتۈلگەندىن كېيىن خەت ئىزى روشەن كۆرۈنەتتى. پارتلىتىش ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى ئەپلىك ۋە زەربىسى كارامەت يامان ئىدى، مېتال سىم پۇرژىنىكىغا يۆگەپ، ئاستا سۇ تامچىپ تۇرىدىغان كونسېرۋا قۇتىسى ئارقىلىق لەيلىتىلەتتى. سۇ ئېقىپ تۈگىگەن چاغدا، جاسۇسلار ئالدىنئالا بەلگىلىگەن نىشان يېنىدىن يىراقلاپ كېتەتتى، پۇرژىنىمۇ قويۇۋېتىلىپ ئاستىغا چۈشەتتى، مېتال مېتالغا تەگكەن ھامان توك يوللىرى ئۇلىنىپ پارتلاش ھاسىل بولاتتى.

تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىدە دەرسخانا بىرلىن تۆمۈريولىنىڭ مال توشۇش مەيدانىغا ئۇرۇنلاشتۇرۇلدى. مۇتەخەسسىسلەر قانداق قىلغاندا بىر سىقىم قۇملۇق توپىنى قازان كۇرۇپكىسىنىڭ ئىچىگە چېچىپ، بىر ماتورنى كاردىن چىقارغىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا بىر پارچە كىچىك پارتلىتىش دورىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ ھالقىلىق يېرىدە پويىزنى نەچچە كۈنلەپ توختىتىپ قويغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارغا ئۈلگە كۆرسەتتى. مال توشۇش مەيدانىدىن چىققان ۋەيران قىلغۇچىلار يەنە فاربىن سانائىتى شىركىتىنىڭ ئاليۇمىن زاۋۇتى ۋە مارگان

زاۋۇتىغا قايتا كېلىپ، ئۈچ كۈن زىيارەتتە بولدى. كاف قانداق قىلغاندا يۇقىرى بېسىملىق توك سىملىرىنى يەم بىلەن ئۇزۇۋەت-كىلى ۋە بىر پاي ئوق بىلەن ترانسفورماتورنى پاچاقلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆلگە كۆرسەتتى. مۇشۇنداق قىلىش ئار-قىلىق ئامېرىكىنىڭ ئوخشاش تىپتىكى زاۋۇتلىرىدا ئاز دېگەندە سەككىز سائەت توك توختىتىلسا، سوۋۇق ھالەتتىكى ئاليۇمىن قېتىشما ھاسىل قىلىپ، ئىسسىتىش ئوچىقى ۋە ئاليۇمىن سۇ-يۇقلۇقى قۇتىسىنىڭ تورسىمان سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىۋەت-كىلى، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىشنى بىرنەچچە ھەپتە توختىتىپ، يېڭىۋاشتىن ئۈسكۈنە ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغىلى بولاتتى.

كۇرس تاماملاش ئىمتىھانى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى باشلاندى، يۇختا پىچەتلەنگەن يولىيورۇقتا ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ تەقلىد قىلىنغان زاۋۇت، تۆمۈريول باش بېكىتى ۋە ماي ئىسكى-لاتلىرىغا بېرىشقا بۇيرۇق قىلىنغانىدى. مەخپىي ھالدىكى مۆل-چەر ۋەزىيەتتىن كېيىن، ئۇلار دەل جايىدا پارتلىتىشقا ۋە 36 سائەت ئىچىدە بۇ نىشانلارنى پاچاقلىۋېتىشكە تەييارلاندى.

ئىمتىھان ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لاياقەتلىك بولغۇچىلارغا بىر ئايلىق مائاش بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن ھۆكۇ-مەت ئىچىدە بىرەر مۇۋاپىق ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلدى ۋە ۋەيران قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىرىن-چى گۇرۇپپىنىڭ رەھبىرى داۋىد چىلل، ئەزالىرى بىگېر، ھېنرىك . رويك ۋە كۆرىندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار بىرقانچە ئاليۇمىن زاۋۇتى (بۇ زاۋۇتلار تېننىسسى شتاتىدىكى ئىلكو، ئىللىنويىس شتاتىدىكى شەرقىي سېنت لۇيىس ۋە نيۇ - يورك شتاتىدىكى ماسىنالارغا تارالغان) ۋە فىلادېلفىيەدىكى مۇز كرىستالى زاۋۇتلىرىغا زەربە بەرمەكچى بولدى؛ ئۇلار يەنە

ئوھىئو دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان پىتتىسبۇرگ بىلەن لۇئىسۋىل ئوتتۇرىسىدىكى سۇ توسمىسىنى پارتلىتىۋەتمەكچى بولدى. ئىككىنچى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى كونىن، ئەزالىرى نىۋىبىر، دېل ۋە ھوفنىتتىن تەركىب تاپتى، ئۇلار تۆمۈريول كۆۋرۈكلىرى ۋە تونېللاردا ھەرىكەت قىلىشقا، نيۇ - يورك شەرقىي دەرياسىدىكى ھېلمىن كۆۋرۈكىنى پارتلىتىۋېتىشكە ھەمدە نيۇ - يوركنىڭ تاشقىن سىستېمىلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا باشلىقى يەنە ھەر خىل پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، جامائەت ئورۇنلىرىغا بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋەھىمە پەيدا قىلماقچى بولدى.

كاف نېمىس قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىقلارنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلىدى. ئۇ ھەمىشە: ”بىز ئۇلارنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتىشىمىز، ئۇلارنىڭ يۇرتنى سېغىنىش كەيپىياتىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم“، ”ئۇلارغا شۇنداق ۋەدىلەرنى بېرىشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ ئىتائەتمەن قىلىشىمىز لازىم“ دەيتتى. كافنىڭ يەنە باشقىچە يوليورۇقلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ قول ئاستىدىكى ھەربىر كىشىگە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا زىيان يەتكۈزگەن ياكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان ھەرقانداق كىشىنى قىلچە رەھىم قىلماستىن ئۆلتۈرۈش لازىملىقى ھەققىدە بۇيرۇق قىلاتتى.

كاف چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىنمۇ خالىي بولالمىدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەھەردە، يەنى بۇ ئىككى گۇرۇپپا لولىئانناغا جايلاشقان سۇ ئاستى پاراخوتى بازىسىدىن U—201 ۋە U—202 نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى كاف بۇ قېتىمقى تەۋەككۇلچىلىككە سەرپ قىلىنىدىغان راسخوتنى تارقىتىپ بەردى. ئىككى نەپەر گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ھەربىرىگە 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، گۇرۇپپا ئەزالى-

رىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن قېتىغا 4400 ئامېرىكا دوللىرى سېلىنىغان كەمەر تارقىتىپ بېرىلدى. داۋىچ پۇلنى چامادانىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تىقىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ئۆتمەس بولۇپ قالغانلىقى-نى ئېسىگە ئالدى. بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ پۇللارنى دەرھاللا ئالماشتۇرۇۋېلىشقا بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۇزغۇنچىلار-نىڭ كۆڭلىدە »سىرلىق ئۆزگىرىش بولۇپ قالغاندى. ۋىچ كېيىن بۇ ئىش ئۈستىدە مۇنداق دېدى: "مەن مۇشۇ پۇل ئۈستىدىكى ئىشلارنى كۆڭلۈمدىن ساقىت قىلمايلا كەلدىم، ئۇلار شۇنچىۋالا ھاماقەتلىك قىلىۋاتقان يەردە، ئارىمىزدىكى ھەرقانداق بىرسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەتتىمۇ؟ بىز نېمىدېگەن خەتەرلىك ئىشنى ئۈستىمىزگە ئالغان، ـ ھە!"

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سەھەردە، ئومانگانسېتىنىڭ يولىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان چاغدا، داۋىچ يەنە بىر يېڭى سەۋەب ئۈستىدە غەم يېدى، ئۇلار يولۇققان تۇنجى پالاكەت ئىش — ئۇلار قۇرۇقلۇققا چىقىشتا ئىشلەتكەن كېمىنى سۇدىن تارتىپ چىقى-رىشتىن بۇرۇن كىشىنى بىزار قىلىدىغان ھېلىقى دېڭىز قىرغى-قى قوغدىغۇچىلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئىدى.

ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغاندا، ئومانگانسېت پويىز ئىستانـ-سىسىنىڭ بېلەت ساتقۇچىسى بېلەت سېتىش ئورنىنىڭ دېرىزى-سىنى ئاچقاندا، داۋىچ يەنىلا جىددىيلىشىۋاتاتتى. بۇ تۆت نەپەر نېمىس بېلەت ئالماقچى بولۇپ تۇرغانىدى.

— سىلەر تازىمۇ ئەتىگەن تۇرۇپسىلەر جۇمۇ، — دېدى بېلەت ساتقۇچى.

— بىز تېخى ئەمدىلا بېلىق تۇتۇپ بولدۇق، — دېدى ۋىچ.

داۋىچ بىرنەچچە پارچە گېزىت سېتىۋېلىپ ھەمراھلىرىغا بەردى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ لام ـ جىم دېمەي گېزىت كۆرۈشنى

تاپىلىدى. سائەت 7 يېرىم بولغاندا ئۇلار پويىزغا چىقىشتى، ئۇلار نيۇ - يوركتا بۆلۈنۈپ داۋىچ بىلەن بىگېر رېزىدېنت كلېنتون مېھمانخانىسىغا، ھېيكىر بىلەن كۇپرېن يېقىن ئەتراپ-تىكى مارتىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتى.

ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن خۇشال بولۇشى كېرەك ئىدى: ئۇلار بىخەتەر ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقتى، پويىزدىمۇ ھېچكىم ئۇلارغا گۇمان بىلەن قارىمىدى، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شەھەر ئىچىدە غايىب بولۇشتى. ئۇلار كېيىنرەك كىچىك ئاپتوموبىل-دىن بىرنى قولغا كەلتۈرگەن چاغدا، پىلان بويىچە ئۆزلىرىنىڭ قورالىرىنى كولاپ ئېلىپ ۋە كاتسگىر تېغىغا يۆتكەپ، ئۇزاق بىر مەزگىل يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇشتى. لېكىن بۇ ئىشقا بەك ئالدىراپ كېتىشىمۇ ھاجەتسىز ئىدى. كاف ئىككى گۇرۇپپا پۇختا ئۇرۇنلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق ھەرد-كەتلىرىنى ئېلىپ بارماسلىقنى تەكىتلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، «پاستولېس ھەرىكىتى» دە يەنىلا جىددىي بۇرۇلۇش يۈز بەردى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۇيۇقسىزلىق يۈز بېرىدۇ؟ بۇنى بىرنېمە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا تەس ئىدى. داۋىچ بىلەن پىگېر بۆلمىدە يالغۇز قالدى، داۋىچ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— گېپىمگە قۇلاق سال — دېدى ئۇ، — مەن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن. قېنى دەپ باقە، سەن مۇشۇ ئىشقا قانداق پۇزىتسىيە تۇتىسەن؟ مېنىڭ مۇشۇ جايدىلا ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇ-لۇشقا ئىمكان بېرىدىغان بىر پىلانىم بار.

— سېنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىڭدىن خەۋىرىم بار — دېدى بىگېر.

— بولىدۇ، ئەگەر سەن قوشۇلمىساڭ، مۇشۇ يەردىلا جېنىڭنى ئالىمەن!

— مەندىن ئەنسىرەپ كەتمە، — دېدى بىگېر جاۋابەن.

شۇ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى دېئان مىكۋارد (مۇ-دىر) ئۆزىنىڭ نيۇ - يوركتىكى ئىشخانىسىغا كەلگەن تېلېفون-دا: چەت ئەل شپۇنىدە سۆزلەيدىغان بىر ئەر كىشىنىڭ ئەمدىلا گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىدىن قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى، ئۇنىڭ قولىدا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئېدگار هوۋېرغا بېرىدىغان مۇھىم ئاخبارات بارلىقى ئېيتىلغان-دى. تېلېفوندا يەنە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

— مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ۋاشىنگتوندا بۇ ئاخباراتنى ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرىمەن.

بۇ پىئارىل - ھاربور ۋەقەسىدىن كېيىن ئالتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن چاغ ئىدى، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىكىلەرنى بەزى ئاجايىپ - غارايىپ تېلېفونلار تەمتىرە-تىپ قوياتتى. مىكۋارد بۇ سىرلىق تېلېفوننى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىپ قويۇپ، باشقا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. لېكىن دېڭىز قىرغىقى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ ھېلىقى ئەزاسى قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا ئومانگانىسېت دېڭىز ساھىلىدە يۈز بەرگەن ۋاقەنى دوكلات قىلغان ۋە ئاخىردا كۆمۈۋېتىلگەن پارتلە-تىش ماتېرىياللىرىنى بايقىغان ۋاقىتدا، بۇ تېلېفون تېخىمۇ يوشۇرۇن مەنىگە ئۆزگىرىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، جەنۇبىي تەرەپتىكى تەخمىنەن 1000 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا «U—201» نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتى ۋەيران قىلغۇچى ئىككىنچى گورۇپپىنى فلورىدا دېڭىز قىرغىقى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاڭ سەھەردە، بۇ سۇ ئاستى پاراخوتى جېكسونۋېل شەھىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىغا 25 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى پانت ۋېترا دېڭىز ساھىلى ئەتراپىدا سۇ يۈزىگە چىقتى، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ يان تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر رېزىنكە

قولۋاق بىلەن كونىن، نىيۇبېر، دىل ۋە ھوپوت قىرغاققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە سايمانلارنى كۆمۈۋېتىپ، كە-يىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئامېرىكا بويىچە بىرىنچى نومۇرلۇق تاشيولغا چىقىپ چېكسونۋىلغا قاتنايدىغان كوچا ئاپتوبۇسىنى كۈتۈپ تۇردى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، كونىن بىلەن دىل سىنسىنناتىغا قاتنايدىغان پويىزغا ئولتۇردى، ھوپوت بىلەن نىيۇ-بېر چىكاگوغا يۈرۈپ كەتتى.

گېئورگى داك نيۇ - يوركتا تۆت كۈنلا تۇردى ۋە ئىلگىرى ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان دوستلىرى بىلەن قارتا ئويناپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، ۋاشىنگتونغا باردى - دە، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باش شتابىغا تېلېفون بەردى.

— مەن سىلەرنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئىش بېجىرىش ئور-نۇڭلارغا تېلېفون بەرگەن ئادەم بولىمەن، — دېدى ئۇ، — ھازىر ماي گۈلى مېھمانخانىسىدىكى 351 - نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى دوئان ترېينا بىلەن توماس دونىگانغا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەچۈر-مىشلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئىككى كۈن سۆزلىدى. پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى فرانكو جونىسدون ۋە نوۋار ۋېرىس ئالدىنقى ئىككىيلەن بىلەن نۆۋەت ئالماشتۇردى. ھەر ئىككى كۈندە بىر نەپەر تېز خاتىرىلىگۈچى ماشىنىست 351 - نومۇرلۇق ئۆيگە كېلىپ ئۆزىنى تېزىمغا ئالدۇرۇپ تۇردى. داكنىڭ ئىق-رارنامىسى تولىمۇ ئىرماش - چىرماش ئىدى، 254 بەت ماشىنى-كا قەغىزى سەرپ قىلىنغان بۇ ئىقرارنامە، نۇرغۇن تۇترۇقسىز سۆزلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ بۇ ئاخباراتنىڭ تۇتاملىقراق يېزىلغان بەتلىرىدە داك

كاف ۋە ۋەيران قىلغۇچىلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى ئۇستىدە گەپ ساتقانىدى. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى گۇرۇپپىنىڭ زەربە بېرىش نىشانىنى رەتكە تىزىپ، گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىنى سۈرەتلىگەن ۋە ئۇلارنى يېقىن ئۆتىدىغان ئالاقىدار ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى ۋە ئادرېسى بىلەن تەمىن ئەتكەن ۋە گېرمانىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە ھەربىي ۋەزيىتىنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇ ناتسىستلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ چوڭقۇر سۇ ئاستىدىكى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلىرىنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ سۇ ئاستىدىكى بومبىلىرىنىڭ سىرتقا ئېتىلىش ئەھۋالىنىمۇ پاش قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەمكارلىق دوكلاتىدا ئۆزىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن گېرمانىيە خەلقىگە قارىتا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

داڭ ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ئىقرارنامىسى ئاياغلىشىپ قالاي دېگەن ۋاقىتتا، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىملىرى بىگېر تۇرۇۋاتقان بزىدېنت كېلىنتون مېھمانخانىسىنىڭ قۇلۇپسىز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپلا ئۇنى قاماپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ھودۇقۇپ كەتتى، دېگەندىن كۆرە ئېغىر يۈكتىن خالاس بولدى دېيىش تېخىمۇ مۇۋاپىقراق ئىدى. بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خوك بىلەن كۆيلىن كىنوخانىدىن مارتىنىك مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلگەندە، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

ئىدۋارد كونېن ئىككىنچى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى نيۇ ـ يوركتا ئىدى. ئۇ 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خوتۇنىنى يوقلاپ كەلدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇ كەسىپدىشى دېل بىلەن قولغا ئېلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىكاگودىكى ھوپۇت ئاتا ـ

ئانىسى تۇرۇشلۇق كونا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا كىرىپ، ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەنلەرگە ئالاقە-دار ئىشلارنى ئۇقۇشتى. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى ئىشلار «ھېچ-قانداق مەسىلە يوق» تەكلا بىلىنگەندى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەمەس ئىدى، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئۇنى نازا-رەت قىلىشۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولغانىدى دېمەك، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. ئاخىر، قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۇنى سەككىز نەپەر بۇزغۇنچى ئۇنسۇرنىڭ ئەڭ ئا-خىرقىسى بولغان نيۇيېرنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىدە ئۇ قولغا ئېلىندى.

بەش كۈندىن كېيىن (7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) زۇڭتۇڭ روزۋېلت مەخسۇس بىر ھەربىي تەكشۈرۈش كومىتېتىنى بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بۇ 1865 ـ يىلى زۇڭتۇڭ ئابراھام لىنكولىن سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن تۇنجى قې-تىم ئامېرىكىدا تەشكىللەنگەن قاتتىق مەخپىي ھالەتتە ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل سوت ئىدى.

سوت ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ 5235 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە باشلاندى. ئاقلىغۇچى، گۇۋاھچى، سىرتتىن قاتناشقۇچى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاشقا قەسەم بېرىشكەندى. پەۋقۇلئاددە ھەربىي سوت كوللېگىيىسى بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سوتچى ۋە ئادۋوكاتنى بىگېر، خوك، كۇيلىن، كونىن، دېر ۋە ھوپۇتلارنى ئاقلاشقا بۇيرۇدى، بۇنىڭ ئىچىدە پولكوۋنىك كېننىس لويار بار بولۇپ، ئۇ كېيىن قۇرۇقلۇق ئارمىيە شتابىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگە-نىدى. داكىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇنىڭغا پولكوۋنىك كارل . لوسكىن ئاقلىغۇچى بولدى، بۇ ئۇستا ئادۋوكات، ئىۇرۇش

مەزگىلدە ھەربىي سوت باشقارمىسى ئىشخانىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى.

سوت باشلانغاندا، ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى فرانسىس بىدېر پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەيرون كىرام بۇ ئەنزە ئىشىغا شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى. ھەربىر جاۋابكار كىشىنى چۆچۈتىدىغان تەپسىلىي ئىقرارنامىسىدىن باشقا، ئەيىبلەنگۈچىلەر ئېلىپ كەلگەن پارتلىتىش سايمانلىرىنىمۇ تونۇشتۇردى. ئۇ بۇ گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا ئەسكىرىي شىجائىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنۇ ئەمەلىيەتنى تەكىتلىدى: قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى ھەقىقىي تۇردە كۈچلۈك خىزمەت ئىشلىگەچكىلا، ئۇلار بىر - بىرلەپ قولغا چۈشۈرۈلدى - دە، بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىگە بەرھەم بېرىلدى. بىرەر - ئىككى ئادەمدە ھەرىكەتلىنىش ئارزۇسى كەمچىل بولغانغا، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەننىۋاسىنى قويۇۋېتىشكە توغرا كېلەمدۇ؟

جاۋابكارلارنى ئاقلاش بىر مەسىلىنى يەنى مۇنداق بىر ئېنىق مەسىلىنى دەۋرىي قىلاتتى، ئۇ بولسىمۇ بۇ گېرمانىيىلىكلەر بىرەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارمىغان - ھەتتا ئۇلاردا ئۇرۇنۇپ بېقىشمۇ بولمىغان! ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئانچىۋالا ئەسەبىيلىشىپ كەتمىگەن ناتسىستلار ئىدى، ئۇلار بىلەن «پاستولىس ھەرىكىتى» گە ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتناشقان بولۇپ، گېرمانىيىدىن مۇشۇنداق بىخەتەر ھالدا ئايرىلىپ، ئامېرىكىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېلىۋالغانلار ئىدى.

لېيتېنانت كافىنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلىرى كەينى - كەينىدىن سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ گىتلېر ھاكىمىيىتىگە

بولغان نارازىلىقى ئۇستىدە شىكايەت قىلىشتى. بىگېر ئۆزى بىلەن گېستاپوچىلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ماجىرالارنى تەپسىلىي بايان قىلدى، ئۇ سوتتىن ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسىنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە ئاخبارات ئىكەنلىكىگە ئېتىبار بىلەن قاراشنى ئىلتىجا قىلدى: ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرى؛ ۋەيران قىلغۇچىلار كۆمگەن ئەسۋابلارنىڭ ئىقتىدارى؛ «U—202» سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پىلانلىنىشى قاتارلىقلار.

سوتنىڭ تازا قايناق مەزگىلى گېئورگىي داكىنىڭ سوتقا چىققان ۋاقتى بولدى. سوقچاق يۈز بۇ ئەر گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا سەپرا مىجەزلىك بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەسىمۇ، گەپلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادۋوكاتى ھەتتا ئەدلىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بىلەنمۇ مۇنازىرىلەشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆزىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئاشۇ بۇرچىدىن ۋاز كېچىشنى پىلانلىغانلىقىنى، گىتلېر ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ھەممە نەرسىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەۋاگەرگە رەددىيە بېرىلدى. قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى داكىنىڭ ھەمكارلاشقىنىغا ۋە دوكلاتىغا قارىتا ۋەدە بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى سورىدى. داك قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ راستتىنلا ۋەدە بەرگەنلىكى، پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى دونىگاننىڭ ئۇنىڭغا ئەگەر رەسمىي بايانات ئېلان قىلسا ۋە جىنايىتىنى تونۇسا، ئالتە ئاي ئىچىدە قويۇپ بېرىلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتقانلىقىنى قەيت قىلدى. كېيىن، دەۋاگەر ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز جىنايىتىنى تونۇمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: جىنايىتىنى تونۇسا، گېرمانىيە زېمىنىدە خائىن دېگەن ئاتاقتا قالىدىغانلىقى، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ پېشكەللىككە

ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ، پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى دونگان
سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئۇ گۇۋاھلىق بېرىپ: جاۋابكار
ھەققىي ئەھۋالنى بىر ئاز بۇرمىلىدى، قوشما شتات تەكشۈرۈش
ئىدارىسى ھېچقانداق ئىشتا داكقا ۋەدە بەرگىنى يوق، دېدى.
ئۇلار شىكايەت تەرتىپىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىلا ئۇنىڭغا چۈشەن-
دۈرمەكچى بولدى. (شۇ چاغدا، ئۇلار ئوچۇق سوت ئېلىپ
بارىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. داك ئەگەر جىنايىتىگە قايىل
بولماي ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ بۇ مۇھىم ئەنزە
ئۇستىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى رولىنى گېرمانىيىلىكلەرگە ئاش-
كارىلاپ بەرگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇ جىنايىتىگە قايىل بولغانلى-
قىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىمۇ ھاجەتسىز ئى-
دى. قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى باشقىچە بىر نۇقتىنى
كۆرسەتتى: داك ئەگەر «پاستولېس ھەرىكىتى» دىن ۋاز كې-
چىشنى بۇرۇنلا پىلانلىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن 6 - ئاينىڭ
19 - كۈنىگىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن دائىرىلەرگە ئۆزىنى
مەلۇم قىلىدۇ؟ ئاچقۇچلۇق بولغان بۇ بەش كۈن ئىچىدە، ئامې-
رىكا فلورىدا دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدا «U—201» نومۇرلۇق
سۇ ئاستى پاراخوتىنى قولغا چۈشۈرۈش پۇرسىتىنى قولدىن
بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا ھېلىقى سۇ ئاستى پاراخوتى ئىككىن-
چى گۇرۇپپىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
بولالىغانىدى.

ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان چاغدا، سوت مۇنداق مە-
سىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمىدى: — ناتسىست گېرما-
نىيىسىدەك بۇنداق بىر ئالدىنقى قاتاردىكى كۈچلۈك ھەربىي
دۆلەتتە، گېرمانىيە جاسۇسلۇق ئاخبارات ئىدارىسى مۇشۇنداق
بىر قېتىملىق مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن تاللىغان ھەممىدىن قابىل
بىر ئادەمنىڭ داكقا ئوخشاش بۇنداق سەپرا مىجەزلىك، سىياسىي
جەھەتتە تۇراقسىز ئۇنسۇر بولۇشى مۇمكىنمۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقى-

لىرىمۇ تۇراقسىز ئۇنسۇر دېيىلسە، بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلەمـ
دۇ ياكى ئەقىلغا سىغامدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولسا ساخـ
تا، يۈزەكى ھادىسە بولۇشى مۇمكىن، بىر بولسا پۇختا ئورۇنـ
لاشتۇرۇلغان بىر خىل ھالەت بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۇيىقەستـ
چى ئۇنسۇرلار ئۇ نىمىلىرىنى قولغا ئېلىنىش بىلەنلا ئىشقا
سالغانمۇ قانداق؟

ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەيىبلەشنىڭ خۇلاـ
سىسى سۇپىتىدە، كوللېگىيىنىڭ سەككىز نەپەر ئەمەلدارىغا
مۇنداق تەبرىك سۆز ئاتا قىلدى: "ئەپەندىلەر، ئاقىلىغۇچىنىڭ
كۆزقارىشى قوبۇل قىلىنىپ مۇنداق يەكۈن چىقىرىلدى: جاۋابـ
كارلار دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇزچى سۇپىتىدە ئەمەس، مۇساپىر
سۇپىتىدە كىرگەن".

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جاۋابكارلار زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن
تەستىقلانغان كوللېگىيە ھۆكۈمىنى ئاڭلىدى: بارلىق جاۋابكارـ
لار ئۆرۈش مەزگىلى قانۇنىغا چېقىلغان. داكقا 30 يىللىق قاماق
جازاسى، بىگېرغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.
باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى توك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلۇپ ئۆلـ
تۈرۈلدى.

1948 - يىلى 4 - ئايدا زۇڭتۇڭ تىرومىن داك بىلەن
بىگېرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم بىلەن قويۇپ بېرىپ غەربىي گېرماـ
نىيىگە ئەۋەتتى.

قولغا چۈشۈرۈلگەن بۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەـ
تەن قانداق ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ھوشيارلىق ئۈستۈرۈلگەچكە ۋە
دۈشمەنگە باغلانغان ئۇنسۇرلار — ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىنـ
غاچقا، ئاقىۋەتتە: ئامېرىكىدا پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە،
دۈشمەنلەر پىلانلىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ
ئىشقا ئاشمىغان. بۇ — ھازىرقى زاماندىكى كىشىنى ھەيران
قالدۇرىدىغان بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇزغۇنچىلىق ھەـ
رىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

# 8. دېڭىزدىكى ئەرۋاھ كۆلەڭگىسى

## روبېرت . لىستېر

ئەنگلىيىنىڭ «ئېكزېتېر شەھىرى» ناملىق يولۇچىلار پاراخوتىنىڭ گۈزەت قاراۋۇلى جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ سۇ ئانتىنىسىدا بىر ناتونۇش كېمىنى بايقىغانلىقىنى مەلۇم قىلىشى بىلەنلا، پاراخوت باشلىقىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. بۇ — ناتسىستلار گېرمانىيىسى ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقان 1940 - يىل 5 - ئاي ئىدى. شۇنداقتىمۇ يېرىم سائەتتىن كېيىن، پاراخوت باشلىقى ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ھە دەپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ ناتونۇش پاراخوت 8400 توننىلىق «شىياڭجۇۋەن» ناملىق، پاراخوت بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ يەنىلا بىتەرەپ دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياپونىيىنىڭ پاراخوتى ئىدى.

پالوبا (پاراخوت ئۈستى) دە بىر ئايال بوۋاق ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ يۈرەتتى. يېنىدا بىرنەچچە پاراخوت خادىمى ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۆرە تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ قارامتۇل چىرايى، پاكار بويى مەيىن شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بەئەينى ياپون ماتروسلىرىنىڭ سالاپىتىدىن دېرەك بېرەتتى. ئىككى پاراخوت توختىماي ماڭغان پېتى بەلگىمۇ بەرمەي سۈركىلىپ ئۆتۈشتى.

ئەمەلىيەتتە، بوۋاق ھارۋىسى ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىدى، ھېلىقى ”ئايال“ مۇ ھەرگىز ئايال ئەمەس ئىدى. پالوبادا بىرنەچچە ئەبلەخ فېلتىس، كروس ۋە كارل دېگەنگە ئوخشاش نېمىسچە

ئىسىملارنى چاقىرىشىۋاتاتتى. پاراخوتتىكى قالغان 350 نەپەر ئېخنىك ۋە ئۇرۇش خادىمى بولسا پاراخوتنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە يوشۇرۇنغانىدى، پەنەركىدىن ياسالغان ھاۋا ئۆتۈشۈش ئۇسكۇنىسى، بىرزىيتتىن ئىشلەنگەن تۇرخۇن ۋە سىر بىلەن نىقابلانغان بۇ پاراخوت گېرمانىيىنىڭ «ئوكيانىيە» ناملىق زەربىدار پاراخوتى بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيانلاردا چارلاپ يۈرىدىغان ۋەھشىيلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر يىرتقۇچ مەخلۇق ئىدى.

گېرمانىيىلىكلەر ئۇرۇش مەزگىلىدە قوراللاندۇرغان مۇشۇ خىلدىكى توققۇز زەربىدار پاراخوت جەمئىي 136 پاراخوتنى غەرق قىلىۋەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ ئۆلچىمى ھەممىدىن كۆپ، مۇساپىسى ئەڭ يىراق ئىدى، قوماندانىمۇ قالتىس ئىدى.

ئۇ يېڭىدىن سۇغا چۈشۈرۈلگەندە «جېنفس» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ گېرمانىيە خەنسا دېڭىز نەقلىياتى شىركىتىنىڭ 7800 توننا كېلىدىغان تېز سۈرئەتلىك يۈك پاراخوتى ئىدى. ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، بۇ پاراخوتتا يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرىدىغان ئالتە ئىنگلىز سۇغى كېلىدىغان زەمبىرەكتىن ئالتىسى، كۆپلىگەن يېنىك زەمبىرەك، سۇ مىناسى قويۇپ بېرىش تۇرۇبىسى، دېڭىز چارلاش ئايپاراتى ئورنىتىلغان ۋە بىر قىسىم سۇ مىنالىرى قاچىلانغانىدى. ئۇ يەنە يېتەرلىك سەھنە ماتېرىياللىرىنىمۇ ئېلىۋالغانىدى، قارىماققا ھېچبىر زىيىنى يوقتەك كۆرۈنىدىغان بۇ ماتېرىياللار 12 خىل سودا پاراخوتىنىڭ بىرەر خىلغا ئوخشاشلا نىقابلىنالايتتى.

1940 - يىل 3 - ئايدا يۈزلىرى كەڭ ھەم سېمىز كەلگەن 40 ياشلار چامىسىدىكى مەردانە قىياپەتلىك بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى بېرىنخارد روگىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت نورۋېگىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ باردى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پاراخوتى قىياپىتىدە نىقابلىنىپ يەنە

شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندا پىتىراپ يۈردى. تۇيۇقسىز زەربە بېرىشكە بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەن پاراخوتلارغا زەربە بېرىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت ئېكۋاتورنى كېسىپ ئۆتۈۋېتىپ، ئۆزىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بايرىقىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ۋە تۇرخۇن ئوتتۇرىدىكى بەلگە-نى ئالماشتۇرۇپ «ياپونىيە» پاراخوتى قىياپىتىگە كىرىۋالدى «ئېكىستېر شەھىرى» ناملىق پاراخوت بىلەن ئۇچرىشىدىغان چاغدا، پاراخوت باشلىقى روگ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا زەربە بەرمىدى، چۈنكى پاراخوتتا سان جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ يولۇچىلار بار ئىدى.

«ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ تۇنجى قېتىملىق زەربە-سىگە ئۇچرىغىنى ئەنگلىيىنىڭ «مۇتەخەسسىس» ناملىق پاراخو-تى بولدى. ئۇ «مۇتەخەسسىس» ناملىق پاراخوتقا "پاراخوتنى توختىتىش" ۋە "پاراخوتتىكى سىمسىز تېلېگرافلارنى ئىشلەت-مەسلىك" ھەققىدە پۇتۇنلەي ئۆشتۇمتۇت بۇيرۇق بەرگەنىدى. لېكىن، پاراخوتتىكى سىمسىز تېلېگراف رادىستى يەنىلا ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن "QQQ" جىددىي سىگنالنى ("دۈشمەن تەرەپ-نىڭ قورالىق سودا پاراخوتى پاراخوتىمىزنى توسۇشقا ئۇرۇنماقتا" دېگەن مەنىدە) نى تارقىتىۋەردى. بۇ چاغدا، "ئوكيانىيە" ناملىق پاراخوت ئوت ئېچىپ بۇ پاراخوتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى زەخىملەن-دۈردى ۋە ئۇنىڭ سىمسىز تېلېگرافلىرىنى پاچاقلىۋەتتى. پارا-خوتتىكى 77 نەپەر ماتروس قۇتقۇزۇش كېمىسىگە چۈشۈۋالدى، ئۇلار ئىچىدىكى ئىككى كىشى ئۆلەي دېگۈدەك يارىلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتقا ئەسىر چۈش-كەنىدى. «مۇتەخەسسىس» ناملىق پاراخوت تورپېدا (سۇ تېگىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان مىنا) نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ زەخىملەنگەن-

دى. «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت سۇرئىتىنى تېزلىتىپ ئۇمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، پاراخوت باشلىقى روگ ئەنگلىيە رادىئوسى تارقاتقان: گېرمانىيىنىڭ بىر ياردەمچى چارلاش پاراخوتى ياپونىيە پاراخوتى قىياپىتىدە نىقابلىنىپ ھىندى ئوكياندا ھەرىكەتلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش خەۋىرىنى ئاڭلىدى. «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت دەرھال "ياپونچە كىيىم" نى سېلىۋېتىپ، گوللاندىيە پاراخوتى «ئابېرگىل» قىياپىتىگە -كىرىۋالدى.

ئىككىنچى زەربىگە ئۇچراپ زەخىملەنگىنى نورۋېگىيىنىڭ «دىرانا» ناملىق پاراخوت بولدى، بۇ پاراخوتقا پەلەستىنىدە تۇرۇشلۇق ئاۋستىرالىيە قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتلىرى قاچىلانغاندى. بۇ پاراخوت ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، روگ يالاپ ئېلىپ ماڭغۇچى بىر تۈركۈم خادىملارنى شۇ پاراخوتقا ئەۋەتتى ۋە ئەسىرگە ئېلىنغان بۇ پاراخوتنى ئۆز پاراخوتىنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ بىرنەچچە ھەپتە يۈردى.

بىر ئايدىن كېيىن، ئۈچ پاراخوت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى زەربىگە ئۇچراپ زەخىملەندى. بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يەنە بەش پاراخوت زىيانغا ئۇچرىدى. بىر پاراخوتتىكى تاشلاندۇق قەغەز دۆۋىلىرى ئارىسىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار گېرمانىيەلىكلەر تەرجىمە قىلالايدىغان ئەنگلىيە سودا پارخوتىنىڭ دېڭىزدا يۈرۈشتە پايدىلىنىدىغان مەخپىي رەقەملىرى بولۇپ چىقتى.

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە شتابى بارلىق پاراخوتلارغا سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق گۇمانلىق پاراخوتلارنى مەلۇم قىلىش، ھەرقانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىش بىلەن ھېسابلاشماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. نەتىجىدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئۇچرىغانلىكى پاراخوتلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، سورىقىنى كېيىن تارتامدۇق دېگەن يول بويىچە ئىش

قىلدى.

زىيانغا ئۇچرىغان پاراخوتلارنىڭ يېرىمى دېڭىزدىكى بويسۇن-دۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆز شتابلىرىغا تېلېگراممىا يوللىغان. ئۇلارنىڭ تولىسى زەمبىرەكنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ بەزى چاغلاردا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. لېكىن پاراخوت باشلىقى روگ تەنها ئېلىپ بارغان بۇ قېتىملىق دېڭىز ئۇرۇشى ئۇرۇش يول قويغان شارائىتتىكى "مەدەنىيلىك" نىڭ بىر خىلى بولدى. ئۇ ئەسىرلەر ئۇچۈن ياتىدىغان ئورۇن بىكارلىدى ۋە قوغدىغۇچىلاشقا بولىدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى پاراخوتقا چىقاردى. دېڭىزدا يۈرگەن 20 ئاي ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 31 مىڭ ئەسىر يىغىۋالدى، ئۇلار ھەر خىل ياشتىكىلەرنى، تۈرلۈك دۆلەت تەۋەلىدىكىلەرنى، ئەرلەر ۋە ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. روگ ئەسىرلەرگە پاراخوت خادىملىرىغا ئوخشاشلا ئوزۇق ـ تۈلۈك تارقىتىپ بەردى. «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت خادىملىرى جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغاندىن باشقا، ئەسىرلەرنىڭ كۈندۈزى پالوبا ئۈستىگە چىقىشىغا ھەم بىرېزىنت كۆلچەكتە سۇ ئۈزۈشكە روخسەت قىلىناتتى.

ئەسىرگە چۈشكەن پاراخوت باشلىقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ياتاقلاردا ياتاتتى. نورۋېگىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى بىر كۈلۈب ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، گېرمانىيىلىكلەر دائىم ئۇ يەرگە مېھمانغا چاقىرىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار دائىم «ئائىلە، دېڭىز ـ ئوكيان ۋە سەنئەت ئاياللار» ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىدىكەن، سىياسىي بەس ـ مۇنازىرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەن. ئەسىرلەر باشقا پاراخوتلارغا يۆتكىلىدىغان چاغدا پاراخوت باشلىقى روگ پاراخوت باشلىقلىرىغا زىياپەتمۇ بەرگەنىكەن.

1940 ـ يىلى كۈزدە، «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت خۇددى بېلىقچىلار بېلىق تۇتۇشتا تەلىيىگە تايانغاندەك 40 كۈن

ئىچىدە ئاران بىر پاراخوتنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. ئەمما 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە 40 سائەت ئىچىدىلا ئۈچ پاراخوتنى قولغا چۈشۈردى. بۇنىڭ بىرى نورۋېگىيىنىڭ «ئورجىكاب» ناملىق پاراخوتى بولۇپ، ئۇ زەخىملەنگەندە، پاراخوتتىكى كۈچلۈك پارتلايدىغان بېنزىنغا ئوت تۇتىشىپ كېتىپ «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتتىن ماتۇرلۇق قولۋاق چۈشۈرۈلىدۇ، بۇ چاغدا پاراخوت ئۈستىدىكى ئىككى نەپەر ئوفىتسېر ئەنگلىيە ئوفىتسېرى قىياپىتىدە ياسىنىپ ئۇ پاراخوتنى قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئەسىر ئالىدۇ. يەنە بىرى نورۋېگىيىنىڭ «تېدى» ناملىق ماي پاراخوتى بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە سائەت ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قېلىپ كۆيىدۇ. دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان پاراخوتلارنىڭ ھەممىسى بۇ پاراخوتتىكى ئاسمان پەلەك ئىس چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. ئەنگلىيىنىڭ «ئوتمىتون» ناملىق پاراخوتى ئۈستىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى بىر پاي زەمبىرەك ئوقىنىڭ زەربىسى بىلەنلا تەسلىم بولىدۇ. بۇ پاراخوتتىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە پارلامېنتنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مۇتلەق مەخپىي دوكلاتى ۋە ئەنگلىيىنىڭ يىراق شەرق ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ئەۋەتىلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى بار ئىدى.

پاراخوت باشلىقى روگ كۆپچىلىكنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ھەربىر كىشىنى باراۋەر ھالدا ئاز مىقداردىكى تەملىك يېمەكلىكلەر ــ پىۋا، قەنت ـ گېزەك ۋە ئولجا ئېلىنغان پاراخوتلاردىن يىغىۋېلىنغان خالتىلىق يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇراتتى، قىرغاققا چىققاندىن كېيىنكى دەم ئېلىش ھېسابىدا پاراخوت ئۈستىدىمۇ بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش بەرگەنىدى. دەم ئالغۇچىلاردىن ھەر قېتىم 12 كىشى ئوفىتسېرلەر پائالىيەتخانىسىغا كىرەتتى، جەڭ بۇيرۇقى چۈشۈرۈلمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆز مەيلىچە پائالىيەت قىلىشىغا يول قويۇلاتتى، ئۇلار

يا مەلەخ بولۇپ ئۆخلىشاتتى، يا كىيىملىرىنى يامىشاتتى ياكى شېئىر توقۇپ گىتار چېلىشاتتى. باشقىلار جاپالىق خىزمەت قىلىشۋاتقان پەيتتە رەسمىي بەلگىلەنگەن بۇ خىل لاغايلاپ يۈرۈش قالتىس بىر خىل دەم ئېلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى.

1941 ـ يىلىدىن باشلاپ، «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ ئۈستىلىقى ئاقمىدى ـــ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئاران تۆت پارا-خوتقا زەربە بېرەلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مىسىرنىڭ «مەدھىيە» ناملىق بىر يولۇچىلار پاراخوتى بار بولۇپ، پاراخوتتا 140 نەپەر ئامېرىكىلىق دىن تارقاتقۇچى بار ئىدى. «مەدھىيە» ناملىق پاراخوتتىكى يولۇچىلار ۋە ماتروسلار بولۇپ جەمئىي 409 كىشى «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتقا چىقىرىلدى. ئىككىنچى كۈنى گېرمانىيىنىڭ «دېلەستون» ناملىق يەنە بىر پاراخوتى ئەسىر-لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، كېيىن ئۇلارنى گېرمانىيە-نىڭ بوردو دېگەن يېرىگە ئېلىپ باردى.

بۇ ھۆجۇمچى پاراخوتنىڭ تېررورلۇقى خۇددى غەرق بولغان كېمىگە ئوخشاش ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەربىي پاراخوتلى-رى ئۆزلىرى تۇرغان جايدىن جەنۇبىي قىسمىغا يۆتكىلىپ بې-رىپ، ھېلىقى پاراخوتنى ئىزدىمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى. سودا پاراخوتلىرى سەل يىراق يوللارنى ئايلىنىپ ماڭمىسىمۇ بولمايتتى، بۇنداقتا ۋاقىتمۇ ئىسراپ بولاتتى، مايمۇ كۆپ خو-راپ كېتەتتى. پاراخوت خادىملىرىنى ياللاشمۇ قىيىنغا توختايت-تى، ئۇلارغا خېيىمخەتەر قوشۇمچە پۇلى بېرىشكە توغرا كېلەت-تى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پوچتا يوللانمىلىرى ئازغىنىشىپ ياكى يوقىلىپ كېتەتتى.

ياز پەسلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت جەنۇبىي ھىندى ئوكياندا ئۇيان ـ بۇيان ئۈزۈپ يۈرۈپ، دېڭىز چايكىسىدىن چوڭراق بىرەر نەرسىنى يولۇقتۇرالمايتتى،

كېيىن 1941 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئۇنىڭ 27 ـ قېتىملىق ئولجىسى، — ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيانغا ئۇچرىغۇچى پاراخوتى — نورۋېگىيىنىڭ «شىلۋاپىنارا» ناملىق پاراخوتى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتتىكى رازۋېدكا ئايروپىلانى تاڭ سەھەردىكى ئۇچۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ يەرگە قونۇپلا كېرەكتىن چىقتى، بۇ دەل گۇزەت قىلىشنىڭ زۆرۈر ۋاقتى ئىدى. چۈنكى ئىككىنچى كۈنى گېرمانىيىنىڭ 126 ـ نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتى «ئوكيانىيە» بىلەن ئۇچ-راشماقچى ۋە يېقىلغۇ ئەشيالىرىنى تولۇقلاپ بەرمەكچى (بۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەشغۇلات) ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ قوغدى-نىش ئىقتىدارى قالمىغانىدى. برازىلىيە بىلەن ئافرىقا ئوتتۇر-سىدىكى ئۇچرىشىش نۇقتىسىدا ئىككى پاراخوت ئۇچراشتى. سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ يېنىدىكى ماتورلۇق قولۋاق ئۇستىدە «ئوك-يانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ بىرنەچچە ماتروسى تۇراتتى؛ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ باشلىقى «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت ئۇس-تىدە ئىدى. بۇ چاغدا «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت ئۇستىدىكى سول تۇربىنا چۇۋۇلۇپ رېمونت قىلىنىۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇتلا، كۆزىتىش قاراۋۇلى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان دېڭىزدا قەلەم ئۇچىدەك چوڭلۇقتىكى بىر كۆلەڭگىنى بايقىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ «دېۋېن-كون» ناملىق ئېغىر تىپتىكى ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتى پاراخوت باشلىقى پولكوۋنىك ئولۋېر (كېيىن دېڭىز ئارمىيە-سىنىڭ گېنېرال لېيتېنانتلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن) نىڭ قوماندان-لىقىدا گېرمانىيىنىڭ بۇ ئىككى پاراخوتىغا ئېتىلدى.

گېرمانىيىنىڭ بۇ ئىككى پاراخوتى «دېۋېنكون» ناملىق پاراخوتنى كۆرۈپلا بىخەتەرلىك سىرتمىقىنى ئېلىپ تاشلاپ سۇ

ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ باشلىقىنى «ئوكيانىيە» نام-لىق پاراخوتقا تاشلاپ قويۇپ چاتىقى بولمىدى. سۇ ئاستى پارا-خوتى شۇنداق قىلىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدىمۇ؟ ئۆزۈۋېتىل-گەن بېنزىن يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىدىن سۇ يۈزىگە ئېقىپ چىققان يالتىراق ماي ئىزلىرى بۇنى ئاشكارىلاپ قويىدى. «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ پەقەت بىرلا ئىشتىن ئۈمىد كۈتۈشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۇ بولسىمۇ: نەيرەڭ ئىشلىتىش، سۆزلىشىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ «دېۋېنكون» ناملىق پاراخوتنى سۇ ئاستى پاراخوتى تورپېداسىنىڭ قارىغا ئېلىش دائىرىسىگە ئالداپ كىرگۈزۈش ئىدى.

پاراخوت باشلىقى ئۇلۇغ بۇنىڭدىن ناھايىتى گۇمانلاندى. شامال ئۆتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ھادىسىلەردىن سىرت ئۇ يەنە بۇ پاراخوتتىن تىنچ دېڭىز يۈزىدە يېقىلغۇ ماي پۈرىقى پۇراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ دېڭىز ئارمىيە مىنىسترلىقىنىڭ گۇمانلىق ھۇجۇم قىلغۇچى پاراخوتقا قىلغان تەسۋىرىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ تورپېدانىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پاراخوتنى ئەگىتىپ ئىلگىرىلەتتى ھەمدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتقا قارىتىپ ئىككى شازا زەمبىرەك ئوقى ئاتتى.

دېڭىز يۈرۈشىدە ئىشلىتىلىدىغان بۇنداق ئۇسۇلغا ھەرقان-داق پاراخوت ئىنكاس قايتۇرماي قالمايتتى. پاراخوت باشلىقى روگ ئۇلارنى «بولفېموس» ناملىق پاراخوت دەپ ئاتىدى. ئۇلۇغ دەرھال جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيان فلوتىنىڭ قوماندانىدىن بۇ گۇمانلىق پاراخوتنىڭ راستىنلا «بولفېموس» ناملىق پاراخوت ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتى. بىر سائەت-تەك ۋاقىت ئىچىدە «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوت لەڭگەرنى كۆتۈرۈپ، دېڭىز دولقۇنىدا چايقىلىپ يۈرۈپ سۆزلىشىش ۋاقتى-نى كەينىگە سۈردى. ئۇلارنىڭ غوۋا بىر ئۈمىدى: سۇ ئاستى پاراخوتنى ئەنگلىيىنىڭ ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا يېقىنلاشتۇ-

رۇپ، تورپېدا قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ باشلىقى «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتقاچقا سۇ ئاستى پاراخوتى ئوكيان چارلاش پاراخوتىغا ھۇجۇم قىلمىدى.

سائەت توققۇزدىن 34 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلۇغ جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيان فلوتىنىڭ قوماندانى قايتۇرغان "بۇ پاراخوت ئەمەس! يەنە شۇنى دەپ قوياي بۇ پاراخوت ئەمەس!" دېگەن تېلېگرام جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن، «دېۋېنكون» ناملىق پاراخوت ئوت ئاچتى. «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتقا سەككىز ئىنگلىز مىلىلىق زەمبىرەك ئوقىدىن ئىككى شازا تەگكەن چاغدا، پاراخوت باشلىقى روگ پاراخوتتىن مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

سائەت دەل ئون بولغاندا، پاراخوتنىڭ ئالدىنقى بۆلمىسىدىكى ئوق ـ دورا ئامبىرى پارتلىدى؛ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ قۇيرۇق تەرىپى چۆكۈشكە باشلىدى. پاراخوت چۆكۈشكە باشلىغان چاغدا، پاراخوتچىلار ئۆزلىرىگە 20 ئاي ئۆي ـ ماكان بولغان بۇ پاراخوتقا ئېھتىرام بىلدۈردى، پاراخوت باشلىقى روگ ئۆزىنىڭ ئېنگىلاند نەسىللىك كۈچۈكى ـــ فاللىنى يېتىلىگەن ھالدا بىر قېيىقنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ ھېلىقى پاراخوتقا قاراپ چاس بەردى. دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا، پاراخوت باشلىقى ئۇلۇغ تورپېدانىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن، ھايات قالغانلارنى قۇتقۇزۇشقا توختىمىغان، «دېۋېنكون» ناملىق پاراخوت ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولغان.

ئۇشتەك چېلىش ۋە چاقىرىش ئارقىلىق «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتتىكى پاراخوتچىلار بىر جايغا توپلاندى. پەقەت يەتتە ئادەملا زەمبىرەك ئوقىدا ئۆلدى. ئاز دېگەندە 100 دەك ئادەم سۇدا ئۈزۈپ يۈردى ياكى پاچاقلانغان پاراخوت پارچىلى-

-رىغا ئېسىلىۋالدى. يارىدارلار ۋە پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق مۇتە-
خەسسىسلەرنى سۇ ئاستى پاراخوتى قۇتقۇزۇۋالدى. ئالتە دانە
قۇتقۇزۇش كېمىسى 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ ماڭدى.
يەنە 52 ئادەمگە قۇتقۇزۇش كېيىمى ۋە يولۇق ئەدىيال تارقىتىپ
بېرىلدى، ئۇلار سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ پالۇبىسىدا قىستىلىپ
ئولتۇرۇشتى، سۇ ئاستى پاراخوتى چۆكۈپ كېتىدىغانلا بولسا،
ئۇلار قۇتقۇزۇش كېمىسىگە سۇ ئۈزۈپ چىققان بولاتتى. ئۇلارغا
ئەڭ يېقىن قۇرۇقلۇق ــ برازىلىيە 950 ئىنگلىز مىلى كېلەت-
تى.

بۇ بىر غەلىتە كېمە (بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ئالتە دانە
قۇتقۇزۇش كېمىسىنى سۆرىۋالغان) پاراخوت دېڭىزغا غەرق بو-
لۇپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى چۈشتە يولغا چىقتى. بۇ
سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈلگەن بىر دانە رېزىن-
كە قولۋاق ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قۇتقۇزۇش كېمىسىگە ئىس-
سىق تاماقلارنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

پاراخوت دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، U—126
نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتى سۇ ئاستى پاراخوتىنى تەمىنلەيدى-
غان «پىسون» ناملىق كېمە بىلەن ئۇچرىشىپ، بەختكە يارىشا
بالا ـ قازادىن ساق قالغان پاراخوت خادىملىرىنى ئۆز پاناھىغا
ئالدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار يەنە دېڭىزغا تاشلاندى،
چۈنكى «پىسون» ناملىق كېمە ئەنگلىيىنىڭ يەنە بىر ئوكيان
چارلاش پاراخوتى «دورسېتشىر» تەرىپىدىن توسۇپ زەربە بېرى-
لىپ غەرق قىلىۋېتىلدى. بۇ ئوكيان چارلاش پاراخوتى بىرنەچچە
ئاي ئىلگىرى «بىسمارك» ناملىق پاراخوتقا قاخشاتقۇچ زەربە
بېرىپ شۆھرەت قازانغانىدى.

كېيىنرەك «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ خادىملىرى
گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا ئولتۇ-
رۇپ برازىلىيىنىڭ رېزار پورتىغا يېتىپ بېرىپ، كېيىن بىر-

لىنغا يۆرۈپ كەتتى، بۇ پاراخوت 1942 ـ يىلى يېڭى يىل بايرىمى ئۆتۈپ تۇرۇشىغا ئاران بىرلىنىغا يېتىپ كېلەلىدى.

پاراخوت باشلىقى روگ دېڭىز ئارمىيە گېنېرال مايورلۇقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، دېڭىز ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىدىكى كۇرسانتلار-نىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىگە مەسئۇل قىلىندى. بىراق، ئۇنىڭ ناتسىستلارغا قارشى كەيپىياتىنى كىشىلەر سېزىپ قال-غاچقا، كېيىن ئۇنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ئورۇنغا ئەۋەتىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، «ئوكيانىيە» ناملىق پاراخوتنىڭ زې-يىنىغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى پاراخوت باشلىقى روگقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. «باغداد شەھىرى» ناملىق پاراخوت-نىڭ باشلىقى ھېد ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەن چاغدا تەمىنات يەتكۈ-زۈلۈپ تۇرغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى. «تودونهام» ناملىق پارا-خوتنىڭ باشلىقى ۋودكوك ئۆز پاراخوتىنى هامبۇرگ پورتىدا توختاتقان چاغدا، گېنېرال مايور روگ ئۇنى پاراخوتقا مېھمان بولۇشقا چاقىرغانىدى. روگ ئۇرۇشتىن كېيىن هامبۇرگتا تۇ-رۇپ قېلىۋەردى. ناتسىستلار «گېرمانىيىسى گۇم بولغاندىن كېيىنكى ئاشۇ مۇشكۇل كۈنلەردە، بۇرۇن ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىگە هاي بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىگە نۇرغۇن يېمەكلىك قاچىلانغان پوسۇلكىلارنى ئەۋەتىپ تۇردى. مەسىلەن، روگنىڭ ئىلگىرىكى بىر نەپەر پاراخوت خادى-مى مۇنداق دېگەنىدى: ”ناۋادا روگ هايتلا دەپ قويىدىغان بول-سىلا، ئۇنىڭ قايسى خىلدىكى دېڭىز ئارمىيىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم“.

# 9. ناتسىستلارنىڭ ئاتوم بازىسىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش

### فرېدرىك ساندىي

1942 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى تاڭ سەھەردە لىق يۈك قاچىلانغان «گىدرېد» ناملىق پاراخوت نورۋېگىيىنىڭ دانىستو كۆلىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلىرىدا چايقالغىنىچە كېتىۋاتقاندا، پالوبا ( پاراخوت ئۈستى) دىن تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرمامىدەك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. كىچىك پاراخوتنىڭ ئۇشتۇمتۇت سىلكىنىپلا توختاپ قېلىشى بىلەن بەش مىنۇتتىن كېيىن «گىدرېد» ناملىق پاراخوت سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى، بۇ پاراخوت بىلەن بىرگە سۇغا غەرق بولغىنى گىتلېر ئۇخلىسىمۇ خىيالىدىن كەتمەيدىغان بىر ئاتوم بومبىسى ئىدى. بۇ پارتلاش ساداسى ئىچىگە ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان يەر ئاستى كۈرەش ھېكايىلىرى يوشۇرۇنغانىدى.

بۇ — 1940 ـ يىلىنىڭ تۆتىنچى ئېيىنى ئەسلىتەتتى، خەلقئارادىكى ئالىملار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، لېكىن چىنلىقى ئىسپاتلانمىغان گېرمانىيە ئىمپېراتور ۋىلىيام قۇدرەتلىك تەتقىقات ئورنى ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك سىناق ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇۋېتىپتۇ، دېگەن كوچا خەۋىرى ئۇزۇلۇپ قالدى. كېيىن، 1942 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پىلانى تۈزۈلۈۋاتقاندا، ئەنگلىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇرۇش بۆلۈمى-

نىڭ ئاخبارات باشقارمىسىدىن: گېرمانىيىلىكلەر نورۋېگىيە-
نىڭ ئېلېكتر خىمىيە زاۋۇتىنىڭ نورسىك گېدرىند خىمىيە زا-
ۋۇتى (دۇنيادىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زاۋۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭى)
غا ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ھەر يىلىغا 3000
قاداقتىن ئون مىڭ قاداققا يەتكۈزۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈر-
گەنلىكى توغرىسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر خەۋەر تارقالدى،
بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىش ئىدى. ئىتتى-
پاقداش دۆلەتلەردىكى فىزىكا ئالىملىرى ئېغىر سۇنىڭ ئۇران
235(U) نى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئاستىلات-
قۇچى رېئاكتىپ ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بايقىغانىدى. ئىتتى-
پاقداش دۆلەتلەردە يېتەرلىك ھالدا ئېغىر سۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئېغىر سۇنى چەككىلەش ئۇچۇن بىر يېرىم يىل ۋاقىت
كېتەتتى، ئاخىر گرافىت بۇ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مۇۋەپپە-
قىيەتلىك قوللىنىلدى، لېكىن ئاخبارات ئىمپېراتور ۋىلىيام تەت-
قىقات ئورنىنىڭ ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ سىناقلىرىنى ئې-
لىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نورسىك گېدرىند خىمىيە زاۋۇتىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ
قويۇش ۋە ئۇنىڭ ئېغىر سۇ ئىسكىلاتىنى ۋەيران قىلىشىدا
چېرچىلنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنىتى ھەممىدىن بۇ-
رۇن ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالغان-
دى. ھاۋا ئارمىيىسى شتابىنىڭ بىر دوكلاتىدا: ھازىرقى ئايرو-
پىلانلارنىڭ بۇ قاتمۇقات تاغلار ئوراپ تۇرغان مۇھىم نىشانلارغا
قارىتا ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بۇ —
زەربىدار ئەترەتلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى دېيىلگەنىدى.

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، نورۋېگىيىدىكى بىر قارشىلىق
كۆرسىتىش فرونتىنىڭ جەڭچىلىرى دېڭىز قىرغىقىدىكى «كال-
تىساندىك» ناملىق ھور توربىناسىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە
ئۇنى شىمالىي دېڭىزدىكى سۇ مىناسى ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ

خەتەرلىك جايلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەنگلىيىنىڭ ئابېردىن دېگەن يېرىگە ئېلىپ بارغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەردىن بىرەيلەن سۇ ئېلېكتىر مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئۇ نورۋېگىيە يەر ئاستى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەترىتى- نى تەشكىللىگەنىدى.

ئېينا (ئۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن قويۇلغان ئىسىم) دەرھال لوندوندىكى ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باش شتابى تەرىپىدىن چاقىرتىۋېلىندى. بۇ ئادەم ئەقىل - پاراسەت- لىك، قاۋۇل ئىنژېنېر بولۇپ، قار تېيىلىشقا ماھىر ئۇستا مەرگەنىدى، بۇلار ئۇ شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەت ئۈچۈن مۇھىم شەرت ھېسابلىناتتى. ئۇ ئىرادىلىك، تەمكىن، ھەرخىل ئىشلار- نى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدىغان پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر پايدىلىق شارائىت شۇ ئىدىكى، ئۇ ئىلگىرى نورسىك گىدرىد خىمىيە زاۋۇتى ئەتراپىدىلا تۇرغانىدى، ئۇنىڭ بىر ئىنىسى ۋە بىر قىسىم دوست - ئاغىنىلىرى ئاشۇ زاۋۇتتا مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باش شتابىدا ئېينا دوكتور لېۋ . دېرانىستان بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ نورسىك گىدرىد خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ئېغىر سۇ زاۋۇتىدا پىلانلاش ئىنژېنېرى ئىدى. زور كۆلەمدىكى ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىشنى دەل مۇشۇ دوكتور — دېرانىستان بىر باشقا ئېلىپ چىققانىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن گېرما- نىيىلىك يادرو فىزىكا ئالىملىرى بىلەن شەخسىي ئالاقىسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ شۇ چاغلاردىكى گېرمانىيىنىڭ ئاتوم تەرەققىيات جەريانىنى ھەرقانداق بىر غەيرىي گېرمانىيىلىك خادىملارغا قارى- غاندا تېخىمۇ ئېنىق بىلەتتى. 1941 - يىلىغا كەلگەندە، دېرا- نىستان نورۋېگىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمەت خادىملىرى تەرىپىدىن ئوغرىلىقچە ئاۋستىرىيىگە ئېلىپ كېتىلىپ، كېيىن ئايروپىلان بىلەن لوندونغا باردى.

دېرانىستا بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتىن كېيىن دېرا-
نىستان ئېينادىن: "سىزنىڭچە بۇزغۇنچىلىق ئارقىلىق نورسىك
گېدرىد خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىپ قويۇ-
غىلى بولامدۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئېينا ئەھۋالنى سكاندېناۋىيە-
لىكلەرگە خاس ئېھتىياتچانلىق بىلەن تونۇشتۇردى. بۇ زاۋۇت
پولات چىۋىق ۋە سېمونتتىن قويۇرۇلغان يەتتە قەۋەتلىك غايەت
زور قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ زاۋۇت ۋە ئەتراپتىكى مۇشۇ زاۋۇتقا
ئوخشاش مۇستەھكەم سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1000 ئىنگلىز
چىسى ئېگىزلىكتىكى جىلغىغا جايلاشقانىدى. زاۋۇت ۋە باشقا
بارلىق ئېغىزلارنى سەر خىل گېرمانىيە قىسىملىرى ساقلايتتى.
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈش ھەقىقەتەن
تەس ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇشكۇل بىر ۋەزىپە ئىدى.
لېكىن ئېينا ئارقىدىنلا يەنە مۇنداق دېدى: "بىز بېرىپ سىناپ
بېقىشنى خالايمىز".

ئېينا دەرھال ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ تەلىم - تەربى-
يە مەركىزىگە ئەۋەتىلدى. ئۇ بىر ئىشتىن سىرتقى سىمسىز
تېلېگراف ھەۋەسكارى بولغاچقا، بىر دانە يۇقىرى ئىقتىدارلىق،
قىسقا دولقۇنلۇق ئېلىپ تارقىتىش ئاپپاراتىنى ئىشلىتىشنى تېز
ئارىدىلا ئۆگىنىۋالدى، بۇ ئاپپاراتنى كىچىككىنە بىر قول ساند-
دۇقىغا سېلىۋېلىشقا بولاتتى. ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان مەخپىي
سىپىرلارنىمۇ ئۆگىنىۋالدى، پاراشۇتتىن سەكرەش تەلىم - تەر-
بىيىسىگە كىرىشىپ ئاخىر ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ دەرھال
نورۋېگىيىگە قايتىپ بېرىپ، نورسك گېدرىد خىمىيە زاۋۇتىغا
ئائىت بارلىق زۆرۈر خەۋەرلەرنى توپلاپ لوندونغا مەلۇم قىلماق-
چى ۋە يەنە ياردەمگە كېلىدىغان كىچىك ئەترەتنىڭ يېتىپ كېلە-
شىنى كۈتمەكچى بولدى.

يوپيورۇق بىر ئايدىك كېچىسى، ئېينا ئەنگلىيە پادىشاھلى-
قى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانىدىن ئۆزىنىڭ

ئۆيدىن 20 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر تاغ رايونىغا چۈش-
تى. خۇددى ئۇ ئۆزى كۆرسەتكەندەك، ئۇ يەردىن ئۆ-
مىلەپ قوپقان چاغدا، ”كۆڭلىدە بىر خىل غەلىتە تۇيغۇ پەيدا
بولدى“ - دە، كېيىن قار تېيىلىپ ئۆيىگە قايتتى. تاڭ ئېتىش-
تىن بۇرۇن ئۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە ناشتا قىلغاندىن
كېيىن، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر قېتىملىق قار تېيىلىش
سەپىرىنى تېخى بايىلا ئاياغلاشتۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بىرنەچچە
كۈندىن بۇيان ئۇ قاتتىق دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتتى، شۇنداق-
تىمۇ، ئۇنىڭ مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ھېچ-
كىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

ئېينا ئۆز ئىنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، نورسك گېد-
رىد خىمىيە زاۋۇتىدىن بىر خىزمەت تاپتى، بۇ — دامبا ياساي-
دىغان ئىش بولۇپ، ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇ-
رۇشقا ئىشلىتىلەتتى. ئۇ ھەمىشە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزد-
نىڭ ئەڭ يارامىلىق دوستلىرىدىن ئىشەنچلىك بىر گۇرۇپپا تەش-
كىللىدى، ئۇلار زاۋۇتقا، مۇناسىۋەتلىك تۇرلۇك خەۋەرلىرىنى
ئېيناغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى، بۇ ئاخباراتلار ناھايىتى تېزلىكتە
لوندوندىكى مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

ئېينا ئېغىر سۇ ئىشلەپچىقىرىلىش سۈرئىتىنىڭ ئاشقانلى-
قىنى، سۇ ئامبىرىدىكى ئېغىر سۇنىڭ پاراخوتقا قاچىلىنىپ
ئايمۇئاي گېرمانىيىگە توشۇلۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۇدۇللۇق
دوكلات يوللاپ تۇراتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنىت
بىرلەشمە ئۇرۇش قوماندانلىق شتابى نورسك گېدرىد خىمىيە
زاۋۇتىغا زەربىدار ئەترەت بىلەن تۇيۇقسىز بىر قېتىم زەربە
بېرىشكە تەييارلىنىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

بىرلەشمە ئۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىتسېرلىرى
پىدائىيلارنى ئۇرۇشقا تەشكىللەشتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغى-
نى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ مۇشكۈل بىر ۋەزىپىگە دۇچ

كەلگەنىدى. تۆتاش كەتكەن قىيا ـ تاغلار، تاغ چوققىلىرىدا توختىماي ئەگىپ يۈرۈۋاتقان شىددەتلىك ھاۋا ئېقىمى نورۋېگىيەنى ياۋروپادىكى پاراشۇتچى قىسىملار ۋە پلانېرلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىگە ماس كەلمەيدىغان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن دوكتور دېرانىستاننىڭ ياردىمى ئاستىدا ( ئۇ زەربە بېرىش نىشانى ۋە ئىچكى قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ نەپىس مودېلىنى ياشاشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى) «قارلىغاچ ھەرىكىتى» نى تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشقانلىقى تەپسىلىي دوكلات قىلىندى. تاللانغان تۆت نەپەر نورۋېگىيىلىك قار تېيىلىش ماھىرى بولۇپ، ھەممىسى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. تۇنجى تۇركۇمدىكى پاراشۇتچىلار ئېينانى قولدىماقچى ۋە بىر كۇتۇۋېلىش كومىتېتى تەشكىل قىلماقچى بولۇپ ئارقىدىنلا ئەنگلىيىنىڭ دىسانت قىسىملىرى ئېلىپ بارىدىغان زەربىدارلىق ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولدى. ئەنگلىيىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى ئىككى قېتىم بۇ «قارلىغاچ» لارنى ئېلىپ نورۋېگىيىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ بېرىپ، پاراشوتتىن چۈشۈشكە تەييارلانغان بولسىمۇ، لېكىن بولۇت قاتلىمى قېلىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئاخىر، 1942 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنىدىكى كەچتە زەربىدارلار ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئايروپىلانغا سىغدىشىپ كىردى ـ دە، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن كېچە ئاسمىنىدا يەرگە قاراپ سەكرىدى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلماقچى بولغان رايوندىن يۈز ئىنگلىز مىلىدىن كۆپرەك يىراق جايدىكى بىر تاغ قاپتىلىدا ئىكەنلىكىنى سەزدى، ئۇلار پاراشۇت بىلەن يەرگە تاشلانغاندا تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن قورال ـ جابدۇقلىرىنى ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران تېپىۋېلىشتى.

كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە، بۇ «قالىغاچ» لار تىپىك ھالدا بىر قېتىم جاپالىق ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ باردى. 4000 ئىنگ-لىز مىلى ئېگىزلىكتىكى دائىم نۆلدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ھاۋا كېلىماتىدا، 16 قاداق كېلىدىغان بىر بوغچا بىر ئادەمنىڭ ئېلىپ مېڭىشىغا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن، زەربىدارلار ئەترىتى-نىڭ ھەربىر ئەزاسى ھەر كـۈنى 120 قـاداق ئېـغىـرلىقتىكى قورال ـ جابدۇقلارنى ئېلىپ، ئوخشاش بىر يولدا ئۈچ قېتىم ئايلىناتتى. ھەر بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقى كىچىككىنە بىر پارچە ئىرىمچىك، بىر كاپام سۇلۇ يېمەكلىكى، بىر ئوچۇم ئۈن ۋە تۆت تال پىراندىكدىنلا ئىبارەت ئىدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تەشۋىشلىك ئىچىدە بىئارام بولۇ-ۋاتقان بىرلەشمە ئۇرۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئوفىتسېرلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكىلى ئۇزاق بولغان «قارلىغاچ» لارنىڭ مەخپىي رەقەم بەلگىلىرىنى ئاخىر تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار نورسك گىدرىد خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ئەتراپىدا ئېپىنا بىلەن ئالاقە باغلى-دى، سىمسىز تېلېگراف ۋە يەرگە قونۇش چىرىغى ئارقىلىق بەلگە بېرىش يولى بىلەن ۋەيران قىلىش گۇرۇپپىسىنى توشۇيدى-غان پلانېرنى يېتەكلەپ يەرگە قوندۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خالىفاكس تىپىدىكى ئىككى بومباردىمانچى ئايروپىلان ھەربىرى بىردىن لىق پاراشۇتچى قى-سىملار قاچىلانغان پلانېرنى ئېلىپ، ئەنگلىيىدىن ھاۋا بوشلۇقى-غا كۆتۈرۈلدى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، بىر نەپەر نورۋېگى-يىلىك پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى سىمسىز تېلېگراف ئارقى-لىق بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە پلانېرلارنىڭ پاچاقلانغانلىقى، بارلىق خادىملارنىڭ ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالغانلىرىنىڭمۇ ئە-سىرگە چۈشكەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

تېخىمۇ يامان خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلى-دى. بىر نەپەر گېرمانىيىلىك ھەربىي ئاخبارات ئوفىتسېرى

ئايروپىلان بەختسىزلىككە ئۇچرىغان نەق مەيداننى تەكشۈرگەن چاغدا، ۋېيمورك دېگەن يەر ئىسمىغا بىر تال قىزىل سىزىق سىزىپ قويۇلغان بىر پارچە خەرىتىنى تېپىۋالدى، ۋېيمورك — ئېغىر سۇ زاۋۇتى ئورۇنلاشقان كىچىك بازار ئىدى. گېرمانىيە-نىڭ نورۋېگىيىدە تۇرۇشلۇق بۇندېنتى جوسىپ تېپوۋېن باش قوماندان فىندېل كىنخوست بىلەن بىللە ۋېيموركقا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ قوغدىنىش خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ناتسىست-لار پارتىيىسى گۋاردىيىسى يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، گۇمانلىق ئادەملەر بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىكى كىشىلەرنى تۇگەل قولغا ئالدى، لېكىن، ئۇلار زەبىدارلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسىدىن بىرەر-نىمۇ تاپالمىدى.

لوندوندا، روھى چۈشۈپ كەتكەن بىرلەشمە ئۇرۇش قوماند-دانلىق شتابى ھەممە ئىشنى يەنە قايتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى. قوماندانلىق شتابى پلانىر ئارقىلىق زەربە بېرىش تەسەۋ-ۋۇرىدىن ۋاز كەچكەنىدى. پەۋقۇلئاددە قىسىمدىكى ئالتە نەپەر نورۋېگىيىلىك پاراشوت ئارقىلىق ھاۋا بوشلۇقىدىن سەكرىدى. دوكتور دېرانستان خەرىتە ۋە مودېلدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەشىق قىلدۇردى. ۋاقىت بارغانسېرى جىددىيلەشمەكتە ئىدى. «قارلىغاچ» لارنىڭ ئوزۇقلىرى ۋە سىمسىز تېلېگرافنىڭ باتارې-يىسىمۇ تۇگەي دەپ قالغانىدى. ئۇلار 4000 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى جايغا ئورۇنلاشقان تاغلىق رايوندىكى قورقۇنچلۇق مۇھىت ئاستىدا داۋاملىق چىداپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئاق قارغا چۈمكەلگەن كىچىككىنە بىر كەپىدە يېتىپ قوپتى. زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ رەھبىرى: "مەندىن باشقا ھەممەيلەننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاشقازىنى ئاغرىپ تۇرىدۇ" دەپ دوكلات قىلدى. ئۇلار شىمال بۇغىسى يەيدىغان موخلارنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ئېينانى گېستاپوچىلار-

.نىڭ قوغلاپ تۇتۇۋېلىش ئېھتىمالى ناھايىتى يېقىن ئىدى، لې-
كىن ئۇ ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئۆزى ماسكىروپكىلىۋالغان
قارلىقتىكى كىچىك كەپىدىن ئايرىلىپ، گۈگۈم چۈشكەندە قار
تېيىلىپ تاغدىن چۈشۈپ، ۋىيمورك بازىرى ئەتراپىدىكى ئە-
شەنچلىك ئاخباراتچىلار بىلەن كۆرۈشەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېينا سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق بىرقانچە
قېتىم ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئاخباراتلارنى مەلۇم
قىلدى، گېرمانىيە نېمە سەۋەبتىنكى زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ
ئالدىنقى قېتىملىق ھەرىكىتى نورسك خىمىيە زاۋۇتىغا ئەمەس،
يېقىن ئەتراپتا قۇرۇلغان يېڭى سۇ توسمىسىغا قارىتىلغان دېگەن
ئىشەنچ بىلەن، يېڭىدىن كەلگەن 100 نەپەر قوغدىغۇچىنىڭ
ھەممىسىنى سۇ توسمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، 12 ئادەمنىلا زا-
ۋۇتقا ئەۋەتتى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، بىرلەشمە ئۇرۇش
قوماندانلىق شتابىنىڭ تەييارلىقى تەق بولدى، ئالتە نەپەر نورۋې-
گىيىلىك بىر ئاخشىمى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئاق قار بىلەن قاپلان-
غان سىكرايكېن كۆلىدىكى مۇز ئۈستىگە قوندى، ئۇلارنىڭ
ئورنى «قارلىغاچ» لار يوشۇرۇنغان جاينىڭ شىمالىدىكى 30
ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر جايغا توغرا كېلەتتى. بۇ چاغدا
ناھايىتى شىددەتلىك چىقىۋاتقان شىۋىرغان ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ
ئالدىنى توسۇۋېلىپ يېزىنى كۆرۈشكە ئىمكان بەرمىگەچكە،
ئۇلار ھەربىي يۈرۈشنى باشلىيالمىدى. ئۇمىد ئۈزۈلگەن بەش
كۈن ئىچىدە، بۇ بىرنەچچە نورۋېگىيىلىك ئوۋچىلار تاشلاپ كەت-
كەن بىر ئېغىز ئۆيدە ئاچلىقتا ۋە قاتتىق سوغۇقتا بەرداشلىق
بېرىپ ياتتى. شىۋىرغانمۇ ئاخىر توختىدى، ھېرىپ، ئېچىپ
ھالى قالمىغان بۇ بىرنەچچە ئادەم تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئالغا
ئىلگىرىلىدى. ئۇچرىشىدىغان جايغا يېقىن قالغاندا، ئۇلار تو-
ساتتىنلا يىراقتا ئىككى نەپەر قار تېيىلغۇچى تۇرغانلىقىنى بايقى-

ـدى. شۆنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە كۆپچىلىك-
نىڭ نېرۋىسى جىددىيلىشىپ چېكىگە يەتتى. گېرمانىيىنىڭ
چارلاش ئەترىتىگە يولۇقۇپ قالسا تېخىمۇ چاتاق بولاتتى . بۇ
"مەرگەن" لەر ئارىسىدىكىلەردىن بىرى قار تېيىلىش كىيىمىنى
كىيىپ نىقابلىنىپ، ئاددىي پۇقرا كىيىدىغان قار تېيىلىش پوس-
تىسىنى كىيىپ، ھېلىقى ئىككى ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالدىغا
باردى. ناۋادا ئۇلار گېرمانىيىلىك بولۇپ چىقسا، ئۇ يالغاندىن
شىمال بۇغىسىنى چارلاۋاتقان قوغدىغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋال-
ـدى. قالغانلار قوراللىرىنى تۇتقان پېتى قارلىق دالىدا ياتتى،
شۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز شاۋقۇنىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقان شىمال-
ـنىڭ غۇيۇلدىشىغا ئەگىشىپ ئۈچ كىشىنىڭ تەنتەنىلىك
شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى «مەرگەن» لەر بىلەن «قارلىغاچ» لار-
نىڭ ئۇچراشقانلىقىنى مەلۇم قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز-
لەشتى. «قارلىغاچ» لار يوشۇرۇنغان جايدىكى بۇ نورۋېگىيىلىك-
لەر (ئەمدىلىكتە ئۇلار 11 ئادەم ئىدى) يانمۇيان تىزىلىپ
چارە ـ تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتى. ئېينا قوغدىغۇچىلار
تۇرغان ئورۇننىڭ يېقىنقى تەپسىلىي ئەھۋالى ھەمدە ئۇلارنىڭ
قاراۋۇل ئالماشتۇرۇش ۋاقتى، قايسى دەرۋازىغا قوغلۇپ سېلىنى-
ـدىغانلىقى ۋە قانداق قوغلۇپلىنىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى
يەتكۈزۈپ تۇردى. تۇيۇقسىز زەربە بەرگۈچىلەر نەچچە ئىنگلىز
مىلى كېلىدىغان ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرىدى-
كى ئورمانلىق بىلەن يانباغىرلاپ پەسكە چۈشۈپ 1000 ئىنگلىز
چىسى كېلىدىغان تار سايغا كىرىپ، جىددىي ئاقىدىغان خەتەر-
لىك تېيىز ئېقىندىن ئۆتۈپ، 1000 ئىنگلىز چىسى ئۈزۈنلۇق-
تىكى پۇتۇنلەي تاغ جىنسلىرى قاتلىمى بىلەن ئورالغان يەنە بىر
بەلباغقا چىققاندىلا، ئاندىن زاۋۇتقا بارىدىغان تۆمۈريولنىڭ كۆ-
تۈرمە ھۇلىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. پەقەت تىرېۋوگا بولغان

هامان پۈتۈن زاۋۇت رايونى ئۆزلۈكىدىن پروژېكتورلار بىلەن يورۇتۇلۇپ كېتەتتى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە توققۇز ئادەم يولغا چىقتى. ئۇلار تېز ئوت ئالىدىغان پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئېلىپ، ھەم سەنتۇرۇلۇپ، ھەم تېيىلىپ دېگەندەك خەتەرلىك قارلىقلاردىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، تار سايىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا يېتىپ كەلدى. بۇ بىر قىسىم مۇساپە راستىنلا بىر يامان چۈشكە ئوخشايتتى، تاغ جىلغىسىدىكى مۇزلار ئۇشتۇمتۇتلا ئېرىپ، ھەيۋەتلىك ئېقىن ھاسىل قىلىپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتاتتى. ئالدىراشلىق بىلەن ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاخىر كىچىك بىر مۇز كۆۋرۈكنى تاپتى، مۇز كۆۋرۈكنىڭ بىر تەرىپى ئاللىقاچان سۇغا چۆكۈپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئادەم ئۆتكىلى بولاتتى. كېيىن ئۇلار قورقۇنچلۇق تاغ جىنسلىرى قاتلىمىغا يامىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەترەتنىڭ رەھبىرى لونىېر پەم بىلەن بېلىكىدىكى سائەتكە قاراپ قوياتتى. ئۇلار بىر غېرىچ بىر غېرىچتىن يامىشىپ يۈرۈپ ئاخىر 1000 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى تىغدەك تىك يار ئۈستىگە چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېگىز چوققىغا چىققىنى بىلەن، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنىمۇ ئېسىدىن ساقىت قىلمىغانىدى.

غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلار ئاخىر ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ئاندىن تۆمۈريولنىڭ كۆتۈرمە ئۇلىنى بويلاپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگەن پېتى ئالغا ئىلگىرىلەپ، زاۋۇتقا 1000 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان دائىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارغا زاۋۇتتىكى ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لونىېر ئاخىرقى قېتىملىق يىغىندا ھەربىر ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېنىق بېكىتتى، ئەڭ ئاخىردا ئۇ: ”تۇتۇش قىلايلى“ دېدى. قولىغا چوڭ بىر قايچا ئېلىۋالغان زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى ھەممىنىڭ ئالدىدا زاۋۇتنىڭ

دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ دەرۋازىنى تاللاشتىكى سەۋەب — بۇ دەرۋازىغا پەقەت بىرلا زەنجىر بېكىتىلگەن ۋە بىرلا قۇلۇپ سېلىنغانىدى. كېيىن پولات تۆمۈرنىڭ ئۈزۈلگەن قاتتىق ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ قالغانلار قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېچقانداق شەپە كۆرۈلمىدى. ئۇلار ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئارقا - ئارقىدىن دەرۋازا ئىچىگە كىرىۋالدى. بەش كىشىلىك گۇرۇپپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەربىرى قولىدىكى تام تېشىلىق ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈشكە تەييارلىنىپ گازارما ئەتراپىدىن پەم بىلەن ئورۇن ئالدى، گازارما ئىچىدە 12 نەپەر نېمىس قوغدىغۇچى ئۇخلاۋاتاتتى. ناۋادا، شۇ چاغدا تېبۋوگا بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلار گازارما ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئەسكەرلەرگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەن بولاتتى.

دوكتور دېرانىستاننىڭ خىزمىتى ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، لوننېر رەھبەرلىكىدىكى بۇ تۆت كىشىلىك پارتلىتىش گۇرۇپپىسى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئورانىنى قويۇلدۇرۇش ئورنىنىڭ بىر ئۆيىگە بىۋاستە تۇتىشىدىغان كابېللىق تونېلنى تاپتى. لوننېرنىڭ ئىككى ئادىمى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىرى بىلەن سىرلىق ئوردىدەك تۇرۇبا يولى سىستېمىسىنى بويلاپ ئۆمىلىگەن پېتى ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھېلىقى ئۆيدە گۈزەتچىلىككە تۇرغان بىر قوغدىغۇچى ئۇشتۇمتۇتلا ئىككى تاپانچىنىڭ ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا لام - جىم دېمەي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. ”ئۇ قورقۇپ كەتكەندەك قىلاتتى“ لوننېر ناھايىتى تېزلىك بىلەن باكلارنى، تۇرۇبا ۋە ماشىنىلارنى شۇنداقلا پارتلىغاندا زور دەرىجىدە بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدىغان ئورۇنلارغا قويۇلغان پارتلىتىش دورىلىرىنى (بۇ يەردىكى نەرسىلەر ئۇ ئەنگلىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئىشلەتكەن، بۇ نەرسىلەرگە

تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن بۇيۇملارغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايت-
تى) بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. دەل شۇ ئەسنادا ئەي-
نەكنىڭ چىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەسلىدە بىرەيلەن يەر
ئاستى ئۆيىنىڭ روجىكىنى ئاچقانىدى، لوننېر ئوق چىقارماقچى
بولۇپ تۇرغان شۇنداق جىددىي پەيتتە سەپتىن چۈشۈپ قالغان
بىر پارچەمچىسىنىڭ دېرىزىدىن ئۆرتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆ-
رۈپ قالدى ـ دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ۋەزىپىسىنى
ئورۇنداپ بولدى.

ئۇ مىنۇت ـ سېكونتلاپ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدا تريۇوگا
ئەسۋابىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ھېچبىر ئاڭلانمايتتى. ئۇ 30
سېكۇنت ئىچىدىلا ئوت ئالىدىغان بىر كاپسۇلنى بىرقۇر تەكشۈر-
گەندىن كېيىن ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، (بىر نەپەر نورۋېگىيە-
لىك مۇھاپىزەتچىگە بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىشنى ئۇقتۇردى).
ئۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئىشىك سىرتىدىكى 20 يارد كېلىدىغان
بىر جايدا تۇرۇپ پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى، غايەت قېلىن
بېتون تام ئىچىدىكى بۇ پارتلاش ئاۋازى تازا كۈچلۈك بولمىغىنى
بىلەن ئۇلارنىڭ تاپىنى ئاستىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

شۇ ئەسنادا تريۇوگا ئەسۋابىنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن تەڭ-
لا، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان نېمىس ئەسكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ،
ئۆزلىرىنىڭ ئوقدانلىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئۆيدىن تالاغا ئوقتەك
ئېتىلىپ چىقتى. لوننېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خەتەرلىك ھەم
نېمىسلارمۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالمايدىغان بىر يول (ئۇلار كېلىش
ۋاقتىدا ئۆتكەن يول) نىڭ ئىزىمۇ قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، 1000 قاداق كېلىدىغان قىممەتلىك ئېغىر سۇ
يېرىلغان باك ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، يەر يۈزىنى بويلاپ
ئاققان پېتى ئۇدۇل زاۋۇتنىڭ يەر ئاستى سۇ يولىغا كىرىپ
كەتتى.

بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قو-

ماندانى گېنېرال فىندېل كىنخوست جىددىي هالدا ۋىيموركقا يېتىپ كەلدى. ئۇ بـۇزۇلۇش ئـەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: ”بۇ بىز چېلىقتۇرغان بىر قېتىملىق ئەڭ قاتتىق زەربە“ دېدى. بۇ گېنېرال ئارقىدىنلا ناھايىتى تېزلىكتە بۇيرۇق چۈشۈردى. گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ (توپتوغرا 12 مىڭ كىشىلىك) بىر دىۋىزىيىسى بۇ رايونغا يۈرۈش قىلدى. چاڭغا بىلەن ئايلىنىپ چارلاش ئەترىتى ۋە ئاستا سۈرئەتلىك رازۋېدكا ئايروپىلانى تاغ رايونىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. پۈتكۈل تاشيول ۋە چىغىر يوللارنىڭ ھەممىسى قامال قىلىندى، گېستا-پو خادىملىرى ۋە ناتسىستلار پارتىيىسى گۋاردىيىسى ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن تۇيۇقسىز زەربە بەرگۈچىدىن بىرەرسىنىمۇ قولغا چۈشۈرەلمىدى.

ئالتە نەپەر «مەرگەن» ئىچىدىكى بەش كىشى چاڭغا بىلەن دەرھال شۋېتسىيە چېگرىسىغا يۈرۈپ كەتتى، ئۇلار تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ مۇۋەپپەقى-يەتلىك ھالدا چېگرىغا يېتىپ كېلىپ، كېيىن ئەنگلىيىگە قاراپ ئۇچتى. ئالتىنچى ”مەرگەن“ بـانجۇر بـىلەن يەنە تۆت نەپەر ”قارلىغاچ“ دۈشمەن ئارقا سېپىدە قېلىپ بەزى ئورۇنلاردىكى يەر ئاستى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى، ئۇلار چاڭغىغا تايى-نىپ فىندېل كىنخوستنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ چارلاش ئەترىتى بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىدى. ئېينا يەنە ئۆزىنىڭ ھېلىقى غارغا ئوخشاش خىلۋەت ماكانىغا قايتىپ بېرىپ، پارتلىتىشنىڭ ئاقى-ۋىتىنى دوكلات قىلدى ھەم نورسك گىدرېد خىمىيە زاۋۇتىنى داۋاملىق نازارەت قىلماقچى بولدى.

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا، ئېينا سىمسىز تېلېگراف ئار-قىلىق زاۋۇتنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنىڭ رېمونت قىلىنغانلىقى

ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى دوك-
لات قىلدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بومباردىمانچى ئايروپى-
لانلىرى زاۋۇتنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى دەرھال پارتلىتىپ
تاشلاپ، ئاساسىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋەتتى. كېيىن، گېر-
مانىيىلىكلەر نورسك گىدرېد خىمىيە زاۋۇتىنىڭ بارلىق ئېغىر
سۇ ئۇسكۇنىلىرى ۋە باكلارغا قاچىلانغان ئېغىر سۇلارنى ئۈچىن-
چى ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر يەر ئاستى مەيدانىغا يۆتكەشنى قارار
قىلدى. ئېينا «گىدرېد» نامىلىق پاراخوتنى ۋە بۇ پاراخوت
ئېلىپ ماڭماقچى بولغان پارتلاشتىن ئېشىپ قالغان ئېغىر سۇ
باكلىرىنى قاچىلىغان ۋاگونلارنى دانىستو كۆلىدىن ئۆتكۈزۈش
ئالدىدا پارتلىتىۋېتىش تەلىپىنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلدى.
باش شتاب ئېينانىڭ تەلىپىنى دەرھال تەستىقلىدى، ئېينا 50
ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايىنىڭ سىرتىدىكى نورۋېگىيە يەر
ئاستى ئالاھىدە ئەترىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بانجۇرنىڭ بۇ
ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بىرىش لازىملىقى ھەققىدە يوليورۇق بەر-
دى. بانجۇر يالغان ئالاقىدىن پايدىلىنىپ، يالغاندىن نورسك
گىدرېد خىمىيە زاۋۇتىنىڭ خادىمى بولۇۋېلىپ، قانداق قىلغاندا
پاراخوتنى پارتلىتىپ كۆلگە غەرق قىلىۋەتكىلى ھەمدە ئۇنى
قۇتقۇزۇشقا ئامالسىز قىلىپ قويغىلى بولىدىغانلىقىنى قارار قى-
لىش ئۈچۈن «گىدرېد» نامىلىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، بىر قې-
تىملىق رازۋېد خاراكتېرلىك سەپەرگە چىقتى. «گىدرېد» نام-
لىق پاراخوت يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ
ئاخىرقى بۆلىكىگە مۇددەتلىك بومبا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ ئاخىرقى بىر
تۈركۈم ئېغىر سۇ قاچىلانغان پاراخوت دانىستو كۆلى ئاستىغا

چۆكتۈرۈۋېتىلدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدى-
غان مەلۇم خىلدىكى بىرەر نەرسىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇ-
رۇش جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاچقا، گىتلېر بىلەن گېرىن
دىققىتىنى باشقا قوراللارغا قارىتىپ، ئاتوم بومبىسى سىنىقىنى
ئاستا ـ ئاستا توختىتىپ قويغانىدى . بۇ 11 نەپەر نورۋېگىيىلىك
ئەزىمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھەقىقەتەن
ئۇلارغا ئوبدانراق رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

# 10. ھەققانىيەت بورىنىنىڭ دۇشمەن ئارقا سېپىنى ساراسىمىگە سېلىشى

## ئالون . مېج

ئەنگلىيە بېدېفورد ۋىلايىتىنىڭ تانفېرفود كەنتىدە، ”كىرىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ“ دېگەن خەت يېزىقلىق تاختاي ئېسىلغان بىر يول بار ئىدى. كەنتتىكىلەر بۇ يولنىڭ بىر ئايرودرومغا تۇتىشىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، ئەمما شۇ جايدىكى قاۋاقخانىلاردا ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغان ھاۋا ئارمىيىسى خادىملىرى ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە پاراڭ سالسىلا، ھەربىي سوتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلەتتى. بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى شىمالىي ئانغېدون ۋىلايىتىنىڭ خارىندون دېگەن يېرىدە، 3000 غا يېقىن ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە خادىمى پايدىلىنىۋاتقان بىر مەخپىي ئايرودروم بار ئىدى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بىلەن ئايرودروم خىزمەتچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. B—24 تىپلىق ئازاد قىلغۇچى شەكىلدىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار نېمە ئۈچۈن قارا سىر بىلەن سىرلانغان دەپ سورالسىلا، ئۇلار: ”كېچىدە يول باشلاشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن“ دەپلا جاۋاب بېرەتتى.

ئەنگلىيە پادىشاھلىقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئىككى ئۇچقۇچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ 492 ـ بومباردىمانچى ئايروپىلان چوڭ ئەترىتىنىڭ

مۇشۇ ئايرودرومدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ياۋروپادىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىدا گىتلېرغا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇلار ياۋروپادىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىغا قورال - ياراغ، ئوق - دورا، سىمسىز تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى، 1000 دىن ئارتۇق پوچتا كەپتىرى، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ۋەيران قىلىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇلار نورۋېگىيىلىكلەرگە ھاۋادىن چاڭغا ۋە چانىلارنى تاشلاپ بەردى؛ فرانسىيىنىڭ «ماژ» پارتىزانلار ئەترىتىگە جىپ ماشىنا، تانكىغا قارشى گراناتومىيوت، مىناميوت، ۋېلىسىپىت ۋە كامبىرلارنى ھاۋا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ نەرسىلەرگە ئەنگلىيىدە ئىشلەنگىنى بىلەن، فرانسىيىنىڭ ماركىلىرى چاپلانغانىدى. ئاسماندىكى بۇ «قىزىل خايلوۋ»[①]لار يەنىلا گېستاپو خادىملىرىنىڭ كۆزىنى ئۇزمەي نازارەت قىلىپ تۇرۇشىغا قارىماي، ياۋروپادىكى ئىشغالىيەت رايونلىرىغا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ نەچچە يۈزلىگەن جاسۇس، يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى، ۋەيران قىلغۇچىلار ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى توشۇپ بەرگەنىدى.

ئەنگلىيە پادىشاھلىقى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئىككى ئوتتۇرا ئەترىتى 1942 - يىل 2 - ئايدا، تانفېرفودتىن ھەرىكەت باشلىدى، ئۇلار شىمالىي قۇتۇپتىن ئافرىقىدىكى 19 دۆلەتكىچە ھاۋادىن تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانىدى. 1944 - يىل 1 - ئايدىن ئۇرۇش ئاخىرلاشقان مەزگىلگە قەدەر، ئامېرىكا جەمئىي 4500 تونna قورال - ياراغ ۋە نەچچە يۈزلىگەن پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمىنى ياۋروپاغا ھاۋادىن تاشلىغانىدى.

---

① «قىزىل خايلوۋ» - ئەنگلىيە يازغۇچىسى بالورېس پىماسكىنىڭ «قىزىل خايلوۋ» ناملىق ئەپسانىۋى ھېكايىسىدىكى پېرسوناژنىڭ مەخپىي ئىسمى، ئۇ ئومۇمەن ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە يولۇقىشىغا قارىماي چېگرىدىن ئۆتۈپ باشقىلارنى قۇتقۇزىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

تانفېرفود ۋە خارىندوندىكى ئورۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ تېمىدىكى چوڭ خەرىتىدە، كىچىك بايراقچىلار ئارقىلىق ياۋروپادىكى ھاۋادىن تاشلانغانلارنى قوبۇل قىلىش ۋە قونۇش نۇقتىسى كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ خەرىتىگە قادالغان 1000 دىن ئارتۇق كىچىك بايراقچىلار نورۋېگىيىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىدىن ئاۋستىرىيىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە نەچچە يۈزلىگەن كىچىك بايراقچىلار پارىژ، ئوسلو، كوپېنھاگىن، برېست ۋە برىيۇسسېل ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ھالدا قادالغانىدى. ھەتتا گېرمانىيىنىڭ ھاۋادىن تاشلاش نىشانلانغان رايونلىرى ــ بېرلىن بىلەن ھامبۇرگ ئەتراپىدىكى رايونلار ھەممە باۋارىيە تاغلىق رايونىمۇ بار ئىدى.

1942 ـ يىلى «جاللات» دەپ نام ئالغان چېخوسلوۋاكىيە گېستاپوچىلىرىنىڭ ۋەھشىي كاتتۇېشى ھايدېرىس ماشىنا بىلەن سېكسىي دېگەن جايىنىڭ دېيا كەنتى (ناتسىستچىلار بۇ كەنت ئاھالىسىنى قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن نەسلىنى قويماي قىرىپ تاشلىغانىدى) ئەتراپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، پۈتۈن دۇنيا يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى كېچىسى تانفېرفودتىن ئايروپىلان بىلەن كەلگەن چېخوسلوۋاكىيە دىسانتلىرى ئىدى.

ئۇرۇش گېرمانىيە تۇپرىقىغىچە سوزۇلغاندىن كېيىنكى ئاخىرقى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ئۈچىنچى ئىمپېرىيىگە ھېچنېمىدىن قورقماي ئۇدۇل بېسىپ كىرىشى تۇرغان گەپ ئىدى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېنېراللىرىنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قارىتا كۆڭلىدە پۇكۇپ قويغان ئويى بار ئىدى. پەۋقۇلئاددە ئۇچقۇچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى ھاۋادىن تاشلىغان ئاخبارات خادىملىرى گېرمانىيە قىسىملىرىنىڭ

ھەقىقىي ھەرىكەتلىرىنى ئۇدۇللۇق ئۇلارغا دوكلات قىلىپ تۇر-
دى. شۇنداقتىمۇ گېرمانىيە رادىئولىرى باۋارىيىنىڭ تاغلىق
رايونلىرىدىكى «رېدۇد» (ھەربىي ئىستىھكام) لاردا ئاخىرقى
ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ھە دەپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان
پەيتتە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېنېراللىرىغا بۇنىڭ «رې-
دۇد» نىڭ توقۇپ چىقىلغان ئويدۇرما ئىكەنلىكى ئايان بولدى.
چۈنكى بۇ رايونغا ھاۋادىن تاشلانغان پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىم-
لىرىنىڭ بىرمۇنچىسى بۇ يەردە ئۇنداق «رېدۇد» لار يوق دەپ
مەلۇمات بەرگەنىدى.

نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان مەزگى-
لىدە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق
شتابى «ياۋروپا قورغىنى» غا زور تۈركۈمدىكى بۇزغۇنچىلىق
ئۇسكۇنىلىرىنى يىغىشنى قارار قىلدى، يىراققا ئۇچۇش تەجرى-
بىسىگە ئىگە بولغان يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا قارشى بومبار-
دىمانچى ئايروپىلان ئوتتۇرا ئەترىتى بۇ يېڭى ۋەزىپىنى ئىجرا
قىلىشقا تاللاپ ئەۋەتىلدى. قاپقارا سىرلانغان بۇ ئايروپىلانلاردى-
كى مىناميوتلار ئېلىۋېتىلىپ بوپىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئو-
رۇن بوشىتىش ھەمدە ھاۋادىن تاشلاشنى ئىشلىتىش ئۇچۇن ئاي-
روپىلان بۆلمىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن بىر يۇمىلاق كامار
تېشىلگەن بولۇپ، بۇ كاماردىن ئۇرغۇن بوپىلار تۆۋەنگە
تاشلىناتتى.

مۇرەككەپ، زەنجىرسىمان بىر تەشكىلات ئايرودروم، لون-
دوندىكى باش شتاب ۋە ياۋروپانىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان يەر
ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالاقە نۇقتىلىرى بىلەن تۇتىشاتتى.
ھەرقايسى جايلاردىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ رەھ-
بەرلىرى كۆپىنچە تېرىلغۇ يەرلەرنى ياكى ھەرىكەت مەيدانلىرىنى
قوبۇل قىلىش نۇقتىسى قىلىپ تاللايتتى، ئاندىن بۇ ئورۇنلارنى
مەخپىي رادىئو ئىستانسىسى ياكى پوچتا كەپتىرى ئارقىلىق

لوندوننىڭ بىر چەت كوچىسىدىكى قوڭۇر رەڭ بىناغا مەلۇم قىلاتتى. بۇ قوبۇل قىلىش نۇقتىلىرىغا «باۋبو»، «پوش»، «لوك» دېگەنگە ئوخشاش مەخپىي بەلگىلەر بىلەن نام قويۇلاتتى. ئاددىي رازۋېد ئايروپىلانلىرى قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرىنى ۋە شۇ ئەتراپتىكى جايلارنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۇرۇپ سۇرەتكە ئالاتتى. قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرى تەستىقلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر كىچىك رەڭلىك بايراق تانفېرفود ۋە خارىندوندىكى چوڭ خەرىتىدە- گە سانجىلاتتى ۋە چىپسلالىرى ئىزاھلاپ قويۇلاتتى. يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى ھاۋادىن تاشلانغانلارنى ئۆز ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

ناۋادا فرانسىيىدىكى «ماژ» قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىد- كىتىنىڭ بىرەر رەھبىرى لوندوندىن نەرسە ـ كېرەك ياكى قورال ـ ياراغ تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، بىر ئايروپىلان پولات قۇتا ۋە تال سېۋەتلەر لىقمۇلىق قاچىلانغان بوپىلارنى پاراشوت ئارقىلىق تاشلاپ بېرەتتى. شۇ كېچىسى ئەنگلىيە رادىد- ئو شىركىتىنىڭ بىر دىكتورى رادىئودا: «ھېنرى ئىككى فرانك تېپىپتۇ» دەپ خەۋەر بېرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئەتىگەن سائەت ئىككى ئەتراپىدا «ھېنرى» قوبۇل قىلىش نۇقتىسىغا ھاۋادىن تاشلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

قوبۇل قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ مەخپىي رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق ئايروپىلانلارغا يول باشلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. ھاۋادىن تاشلاش ئىشىغا كۆپىنچە يەر ئاستى خىزمەتچىلىرىنىڭ مەشئەل كۆتۈرۈپ شەكىل ھاسىل قىلىشى ئارقىلىق بەلگە بېرد- لەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا گېرمانىيىلىكلەر يالغاندىن ھاۋادىن تاشلاش رايونلىرىنى بەرپا قىلىپ قويىسمۇ، لېكىن ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن ھاۋادىن تاشلانغان ماددىي ئەشيالار ناھايىتى ئاز ئىدى، چۈنكى توغرا مەشئەل سىگنال بېرىشنى بىلمەيتتى. گېرمانىيە رادارلىرى ئايروپىلانلارنى بايقىۋېلىپ، كېچىدە كۆ-

رەشچى ئايروپىلانلار بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بىر قېتىم گېرمانىيىنىڭ كېچىدە ئۇچىدىغان ئىككى كۇرەشچى ئايروپىلانى ئازاد قىلغۇچى تىپلىق بىر بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئوت ئېچىپ، ئارقا توپچى بىلەن رادىستنى زەخمىلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئايروپىلان لەپەڭشىگىنىچە خارىندىدون تەرەپكە قايتىپ كەتتى، ئايروپىلانغا تەگكەن ئوق ئىزىنىڭ 1000 دىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

ھاۋادىن تاشلانغان خادىملار ئىچىدە ئەنگلىيىلىكلەر، ئامېرىكىلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئوفىتسېرلىرى ۋە فرانسىيە قان سىستېمىسىدىكى كانادالىقلار، ناتسىستلارغا قارشى گېرمانىيىلىكلەر، ياش قىز - يىگىت ھەم ياشانغانلار بار ئىدى. ئۇلار ئۇچقان دەسلەپكى كۈنى چۈشتە ماشىنا بىلەن بىر مەخپىي ئايرودرومغا ئېلىپ كېلىندى. ئاخبارات خادىملىرى ئۇلارنىڭ پۇتكۇل ئەزايىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقاتتى. چۈنكى ياۋروپا زېمىنىدا لوندوننىڭ بىرەر ئاپتوبۇس بېلىتى ياكى ئامېرىكىنىڭ بىرەر تال تاماكىسىمۇ ئۇلارنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئارقىدىنلا گىرىمچىك كېلەتتى. پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىملىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كەڭ چاپان كىيگۈزۈلەتتى، بىردىن چوڭ خالتا تارقىتىپ بېرىلەتتى، خالتىلارغا بىردىن خەنجەر، پىرىسلانغان يېمەكلىكلەر، بىردىن قول چىرىغى، بىردىن جىددىي قۇتقۇزۇش بىنتىسى، يەنە رادىئو سايمانلىرى، مەخپىي خەرىتە ۋە ھۆججەتلەر قاچىلانغانىدى. بىر نەپەر پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى ھەتتا لەيپالنى[1] ئەيىبلىگەن بىر دانە پلاستىنكىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى ۋىيىس ھۆكۈمىتى رادىئو ئىس-

---

① لەيپال ۋىيىس ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن زوڭلى، زوڭلى بولغان. 1945 - يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

تانىسىنىڭ پروگراممىسى ئىچىگە تۈيدۈرماي قىستۇرۇپ قوي-
ماقچى بولغانىدى. چاپاننىڭ دۈمبىسىگە سىلكىنىشتىن ساقلى-
غۇچى رېزىنكە، قىستۇرۇلغان ۋە پۈتىغا بىر پارچە پلاستىر
يۆگەلگەنىدى. ئاخىردا، پۈتىغا تىزىغا كەلگۈدەك ئۆتۈك، بېشىغا
سوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان كاۋچۇك قالپاق كىيىۋا-
لاتتى. پەۋقۇلئاددە خىزمەتچىلەر شۇ ئەسنادا بەجايىكى ئېغىر بىر
كارىۋاتقا ئوخشاپ قالاتتى.
    هاۋادىن تاشلاش رايونىغا ۋاقىتلىق ئۇچقاندا، پەۋقۇلئاددە
خىزمەت خادىملىرى ئايروپىلاننىڭ ئاستىدىكى كامارنىڭ گىرۋى-
كىگە سىلجىپ كېلىشتى. ئۇچقۇچى چىراغ ئارقىلىق سىگنال
بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەستىكى قاراڭغۇلۇققا تاشلاندى، بىر
نەپەر گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى بەش
قېتىم هاۋادىن تاشلانغانىدى. ئۇ بىر قېتىم گېرمانىيە ئارمىيى-
سىنىڭ ستارشى پولكوۋنىكى، يەنە بىر قېتىم لېيتېنانت قىيا-
پىتىگە كىرىۋالغانىدى، كېيىن سېرژانت بولۇپ ئىككى قېتىم
ئاددىي پۇقرا بولۇپ نىقابلانغانىدى.
    يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ ماددىي ئەشياغا بولغان جىددىي
ئېهتىياجىنى ئايروپىلاندىن پاراشۇت ئارقىلىق تاشلاش يولى بى-
لەن هەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئېغىر تىپتىكى
ئايروپىلان ئارقىلىق زور تۈركۈمدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئەكېلىپ،
گېرمانىيە ئۇرۇش سېپىنىڭ كەينىدىكى يەرلەرگە قونۇش قارار
قىلىندى. شۇ چاغدىكى تاق ماتورلۇق ئايروپىلانلار قاقاس يەر-
لەردىكى 150 ياردلىق ئۇچۇش - چۈشۈش يولىغىلا چۈشەلەيدى-
غان بولغاچقا، هەر قېتىملىق ئۇچۇشتا پادىشاھ هاۋا ئارمىيىسى-
نىڭ ئۇچقۇچىلىرى ئىككى نەپەردىن پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادى-
مىنى ئېلىپ فرانسىيىدە چۈشەلەيتتى. يەنە چوڭراق ئايروپىلان-
لارنىڭ مەسىلىسى تېخىمۇ چوڭراق بولاتتى. پادىشاھ هاۋا ئار-
مىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى خاردېسونچە ئۇچۇش سىنىقى ئېلىپ

بارغاندىن كېيىن، 450 يارد ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولىدا چۈشەلەيدىغان بولدى. ئامېرىكىلىقلار راكېتىچە ترانس- پورت ئايروپىلانىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىشنى قارار قىل- دى. نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن ستار- شى پولكوۋنىك كىلفېد هايفىرىن ئۆزىنىڭ راكېتا ئايروپىلانىنى سىناق تەرىقىسىدە هەيدەپ گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يېرىمى ئورۇۋېلىنغان بىر پارچە بوغداي ئېتىزىغا قوندى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى ناهايىتى تېزلىكتە دەرەخلەرنى كېسىۋېتىپ، ئايروپىلانىنى گېرمانىيىلىكلەر سىزىۋالالمىغۇدەك قىلىپ چۈمكىۋەتتى. 48 سائەتتىن كېيىن، تاماق يەپ راسا تويغان ستارشى لېيتېنانت هايفىرىن خارىندونقا قاراپ ئۇچتى، ئايروپىلاندا ئىككى نەپەر ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچى، بىر نەپەر كانادالىق زەمبىرەكچى، بىر نەپەر ئەنگلىيىلىك ئۇچقۇچى، بىر نەپەر پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى، فرانسىيىلىك بىر قىز ۋە بىر ئەر كىشى بار ئىدى، ئۇلار پەۋقۇلئاددە خىزمەت خادىمى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدىغانلار ئىدى.

هۇدزون تىپىدىكى بىر ئايروپىلان فرانسىيىدە سازلىققا يېتىپ قالغاندا، يەر ئاستى تەشكىلاتى 200 ئادەمنى يىغىپ، ئۇن كالا، تۆت ئاتنى ئىشقا سېلىپ، تۆت سائەت ئىچىدە ئايرو- پىلاننى تۈز يەرگە تارتىپ چىقاردى. ئامېرىكىنىڭ راكېتا تىپى- دىكى بىر ئايروپىلانى فرانسىيىدە يەرگە قونغاندا، مەشئەل بى- لەن يورۇتۇلغان ئۇچۇش ـ چۈشۈش يولىدا ئايروپىلانىنىڭ ئۈچ تەرىپى سوقۇلۇپ كېتىپ هادىسىگە ئۇچرىدى، باش شتاب دەر- هال مېخانىك ئەۋەتىپ، بۇ ئايروپىلاننى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئەسلىگە كەلتۈردى.

دانىيە قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكىتىنىڭ رەهبىرى تاد- فېرفودتا ئۇچقۇچىلارغا، ئايروپىلاندىن تاشلانغان قورال ۋە ئەس- لىهەلەرنىڭ 90 پىرسەنتى يەر ئاستى خىزمەتچىلىرىنىڭ قولىغا

تېگىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئىشقا سېلىنغانلىقىنى ئېيتقان. لە-
ئون رايونىدىكى بىر نەپەر پەۋقۇلئاددە خىزمەتچى خارىندونغا
ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكىلىقلارغا ئالدىنقى بىر ئايدا
ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئايروپىلاندىن تاشلانغان قوراللار بىلەن
1000 دۈشمەننى يوقاتقانلىقىنى ئېيتقان. فرانسىيەدىكى ۋال-
جېس كەنتى ئەتراپىدىكى بىر سىدام گرانىت تاش ئابىدىسىغا:
"ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىدىكى بەش نەپەر قۇربانىنىڭ قەبرىسى.
ئۇلار 1944 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئايروپىلانى ئوق
تېگىپ بۇ يەردە پاچاقلىنىپ كېتىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان
بولغان. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى: فرانسىيىنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆز
غايىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەخپىي قوشۇنلىرىمىز-
غا ھاۋادىن قورال تاشلاپ بېرىش ئىدى." دېگەن بىر ئابزاس
سۆز يېزىپ قويۇلغان ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىنىڭ ھاۋادا ۋەزىپە
ئۆتەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ بەش نەپەر نامسىز
جەڭچىسىنىڭ ئاددىي قەبرە تېشى ياۋروپادا ئازادلىققا چىققان
خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ بەرگەن ياردىمىگە ئېيتقان تەشەككۇرىنىڭ
سىمۋولى سۈپىتىدە تارىختا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

# 11. دېڭىز ئاستىدىكى سىرلىق جەڭ

## ئېرا. ۋولفېرد

ئاتلانتىك ئوكيان ئۇرۇشى ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان دېڭىز ئاستى ئۇرۇشى، يەنى بىر مەيدان مەخ- پىي، ھەتتا كۆزگە چېلىقمايدىغان ۋاستىلىك ھالدا ئەكس سادا- لار ئارقىلىقلا سۇس پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ئۇرۇش ئىدى.

قارىغۇلارچە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئۆز قاراشلىرى بويى- چە ئۆزئارا تىنتىش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلار ئۆلچىگۈچ بىلەن خەرىتىگە تايىنىپ قارشى تەرەپنىڭ ئەجەللىك يېرىنى ئىزدەپلا يۈرىدۇ. ئۇلار شكالا تەخسىسىنى ئايلاندۇرۇپ، كۇنۇپكىلارنى بېسىپ قويۇپ، پاراخوتنىڭ قىرو باغلاپ كەتكەن ئەينەك روجى- كى يېنىدا تىلاۋەت قىلىپ، ئاكومېتىر ئالدىدا سەممىي پەرماز- بەردار بولۇپ ئولتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ تىپتىكى كونترول سۇپىسىدا، يالغۇز بىر ئاھاڭ ۋە ئۇنىڭ تەڭكەش ئاۋا - زى — مۇقىم، ئۆزگەرمەس ”غىلجىڭ“ ئاۋاز - مۇزىكانتلارغا خاس قۇلىقى بار كىشىلەر تەرىپىدىن ئەجەل سىمفونىيىسى بو- لۇپ يېزىلىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىرنەچچە سائەت، بىرنەچچە كۈن، ياكى بىر ھەپتە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما ھېچقاچان سىمفونىيىنىڭ يۇ- قىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكى كۆرۈنمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە جىمجىتلىققا قايتىدۇ. ئەگەر دېڭىز يۈزىدە ئازراق ماي ئىزى كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولسا، ”ماي ئوغرىسى“ دەپ ئاتالغان ئەس-

ۋاب پاراخوتنىڭ يان تەرىپىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، خىمىيە ئا-
لىملىرىنىڭ گېرمانىيە يەر ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ ئەجەللىك
زەربە يېگەن - يېمىگەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.
قىزىقارلىق يېرى شۇكى، بەزىدە سۇ كۆپۈكچىلىرىنىڭ بۇلدۇق-
لىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. سۇ ئاستىدىكى ماماتلىقنىڭ
بۇنداق زارلىنىشىغا ئەگىشىپلا دېڭىز ئاستىدىكى قۇربانلىق ——
سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سۇنۇقلىرى لەيلەپ چىقىدۇ. لەيلەپ
چىققان بۇ سۇنۇقلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن يىغىلىۋېلىنغاندا ئۇ-
نىڭ ئىچىدىن ئادەمنىڭ كۆكۈم - تالقان بولۇپ كەتكەن
پۇت - قوللىرىمۇ چىقىپ قالىدۇ.

بۇ قېتىمقى دېڭىز ئاستى ئۇرۇشىنى جەڭ قىلىش دېگەندىن
كۆرە، بەئەينى سەۋرچانلىق بىلەن قىلىنغان سىناق دېگەن تۇ-
زۇك. بۇ ئۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن تەرەپتىن ئالغاندا بىر
مەيدان تەجرىبىخانا جېڭى —— دۇشمەنگە قارىتىلغان كەشپىيات.
دۇشمەننىڭ بىزگە قاراتقان كەشپىياتىغا قارشى كەشپىيات، يې-
ڭى كەشپىيات ھاسىل قىلىش جېڭىدۇر.

بىر مىسال ئالايلى: ئاۋازلىق تورپېدا. بۇ قېتىمقى جەڭدى-
كى ھەممىدىن سىرلىق قورالنىڭ بىرى بولغان ئاۋازلىق تورپې-
دا، ئۇرۇشتىن كېيىنكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ دەسلەپكى
ئاساسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا راكېتا بىلەن بومبا بىر دۆۋە
پارتلاتقۇچلا ھېسابلانغان چاغدا، ئاۋازلىق تورپېدا ئوقىنىڭ ئۇ-
چىغا دۈشمەننى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدىغان بىر كىچىك "مېڭە"
ئورنىتىپ قويۇلاتتى. ئاۋاز ئۇنىڭ "ماكانى" ئىدى. گېرمانىيە
سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ باشلىقى ئۇنى ھەربىي پاراخوتنىڭ تەخ-
مىنىي يۆنىلىشىگە توغرىلاپ قويۇپ بېرىدىغانلا بولسا، ھەربىي
پاراخوتنىڭ ئالغا سىلجىتىش ماشىنىسىدىن چىققان بارلىق كەڭ-
رى ئاۋازلار دائىرىسى مۇئەييەنلەشتىكى توپا - چاڭ سۇمۇرگۈچ
شەكلىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ، دېڭىزدىكى تورپېدانى ھەربىي

پاراخوت تەرەپكە يۈزلەندۈرەتتى. بۇ خىل تورپېدا گويا دېڭىزدى-
كى توشقاننىڭ پۇرىقىنى پۇراپ كېلىۋاتقان ئىتقىلا ئوخشايتتى.
پاراخوتنىڭ قايسى يۆنىلىش بويىچە ئايلىنىشىغا قارىماي، بۇ
خىل تورپېدا تېخىمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئايلىنىۋېرەتتى، سۈرئە-
تى تېز بولسىمۇ، ئېشىپ كېتەلەيتتى. ئۇنىڭ بۇرنى ئاۋاز
دائىرىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئاجىز ئاۋازلارنى پۇراپلا قالسا،
ئۇدۇل ئاۋاز دائىرىسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، پاراخوتنىڭ ھەر-
كەتلىنىپ تۇرىدىغان جان تومۇرىغا دەل جايىدا بېرىپ تېگەتتى.

بۇ خىل ئاۋازلىق تورپېدا يەنە پاراخوت توپلىرى ئىچىدىن
ئەڭ ئاساسلىق نىشاننى تاللىۋالالايدىغان ئالۋاستىدەك قابىلىيەت-
كە ئىگە ئىدى. بىر كىچىك پاراخوت ئاساسلىقراق بىر نىشان
يېنىدا كېتىۋاتقان بولسا، تورپېدا تېز سۈرئەتتە ئۇنى ئايلىنىپ
ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇددى بۇرنى بىلەن پۇراپ تاپقاندەك
تېخىمۇ چوڭراق، ئاۋازى تېخىمۇ چوڭراق بولغان پاراخوتقا قا-
راپ ئېتىلاتتى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ناھايىتى
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ خىل ئاۋازلىق تورپېداغا قارىتا 14
تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇلارنىڭ ئومۇمىي پىكرى خۇددى بىر دېڭىز ئارمىيە گېنې-
رال پولكوۋنىكى كۆرسەتكەندەك، ”ئۆزى يوق يەردە تېخىمۇ زور
ئاۋاز پەيدا قىلىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى ئاۋازدىن ئاشۇ-
رۇۋېتىش ئىدى“.

لېكىن، تەجرىبىخانىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغىنى پەقەت
قارشى تەدبىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى، قالغان ئىشلارنى كى-
شىلەر ئۇرۇش جەريانىدا ئۆزى قىلىپ كېتەلەيتتى. يېڭى مۇدا-
پىئە تاكتىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، بىر قى-
سىم مۇتەخەسسىسلەر ئاۋاز پەيدا قىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ قول-
لىنىش تېخنىكىلىرىنى ئۆزگەرتتى. مەسىلەن، ئاۋاز تورپېداسى

ئاۋاز پەيدا قىلىش ماشىنىسىنىڭ قىلتىقىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە تاسادىپىي پاراخوت تۇپى ئىچىدىكى يەنە بىر پاراخوتقا سوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى داۋاملىق مەۋجۇت ئىدى. يەنە بىر مىسال ئال- ساق، مۇتەخەسسىسلەر ئاۋاز تورپېداسىنى نورغۇنلىغان ئاۋاز پەيدا قىلىش ئەسۋابلىرىدا سىناپ، نىشاندىن يىراقلاشتۇرۇۋەت- سىمۇ بولاتتى.

گېرمانىيە تەرەپتىمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ رادارلى- رىغا ۋە پۇختا ئاۋاز قوبۇل قىلغۇچ لايىھىلىرىگە قارشى رىقابەت بار ئىدى. ئاۋاز قوبۇل قىلغۇچىنىڭ "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋازىغا تايىنىپ بىر ھالاكەت سىمفونىيىسىنى تۈزۈپ چىققىلى بولاتتى. "بۇلدۇق" قىلغان بۇ ئاۋاز دېڭىزدىكى بىر خىل ئاۋاز دولقۇنى ئىدى؛ ئۇ بەلگىلىك بىر نىشانغا يولۇققان چاغدا "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋاز قايتۇراتتى. گېرمانىيىلىكلەر نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سۇ ئاستى پاراخوتىغا سۇركەپ قويۇلسىلا "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋازنى سۈمۈرەلەيدىغان بىر خىل كاۋچۇك ئىجاد قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇلار يەنە ئاۋاز سۈمۈرۈۋالىدى- غان كاۋچۇك ياساپ چىقتى، بۇنداق كاۋچۇك يېپىشتۇرۇلغان ئۆيدە كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمايتتى. كېيىن ئۇلار يەنە بىر خىل يېلىم ئىجاد قىلىپ، ھېلىقى كاۋچۇكنى مۇشۇ يېلىم بىلەن سۇ ئاستى پاراخوتىغا مەھكەم چاپلاپ قويىدى. بەزى گېرمانىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئايىغىنىڭ چەمگە ئازراق مۇشۇنداق يېلىم سۈركەپ قويۇلۇۋىدى، ئۇلار سۇ ئاستى پاراخوتىدىن ئۆزى- نى چەتكە ئالىمەن دەپ ئايىغىنىڭ چەمى بىلەن ئاياغ يۈزىنى ئاجرىتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ خىل كاۋچۇك بىلەن يېلىم ئاجايىپ ماسلاشقانىدى، ئەمما ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋاز يەنىلا ئەكس ئېتىپ تۇرۇۋەردى. يەنە بىر خىل خىمىيىلىك ئوق شارچىسىنى ئاتالايدىغان سۇ مىلتىقىمۇ بار

ئىدى. بۇ خىل ئوق شارچىسى ئاۋاز چىقىرىپ، "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋازلارنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتىپ زىلزىلە پەيدا قىلالايتتى. — بۇ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ رادارلىرى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنتتۇەتتى. ئۇلار تەجرىبە ئارقىلىق ئېنىشكەن بىرىنچى تەدبىر "گېرمانىيە شاتۇرى" — بىر خىل تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن لەگلەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر نېمە بولۇپ، ئۇ ماتور مۇناردىكى تۇۋرۇكنىڭ ئۇچىغا چېگىلەتتى، سۇ ئاستى پاراخوتى شامالغا قارشى ماڭغاندا ئۇ شامال تۇۋرۇكى بىلەن ئۆرلەيتتى، ھاۋاغا كۆتۈرۈلسىلا، ماتورنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ گورىزونتال قوزغاتقۇچىسى ئۇنى ھاۋادا تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئۇچقۇچى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭمۇ ئىككى چوڭ يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. بىرى، ئۇچقۇچى پەقەت "گېرمانىيە شاتۇرى" نى يۇقىرىغا ئۆرلىتىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، كۆزىتىشكە ۋاقىت چىقىرالماي قالاتتى؛ ئەگەر ئۇ دۈشمەن ئايروپىلانىنى سېزىپ قالسا، ھەم سۇ ئاستى پاراخوتى دەرھال سۇ ئاستىغا چۆكۈشكە توغرا كەلسە، تېز سۇرئەتتە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قالاتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇ پەقەت يىپىدىن كېسىپ تاشلىنىپ ئىلاجسىز دېڭىزغا چۆكۈپ كېتەتتى. بۇ — ئۇچقۇچىنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغانلا بىر ئىش ئىدى.

كېيىن گېرمانىيىلىكلەر رادارنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان يەنە بىر خىل يەمچۈك شارچە ياساپ چىقتى. ھىدروگېن گازى قاچىلانغان ۋە قەلەي يىپچىلار ئورالغان بۇ شارچىلار رادار دولقۇنىنى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار تەخمىنەن 30 يارد ئۇزۇنلۇقتىكى قوي ئۈچىيىدىن ئىشلەنگەن يىپ بىلەن لەيلىمە قىلىپ چېگىپ قويۇلاتتى. ئەمما تەجرىبىلىك رادارچى يالتىراق ئېكراندىكى ئىمپۇلس شامالغا ئەگىشىپ مىدىرلىغانلىقـ

نى ۋە شامال سۇرئىتىگە يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسى-
لا، بۇنىڭ يەمچۇك شارچە ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايتتى. ئەمما
بۇنىڭغا ھېچقانداق كىشى ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى. بەلكىم
ئۇ شامال يۆنىلىشىدە شامال سۇرئىتىنى مەخپىي ساقلاپ كېلى-
ۋاتقان بىر سۇ ئاستى پاراخوتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار تاكى
جەڭ ئاخىرلاشقىچە ئېگىز بوشلۇققا ئېسىپ قويۇلغان بۇ شارچى-
لار قارشى تەرەپنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش قىممىتىگىمۇ ئىگە
ئىدى.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ رادارى بىزنى دائىم سېزىۋالغان چاغ-
دا، بىزنىڭ رادارىمىزمۇ گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ
ئورنىنى ئۆلچەپ چىقىپ تۇراتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشنىڭ
تەرەققىياتى گويا غەرب كىنولىرىدىكى دوئىلغا ئوخشاپلا قالدى:
ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا قىلىچ چىقىرىدىغان بولدى. شۇڭا
گېرمانىيىلىكلەر بىر خىل "ئىزدەپ قوبۇل قىلغۇچ" ئەسۋابىنى
ئىجاد قىلدى. ئۇلار بۇ ئەسۋاب بىلەن بىر رادار پونكىتىنىڭ
ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقالايتتى. ھەتتا بۇ رادار پونكىتىدىن نەچچە
دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى جايلارنىمۇ ئۆلچەپ چىقالايتتى.

كېيىن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر يېڭى تىپتىكى بىر خىل
رادار — S شەكىللىك رادارنى ئورۇشتا ئىشقا سالدى. بىر
خىل ھەتتا ۋەھىمىلىك بىر كەيپىيات ناتسىستلارنىڭ ھەربىي
پاراخوت ئەترىتىگە تەھدىت بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ "ئىزدەپ
قوبۇل قىلغۇچ" ئەسۋابى S شەكىللىك رادارنى تەكشۈرۈپ چىقال-
مايدىغان بولۇپ قالدى. گېرمانىيىلىكلەر بىر خىل يىراق ئىنف-
را قىزىل نۇرلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى ياساپ چىقىشقا ئۇرۇ-
نۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى دەل بىز-
نىڭ غەلىبىمىز بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇلار ئالتە ئايدىن كۆپرەك
زېھنىي - كۈچىنى ئىسراپ قىلىپ، سۇ ئاستى پاراخوتىغا سۇر-
كەپ قويۇلسا ئىنفرا قىزىل نۇرىنى بايقىۋالالمايدىغان بىر خىل

سىر كەشىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناتسىستلارنىڭ پاراخوت باشلىقى ئۇلارنىڭ "ئىز دەپ قوبۇل قىلغۇچ" ئەسۋابى ۋە رادارنى ئىشلىتىشكە پېتىنالمىغاچقا، پاراخوت غەرق بولۇپ كېتىش ۋەقەسى زور كۆلەمدە ئازىيىپ كەتتى. كېيىن، گېستاپو روتتېردام شەھىرىگە قىلغان جاسۇسلۇق ھۇجۇمىدا، بىر رادارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىنلا بۇ سىر ئاشكارىلاندى.

گېرمانىيىلىكلەر دېڭىز ئاستى ئۇرۇشىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۈچ تۈرلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر تۈر غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەرتىپ بويىچە لايىھىلەنگەنىدى.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تۈر "بۆرە توپى تاكتىكىسى" ئىدى. بۇ تۈر چارلاپ يۈرۈۋاتقان سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى يىغىپ، سان جەھەتتە پاراخوت ئەترىتىنىڭ قوغدىغۇچى پاراخوتلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەندىن كېيىنلا، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئايروپىلان چىقىرىش ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇنىڭغا قارشى قوللانغان تەدبىرى ئىدى. قۇرۇقلۇقنى بازا قىلغان، رادار سەپلەپ بېرىلگەن ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىدىن "بۆرە توپى" نى سۇ ـ توقاي قىلىپ، جىق ئولجىلارغا ئىگە بولاتتى. ئەمما، "بۆرە توپى" ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يىغىلىپ، ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇش مۇساپىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەتتى ھەم بارغانلا يېرىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتى.

بۇنىڭغا قوغدىغۇچى ئاۋئاماتكىلار تاقابىل تۇراتتى. پاراخوت توپى ئۆزىنى قوغداۋاتقان قۇرۇقلۇق بازىسى — ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش مۇساپىسىدىن چەتنەپ كەتكەندە، ئاۋئاماتكىلار ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتىلەتتى.

كىچىك تىپتىكى بىرىنچى تۈركۈم ئاۋئاماتكىلار قاتتىق

خۇشاللىنارلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلار كۈتۈلمىگەن يەر-
دىن چىقىپ، ناتسىستلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ قاتتىق
ئەدىپىنى بەردى ھەمدە سۇ ئاستى پاراخوت خادىملىرىنىڭ شۇن-
چىۋالا ئەزۋەيلەپ ھەتتا ئوتتۇرا ئاتلانتىك ئوكياننى ئۆزلىرىنىڭ
شەخسىي چۆمۈلۈش مەيدانى قىلىۋالغانلىقىنى بايقىدى. نىسپىي
بىخەتەر بولغان دېڭىز ئاستىدىكى يەرگە يېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى-
كى بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە، جىددىي چۆكۈۋاتقان سۇ ئاستى
پاراخوتىنىڭ ئايروپىلان تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا ھالاكەتلىك تەق-
دىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشى تەسكە توختايتتى.
ناتسىستلارنىڭ كىچىك تىپتىكى ئاۋئاماتكىغا بولغان دەس-
لەپكى ئىنكاسى چۈشىنىكسىز خاتالىق بولدى، ئۇنىڭ تەسىرى
شۇنچىلىك زور بولدىكى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بۇ ھال، گېر-
مانىيىلىكلەرنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلماي قالمايدۇ دېيىشتى.
ئالاقزادىلىك ۋە تېۋۇتونلارنىڭ ئېگىلمەس خاراكتېرى تۇپەيلىدىن
گېرمانىيىلىكلەر مۇنداق قارارغا كېلىشتى: سۇ ئاستى پاراخوتى
ئايروپىلان بىلەن بىر مەيدان ھايات - مامات جېڭى ئېلىپ
بېرىشى كېرەك.
دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال پولكوۋنىكى دېنىس بارلىق
سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا زېنىت توپ
ئورۇنلاشتۇردى، شۇنداقتىمۇ، 1943 - يىلى ئالتە ئاي ئىچىدە،
ناتسىستلارنىڭ 150 سۇ ئاستى پاراخوتى سۇغا غەرق قىلىۋېتىل-
دى. "بۆرە توپى" نىڭ ئومۇرتقىسى ئۈزۈپ تاشلاندى. گېرماند-
يىلىكلەر باشتىن - ئاخىر كۆز ئالدىدىكى مەسىلە — قوغدىغۇ-
چى ئاۋئاماتكا مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى، ئۇ يىراقتىن ئاي-
روپىلان چىقىرىپ ھەم يىغىۋالالايدىغان بولغاچقا، ئاز دېگەندە
ھەر 24 سائەتنىڭ ئۈچ سائىتىدە يېگانە ۋە ياردەمسىز ھالەتتە
قالاتتى. تاكى چوڭ ئۇرۇش ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرىكى بىر-
نەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇلار كىچىك تىپتىكى ئاۋئاماتكىغا بىرەر

قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇم قىلالمىدى.
كىچىك تىپتىكى ئاۋئىئاماتكىنىڭ زور غەلىبىسى ھەرگىزمۇ ئاسانلا قولغا كەلگەن ئەمەس. ئەمدىيە، تېخنىكا ۋە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشتەك جەددىي ئارزۇ ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغانىدى.
سۇ ئاستى پاراخوتىغا ئايروپىلان بىلەن تاقابىل تۇرۇش تەسەۋۋۇرى ئەشقا ئېشىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار بىر مەزگىللىك تەجرىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇزۇن جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئەڭ تەپسىلىي كۆرسەتمىنى بېكىتىشتە، ئۇچقۇچى ۋە ئايروپىلان خادىملىرىدىن ھەر خىل مۇرەككەپ ۋە تۇرلۇك ماھارەتلەرنى ئىگىلەش، رادار ۋە ئاۋاز قوبۇل قىلغۇچقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن، ھەتتا، ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە دۈشمەننىڭ غەرىزىنى توغرا مۆلچەرلەش تەلەپ قىلىناتتى.
مىسال كەلتۈرۈپ ئېيتساق: 1943 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىر چارلىغۇچى ئايروپىلانى 10 سائەتلىك چارلاشنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا، تۇيۇقسىزدىنلا گېرمانىيىنىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتىنى بايقاپ قالىدۇ. بۇ ئايروپىلان تېخى يېرىم دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى جايدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چاغدا، سۇ ئاستى پاراخوتى جەددىي چۆكۈشكە باشلايدۇ، بۇ چاغدا تاكتىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. ئۇچقۇچى سۇ ئاستى پاراخوتىغا قاراپ ئېتىلىدۇ ۋە 4000 ئىنگلىز چىشى ئېگىزلىكتىكى جايدىن 60 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ شەكىللەندۇرۇپ سۇ ئاستى پاراخوتىغا قاراپ شۇڭغۇيدۇ. ئۇ سۇ ئاستى پاراخوتىنى زەخىملەندۇرۇپ سۇ ئۇستىگە چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ دەھشەتلىك زېنىت توپىغا قارشى ئۇزۇلدۇرمەي تاكى ئەترەتنىڭ ئىككىنچى ئايروپىلانى كېلىپ، سۇ ئاستى پاراخوتىنى پاچاقلاپ تاشلىغۇچە زەربە بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يېقىلغۇ يېتىشمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇ ساق قالغان

دۈشمەنلەرنىڭ دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۈرەتكە ئالغان-دىن كېيىن، قاتتىق ھالسىرىغان ھالدا يەنە 300 دېڭىز مىلى ئۈچۈپ، بازىغا قايتىپ كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، يەر يۈزىدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان نەرسە مۇكاپات مېدالى بولماي، بەلكى ئۇنىڭ قائىدىسىز جەڭ قىلىش ئۇسۇلىغا بولغان ئۆتكۈر تەنقىد بولۇپ چىقىدۇ، نەتىجە: ”گەرچە ھۇجۇمنىڭ ئۈنۈمىنى ئىنكار قىلىشقا بولمىسىمۇ، بۇنداق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە بىلەن بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ“ دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر بولسا بەلگىلەنگەن ئۇ-سۇل بويىچە ئۇرۇش قىل، بىر بولسا ھېچنېمە قىلما دېگەنلىك ئىدى، بۇ خىل سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى تالاپەتنى ئازاي-تىپ، تېخنىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىمكان بېرەتتى.

دېڭىز ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇ-رۇش مەغلۇپ بولغاچقا، گېرمانىيە ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇچقۇچىلار ئەسكى قەغەز تاشلايدىغان سىم تور سېۋەتتىدەك بىر نەرسىلەرنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى، ئىنچىكە ئاق قۇيرۇق قالدۇرۇپ ئۈزۈۋاتقانلىقى-نى، بەزىدە قويۇق ئىس - تۈتەككە ئورالغان ئوت ئۇچقۇنىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا باشلىدى. بۇ قورقۇنچلۇق ”ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ“ ئەسۋابى ئۇرۇش داۋامىدا پەيدا بولغانىدى.

سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئۇنىڭ باتارې-يە گۈرۈپپىسى بولۇپ، ئۇ چۆككەن چاغدا باتارېيىگە تايىنىپ ھەرىكەتلىنىشى، تەخمىنەن 24 سائەتتىن كېيىن يەنە سۇ ئۈس-تىگە چىقىپ ئېنېرگىيە تولۇقلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ سۇ يۈزىگە چىققاندا، ئاسانلا ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى. ”ھاۋا ئۆت-كۈزگۈچ“ ئەسۋابى ئورنىتىلغان گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلى-رى سۇ ئاستىدا ماتورنى ئىشقا سېلىپ، سۇ ئۈستىگە چىققاندا

ئېنېرگىيە تولۇقلىمىسىمۇ بولاتتى. مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت شۇكى، ”ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ“ ئەسۋابى سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سۈرئىتىنى ئۈچ ھەسسە تېزلىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئايروپىلاننىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى تۇرۇش قورالى بولۇش ئۈنۈمىنى تەخمىنەن 80 پىرسەنت تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى. رادارنى تېخىمۇ كېرەكسىز قىلىۋەتكەنىدى.

”ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ“ دىزېل ماشىنىسىنىڭ بىر خىل ئۈزارتىلغان ھاۋا تۆشۈكچىسى بولۇپ، ئۇ كلاپان ئورنىتىلغان كانايىنىڭ ئۆزى ئىدى. سۇ ئاستى پاراخوتى 40 ـ 30 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان پېرىسكوپ چوڭقۇرلۇقىدا چارلاش ئېلىپ بارغاندا، دىزېل ماشىنىسى مۇشۇ كاناي ئارقىلىق سۇ ئۈستىگە ھاۋا چىقىراتتى. كلاپان دېڭىز سۈيى كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى.

گېرمانىيىلىكلەر 1940 ـ يىلى غەنىيمەت ئالغان گوللاندىيىنىڭ ئىككى سۇ ئاستى پاراخوتىدا مۇشۇنداق قۇرۇلمىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى، ئەمما ئۇلار ئۇنى 18 ئاي كېچىكىپ تەجرىبە قىلدى. ناتسىستلار بۇ ئەسۋابنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە نۇرغۇن پېشكەللىككە يولۇقتى. بۇ ئەسۋاب ھاسىل قىلغان ھاۋا بېسىمى دولقۇنىنىڭ تىترىشىدىن كېمە خادىملىرىنىڭ قۇلاقلىرى ئاغرىپ كېتەتتى. كۈۋەجەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىدا، مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقنى توغرا ساقلاپ قېلىش ناھايىتى قىيىن بولغاچقا، كېمە خادىملىرى جىددىيلىك ئىچىدە چىدىغۇسىز ئەھۋالدا قالاتتى. ئۇلار بۇنداق قۇسۇرلارنى زادىلا تۈگىتەلمەي كەلگەنىدى. كېمىنىڭ ئىچىدە دائىم كاشىلا چىقىپ، ئىس ـ تۈتەككە تولۇپ كېتەتتى. بەش كۈن چارلاش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن U—269 نومۇرلۇق كېمە قايتىشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ھەددىدىن زىيادە ئىس شۈمۈرۈۋالغاچقا جىددىي خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. يېقىلغۇ بۆلۈمىگە كىرگەن كې-

رەكسىز گازلار دائىم ئېغىر دەرىجىدىكى كاربون ( Ⅳ ) ئوكسى-
دى بىلەن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ناتسىستلار
تۈربىنا بۆلۈمىدىكى خادىملارغا مېۋە ۋە كالا سۈتىنى كۆپرەك
بۆلۈپ بېرەتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ئىشىنى داۋاملاشتۇ-
راتتى.

ئاخىرىدا ئۇلار يەنىلا بىر ئاز ئەپسۇسلاندى، ”ھاۋا ئۆتكۈز-
گۈچ“ ئىشلىتىلگەن چاغدا شاۋقۇن ئاۋاز چىقىراتتى، بۇ سۇ
ئاستى پاراخوتىنىڭ ئۆزىدىكى شاۋقۇن ئاۋازىنى ئاسانلا سونار
تەرىپىدىن بىلىندۈرۈپ قوياتتى ھەم ئۆزىدىكى سونارنىڭ ئىشلى-
تىلىشىگىمۇ توسالغۇ بولاتتى. ئەگەر بىزنىڭ سونار ئۈسكۈنىلى-
رى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ بۇ
قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىپ چىققان بولاتتى.

بىزنىڭ تەجرىبە خادىملىرىمىز شۇنچىلىك سەزگۈر سونار
ئۈسكۈنىسى ياساپ چىققان ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن دېڭىز ئاستى-
دىكى گېرمانىيە پاراخوتلىرىدا قىلىنغان سۆھبەت - پاراڭلارنى-
مۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ۋەھالەنكى ئەمەلىي ئىشلىتىلىش نەتىجى-
سى پۈتۈنلەي ئويلىغاندەك بولماي قالاتتى، سۇ ئاستى دۇنياسى
نەقەدەر جىددىي ۋە شاۋقۇنلۇق بولسىمۇ، بۇنچىلىك سەزگۈر
ئەسۋاب تەجرىبىخانىدا ناھايىتى مۇكەممەل بولسىمۇ، دېڭىز ئاس-
تىدا نۇرغۇن سىجىل ئاۋازلارنىمۇ يىغىۋالايتتى. بۇ ئاۋازلارنى
ھېچكىم ئايرىپ چىقالمايتتى.

قىممىتى بار يەنە بىر يېڭى كەشپىيات — ھاۋادىن تاشلى-
نىدىغان سونارلىق لەيلىمە بەلگە بولدى. ئايروپىلان ئۇنى سۇ
ئاستى پاراخوتى بار دەپ گۇمان قىلىنغان دائىرىگە تاشلايتتى.
لەيلىمە بەلگە ئۈستىدىكى ئاۋاز ئۈسكۈنىسى سۇ ئاستى پاراخوتى-
نى ئىزدەپ، لەيلىمە بەلگە ئۈستىدىكى ئاپتوماتىك سىمسىز
تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق ئاۋازنى ئايروپىلانغا يوللاپ تۇرات-
تى، نەتىجىدە ئايروپىلان سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى ئۈنۈملۈك

قورال بولۇپلا قالماي، بەلكى رادارنىڭ ئەسلىدىكى خىزمىتىنىمۇ ئۆستىمگە ئالغانىدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى غەربىي ياۋروپادا قۇرۇق-لۇققا چىققان 10 ھەپتە ئىچىدە، «ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ» ئۇسكۇنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋە ئاۋاز-لىق تورپېدا 12 سودا پاراخوتىنى سۇغا غەرق قىلىۋەتتى. شۇن-داقتىمۇ گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتىدىن 29 ي پاچاقلاپ تاشلانغانلىقى مەلۇم بولدى، يەنە بىرمۇنچىسى پارچاقلاپ تاشلان-غان ۋە بىرقانچىسى كاردىن چىققان بولۇشى مۇمكىن.

گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ئېلىپ بارغان ئەڭ ئا-خىرقى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىش جېڭى شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. بىز تېخنىكا جەھەتتە گېرمانىيە پاراخوتلىرىدىن ئۈستۈن تۇردۇق.

تۆۋەندىكىسى 546 ـ U نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ غەرق قىلىۋېتىلىشىگە دائىر جانلىق ھېكايە — بۇ تېپىك بىر مەيدان ئېلىشىش بولۇپ، بۇ قېتىملىق ئېلىشىشتا ئاللىبۇرۇن مەلۇم بولغان لايىھە ۋە تەدبىرلەرنىڭ ھەربىر خىلىنى ئىككى تەرەپ تولۇق دېگۈدەك ئىشقا سالغانىدى.

546 ـ U نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتى بولسا 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ شىمالىي دېڭىزغا ئۇسۇپ كىرگەن ئالتە سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ بىرى ئىدى. ئىشەنچلىك ئاخباراتلار مۇنداق ئەقلىي يەكۇن چىقاردى: ئىككى يۈتى بىر ئۆتۈككە تىقىلغان گىتلېرنىڭ ئاخىرقى بىر تەۋەككۈل-چىلىكى بولغان بۇ سۇ ئاستى پاراخوتى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز بويىغا V شەكىللىك ئۇچار بومبا ئېتىشنى پىلانلىغانىدى. ئاتلان-تىك ئوكيانىدىكى بارلىق پاراخوت ئەترەتلىرى ئۇرۇشقا ئاتلى-نىپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغانىدى.

دەسلەپتە بىردىنبىر قىلىشقا بولىدىغان ئىش ئاتلانتىك

ئوكيان پاراخوت ئەترىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ تار ھەم ئادەمگە لىق توشۇپ كەتكەن ئىشخانىسىنىڭ خەرىتە دوسكىسىغا دېڭىز خەرىتىسى ئېسىش ئىدى. قوماندانلىق شتابىدىكىلەر گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرى ۋە پاراخوت باشلىقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلەتتى. بۇ كېمە باشلىقلىرى بۇ ئالتە سۇ ئاستى پاراخوتىغا قوماندانلىق قىلسا، نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. بۇ ئۇلار ئۇچۇن ھېچقانچە يېڭىلىق ھېسابلانمايتتى. بىر قېتىم دەل مۇشۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىياسى بويىچە، ناتسىستلارنىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتىغا ئەگىشىپ، يول بويى قورشاۋلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ياپونىيە ئارقىلىق تىنچ ئوكياندىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيانغا كىرگەن ھەمدە داۋاملىق قىياس بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىپ، بىر ھەربىي پاراخوتنى ئۇلار ئىشەنچ باغلىغان سۇ ئاستى پاراخوتى تورۇشلۇق ئورۇنغا كىرىشكە بۇيرۇق قىلغان، نەتىجىدە بۇ ھەربىي پاراخوت غەلىبە بىلەن قايتقان.

بۇ قېتىممۇ ھېچكىم بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئىشنى ئوڭغا تارتقۇزۇشتىن شۈبھىلەنمىدى. تۆت قوغدىغۇچى ئاۋئىماتكا بىلەن تۆت ياردەمچى سۇ ئاستى پاراخوتىدىن تەشكىل تاپقان پاراخوت كالونىسى بۇيرۇققا بىنائەن، دېڭىز خەرىتىسىدىكى يۆرۈش يۆنىلىشىنى بويلاپ، بۇ ئالتە سۇ ئاستى پاراخوتىدىن مۇداپىئەلىنىش توسۇقى ھاسىل قىلدى ــ دېڭىز خەرىتىسىدىكى چەيزىرەڭلەر قىياسنى، يېشىل رەڭلەر ئېنىقلانغانلىقنى بىلدۈرەتتى.

ناتسىستلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرى پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا بىرلىنىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك دوكلات يوللاپ تۇرغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. دېڭىز ئارمىيە مارشالى دۆنىس سىمسىز يۆنىلىش ئۆلچەش ئىستانسىسىمىزنىڭ گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلىيالايدىغانلىقىنى

بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق دوكلات
قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئېھتىمال بۇ ناتسىستلارنىڭ ئە-
زەلدىن ھېچقانداق كىشىگە ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىدىن
بولسا كېرەك. ۋەھالەنكى بۇ ئالتە سۇ ئاستى پاراخوتى سىمسىز
تېلېگرافنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىپ كېلىۋەر-
دى. بىر قېتىم ئۇلار غەرب تەرەپنىڭ يىراق يېرىدە تۇرغان بىر
گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتىدىن ھاۋا رايى ئەھۋالىنى سورىغان-
دا، يۆنىلىش ئۆلچىگۈچ شۇزامانلا ئۇلارنى بايقىۋالغان، ھەمدە
رازىمەنلىك بىلەن يېشىل ×، چەيزىرەڭ × — دېڭىز مىلى
دېڭىز ئىچىدە دېگەن بەلگىنى بەردى. ئەمما پاراخوتلارنى پايلاپ
مېڭىش ئىشى كۆپىنچە قىياسقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۈچ
ھەپتىدىن كۆپرەك بۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ھەقىقەتەن قىيىنغا
چۈشكەندى.
كېيىن، 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «كروتەن» ناملىق
پاراخوتتىن ئۇچقان بىر ئايروپىلان دەل «ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ»
چىقارغان سۇس ھەم ئىنچىكە ئىس ئىزىنى بايقىدى. 4 - ئاينىڭ
15 - كۈنى، ئىككى سۇ ئاستى پاراخوتى ئۇلارنىڭ يۈرۈش
يۆنىلىشىدىكى مۇداپىئە رايونىنى توغرا كېسىپ ئۆتتى. بۇ ئىك-
كى سۇ ئاستى پاراخوتى تۇگەل غەرق قىلىۋېتىلدى. 4 - ئاينىڭ
22 - كۈنى، ئۈچىنچى سۇ ئاستى پاراخوتىمۇ غەرق قىلىۋېتىل-
دى. شۇ كۈنى چۈش ۋاقتى سائەت 1دىن 22 مىنۇت ئۆتكەندە،
يەنە بىر سۇ ئاستى پاراخوتى 70 دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى
«پرىسبورىي» ناملىق قوغدىغۇچى پاراخوتتىن ئۇچقان ئايروپىلان
تەرىپىدىن سېزىۋېلىندى، بۇ جەڭ پاراخوتى ئەترىتى بۇيرۇققا
بىنائەن 20 ئۇزېل سۈرئەت بىلەن نەق مەيدانغا قاراپ يول
ئالدى. ئىز - دىرىنى تېپىش بىر كېچە داۋاملاشتى، تاكى
4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن 29 مىنۇت
ئۆتكەندىلا دۇېس ناملىق قوغدىغۇچى پاراخوتتىن: "پاراخوتىمىز

پاراخوت قويرۇقىدىكى گۇمانلىق نەرسىنى ئېنىقلاش ئالدىدا تۇرىدۇ“ دېگەن مەزمۇندا تېلېگراما كەلدى. «دىۋېس» ناملىق پاراخوت چارلاپ يۈرگەندە، مۇداپىئە سىزىقى ئۈستىدىكى پاراخوت سۈرئىتىنى پەقەت بەش ئۇزېل ئاستىلاتقانىدى.

توپتوغرا 11 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بىر تورپېدا «دىۋېس» ناملىق پاراخوتنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

تورپېدانىڭ ئۆزى بىر ئەجەللىك قورال ئىدى. «دىۋېس» ناملىق پاراخوت ئۈستىدە 179 ماتروس ۋە 13 ئوفىتسېر بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 105 ماتروس بىلەن 10 ئوفىتسېر هالاك بولدى. «هايتې» ناملىق پاراخوت قۇتقۇزۇشقا بېرىپ، هادىسىگە ئۇچرىغان 65 كىشىنى سۇدىن سۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوغۇق دېڭىز سۇيىگە چىلىشىپ تۇرغاچقا، ئاللىقاچان هوشىدىن كەتكەنىدى، بەزىلىرى يېرىم هوشسىز هالەتتە تۇراتتى، يەنە بەزىلىرى ئىختىيارسىز قاتتىق تىترەيتتى. كاپىتان ئىدۋارد جىس ئۆزىلا 20 ئادەمنى قۇتقۇزدى ۋە ئۈچ جەسەتنى سۈزۈپ چىقتى، ئۇ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇ ئۈزەلمەي تۇرغان كىشىلەرنى پاراخوت يېنىغا سۆرەپ كېلەتتى. پاراخوتتىكى سەككىز خادىم ئۇدا بىرنەچچە سائەت سۇنئىي نەپەس ئېلىپ تۇردى. رىچارد. بۇمكانا ئاللىقاچان ئۆلگەن دەپ قارالغان ئۈچ ئادەمنى قۇتقۇزدى، ئۇ هەربىي پاراخوتنىڭ قاتتىق تەۋرىنىپ تۇرغىنىغا قارىماي، دەم ئالماي ئىشلىدى. ئۇ بىر نەپەر هادىسىگە يولۇققۇچىنىڭ يېنىدا ئۇدا ئۈچ سائەت قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىپ، بىرئازمۇ ئارام ئالمىدى، چۈنكى ئۇ يۈرەك رىتىمىنى ساقلاشنىڭ مۇهىملىقىنى بىلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كالۇننىنىڭ باشقا بارلىق پاراخوتلىرى ئۇزۇن، زېرەك ۋە ئۇزۇن ”قۇلاق“ لىرىنى سۇ

ئاستى پاراخوتى پەيدا بولۇپ ۋە يوقىلىپ تۇرىدىغان بىپايان دېڭىز ئاستى دۇنياسىغا كىرگۈزدى. ئەسۋاب ئۈستىلىدىكى يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن شەھەردىكىگە ئوخشاشلا شاۋقۇن - سۈرەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر دېڭىز ئارمىيە قوللانمىسىغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: "دېڭىز - ئوكيانلاردىكى ھەر خىل بېلىقلار ۋە قاسراقلىق ھايۋا. ناتلار چىقارغان ئاۋازلار خۇددى قۇرۇقلۇقتىكى قۇرت - قوڭ. غۇزلار ۋە باشقا ھايۋاناتلار چىقارغان ئاۋازدەكلا ئېنىق ۋە تەكشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ". ئاۋازى ناخشا ياكى دۇمباق ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بېلىقلار قاتتىق غەۋغايى - ئەزىم قىلىشىدۇ. بەزى راكلار چىقارغان "پاق - پۇق" ئاۋازلار خۇددى تۇزلۇق چوشقا گۆشى قۇرۇلۇۋاتقاندەك قولاققا تەسىر قىلىپ، زادىلا توختىماي. دۇ. دېڭىز دېلفىنى بىلەن كىتنىڭ سۇ ئىچىدىكى ئۆزىنى ئې. تىشلىرى "سۇ تاۋۇشى ئەسۋابىنىڭ ئېغېكت" نى پەيدا قىلىدۇ. سېرىق گوربىللارنىڭ "ئومۇمىي خورى" خۇددى ماشىنا سېخىدى. كى تاراق - تۇرۇق ئاۋازلارغا ئوخشايدۇ.

ئەمما ئاۋاز ئۈسكۈنىسى يىغقان "بۇلدۇق، بۇلدۇق" ئاۋازلار بىلەن باشقا ئاۋازلارنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىدىن كەلگەن ئەكس سادا ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى پەرق ئېتىلىپ تۇرىدۇ.

«دېۋېس» ناملىق پاراخوت ھۇجۇمغا ئۇچراپ 37 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، «فلېۋېرتي» ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتىنى بايقاپ قالدى. چارلىغۇچى خادىملار تاكى ئۇلار ئانچە كۆپ بولمى. غان بىرنەچچە ھەربىي پاراخوتنى يىغىپ ھۇجۇمغا ئۆتكۈچە سۇ ئاستى پاراخوتىغا سالىجىدەك يېپىشىۋالدى. « فلېۋېرتي» نام. لىق پاراخوت بۇيرۇققا بىنائەن ئۇچقاندەك بىرىپ ھۇجۇم قوزغى. دى، «پىرىسبورېي» ناملىق پاراخوت بىرىپ يالغاندىن ھۇجۇم قىلدى.

ھۇجۇم يېڭى ئىجاد قىلىنغان قوراللار بىلەن ئېلىپ بېرىل.

دى. ئۇ كىرپە گىرانات ۋە چاشقان تۇتقۇچى گىرانات دېگەن بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ بىرى بولغان سۇ ئاستى "باشقۇرۇلىدىغان بومبا" نى ئاتتى. بۇ خىل بومبىلار چوڭقۇرلۇقنى بەلگىلەپ پارتلايدىغان چوڭقۇرلۇق بومبىلىرىغا ئوخشىمايتتى. بۇ خىل بومبا ئۇچراشسىلا پارتلايتتى، شۇڭا ئۇلار ئەتەي ئاۋاز چىقارمىسىلا، ھامان ئاۋازسىز ئىدى. سونار خىزمەتچىلىرى چوڭقۇرلۇقتىكى بومبىنىڭ پارتلاش ئاۋازى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالاتتى، ئەمما ئېتىشىپ ھۇجۇم قىلىش ئالاقىنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، جىددىي جەڭ سىگنالى چېلىندى! «فلېۋېرد» ناملىق پاراخوت ئوت ئاچتى. گۇمبا ـ گۇمباڭ قىلغان ئاۋازلار، سوقۇلما ئاۋازلار ۋە ھاسىراپ ـ ھومۇدەشلەر بىر بولۇپ دېڭىز يۈزىدە دولقۇن پەيدا قىلاتتى، باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تۇيۇقسىزدىن سۇ يۈزىگە چۈششى بىلەن ھەممە بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى. پاراخوت خادىملىرى توغرىلىق دەرىجىسى ئوندىن بىر سېكۇنتلۇق سېكۇنتامېرنى تۇتۇپ، پارتلاش ۋاقتىنى ئۆلچەپ، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى تېپىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان بولسىمۇ، پارتلاش ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئۇڭۇشلۇق بولمىدى، چۈنكى بۇ ئادەتتىكى بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پاراخوت باشلىقى رەقىبىنىڭ ھەر خىل سۇيىقەستلىرىنى بىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇمۇ بىر قاتار ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالاتتى. ئۇ پاراخوت قۇيرۇقىدىكى ھاۋا كۆپۈكچىلىرىنىڭ ئاۋاز دولقۇنىنى بۇرىيالايدىغانلىقى ھەم ئاجىزلاشتۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ پاراخوت تۇرۇشلۇق سۇ ئاستىدا توختىماي ئايلىنىپ، پۈتكۈل سۇ دائىرىسىنى داۋالغۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ تورپېدا ئاتىدىغان كانايدىن ھاۋا بومبىسى ئاتتى. "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋاز

بىلەن تەڭ بىر نېمە كېلىپ ئۇنىڭ پاراخوتىغا سوقۇلغاندا، ئۇمۇ "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋاز قايتۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ سونار ئۇسكۇنىسىنى ئالداپ قوياتتى. دېمەك، ئۇ قىلتاق قۇرۇش ما- ھىرى ئىدى. قىلتاق دېگەنلىك سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سۇرئى- تىنى تۆۋەنلىتىپ ۋە تېز سۇرئەتتە ئايلاندۇرۇپ، سۇ ئاستى كاشىلا رايونى پەيدا قىلغان ھەم سونار ئىزدەۋاتقان چاغدا ئەكس سادا پەيدا قىلىش دېگەنلىك ئىدى. ئۇ دائىم دۈشمەن پاراخوتىنىڭ دەل ئاستىدا ئۈزۈپ يۈرگەچكە سونار ئۇنىڭ پاراخو- تىنى تاپالمايتتى. ئۇنىڭ قايسى ھەربىي پاراخوتقا ھۇجۇم قىلى- شىغا كەلسەك، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ گاڭگىراپ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پىلىموتنىڭ ئوت ئاچقان ئاۋازىنى ياكى چوڭقۇر سۇ بومبىسىنىڭ سۇغا تاشلانغان ئاۋازىنى ئاڭلاشلا كۇپايە قىلاتتى.

ئاخىرى، ئۇ بۇ سۇ رايونىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقىنى ئېنىق- لاپ چىقتى، بارلىق گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىدا تۇرلۇك رايونلاردا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان ئاۋاز شارائىتلىرى كۆر- سىتىلگەن دېڭىز خەرىتىسى بار ئىدى. ھەتتا، فارېنگېيت توق- قۇز گرادۇسلۇق كىچىك پەرق بار بولسىمۇ، ئەكس سادانى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى. سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ خادىملىرى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق رايونغا خۇددى ئەسكەرلەر خەندەككە كى- رىۋالغاندەك كىرىۋالاتتى. ئۇ خۇددى سوغۇق ياكى ئىسسىق سۇ قاتلىمىدا ئەديىال يېپىنىۋالغاندەك بولۇۋېلىپ دۈشمەننى ئامال- سىز قالدۇراتتى.

گېرمانىيىنىڭ بۇ پاراخوت باشلىقى ھەتتا تېمپېراتۇرا پەر- قىنى دەستەك قىلىپ، ھۇجۇم قىلغۇچىنى زادىلا كۆزگە ئىل- مايتتى، ئەمما بىزنىڭ ھەربىي پاراخوتىمىزمۇ ئۇنىڭغا جىددىي قارايتتى. ئۇلارنىڭ پاراخوتىدىمۇ ماھىرلار بار ئىدى. ھەربىي پاراخوتلار بۇ دېڭىز تەۋەلىكىنى توغرا كېسىپ ئۆتكەن ھامان، گويا مۇشۇك يۇمشاق چۆپلۈككە كىرىپ قالغاندەك، ھەرىكىتى

قولايسىزلىشىپ كېتەتتى. گېرمانىيە سۇ ئاستى پاراخوتلىرى شاۋقۇن تورپېداسى قويۇپ بەرگەن چاغدا، بىزمۇ ئۇنىڭغا قارشى شاۋقۇن پەيدا قىلغۇچى "بۇلدۇق" قويۇپ بېرەتتۇق. ئەمما، ئاۋاز پەيدا قىلغۇچى ئاپپاراتنىڭ رىتىملىق تىترىشى "بۇلدۇق" قىلغان ئاۋازنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۇزۇپ قوياتتى.

ئۇچرىشىش جەريانىدا ئالاقە 12 قېتىمدىن ئارتۇقراق ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ، ھەر قېتىمدا قايتا ئۇلىنىپ تۇردى.

ئۇرۇش بىر كۈن داۋام قىلىپ، كېچىگىچە سوزۇلدى. ئارقا ـ ئارقىدىن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بولدى، چوڭقۇرلۇق بومبىسى بىلەن ھۇجۇم قىلىش ۋە ئايلىنىپ ھۇجۇم قىلىشلار بولدى، بۇ جەرياندا ھەربىي پاراخوتلار شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ كېتەتتىكى، پاراخوت پالۋىسىدا تۇرۇپ ئاتقان چوڭقۇرلۇق بومبىسى ئۆز پاراخوتىغا چۈشۈپ كېتىشتەك ئەمەلىي خەتەرلىكمۇ مەۋجۇت ئىدى.

ھۇجۇم باشلىنىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن، سۇ ئاستى پاراخوتى تۇنجى قېتىم ئېغىر زەخىملەندى. پارتلاشتىن كېلىپ چىققان كۈچلۈك سىلكىنىش پاراخوت جاھازىسىنى بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، پاراخوتقا بىرمۇنچە يەردىن سۇ كىرىشكە باشلىدى. ئەمما رېمونتچىلار سۇ كىرگەن تۆشۈكلەرنى ئېتىشنىڭ ئامالىنى قىلدى. بىر كۈن ئىچىدە ئەھۋال بارغانسېرى يامانلىشىپ، گېرمانىيىلىكلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. جىددىي يۆتكەلىپ يۇرۇش ئارقىسىدا پاراخوتتىكى ئېنېرگىيە تۈگەپ قالاي دەپ قالغانىدى. پاراخوت ئىچىگە كىرىپ كەتكەن شۇنچىۋالا كۆپ سۇنى، پاراخوتنىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى ناسوسى بىلەن چىقارماي بولمايتتى، ناسوس چىقارغان ئاۋاز سۇدىن ئاڭلاش ئەسۋابىنى كېرەكتىن چىقىرىپ، پاراخوت باشلىقىنى يوقىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قىلىپ قوياتتى. سۇدىن ئاڭلاش ئەسۋابى

ئۆز رولىنى يوقاتقان دەل شۇ چاغدا، U—546 نومۇرلۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنى پالاكەت باستى. دەل جايىدا قىلىنغان بىر قېتىملىق ھۇجۇم ئۇنىڭدا غول تۆشۈك ھاسىل قىلدى ۋە باتارېيە گورۇپپىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خلور گازى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا پاراخوتنىڭ باش قىسمىدىكى ماتروسلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

بۇ چاغدا كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقانىدى. «فېلىپۋىرد» ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتى چوڭقۇرلۇق بومبىسى ئاتتى، «پرىس-بورېي» ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتى سۇ ئاستىدا پارتلاشنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. تۆت مىنۇتتىن كېيىن، كىچىك بىر پارچە ماي پەردىسى بىر پارچە قانغا ئوخشاش لەيلەپ چىقتى. 10 مىنۇتتىن كېيىن، بىر چوڭ ھاۋا كۆپۈكچىسى خۇددى چوڭ شاردەك كۆپۈپ چىقىپلا ئېتىلدى ۋە سانسىز ئۇششاق كۆپۈكچە-لەرنى ھاسىل قىلدى. «فلىپۋىرد» يەنە بىر چوڭقۇرلۇق بومبى-سى ئاتتى.

سائەت 20 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە، «ۋېرېئان» ناملىق سۇ ئاستى پاراخوتىدىن بۇيرۇق كەلدى: ”دۈشمەن پاراخوتى يۇقىرىغا چىقماقتا، توپچىلار دىققەت!“

سائەت 20 دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، سۇ ئاستى پاراخوتى سۇ يۈزىگە ئېتىلىپ چىقتى. «پرىسبورېي» ئاساسىي توپتىن ۋە 40 مىللىمېتىرلىق توپتىن ئوت ئاچتى. باشقا ھەربىي پاراخوت-لارمۇ ئۆزلىرىگە چۈشلۇق ئوت ئاچتى. ناتسىستلاردىن ئامان قالغانلىرى قوماندانلىق مۇنارىنىڭ بۇنچە ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇربىنا بۆلۈمىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن قېچىشقا مەجبۇر بولدى. «ھاۋا ئۆتكۈزگۈچ» ئەسۋابى بۇ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە داۋاملىق چۆكۈپ يۈرۈشىگە ياردەم قىلغان بول-سىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا دال بولالمىدى، شۇن-

داقلا ئالته پاراخوت ئىچىدىكى ئاخىرقى ئىككىسىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، ئۇلار كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تېزلا بىر تەرەپ قىلىندى.

ئۇرۇش ئاياغلىشاي دەپ قالغان كۈنلەردە، گېرمانىيە پاراخوت ئەترىتى بىر خىل سۇ ئاستى پاراخوتىغا ئېرىشتى، بۇ پاراخوت 700 قېتىم سۇغا چۆكەلەيتتى ھەمدە چۆكۈۋاتقان چاغدا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە سۇرئىتىنى 15 ئۇزېل تېزلىتەلەيتتى؟ ۋەھالەنكى، ئۇ بەكمۇ كېچىكىپ دۇنياغا كەلگەچكە، ئەمەلىي جەڭگە قاتنىشالماي قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ يەڭگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس ـ تە. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر سۇ ئاستىدا، نىسپىي ھالدا قارىغۇ بولۇپ قالاتتى، ھەمدە چەكلىك سۇ چوڭقۇرلۇقىدىلا يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالايتتى.

# 12. دەۋر ياراتقان قەھرىمان

## ئەدۋىن مالې

1941 ـ يىلىدىكى كۆنلەرنىڭ بىر كېچىسى، مېك ماناس پەلەمپەينى دەسسەپ ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىغا چىقىۋاتقاندا، ساقچىلارنىڭ ئۇنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى.

ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە: قولغا ئېلىنىپ كېتىمەن دېگەن بۇنداق تۇيغۇدىن ئەزەلدىنمۇ تولۇق خالىي بولمىغان، ئەلۋەتتە. «نورۋېگىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى» تەشكىلاتى قولىغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى. بىراق مېك ماناس ئۆز تەقدىرىگە نىسبەتەن ياكى يېرىم كېچىدە بىرى كېلىپ ئىشىكىمنى ئۇرار، ياكى ئوسلو كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىمدا: "توختا! كىنىشكاڭنى چىقار!" دېگەن قاتتىق بۇيرۇقنى ئاڭلارمەن دەپ كۆپ خىيالمۇ سۈرۈپ كەتمىگەنىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قاپقاراڭغۇ مېھمانخانىغا كىرىپ، چىراغنى ياندۇرۇپ بولغۇچە، ساقچىلار ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى، ئۇلار جەمئىي ئالتە كىشى بولۇپ، ھەممىسى نېمىسلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان نورۋېگىيىلىك مەخپىي ساقچىلار ئىدى.

ئۇلار ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تاپانچىسىنى ئېلىۋالدى، ھەمدە ئۇنىڭ پۇتىغا تېڭىقلىق يەنە بىر تاپانچىسىنىمۇ تېپىپ چىقتى، ئاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى قاتلىما كاناپ سومكىسىنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى

ئۇنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشكە بولىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئىدى. ئەمدى ئۇ قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ مۇنچىغا يۇشۇ-رۇپ قويغان يەنە بىر قىسىم گراناتلىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئىچىدە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئىككىيلەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ناھايىتى يېقىن تۇرغاچقا، ئۇ گراناتلارنى ئېلىشقا ئامالسىز قالدى.

ئۆيىنىڭ ئىچىدە، ئىشپىيونلارنىڭ كاتتىۋېشى ھۆججەتلەرنى تەكشۇرۇۋاتاتتى، مېك ئۆزىنىڭ دېرىزە بىلەن بولغان ئارىلىقىنى كۆز مۆلچىرى بىلەن ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك تەرەپكە لىپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، يالغاندىن تويۇقسىز سەكرەش ھەرىـ-كىتىنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتە ئىشپىيوننىڭ دىققەت نەزىـ-رى بىراقلا بۇرالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان مۇشۇ بىر دەقىقىدە، مېك دەرھال شۇڭغۇپ بېرىپ دېرىزىدىكى ھاۋا مۇدا-پىئە قەغىزى ۋە ئەينەكنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئاستىدىكى پىيادىلەر يولىغا سەكرەپ چۈشتى.

ئۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، بىرىنىڭ: ”بۇ ئادەمگە ئوق چىقىرىش تازىمۇ بىر ھاماقەتلىك بوپتۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ دۈمبە قىسمىدىكى ئۇستىخانلار سۇنۇپ كېتىپتۇ.“ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى ـ دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، يېنىدا بىر سېسترا، بىر دوختۇر تۇراتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ پەس ئاۋازدا: ــ سىز ئۆلمەيسىز، دۈمبىڭىزدە سۇنۇق يوق. پەقەت ئىككى تال ئو-مۇرتقا ئورۇن ئالمىشىپ كېتىپتۇ، سىز تېزدىنلا مېڭىپ كېتە-لەيسىز ـ دېدى.

ئىككى ئىشپىيون كېچە ـ كۈندۈز بالنىسنىڭ ئىشىكىنى بېقىپ تۇردى. دوختۇر مېككە ئۆزىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئىشپە-

يونلارغا ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ھەرىكەت قىلسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنلىكىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇنى سوراق قىلماي ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى دەپ قويدى.

مېك ناھايىتى تېزلا كارىۋاتتىن چۈشەلەيدىغان بولدى. ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۇ دەسلەپتە بىرقانچە قەدەم مېڭىپ مەشىق قىلدى.

ئۇ ياتقان بالىنىسنىڭ دېرىزىلىرىگە ھاۋادىن زەربە بېرىشكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شاللار قېقىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇستى قىسمىدىكى شاللار ئاجراپ كەتكەنىدى. مېك ئەگەر ئۈستىگە چىقالىسام، شال ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن چىقىپ كېتەلەيدىكەنمەن دەپ ئويلىدى. سېسترا كىرىپ ئۇنىڭ دورىسىنى يەڭگۈشلىگۈچە ئۇنىڭغا بىر ئىسىم بىلەن ئادرېسىنى ئېيتتى، ھەمدە پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

ئىككىنچى كۈنى سېسترا كىرگەندە، ئۇ قاتۇرۇپ قويۇلغان بىر پۇتى بىلەن مېڭىۋاتاتتى. سېسترا ئۇنىڭغا بىر دانە كالتە قارماق سېپى بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يىپ يۆگىگۈچى بىلەن يىپ بار ئىدى. ئۇ مېككە قاچىدىغان ۋاقىتنى تۈن كېچە سائەت ئۈچكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

تۈن يېرىمىدىن باشلاپ، مېك ناھايىتى تىت - تىت بولغان ھالدا سائىتىگە قاراپ تۇردى. سائەت ئاخىر ئىككىدىن 50 مىنۇت ئۆتتى، ئۇ كارىۋىتىدىن ئايرىلىپ، ئىشكاپىدىن قارماق سېپىنى ئېلىپ، ئىلمەك تەرەپتىكى يىپنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى دېرىزىدىن پەسكە قويۇۋەتتى، بۇ چاغ دەل ئىككىدىن 55 مىنۇت ئۆتكەن ۋاق ئىدى. سائەت دەل ئۈچ بولغاندا، ئۇ بىرىنىڭ پەستىن يىپنى تارتقانلىقىنى سەزدى.

شۇنىڭغا قەدەر، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى.

مېك يىپ يۆگىگۈچ بىلەن يىپنى يىغىشقا باشلىدى. يىپ-

نىڭ ئۇچىغا بىر تال ئارغامچا باغلانغانىدى. ئۇ بۇ ئارغامچىنى كارىۋاتقا باغلاپ، ئاندىن ئارغامچا بىلەن دېرىزىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى.

بۇ كېچە تازا قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ يەرگە چۈشكەن چاغدا، مۇزدەك قاتتىق سوغۇق شامال ئۇنىڭ بىمارلار كىيىمىنى ئېچىۋېتىپ يالىڭاچ گەجگىسىگە خۇددى قامچا بىلەن ئۇرۇلغاندەك تەگكەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان دوستلىرى، ئۇنى دەرھال بىر ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ھەممە ئۇنى ئىسسىق بىر يۇڭ ئەدىيالغا ئوراپ قويدى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى قاپقاراڭغۇ بىر كوچىدىن ئۆتكەندە، ئىشپىيونلارنىڭ ماشىنىسىنىڭ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەن چاغدىكى قاتتىق تورمۇزلانغان چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

كېيىن نورۋېگىيىنىڭ ئىشپىيونلىرى مېك ماناسنى قايتا تۇتالمىدى. ئۇ ھايات قالدى ھەممە نورۋېگىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ داڭلىق قەھرىمانى بولۇپ قالدى.

ئالتۇن چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بۇ ۋىجىك يىگىت ئاساسەن ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك پاراخوتلارنى چۆكتۈرۈپ ھەربىي زاۋۇتلارنى پارتلىتىپ، ناتسىست تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتتى. ئۇ قەھرىمان بولسىمۇ، لېكىن گېرمانىيە قاراقچىلىرى ئىشغال قىلىۋالغان ئۇزاق كۈنلەردە ۋەھىمە ئۇنىڭدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلمىدى.

مېك دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن بۇزغۇنچىلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دەرسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن لوندونغا باردى. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىگە يەتتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىندى. ئۇ نورۋېگىيىدىن چىقىپ، چېگرا قاراۋۇللىرىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن مۇھىم ئۆتەڭلەرنى كېسىپ ئاندىن شۋېتسىيىگە كەلدى. بۇ يەردە ئۇ پويىزغا چۈشۈپ ئۇدېساغا بارغاندىن كېيىن،

يەنە ئىستامبولغا باردى. بۇ يەردە ئۇ ناتسىست ئىشپىيونلىرىنىڭ قولىدىن مىلىڭ تەسلىكتە قېچىپ چىقتى ( بۇ چاغدا ئۇ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنىدى) . ئۇ سۈۋەيش قانىلىغا كېلىپ، قىزىل دېڭىزنى كېزىپ، ئۈمىد تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ، ئاتلانتىك ئوكياندىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكىغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرى ئەنگلىيىگە يېتىپ كەلدى.

لوندوندىكى بۇزغۇنچىلىق تېخنىكىسى دەرسىدە "سۇ ئاستى پارتلىتىش قۇرۇلمىسى" دىن پايدىلىنىش تېخنىكىسىمۇ بار ئىدى. بۇ ياپىلاق تۆمۈر كوزىغا قاچىلانغان بىر خىل كۈچلۈك بومبا بولۇپ، ئۇنىڭغا پاراخوتنىڭ چۆكۈش سىزىقىنىڭ ئاستىدىمۇ پاراخوت گەۋدىسىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ماگنىت ئورنىتىلغانىدى.

ئۇ پاراشوت بىلەن نورۋېگىيىنىڭ قارلىق تېغىغا چۈشۈپ، ئاندىن پىيادە ئوسلوغا كەلدى. تېرروررلۇق تۇمانلىرى پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغانىدى. گىشپىيونلار نېمىس قاراقچىلىرى ۋە جىسلىن ئۇنسۇرلىرى ھەممىلا جايدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىماقتا ئىدى. كوچىدا بىكار يۈرگەن ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى سۇكۇتتە بولۇپ، ھەتتا ئەڭ ياخشى دوستلىرىغىمۇ كۆڭۈلدىكى گېپىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بىراق مېك يەرلىكتىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلىشىۋالدى، ھەمدە ناھايىتى تېزلا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت مەخپىي ھەم خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئەنگلىيىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى رەھبىرى چۈشۈرگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇيرۇقتا ئۇنىڭدىن گېرمانىيىلىكلەر ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىرقانچە زاۋۇت - جۈملىدىن ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، نېفىت تاۋلاش زاۋۇتى، شاركا زاۋۇتى، پاراۋوز ۋە ئىستانوك زاۋۇتى ھەمدە نورۋېگىيىدىكى مەملىكەتلىك تۆمۈريول ئىدارىسى-

نىڭ مەمۇرىي بىناسىنى ۋەيران قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.
بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا مېڭ ئاساسلىق رول ئوي-
نىدى.

بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ۋەزىپە — گېرمانىيىنىڭ «مونترىسا» نام-لىق ئەسكەر توشۇش پاراخوتىنى پارتلىتىش بولسا كېرەك.
«مونترىسا» ناملىق پاراخوت ئوسلو بىلەن گېرمانىيە ئارى-لىقىدا ھەربىي قىسىملارنى توشۇيدىغان پاراخوت ئىدى. قارشى-لىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ جەڭچىلىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئۇنى پارتلاتماقچى بولدى.
«مونترىسا» ناملىق پاراخوت توختايدىغان پورت ئەتراپى رايونى ناھايىتى ئېغىز سىم توسۇق بىلەن قاشاغا ئېلىنغانىدى. ئىشىك ئالدىدا قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئۇزۇلمەيتتى، يەنە بىر قىسىم قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر پرىستانغا تارقىلىپ ئورۇنلاشتۇ-رۇلغانىدى. پاراخوت توختىغان چاغدىكى قوغداش ئىشلىرى تې-خىمۇ قاتتىق بولۇپ، ھەتتا گىتلېرمۇ چوڭ دەرۋازىدىن ئۆتەل-مەيدىغان ھالەتتە ئىدى. پروژېكتور پاراخوت ئەتراپىدىكى دەريا-نى تاڭ ئاتقۇچە يورۇتۇپ تۇراتتى.
پرىستاندىكى بىر ئىشچى: پاراخوت توختايدىغان جاينىڭ ئاستىدا كەڭلىكى بىر ئادەم كەڭتاشا پاتقۇدەك بىر توغرا لىم بار. پاراخوت گېرمانىيىدىن قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىككى ئادەم مۇشۇ جايدا تۇرۇپ، پاراخوت پرىستانغا كەلگەندىن كېيىن-كى ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدە پارتلاش دورىسىنى پاراخوتنىڭ گىرۋىكىگە ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ، ئاندىن بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلىتىدىغان ئەسۋابنى پاراخوت دېڭىزغا قاراپ ماڭغاندىن كې-يىنكى ۋاقىتقا توغرىلىسا بولىدۇ دەپ قارىدى.
بۇ ياخشى پىلاندەك كۆرۈندى، بىردىنبىر نۇقسان ئۇنىڭدا ئىككى ئادەمنىڭ قۇربان بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن قارشى-

لىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تەشكىلاتى «مونتىرىسا» ناملىق پارا-
خوتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى قۇربان بىرىشكە ئەرزىي-
دۇ دەپ قارىدى. مېك ۋە ئۇنىڭ دوستى كرېگوس . گۇم بۇ
ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

مېك ۋە كرېگوس ئىشچىلارنىڭ كونا شىمىنى كىيىپ،
ئۈستى يېپىقلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ پرېستاننىڭ
چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئاپتوموبىل ئىچىدە ئىك-
كى چوڭ سايمان ساندۇقى، سايمان ساندۇقى ئاستىغا 12 دانە
سۇ ئاستىدىن پارتلىتىش مىناسى يوشۇرۇلغانىدى.

مېك مۇھاپىزەتچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ دوك ئاستىدىكى كا-
بېلنى رېمونت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئەينەن
ئوخشايدىغان بىر دانە يول خېتى ياسىۋالغانىدى. قاراۋۇل يول
خېتىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئار-
قىسىغا ئۆتتى. ئۇ سايمان ساندۇقىنى ئېچىپ سايمانلارنى ئاختۇ-
رۇشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا يەنە بىر يۈك ئاپتوموبىلى
ناھايىتى تېزلا ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. شوپۇر سىگنال ئۇرۇپ
تۇرۇپ: "تېزراق بولساڭلا قانداق!" دەپ ۋارقىرىدى. قاراۋۇل
مېك بىلەن كرېگوسقا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت
قىلىپ، ئاندىن ئاچچىقلانغان ھالدا ئارقىدىكى يۈك ئاپتوموبىلىغا
بۇرۇلۇپ ماڭدى. بۇ ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرىمۇ قارشىلىق كۆر-
سىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

مېك بىلەن كرېگوس ئىككى ساندۇقنى كېمەكتىن چىققان
بىر تانەككە تىقىپ قويۇپ، ئاندىن ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار يەنە پىيادە پرېستان ئالدىغا
كەلدى. ئۇلار بەخىرامان ھالدا قاراۋۇلغا بېشىنى لىڭشىتىپ
قويۇپ، يول خېتىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن كىرىپ كەتتى. بۇ
چاغدا ئۇلار ساندۇقنى ئېلىپ دوكنىڭ ئاستىغا قويماقچى بولغا-
نىدى. بىراق ئۇ يەردە بىر نېمىس قاراۋۇلى پوستا تۇرغانىدى.

قاراۋۇلنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلار ساندۇقنى تۆۋەنگە تۇتاش شوتا تەرەپكە قاراپ سۆرەپ ماڭدى. شوتىغا يەنە ئىككى قەدەم قالغاندا، قاراۋۇل ئۇلارغا خىرىس قىلغان هالدا: "سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلماقچى؟" — دەپ سورىدى. ئۇلار: — دوك ئاستىدىكى سىم توشۇكنى ياسايمىز، بۇ نەرسىلەر ناهايىتى ئېغىر ئىكەن. ياردەم بېرەلەمسىز؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

قاراۋۇل كىرپىگوسقا قاراپ قويۇپ، يەنە مېڭكە قارىدى. ئاندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ ئۇلارغا ساندۇقنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى.

دوكنىڭ ئاستى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، ئۇلار ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى، توغرا لىم ۋە ئۇل مۇزدەك سوغۇق بولۇپ، هەم هۆل هەم چاپلىشاڭغۇ ئىدى، ئۇنىڭ ئاستى مايلىشاڭغۇ سۇ، ئۈستىدە بولسا ئەخلەت ۋە سۇپۇرۇندىلەر لەيلەپ تۇراتتى.

ئۇلار ساندۇقنى دوكنىڭ يەنە بىر بېشىغا يۆتكىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى «مونتىرىسا» ناملىق پاراخوتنىڭ شۇ جايدا توختىتىشى مۇمكىن ئىدى، بۇ خۇددى بىر ئۆڭكۈرگە ئۆمىلەپ كىرگەندەك، ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىكى ئۇل تاختىيى شۇنچە پەس ئىدىكى، ئۇلارنى پەقەت قورسىقىنى لىمغا چاپلاپ ئۆمىلەپ مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۈستىدىن تېشىپ چىققان مىخلار ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تىتىۋەتتى. ئۇلار ئاخىرى توغرا لىمنىڭ بىر بېشىغا كەلدى، بىراق بۇ بىر ئېغىز ئىدى. توغرا لىمدىن داۋاملىق ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، بىراق 50 قاداق ئېغىرلىقتىكى سايمان ساندۇقنى ئېلىپ بۇ ئېغىزدىن ئۆزۈپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇلار توغرا لىمنىڭ ئۈستىدە خېلى ئۇزاق ياتتى. تۇيۇقسىز مېكنىڭ خىيالىغا ئۇلارنىڭ ئۇسلودىكى بىر يوشۇرۇن جايدا ئايروپىلاندا ئېلىپ ماڭىدىغان بىر رېزىنكە قېيىق بولىدىغانلىقى خىيالىغا كەلدى. ئۇ ئارقىسىغا ياندى ھەمدە شوتىغا چىقىپ،

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئۇلار ئىتائەتمەنلىك بىلەن قاراۋۇلغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ: ـ بەزى ئەسۋابلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز ـــ دېدى. قاراۋۇل ئۇلارنى چىقىرىۋەتتى.

ئۇلار ئەسۋاب ساندۇقىنىڭ تېگىگە يۆگەپ قويغان رېزىنكە قېپىقنى ئېلىپ كەلگەندە، دەككە ـ دۈككىدە تۇرغانىدى. قاراۋۇل ئۇلارنى تەكشۈرەرمۇ؟ بىراق بۇ چاغدا قاراۋۇلمۇ ئۇلارنى تۇتۇۋالغاچقا، قولىنى پولاتقىلىتىپلا ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىر هازادىن كېيىن، ئۇلار ئىككى ساندۇقنى ئېلىپ دوكىنىڭ ئاستىدىكى توغرا لىمىنىڭ بىر بېشىدا ياتتى. پاراخوت شۇ جايدا توختايتتى.

ئۇلار شۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى.

بىرىنچى كۈنى خېلى يامان ئەمەس ئۆتتى، ئۇلار سانۇىچ[①] يېگەچ، بىر بوتۇلكا براندى هارىقى ئىچتى، بۇ ئۇلارنىڭ چىدىغۇسىز سېسىقچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشكە ياردىمى بولدى. چاشقانلار ۋىچىرلاپ ئۇلارنىڭ يانلىرىدىن قالايمىقان ئۆتۈشمەكتە ئىدى، كېچىسى بۇ كاساپەتلەر ئادەمگە تېخىمۇ يېقىنلىشىۋالدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ دىمىقىغا سانۇىچنىڭ هىدى ئۇرۇلغانىدى. ئۇلار خۇددى مۈشۈككە ئوخشاش يوغان بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇراتتى. مېك بىلەن گرېگوس نۆۋەتلىشىپ بۇ چاشقانلارغا تاقابىل تۇردى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تاراق ـ تۇرۇق ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا پاراخوتنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلار ئەسكەر تۇشۇيدىغان بۇ چوڭ پاراخوتنىڭ ئاخىر دوكقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

«مونترېسا» ناملىق پاراخوت پرېستاندا ئىككى كۈن توختىدى، مېك بىلەن كرېگوس ئاخىرقى بىر دەقىقىغىچە كۈتۈپ

---

① ياۋروپالىقلارنىڭ بىر خىل تامىقى.

تۇردى، ئۇلارنىڭ كۆتكەن ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاقتەك بىلىندى. ئۇلار رېزىنكە قېيىق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى سۇ ئاستىدا پارتلىتىش بومبىسىنى پاراخوتنىڭ گەۋدىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇشى بە-لەن تەڭ، پاراخوت مېڭىشقا باشلىدى. پاراخوت خۇددى كىچىك قېيىقنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىدىغاندەك، ئۆزىنىڭ تارتىش كۈچى ئارقىلىق قېيىقنى مەھكەم يېنىغا تارتىۋالدى. مېك بىلەن گرې-گوس ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، توغرا لىمغا مەھكەم ئې-سىلىۋالدى، ئارقىدىن رېزىنكە قېيىقنى تېشىۋېتىپ چۆكتۈرۈۋەتتى.

شوتا بىلەن دوك ئۇستىگە چىقىش تولىمۇ خەتەرلىك بىر دەقىقە ئىدى، بەختكە يارىشا بۇ چاغدا قاراۋۇل پوستا تۇرمىغاچ-قا، ئۇلار ئامان - ئېسەن چىقىۋالدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەنگلىيىدىن: «مونترې-سا» ناملىق پاراخوت كوپېنھاگېن پرېستانىدا پارتلاپ كېتىپتۇ، پاراخوتنى بىرقانچە ئاي ئىشلىتىشكە بولمايدىكەن دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ ئىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي مېك بىلەن يەنە بىر سەپدىشى بىرلىكتە «مونترېسا» ناملىق پاراخوتنىڭ ھەمشىرىسى «دوناي دەرياسى» ناملىق پاراخوتنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇلدا پارتلىتىۋەتتى.

ناتسىستلار مېك ماناس بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۇرۇش ئاخىرلاشتى. ئۇ تەلەيلىك ئىدى. بە-راق ئۇ ھەم ئىنچىكە ئادەم ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن زۆرۈرىيىتى بولمىغان تەۋەككۈلچىلىكنى قىلمايتتى. ئۇنىڭ دوستى كرېگوس بولسا ئانچە ئېھتىياتچان ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى كېچە ئۇ يالغۇز ئوسلودىكى بىر قەھۋەخانىغا يوشۇرۇنغاندا، بەش نەپەر ناتسىست ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ گىراناتنى چىقىرىپ ئېتىپ بول-غۇچە، ئۇلار ئوق چىقىرىپ ئۇنى ئېتىۋەتتى.

1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، نورۋېگىيىدىكى

گېرمانىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىللىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە،
مېڭ ماناس ئۇستى ئوچۇق بىر ماشىنىنى ھەيدەپ ئۇسلوننىڭ
ئاساسلىق كوچىلىرىدىن ئۆتتى. ماشىنىدا پادىشاھ هاكان بىلەن
ئايال پادىشاھ ۋارىسى ماسا ئۆرە تۇرغانىدى، پۈتكۈل شەھەر
خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، مېڭ ئۆتكەنكى باشتىن كەچۈرگەن
ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ كۈنلەرنى
بەكمۇ قورقۇنچلۇق دەپ قارايتتى. ئېھتىمال بۇ بىر قەھرىماند-
نىڭ تېپى بولۇپ ھېسابلانمىسا كېرەك، لېكىن ئۇ ھەممە ئىشلار
نورماللاشقاندىن كېيىن، مۇشۇنداق بولۇشنى ياقتۇراتتى، چۈن-
كى ئۇ دەل مۇشۇنداق نورمال تۇرمۇشنى ساقلاش ئۈچۈن كۈرەش
قىلغانىدى.

# 13. ھىملاي بىلەن سودىلاشقان ئادەم

## ئەدۋىن مالى

ئۇرۇش يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ستوكھولمدىكى ئېرىك . ئېرىكسون دېگەن كىشى دۈشمەنلەر بىلەن سودىلاشقان، نېمىسلارنىڭ ئۇرۇش پائالىيىتىگە ياردەملەشكەن دەپ ئەيىبلىنىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات ئورگىنى: ئېرىكسون گېرمانىيىدە نېفىت سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى، قەرەللىك ھالدا گېرمانىيىگە ساياھەتكە بارىدۇ، بېرىپ، گېستاپودىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىسى قويۇق دېگەن دوكلاتنى بەردى.

بۇ ئېرىكسوننىڭ ئائىلىسىگە قاتتىق زەربە بولدى. ئۇنىڭ كونا دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ھازىر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا ئامال بار ئۆزىنى ئۇنىڭدىن چەتكە ئالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ خانىمىمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ قالدى. لېكىن ئۇ داۋاملىق ئۆز يولىدا مېڭىۋەردى.

"قىزىل" ئېرىكسون تىجارەتكە ماھىر سودىگەرلەرنىڭ تىپى ئىدى. بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ كەسپىي دوست تۇتۇش بولۇپ، ئۆزىنىڭ دوستانىلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ماللىرىنىمۇ ساتاتتى. ئۇ نېفىت سودىسىنى قىلدى، چۈنكى بۇ سودىنىڭ كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار ئىدى، ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرگىلى بولاتتى. ئۇ شەرقتە توققۇز يىلنى ئۆتكۈزدى، كېيىن يەنە ياۋروپادىكى چوڭ بىر خەلقئارالىق نېفىت شىركىتىدە ئىشلىدى.

20 ـ، 30 ـ، يىللاردىكى «نېفىت تەشكىلاتى» خەلقئارالىق بىر گۇرۇھ ئىدى. سەن بۇ يىل شاڭخەيدە بىرىنى ئۇچراتقان بولساڭ، كېلەر يىلى شۇنى لوندون ياكى تېهراندا ئۇچرىتىشىڭ مۇمكىن ئىدى. بۇ يىل سەن ئۇنىڭ بىلەن رەھىمسىز رىقابەتتە بولغان بولساڭ، كېلەر يىلى سەن ئۇنىڭ بىلەن ”جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ“ تارتىدىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئەنگلىيىلىك، ئامېرىكىلىق، گوللاندىيىلىك ياكى گېرمانىيىلىك دەپ ئايرىماي، ھەممىسى تەۋەككۇل قىمار ۋە سودا مۇھىتىدە ياشايتتى. ئېرىكسون تېكساس نېفىت شىركىتىنىڭ شۋېتسىيىدىكى ۋاستىچىسى بولغانىدى، كېيىن ئۇ ئۆزى يەنە ئامېرىكىنىڭ نېفىت مەھسۇلاتىنى ساتىدىغان بىر شىركەت ئاچتى.

ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ناتسىستلار بىلەن سودا قىلىشقا باشلىدى. گېرمانىيە شۇ چاغدا نېفىت ئېكسپورت قىلاتتى، لېكىن ئەگەر ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق نېفىت بىلەن تەمىنلەشكە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ دەپ پەرەز قىلىش، تولىمۇ ھاماقەتلىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىكسون گېرمانىيە سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى باشلىدى. ئۇ ستوكھولمدىكى گېرمانىيە سودا جەمئىيىتىگە قاتناشتى. ئۆزىنىڭ كونا دوستلىرىدىن كۆپىنچىسى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزدى، لېكىن شۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ جىيەن ئوغلى شاھزادە كارل بونادوت بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ شاھزادىنىڭمۇ ناتسىستلار بىلەن ئالاقىسى بار بولۇپ، كۆپ ساندىكى شۋېتسىيىلىكلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرمايتتى.

ئېرىكسۇن گېستاپونىڭ كاتتىۋېشى خايىنىچ . ھىملايىنىڭ

نېفىت سودىسىدا ئەڭ ئاخىرى قارار قىلىدىغان ئەرباب ئىكەنلى-
كىنى بىلەتتى. ھىملايىنىڭ شۆھىتسىيدىكى باش ۋەكىلى ھول
فىنىك ئەسەبىي ناتسىستلاردىن بولۇپ، ئۇ ئاساسلىق خېرىدار
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئېرىكسون ئۇنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. فىنكىنىڭ پادى-
شاھ جەمەتى ئەزالىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان بىر ئاجىزلىقى بار
ئىدى، كارل ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويىدى، ئېرىكسون بولسا
كۈچىنىڭ بارىچە بۇ مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆت-
مەيلا ئۆزىنىڭ يېزىدىكى داچىسىدا ھول فىنكنى كۈتۈۋالدى.

بىراق يەنە بەزى خېرىدار بولۇش ئېھتىمالى بولغان كىشى-
لەرگە يېقىنلىشىش ئۇنداق ئاسانغا توختىمىدى، گېرمانىيە ئەل-
چىخانىسىنىڭ مەخسۇس سودا خادىمى ھول، ليۇدۇڭ بۇنىڭ
ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولدى. ئۇ ئېرىكسوننى تامامەن ياقتۇرمى-
دى، لېكىن ليۇدۇڭنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق بولسىمۇ، ئې-
رىكسون يەنىلا 1941 ـ يىلى ئەتىيازدا گېرمانىيىدە زىيارەتتە
بولۇشقا رۇخسەت ئالدى، ئۇ فىنك ۋە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇش
خېتىنى ئېلىۋالغانىدى.

ستوكھولىم شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بورىم ئايرودرومىدا
بېرلىنغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان توختىتىپ قويۇلدى، شۆھىتسىيە
ساقچىلىرى ئېرىكسوننى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇ-
دى. ئۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى ۋە يۈك ـ تاقلىرىنى ئۇزۇل-
كېسىل ئاختۇرۇپ تەكشۈردى، لېكىن چەكلەنگەن نەرسە تاپال-
مىغاچقا، ئامالسىز ئۇنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بېرلىندا ھۆكۈمەت تەرەپتىن
كەلگەن بىر كىچىك ماشىنا ئۇنى گېستاپو باش شتابىغا ئېلىپ
كەلدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايروپىلانغا چىققان
ئىككى كىشى ئۇچرىدى ـــ ئەسلىدە ئۇلار گېستاپونىڭ ئىشپى-
يونلىرى ئىدى، ئۇلار ھەممىسى بورىم ئايرودرومىدىكى كۈتۈلمى-

گەن ۋەقەنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرى قىلغان دەپ قارىدى.

ئېرىكسون گېرمانىيىنىڭ نېفىت ساھەسىدىكى ئەربابلار بە-لەن ئالاقە ئورنىتىۋالدى. بولۇپمۇ ھامبۇرگدا ئۇ نېفىت تاۋلاش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. دىرېكتورلار بىلەن سۆھبەتلە-شىپ، ئۆزى تۇزمەكچى بولغان توختامدىكى ماددىلارنى مۇزاكى-رە قىلدى. ئۇ يەنە ئىلگىرى تۇنۇيدىغان «نېفىت تەشكىلاتى» دىكى بەزى شەخسلەرنى ئىزدەپ تاپتى. ئالدى بىلەن ئۇ ئەنگلىيە-دە بىر قانچە يىل ئوقۇغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئىلگىرى بىر مەزگىل شېل نېفىت شىركىتى بىلەن ئالاقىسى بولغان ستارشى لېيتنانت فونۋىنسچنى تاپتى. ئېرىك-سون سودىسىنىڭ مەخپىي بولۇشىنى ئۈمىد قىلغاچقا، ئۇنىڭ فونۋىنسچ بىلەن بولغان سۆھبىتىمۇ ناھايىتى مەخپىي بولدى. بىر كۈنى ئېرىكسون فونۋىنسچكە سىرلىق بىر ھۆججەتنى بەر-دى. فونۋىنسچ ئۇنى بىر تۇمۇر قۇتىغا سېلىپ قويدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆي ئارقىسىدىكى گۈللۈككە كۆمۈپ قويدى. ئالاقىلەشكەن يەنە بىر كىشى نېفىت پۇل مۇئامىلەشۇناس فون ستىك بولدى، ئۇ ھامبۇرگدىكى بىر قەدىمىي ئائىلە جەمەتىدىن كېلىپ چىققان، فون ستىكمۇ بىر پارچە ھۆججەتكە ئېرىشتى. ئېرىكسون بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنىڭ يەنە بىر كىشى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەنچىسى كا-مىل ئىدى.

ئېرىكسون شۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا، گېرمانىيىنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى نېفىتى يېتىپ كې-لىشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۇنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى. ئۇنىڭ كونا دوستلىرى ئۇ-نىڭدىن ئۆزۈل - كېسىل يىراقلاشتى. ئۇ ھەر قېتىم رېستورانغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى كونا دوستلىرى ئورنىدىن

تۇرۇپ چىقىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ شۋېتسىيىلىك خانىمىمۇ ئازاب - ئوقۇبەتكە يولۇقتى. ئۇ ناتسىستلاردىن بىزار بولسىمۇ لېكىن يېڭى دوستلارنى كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى.

كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە، ئېرىكسون گېرمانىيىدە يەنە بىرقانچە قېتىم ساياھەتتە بولدى، ھەمدە گېستاپودىكى دوستلار بىلەن بولغان دوستلۇقى داۋاملىق كۈچەيتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە مېھمان بولدى. ئۇ دائىم ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىگە شۋېتسىيىنىڭ سېرىق مېيى، خۇرۇم چاپان ۋە باشقا سوۋغاتلارنى ئېلىپ باردى. گەرچە شۇ چاغدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بومباردىمان قىلىشنى كۈچەيتكەنلىكتىن گېرمانىيىدىن نېفىت ئېلىش تېخىمۇ قىيىنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە داۋاملىق فونۇندسىچ ۋە فونستىككە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىشتى. بىر قېتىم ئۇ چوڭ تىپتىكى بىر نېفىت تاۋلاش زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، باش دىرېكتور ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى، ئۇ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ خوش دېسىمۇ، لېكىن بۇ زىياپەتتىن قۇتۇلالمىدى. زىياپەت دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، زىياپەت ئاخىرلاشقاندا تۈن يېرىم بولدى. بىردەمدىن كېيىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى يېتىپ كەلدى. قاتتىق بومباردىمانچىلىق ئاستىدا نېفىت تاۋلاش زاۋۇتى خارابىلىققا ئايلاندى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئېرىكسوننىڭ دۈشمەن بىلەن بولغان سودىسىنى توختىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيىنىڭ نېفىت سانائىتىگە قىلغان ھۇجۇمى بارغانسېرى ئۈنۈملۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن 1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىغا قەدەر گېرمانىيە نېفىت سانائىتىنىڭ ھالقىلىق قىسمى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىمىدى. ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ناھايىتى تېز ئىدى. نۇرغۇن نېفىت تاۋلاش زاۋۇتلىرى ناھايىتى ياخشى يوشۇ-

رۇنغانلىقتىن، ئىنزچىل قىلچە زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىدى.
1944 - يىلىنىڭ كۈز پەسلى دەل ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر-نىڭ ئۇرۇش ھەرىكىتىدىكى رېين دەرياسى ئوپېراتسىيىسى يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىل ئىدى، ئېرىكسون ئەگەر تېخىمۇ كۆپرەك سودا قىلاي دېسە چوقۇم چەبدەسرەك بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ خىلى ئۇزۇندىن بۇيان گېرمانىيىنىڭ نېفىت سانائىتىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئويى بار ئىدى. ئەمدى بۇنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇ پائالىيەتلەردە، بىر سودىگەر يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بىر كىشى بىلەن يېقىنلىشىشى كېرەك دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ فېنرىچ ھىملاي بىلەن كۆرۈشۈشنى لايىق تاپتى.
ئېرىكسون ئۇلۇغۋار بىر "چوڭ سودا" قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ — ئۇلۇغۋار نىيەتكە ئىگە سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى قىلىشنى خالايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇ شۋېتسىيىدە بىر نېفىت بىرىكمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش، شۋېتسىيە بىلەن گېرمانىيە بىرلىشىپ، بىر مىليون فوند ستېرلىنگدىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
بۇ پىلاننىڭ گېرمانىيىلىكلەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمانىدىن ساقلىنىپ، بىتەرەپ دۆلەت ئارقىلىق گېرمانىيىنى نېفىت بىلەن تەمىنلەشكە بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ناتسىستلارنىڭ بىتەرەپ دۆلەتتە مەبلەغ ساقلىشىنىڭ بىر يولى ئىدى.
ئېرىكسون بىر پىلاننامە تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى فىنككە تاپشۇرۇپ بەردى. فىنك بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى. گېرمانىيىدىكى ناتسىستلارنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى بۇ پىلانغا ناھايىتى قىزىقتى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايدىغان پىكىردىن بىرى

چىقتى. ئۇ گېرمانىيىنىڭ سودا مەخسۇس خادىمى لىيۇدۋىگ ئىدى. ئۇ ئېرىكسوننى بىر ئالدامچى دەپ قاراشتا چىڭ تۇردى. لىيۇدۋىگ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئادىمى بولۇپ، رىبېنتروپ گۇرۇھىدىكىلەردىن ئىدى. ئۇ رۇشىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ گۇرۇھنىڭ گېستاپو بىلەن بولغان زىددىيىتى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ھىملاي بىلەن بولغان زىددىيىتى بارغانسېرى زورايدى. ھىملاي دائىم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. بۇ قېتىم لىيۇدۋىگ يەنە چەتكە قېقىلدى. ئېرىكسوننىڭ پىلانىنى گېستاپو قوبۇل قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھىملاي بىلەن كۆرۈشۈشىگىمۇ يول ئېچىپ بەردى.

1944 ـ يىلى 10 ئايدا، ئېرىكسون يەنە بورىم ئايرودرومىدىن ئۇچۇپ بالتىق دېڭىزىنىڭ غوۋا سۇ ئۈستىدىن ۋە گېرمانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىپايان تۇزلەڭلىك ئۈستىدىن ئۆتۈپ خوۋتىنپو ئايرودرومىغا چۈشتى. ئۇ بېرلىندىكى ئەڭ ئالىي بىر مېھمانخانىدىكى بىر يۇرۇش ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەتىگەندە، گېستاپو مۇھاپىزەتچىلىرى بار چوڭ بىر قارا پىكاپ ئۇنى ئالغىلى كەلدى.

ھىملايىنىڭ باش شتابىدا، گېستاپونىڭ بۇ كاتتىۋېشى ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ: " بىز فىنكىدىن سىز توغرىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىدۇق" دېدى. ئۇلار پىلاننى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى ۋە ئېرىكسوننىڭ گېرمانىيىدىكى زاۋۇتلارنىڭ مەشغۇلات ئەھۋالىنى بىۋاسىتە كۆرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار داۋاملىق باشقا ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى. ھىملاي توساتتىن: " ئەگەر گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنى شۋېتسىيىنى بېسىۋالسا، قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟" دەپ سورىدى.

— شۋېتسىيىلىكلەر ھايات ـ ماماتلىق ئۈستىدە ئېلىشىدۇ — دەپ جاۋاب بەردى ئېرىكسون. ئۇ ھىملايغا كۈچ-

لۇك تەسىر قالدۇرۇشىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ تېز پۈكۈپ، خۇشامەت قىلىش ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا ئىدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ بىر پارچە ئالاھىدە كىنىشكىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېرىكسوننىڭ نېفىت كارخانىلىرىنىڭ ھەرقانداق جايىغا بېرىپ ھەرقانداق نەرسىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئوچۇق چۈشەندۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭغا بىر ماشىنا بىلەن يېتەرلىك بېنزىن سەپلەپ بېرىلدى.

ئېرىكسون كىيولىندىن پراگاغىچە پۈتكۈل ئوتتۇرا ياۋروپانى كېزىپ ئۆتۈپ، لېيئۇنائەنتوف، خاللې قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق چوڭ نېفىت تاۋلاش زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇ يەنە دىرېكتورلار بىلەن پاراڭلىشىپ، خۇددى بىر سودىگەرنىڭ يېڭى بىر تاۋار سېتىش رايونى ئاچماقچى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە ئىش قىلماقچى بولغىنىنى چۈشەندى. ئۇ تولۇق بىر تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى ئېلىپ شۋېتسىيىگە قايتتى.

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ستوكھولمدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ”قىزىل“ ئېرىكسون ئۈچۈن بىر چۈشلۈك زىياپەت ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ بارلىق كونا دوستلىرىنىڭ ھەممىسى تەكلىپ قىلىنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئەتراپىدىكىلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى، ئەسلىدە ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئاخبارات ئورگىنىدىكى بىر ۋەكىل ئۇنى يوقلىغانىكەن. ئېرىكسون جاسۇس بولۇشقا قوشۇلغان، لېكىن ئۆزىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ھەق ئېلىشنى رەت قىلغان. ئۆزىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئىشلىگەن شاھزادە كارل بونادوتمۇ ئەسلىدە ئىتتى-
پاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىر جاسۇسى ئىكەن. ئۇنىڭ گېرمانىيىدىن
ئالغان نېفىتىنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپكە يەت-
كۈزۈلۈپ، گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.
ئۇ فونۋىنىسچ رفونستىك ۋە باشقا ئالاقىچىلارغا بەرگەن ئۇلارنىڭ
ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەخپىي ھەمكارلاشقۇچىسى بولغانلى-
قىنى ئېتىراپ قىلغان ئىمزالىق خېتى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر
غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىشىگە قويۇلغان. ھەربىر
مۇشۇنداق ھۆججەت گالغا قويۇلغان بىر شەمشەر بولۇپ، ئۇ
قاچان گېستاپونىڭ ئادىمى ئىشىكنى ئۇراركىن دەپ، گېرمان-
يىدە تۇزۇكرەك ئۇخلاش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغان.
ئۇنىڭ ئاخباراتى ۋە خەتەرلىك خىزمەت ئورنىدا تۇرۇۋاتقان
باشقا خادىملەرنىڭ ئاخباراتى مۇھىم رول ئوينىدى. رېين دەريا-
سى ئوپېراتسىيىسىدىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن، ئىتتىپاقداش دۆ-
لەتلەرنىڭ گېرمانىيىدىكى نېفىت ئەسلىھەلىرىگە بەرگەن زەربى-
سى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. ھەربىر يېڭى نېفىت تاۋلاش
زاۋۇتى قۇرۇلغان ھامان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇچقۇچىلى-
رى ئۇنى خەرىتىگە بەلگە قىلىپ قويىدى. مەيلى ئۇ ھەرقانچە
ئەپلىك يوشۇرۇنغان بىلەنمۇ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇچقۇ-
چىلىرى بىۋاستە بېرىپ ئۇنى تاپالايدىغان بولدى. ئۇچقۇچىلار
يەنە ئۇلارنىڭ كۆرەشچى ئايروپىلان مەيدانى، زېنىت توپىنىڭ
ئورۇنلاشقان ئورنى ۋە ئۇلارنى مۇداپىئە قىلىدىغان يوشۇرۇن
ئەسلەھەلىرىنى بىلىۋالغانىدى. ھەربىر نېفىت تاۋلاش زاۋۇتىنى
پارتلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا ئۇنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولالايدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغان، زاۋۇت
ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كۈنى ئۇلار يەنە كېلىپ
بومباردىمان قىلغان.
گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى-

نىڭ يېقىلغۇ تەمىناتى زىيانغا ئۇچرىمىغان. ئەڭ ئاخىرقى قاي-
تارما ھۇجۇم باشلانغاندا، يېقىلغۇسى بولمىغان گېرمانىيە تانكى-
لىرى ئۈمىدسىزلارچە تۇرۇپ قالغان، يېقىلغۇسى بولمىغان
گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ ئۇچۇشنى توختاتقان.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئېرىكسوننىڭ فونۋىسچ فونستىك
قاتارلىق كىشىلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، لې-
كىن ليۇدۇڭگ قاماپ قويۇلۇپ ئۇنىڭ ئېرىكسونغا بەرگەن توغرا
ھۆكۈمىنى ئەسلەش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بېرىلدى.

# 14. ئەركىنلىككە تۇتاش تونېل

## پاۋىل بىرىكھىل سۆزلەپ بەرگەن
## ئېلىن مىكى خاتىرىلىگەن

1943 ـ يىلى ئەتىياز، گېرمانىيىنىڭ ساگان (بېرلىن بىلەن برېسلو ئارىلىقىغا جايلاشقان) 3 ـ هاۋا ئارمىيىنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىدا ئون مىڭ هاۋا ئارمىيە خادىمى قاماپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنگلىيە پادىشاھ جەمەتى هاۋا ئارمىيىسىنىڭ خادىملىرى ئىدى.

4 ـ ئايدا، ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرى كېڭىيىپ، شىمالىي تەرەپكە يەنە بىر قورۇ كۆپەيدى. بىز 700 ئادەم شۇ يەرگە يۆتكەلدۇق. شىمالىي قورۇنىڭ قورۇلۇشىغا قاتناشقان قورۇلۇش ئەترىتىدىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۇنىڭ لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنىڭ ئارىلىقىنى مېڭىپ ئۆلچەپ، كولىنىدىغان تونېلنى مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. قېچىپ كېتىش بىزنىڭ ئەسىرلىك كۈنلەرنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشىمىزگە تايانچ بولۇپ تۇرغان بىر ئارزۇيىمىز ئىدى.

بەزى ئوفىتسېرلار باشقا ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىدە تونېل كولىغانىدى. ئۇلارنى ئاساس قىلغان هالدا بىز قېچىپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان «X» تەشكىلاتىنى قۇردۇق. «X» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى روگېر بىشېل بولۇپ، ئۇ بويى ئېگىز جەنۇبىي ئافرىقىلىق كىشى ئىدى، لوندوندا ئادوكاتمۇ بولغان، كېيىن بىر كۈرەشچى ئايروپىـ

لاننىڭ ئۇچقۇچىسى بولۇپ، دۆنكېرىكنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئې-
تىپ چۈشۈرۈلگەنىدى. بىشېل ئىككى قېتىم ئاجايىپ قېچىشنى
باشتىن كەچۈرگەن، بىر قېتىم ئۇ شۋېتسارىيىگە يېتىپ بارغىلى
ئاز قالغاندا تۇتۇلۇپ قالغانىدى.

شىمالىي قورۇ 1000 كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان
يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئىككى قات ئېگىز سىمتاناپلار بىلەن
قاشاغا ئېلىنغان. ئىككى قات سىمتاناپ پاراللېل بولۇپ، ئارى-
لىقى بەش ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ئوتتۇرىدىكى بوش جاينىڭ
ھەممىسى تۆمۈر تىكەن بىلەن تولغانىدى. بۇ توسالغۇدىن ئون
يارد ئىچى، ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى بولۇپ، بۇ سىزىقتىن
ئۆتۈپ كەتسە ئۆلتۈرۈلگەننىڭ سورىقى يوق ئىدى. نۇرغۇن
قاراۋۇلخانىلار بولۇپ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 15 ئىنگلىزچىسى
كېلەتتى، ھەممىسىدە قول چىراغ ۋە پىلىموت سەپلەنگەن بو-
لۇپ، ھەر كۈنى 24 سائەت نۆۋەتچى تۇراتتى. ھويلىنىڭ تۆت
ئەتراپىدىكى سىمتاناپتىن 25 يارد يىراقلىقتا قويۇق قارىغايلىق
ئورمىنى بولۇپ، ئۇ سىرتقى دۇنيانى كۆرەلەيدىغان ھەرقانداق
يولنى ئېتىۋەتكەن، لېكىن ئوخشاشلا قاچقۇچىلارغا نىسبەتەن
بىر دالدا بولۇش ئىمكانىيىتىنىمۇ ياراتقانىدى.

بىز بۇ يەرگە ئەمدىلا كۆچۈپ كېلىشىمىزگە تاختاي توپ
ۋە كالتەك توپ ھەرىكىتىگە قاتنىششنى خالايدىغانلارنى تىزىمغا
ئېلىش ھەققىدىكى ئېلان چىقىرىلدى، بۇ ئېلانغا "چوڭ X"
دېگەن ئىسىم يېزىلغانىدى. ھەممەيلەن بۇنىڭ مەنىسىنى بىلەت-
تى، 500 كىشى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تونېل كولاشقا قاتنىشى-
دىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئۇزۇن تونېل كولاش، ئايرىم
ھالدا ئۇنىڭغا «تام» ، «دېك» ۋە «ھالى» دېگەن ئىسىملارنى
قويۇش قارار قىلىندى. بىز ئۇنىڭدىن بىرسى بولسىمۇ تەكشۈ-
رۈپ تېپىۋېلىنمىسكەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدۇق. بىز "تونېل"
دېگەن سۆزنى ئەزەلدىن ئىشلەتمىدۇق، چۈنكى سۆزىمىزنى ئوغ-

رىلىقچە ئاڭلايدىغان نۇرغۇن قاراۋۇللار ئىنگلىز تىلىنى بىلەت-
تى.

تونېل «تام» 123 - نومۇرلۇق گازارما رايونىدىن سىم توسۇققىچە كولىناتتى، بۇنىڭ ئارىلىقى 150 ئىنگلىز چىسى بولۇپ، بۇ يەردىن يەنە قارىغايلىقتىكى پاناھ جايغا تۇتىشاتتى. «دىك» نونېلى 122 - نومۇرلۇق گازارما رايونىدىن «تام» تەرەپكە قاراپ كولىناتتى. ئۇ «تام» نىڭ تىك قۇدۇقىغا تۇتاش-تۇرماقچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورمانغىمۇ تۇتىشات-تى. «ھالى» 104 - نومۇرلۇق گازارما رايونىدىن باشلاپ كولىنىپ، قارىغايلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تۇتاشتۇراتتى.

بۇ تونېللارنىڭ ھەممىسى بىز تۇرۇۋاتقان گازارمىدىن باش-لىنىپ كولىناتتى ئەلۋەتتە. ھەربىر گازارمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز ئىنگلىز چىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كارىۋات پاتقۇدەك ئارىلىق ۋە يۇيۇنۇش ئۆيى ھەم كىچىك ئاشخانىلار بار ئىدى. نېمىسلار بۇ گازارمىنى قۇرغان چاغدا ئۆينىڭ ئۇلىنى يەر يۈزد-دىن بىر ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كۆتۈرگەنىدى، شۇڭا قاراۋۇل-لار تۆۋەندە تۇرۇپ بىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرەلەيتتى. ئەتراپىدا بەزى ”ماراقچى“ لار دائىم ھەرىكەت قىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئۇچ خىل رەڭ-لىك ھەربىي شىم ناھايىتى ئاسانلا سېزىلىپ قالاتتى. ئۇلار قول چىراغ ۋە تۆمۈر تەكشۈرگۈچ بىلەن يوشۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئىشىكلەرنى ۋە تونېلدىن چىققان مەخپىيەتلىكنى ئاش-كارىلاپ قويىدىغان توپا تاشلارنى ئىزدەپ تۇراتتى.

ئۇچ گۇرۇپپا قۇرۇلدى، ھەربىر گۇرۇپپىغا ئاكوپ كولاشقا ماھىر بىردىن كىشى رەھبەرلىك قىلدى. ۋولى . فرېدى كانادا-لىق كان تەكشۈرۈش ئىنژېنېرى بولۇپ، ئۇ باش تېخنىك بول-دى. ھەربىر پىدائىيى بىلەن تونۇشلۇق گازارما رايوندىكى ”X“ رەھبەر ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئومۇمەن كان ئىشچى-

لىرى، ياغاچچى ۋە ئىنژېنېر بولغانلارنىڭ ھەممىسى تونېل كولاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ماشىنىچىلىق قىلغانلار نىقاب بۇيۇملىرى ياساشقا تەشكىللەندى، رەسساملار يالغان ھۆججەت ئىشلەيدىغان بىر تارماق تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ھەر خىل يالغان كىنىشكىلەرنى ياساشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نېمىس تىلىنى راۋان قىلالايدىغان ھەربىر كىشىگە ”ماراقچى“ لار بىلەن دوست بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنى ئۆزىگە تارتىش، ئەڭ ئاخىرى پارا بېرىپ، ئۇنىڭ سىرتتىن گازارمىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەن تەلەپ قويۇلدى.

بىر كۈنى، يېڭىدىن كەلگەن بىر ”ماراقچى“ پەيدا بولدى، ئۇ ناھايىتى ئەستايىدىل بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا ”مەستانە“ دەپ لەقەم قويدۇق. بىر ئاي ئىچىدە، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلەشكەن بىرسى ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق چوڭقۇر مۇناسىۋەت يېتىلدۈردىكى، ئۇ بىزنىڭ قېچىپ كېتىشىمىزدىن ساقلىنىدىغان ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ دائىم ھويلىغا كېلەتتى، بىۋاسىتە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلەشكۈچىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ: ”مەستانە“ كەلدى، كىرسەم بولامدۇ؟ دەپ قويۇپ ئاندىن چاي ئىچىپ، پېچىنە يەپ چىقىپ كېتەتتى.

ھېچقانداق ھۈنەر ماھارىتى يوق ئەسىرلەر، تونېلدىن چىققان توپىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ”پىنگۋىن“ بولدى، يېكى ”پايلاقچى“ بولۇپ، ”ماراقچى“ لارنى نازارەت قىلىدىغان ئىشنى قىلدى. كېيىنكى يىلغا كەلگەندە، ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدىغان ”پايلاقچى“ مىز 300 گە يەتتى. ئۇلار ”چوڭ S“ گە دوكلات قىلاتتى، ئۇ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبەر بولۇپ، ئامېرىكىلىق بىر پولكوۋنىك ئىدى.

بىخەتەرلىك سىستېمىسى خىزمەت قىلىۋاتقانلىقتىن، تونېل كولاش ئىشىمىز خېلى ئىلگىرىلەپ قالدى. نېمىسلار مۇن-

داق بىر تەپسىلاتقا بىپەرۋالىق قىلغانىدى: ھەربىر گازارمىنىڭ ئىچىدە، يۇيۇنۇش ئۆيى، ئاشخانا ۋە مەش قويىدىغان كىچىك بىر پارچە يەر قاتلىمىدا سېمونت تاختاي بولۇپ ھەممىسى خىش ياكى سېمونتلۇق ئۇلنىڭ ئۈستىدە قويۇلغانىدى، بۇ ھال بىخەتەرلىك قاراۋۇللىرىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىغا يوچۇق بولمىغانىدى، بىز ئىشنى مۇشۇ يەرلەردىن باشلىدۇق.

بىرىنچى ئىشىمىز بىر مەخپىي قاپلىما ئىشىك ياساش بولدى. كۇندۇزى ياكى كېچىسى نېمىسلار ھەر ۋاقىت گازارما رايونىغا بۆسۈپ كىرىپ: ”تېز بول، چىقىش!“ دەپ ۋارقىراپ ئاندىن يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى يۆتكەپ، پول ۋە تامدىكى شاللارنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ئەسۋاب، پۇقرالار كىيىمى، ئىزنەك، مىخ قاتارلىق قېچىپ كېتىشكە ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە - كېرەكلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، ئۆينىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. ئەمما كىشىلەر ئۈچ يىلدىن بۇيان توپلىغان تەجرىبىلەرگە تايىنىپ، يەنىلا زېرەكلىك بىلەن نېمىسلار سېزىۋالالمايدىغان بىر قاپلىما ئىشىك ياسىۋالدى.

تەلىيىمىزگە يارىشا ئەسىرلەرنى قامايدىغان بۇ گازارمىنى ياسىغان چاغدا ئېلىپ قالدۇرۇپ قويۇلغان ئازراق سېمونت ساقلاقلىق ئىكەن. 123 - نومۇرلۇق گازارما رايونىدىكى يەردىن كېسىپ ئېلىنغان تەخمىنەن ئىككى كۋادرات ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بېتون تاختاينىڭ ئورنىغا پولشالىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ياساپ چىققان ھەرىكەتچان تاختاي قويۇلدى. بىز ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئازراق قۇم توپا سۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ھېچكىم سېزەلمەيدىغان بولدى. بۇ «تام» تونېلنىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى.

122 - نومۇرلۇق گازارما رايونىدىكى تونېل «دېك» تونېلىنىڭ قاپلىما ئىشىكى ھەممىدىن بەك ئەپلىك ئىدى. ئۇنىڭ

يۇيۇنۇش ئۆيىدىكى پولنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە تۆمۈر تورۇبا بولۇپ، يۇندى ـ چايقاندىلار ئۇنىڭ ئارقىلىق، ئۈچ ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى سېمونت يەرگە كىرىپ كېتەتتى. بۇ كۆلچەكتىن تارتىپ چىقىلغان يۇندا سۇ تورۇبىسى دائىم ئىچىدە ئازراق سۇ باردەك قۇراشتۇرۇلغانىدى. "پايلاقچى" سىرتنى كۆزەتكەن ۋاقىتتا، پولشالىقلار تۆمۈر تورۇبىنى ئېلىۋېتىپ، كۆلچەكتىكى سۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن پارا بېرىش ئارقىلىق بىر قاراۋۇلدىن ئېلىۋالغان ئىسكىنە بىلەن كۆلچەكنىڭ بىر تەرىپىدىكى پۈتۈن بىر پارچە سېمونت تاختاينى ئويۇپ ئېلىپ، ئۇنى خالىغانچە ئېلىپ قويۇشقا بولىدىغان قىلىپ قويىدى. بۇ سېمونت تاختاينى ئۆز ئورنىغا قويغاندا، سوپۇن بىلەن يوچۇقنى ئېتىۋەتسە، يۇندى ـ چايقاندىلار تېزلا يىغىلىپ قالاتتى ـ دە، ئۇنىڭدىن قىلچە يوچۇق سېزىلمەيتتى.

«هالى» تونېل نىڭ كىرىش ئېغىزىمۇ ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. 104 ـ نومۇرلۇق گازارما رايوندىكى 23 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىچىدە فارفور خىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ناھايىتى يوغان بىر ئىسسىنىش ئوچىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فارفور خىش تۆت ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان بىر سېمونت ئۇلغا جايلاشتۇرۇلغانىدى. كىشىلەر ئوچاقنى ئارقىغا يۆتكەپ، فارفور خىشنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى يەنە بىر سېمونت قاپلىما ئىشىككە قوپۇرغاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرۈنۈشتە ئەسلىدىكى ئۇلغا تامامەن ئوخشاش بولدى. ئۇ يەرنى ئۆزگەرتىپ ياساش داۋامىدا بەش پارچە فارفور خىش يېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار ئۇنىڭ ئورنىغا شەرقىي ھويلىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن فارفور خىشنى سىجىپ قويغانىدى.

بۇ باشتىن ئاخىرغىچە خەتەرلىك بىر ئىش ئىدى. ئەمما «هالى» نىڭ قاپلىما ئىشىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەخمىنەن ئون كۈنلا ۋاقىت كەتتى، تاشلاپ قويۇلغان بىر پارچە

ماتراس بىلەنلا "ماراقچى" لارنىڭ كۆزى ئېتىلدى، بىز بۇ ئىشتىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق.

ئەمدى بىز ئەڭ خەتەرلىك تونېل كولاش خىزمىتىگە كىرىشتۇق. بۇ ئۈچ تونېلنىڭ ئارىلىقى، يۆنىلىشى ۋە ئورنىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىقتۇق. بىز نېمىسلارنىڭ ئاۋاز ئاڭلاش كۆزەتكۈچى ئەسۋابىنىڭ 25 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۈچ قاپلىما ئىشكىنىڭ ئاستىدىن چوڭقۇرلۇقى 30 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان تىك قۇدۇق كولاپ، ئاندىن ئورمان تەرەپكە قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدۇق.

يۇمشاق توپىنى كولاش ناھايىتى ئاسان بولدى. لېكىن ئۇنى تىرەپ تۇرۇشقا مۇستەھكەم بىر نەرسە لازىم ئىدى. دەسلەپتىلا بىز ھەربىر كىشىنىڭ ئىككى پارچىدىن كارىۋات شېلى تەقدىم قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. بىرىنچى قېتىمدا خېلى كۆپ يىغىلدى. لېكىن 5 ـ، 6 ـ قېتىمدا يىغقان چېغىمىزدا، كارىۋات شېلى كۆپ ئېلىپ كېتىلگەنلىكتىن، ئۇخلىشىمىز تەسكە توختىدى.

1943 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا، تونېلنى تۇنجى قېتىم كولاپ ئىش باشلىدۇق . كولاش گۇرۇپپىسى ئەتىگەندە بىرىنچى قېتىم يوقلىما قىلغاندىن باشلاپ كەچتە يوقلىما قىلغانغا قەدەر ئىشلەپ، پەقەت چۈشلۈك تاماق ئارىلىقىدا ئازراق ئارام ئالدى. "پىنگۋىن" لارنىڭ يېڭىدىن قېزىلغان سېرىق قۇمساڭ توپىلارنى بىر ياقلىق قىلىشى بىرئاز ئاۋارىچىلىك بولدى، ئەگەر ئۇنى يەر يۈزىدىكى قارا توپىغا كۆمۈۋەتسە كۆزگە تېخىمۇ چېلىقىپ كېتەتتى. بىر قىسىم توپىنى كۆكتاتلىقتىكى توپىغا ئارىلاشتۇرۇشقا بولىدى دېگەندىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن مەسىلە ھەل بولمايتتى. شۇڭا، بىز نۇرغۇن كىچىك لۆڭگە تېپىپ، ئۇنى ئۇزۇنچاق خالتا قىلىپ تىكتۇق. ھەربىر "پىنگۋىن" توپا قاچىلانغان خال-

ىتىنى بىر پۇتىغا تېگىپ، تەنھەرىكەت مەيدانىغا چىقىدىغان بول-
دى. بۇ يەردە "پايلاقچى" لار بوكسيورلۇق مۇسابىقىسى، ۋالى-
بول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغان ياكى يالغاندىن جېدەل ـ ماجىرا
قىلىدىغان بولدى. "پىنگۋىن" لار ئادەم توپىغا كىرىۋېلىپلا
ئىشتان يانچۇقىغا سېلىۋالغان ئىككى قولى بىلەن "ئۇزۇنچاق
خالتا" نىڭ تېگى تەرەپتىكى يىپنى تارتىۋېتىپ، قۇم ـ توپىنى
يەرگە ساقىتىۋەتتى. بۇ يەرنى دەسسەپ تۇرغان نۇرغۇن پۇتلار
يەرنىڭ ئۈستىگە ساقىلغان توپىنىڭ ئەسلى رەڭگىنى ناھايىتى
تېزلا يوقىتىپ، يەر يۈزىدىكى توپىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئىشلى-
رىمىز ئوڭۇشلۇق بولغاندا، 150 "پىنگۋىن" "ماراقچى" لارنىڭ
تۇمشۇقى ئاستىدا تۇرۇپ تونىلىغان قۇم ـ توپىلارنى بىر تەرەپ
قىلىشتەك ئالدىراش ھالەتنى ساقلاپ كەلدى.

تونېل كىرىسىن ئوچاق ۋە تاماق پىشۇرىدىغان ئوچاقتىن
ئۆزگەرتىپ ياسالغان تۇمۇر ئەسۋاب بىلەن كولاندى. تونېلنىڭ
ئېغىزى ئىككى ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا بولۇپ، كارىۋات شېلى-
دىن ياسالغان قاپ شەكلىدىكى جازا بىلەن تىرەپ قويۇلدى،
ئۈستىدە ئېزىق ئېغىزى بولۇپ قۇراشتۇرۇشقا ئەپلىك ئىدى.
بىز ئازراق مىخ تېجەپ تىك قۇدۇقا شوتا ياسىدۇق.

ياغاچچى ۋە قۇراشتۇرۇش ئۈستىلىرىنىڭ ئىشلىشىگە،
ھەممە ھاۋا ئۆتۈش مۇئەسسەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق
بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىر تىك قۇدۇقنىڭ ئاستى قىسمى كەڭ
قىلىپ كولانغانىدى. بىر قېتىم ئۈچ نەپەر كولىغۇچى «دېك»
تونېلىنىڭ تىك قۇدۇق ئاستىنى كېڭەيتىۋاتقاندا، تېپەك جازى-
سىدىن توپا چۈشۈشكە باشلىدى. بىرقانچە سېكۇنت ئىچىدىلا،
توپا ساقىپ ئۈستى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. ئىككى نەپەر كولىغۇ-
چى تىرمىشىپ يۇرۇپ سىرتقا چىقىۋالدى. ئۈچىنچى كىشى
ۋولى . فرېدى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشتىن ئىلگىرى دېمى سىقى-
لىپ ئۆلەي دەپ قالغانىدى. «دېك» تونېلىنىڭ تىك قۇدۇقى

تورىسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك تونۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىش يەنە داۋاملىق ھەدەپ ئىشلىنىۋەردى.

بۇ ئىشنى پىششىق بىلىدىغانلار ھاۋا ئالمىشىپ تۇرمىسا تونېلنى ئۇزۇنغا كولاش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەر ئۈستىدىن بىرقانچە تۆشۈك ئېچىپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا زامانىۋى ماشىنىسازلىق ھەققىدىكى بىر ژۇرنال ئەسىرلەر گازارمىسىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئە-چىدىكى بىر پارچە ماقالىدە بىر خىل ئۆزى ياسىۋالغان ھاۋا ناسوسى سۆزلەنگەنىكەن. بىز ئامال تېپىپ مۇشۇ خىلدىكى ھاۋا ناسوسىدىن بىرنى ياسىۋالدۇق.

"قەلەيچى" لىرىمىز قىزىل كرېست جەمئىيىتى بەرگەن سۈت پاراشوكى كونسېرۋا قۇتىلىرىنى يىغىپ، ئۇنىڭ ئىككى بېشىنى ئېلىۋېتىپ، بىرىنى بىرىگە چېتىپ، كاناي قىلىپ يا-ساپ چىقتى. ئۇلار كانايىنىڭ ئۇلانغان قىسمىنى گېرمانىيىنىڭ تەشۋىقات گېزىتلىرى بىلەن ئوراپ قويىدى. بۇ كانايلارنى تونېل-نىڭ ئۈستىدىكى ئېرىققا قويۇپ، ھەممە ئۇنى لاي توپا بىلەن يېپىپ قويدى، ئۇنىڭ يىراقتىكى بىر بېشى يېڭى ھاۋا بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان بىر پۇركۇگۇچ ئىدى. ھاۋانى ھاۋا ناسوسى-نى باشقۇرىدىغان كىشى نۆۋەت بىلەن كاناي ئارقىلىق يەتكۈزەت-تى، ھاۋا ناسوسىنى باشقۇرغۇچى كاناپ پوپكىدىن ياسالغان بىر شامالدۇرغۇچ بىلەن مەشغۇلات قىلاتتى. تۈنجى ئىشلەنگەن بۇ قۇرۇلما كارامەت خىزمەت قىلدى. بىز ناھايىتى تېزلا بۇ قۇ-رۇلمىدىن يەنە ئىككىنى ياساپ چىقتۇق. ئەمدى بىز ھەربىكەتچان ئىشكىنى تاقىۋېتىپ "ماراقچى" لارنىڭ ئىشىمىزغا پاراكەندىچە-لىك سېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدىغان بولدى.

ئېلېكتر مۇتەخەسسىسلىرىمىز قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تاش-لىۋەتكەن توك سىملارنى يىغىۋالدى، كېيىن ئۇلار يەنە گازارمى-دىكى توك سىملارنى ئوغرىلىقچە قايتىدىن تەڭشىدى، بۇ جەرياد-

ـدا يەنە نۇرغۇن توك سىمىغا ئىگە بولدى. ئۇلار توك سىمىنى ئۇچ تىك قۇدۇققا ئۇلىدى، يەنە يوشۇرۇن توك سىمىنىڭ بىر بېشىنى گازارمىدىكى توك يوللىرى بىلەن تۇتاشتۇردى، بىز كارىدوردىن لامپا ئوغرىلاپ كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز تونېل كولىغاندا، چىراغ نۇرىغا ئىگە بولدۇق. بەزى چاغدا نېمىسلار كۇندۇزى ئېلېكترنى ئېچىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغاندا بىز كونسېر- ۋا قۇتىسى بىلەن ماي چىراغ ياسىدۇق، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۇخلىغان- ـدا كىيىپ ياتىدىغان كىيىمدىن پىلتە ياساپ، سۇنئىي سېرىق مايدا كۆيدۇردۇق، بۇ خىل چىراغنى ياندۇرغاندا ئازراق سېسىق پۇراق چىقاتتى.

كولاش گۇرۇپپىسى بىر يۇرۇش قاتتىق سىستېما تۇزۇپ چىقتى. بىرىنچى كولىغۇچى پۈتۈن بەدىنىنى تەكشى قويۇپ يانچىلاپ يېتىپ، بىر جەينىكىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، تونېل- ـنىڭ تاشقى قاتلىمىدىكى توپىنى كولاپ، توپىنى ئاياغ تەرەپكە ئىتتىرىدۇ. ئىككىنچى كىشى باشقا تەرەپكە قاراپ دۈم يېتىپ، پۇتىنى بىرىنچى كىشىنىڭ پۇتى بىلەن گىرەلەشتۇرۇپ، قۇم - توپىلارنى ئالاھىدە ياسالغان ساندۇققا يىغىدۇ، بۇ ساندۇقلار كوزۇپ ئۇستىگە قويۇلۇپ، ئۆزى ياسىۋالغان ئارغامچا بىلەن تىك قۇدۇققا سۆرەپ چىقىدۇ.

بۇ كوزۇپلار ناھايىتى چىداملىق بولۇپ، ئىككى ساندۇق ياكى بىر ئادەمنى سۆرەپ ماڭالايتتى، ئۇنى بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان مۇئەسسەسە دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار ياغاچ چاققا ئويما ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، كونسېرۋا قۇتىسىدىن "چاق" ياساپ ئورناتتى. ھەتتا چاق ئوقىدا شارىكمۇ بار ئىدى. شارىكنى بىز تەرەپكە ئۆتكەن بىر "ماراقچى" ئوغرىلاپ بەرگەنىدى. رېلىس گازارمىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش قېلىپلىرىدىن ياسالدى. تو- نېل ئۇزارغان چاغدا، كولىغۇچىلار كوزۇپنىڭ ئۇستىدە يېتىپ ئىتتىرىپ ئىش ئورنىغا باراتتى.

بەزىدە تونېلنىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كېتەتتى. كىشىلەر يالىڭاچ ھالدا ياكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە بېرىلگەن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان ئۇزۇن ئىشتان كۆڭلەكنى كىيىپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ كىيىمىگە چاپلىشىپ قالغان لاي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. بىز يەر ئۈستىگە ئاددىي بىر يۇيۇنۇش جۇمىكى ياسىدۇق. كولىغۇچىلار يوقلىما قىلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلايدىغان بارلىق لاي توپىلارنى يۇيۇۋېتىشكە ئۈلگۈرەتتى.

كولىغۇچىلار ساقىغان توپىنى بىمالال بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى. يەڭگىل ھالدا شار - شۇر ئاۋاز چىقىرىپ توپا ساقىۋاتقانلىقىنىڭ بىردىنبىر بېشارىتى ئىدى. ئارقىدىنلا بىرىنچى كولىغۇچى ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىدىغان توپىغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى. ماي چىراغ ئۆچۈپ توپا ئاستىدا قالاتتى، ھاۋا ئۆتۈشىدىغان كاناي ئېتىلىپ قالاتتى، ئىككىنچى كىشى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بىرىنچى كىشىنى توپىدىن تارتىپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

5 - ئاينىڭ ئاخىرى، شۇنداقلا تونېل كولاشنى باشلىغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، ئۈچ تونېلنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 ئىنگلىز چىسىغا يەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئاساسەن ياز پەسلى بولۇپ قالغانىدى، دەل مۇشۇ چاغ قېچىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئىدى، چۈنكى بۇ چاغدا سىرتتا يېتىشقا ۋە دالادا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بولاتتى.

رەھبەر "X" زېھنىي .. كۈچنى «تام» تونېلىغا قارىتىشنى قارار قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارىلىقى ھەممىدىن قىسقا ئىدى، بىر ھەپتىن كېيىن ئۇلار يۈز ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان جايدا بىر "«ئۆتۈش ئۆيى" تەسىس قىلدى. بۇ كارىۋىتىمىزنىڭ ئىككى بېشى بىلەن قۇرۇلغان كىچىك بىر ئۆي ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈلگىلى بولغانلىقتىن تىك قۇدۇققا قايتىپ بېرىشنىڭ زۆرۈ-

رىيىتى يوق ئىدى. «تام» تونېلىنىڭ "ئۆتۈش ئۆيى" دەل ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقىنىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكى ھېسابلاپ چىقىلدى. يەنە 100 ئىنگلىز چىسى ئالدىغا ماڭسا سىرتتىكى ئورمانلىققا چىققىلى بولاتتى.

باشقا X گۇرۇپپىلىرى بىزگە ئېھتىياجلىق بولغان جابدۇقلارنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. 50 كىشىدىن تەركىب تاپقان يالغان ئىسپاتلارنى ياساش ئورنى يالغان پاسپورت بىلەن يالغان سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ياساپ چىقتى. بىز ئەنگلىيىدىكى بىر ساياھەتچىلەر ئىدارىسىگە ئوخشىتىپ ئۇنى «دىئان ۋە داۋشىلىڭ ساياھەتچىلەر ئىدارىسى» دەپ ئاتىۋالدۇق.

بەزى قاراۋۇللار قەھۋە ياكى شاكىلاتقا ئوخشاش سوۋغا بۇيۇملىرىدىن ئازدۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئۇلار بىرەر نەرسىنى ئوغۇرلۇقچە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىمدا بىزنىڭ تەلىپىمىزنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بىزنىڭ ئۇلارنىڭ باش قوماندانىغا چېقىپ قويۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. بىز بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق رەڭلىك سىياھ، گاڭبى قەلەم، رەسىم قەلىمى، ئالاھىدە قەغەز، كومپاس ياسايدىغان ماگنىت، ۋە سىمسىز تېلېگراف زاپچاسلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق، بىز بۇ زاپچاسلار بىلەن بىر رادىئو قۇراشتۇردۇق. ئۇنىڭغا تايىنىپ بىز ھەر كۈنلۈك ئاخباراتنى ئاڭلىدۇق؛ بىز يەنە بىر فوتو ئاپپارات ۋە بىر يۇرۇش مۇئەسسەسەلەرنى تاپتۇق ھەمدە بۇ ئارقىلىق يالغان گۇۋاھنامىمىزدىكى سۈرەتلەرنى چىقاردۇق؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بولقا، ھەرە ، ئامبۇر، مىخ ۋە خەرىتە قاتارلىق نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردۇق.

بىرقانچە مۇھاپىزەتچى بىزنىڭ نېمىس تىلى بىلىدىغان كىشىلىرىمىز بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ئالاقە باغلىغانىدى. ئۇلار ھەتتا بىزگە ئۆزلىرىنىڭ "ھېساب دەپتىرى" نى بېرىپ تۇرماقچى بولدى. بۇ ھەق ئېلىش دەپتىرى بىلەن كىملىكنى بىرلەشتۈر-

گەن بىر خىل كىنىشكا ئىدى، بىزنىڭ ساختا نەرسىلەرنى ياسىغۇچىلىرىمىز بۇ خىل كىنىشكىنى كۆپلەپ ياساپ چىقتى. ساختا ھۆججەت ياساش بىر تۈرلۈك ئىنتايىن نەپىس ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئىدى. ماشىنكىدا ئۇرۇلغان ھۆججەتتىكى خەتنىڭ شەكلىنى بىردەك ھالدا تەقلىد قىلىپ قول بىلەن يېزىپ چىقىلغان تەقلىدىي خەتلەر ئۆز ئەينەن بولۇپ، ھەتتا قوش چىقىپ قالغان ھەرپ، پۈتۈن چىقمىغان ھەرپ ۋە قۇرى ئالمىشىپ بېسىلىپ قالغان خەتلەرنىمۇ ئۆز ئەينەن يېزىپ چىقىلىشى، يەنە بەزى ھۆججەتلەر رەتلىك باسما خەت نۇسخىسىدا بولۇشى ياكى ئويما بەت ياساپ گۈل چىقىرىپ بېسىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. يالغان ھۆججەت، گۇۋاھنامىلەرنى ياسىغۇچىلار «ئىنجىل» نىڭ سۇپەتلىك قەغىزىنى يىرتىپ ئېلىپ ئىشلەتتى. كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى يىرتىۋېلىپ سالاھىيەت كىملىكىنىڭ جىلتىسى قىلدى. چېگرىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر كىنىشكىنى ئىشلەش شۇنچە مۇرەككەپ ئىدىكى، يالغان گۇۋاھنامىلەرنى ياساش تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەن بىر تېخنىك كۈنىگە بەش سائەتتىن جەمئىي بىر ئاي ئىشلەپ ئاران بىرنى ئىشلەپ بولالىدى. ھۆججەتنىڭ بېشىغا بېسىلغان قاپارتما نەقىش ھەرپ چىش چوتكىسىنىڭ دەستىسى بىلەن بېسىپ چىقىرىلدى. گېرمانىيەنىڭ نەقىش گېربى بىلەن 卐 بەلگىلىك تامغا رېزىنكە ئاياغنىڭ پاشنىسى بىلەن ئويۇلدى. «دىئان ۋە داۋشىڭ ساياھەت ئىدارىسى» قاچقۇچىلارغا جەمئىي 400 دىن ئارتۇق يالغان كىنىشكا سەپلەپ بەردى.

ئاۋسترالىيىلىك بىر ئۇچقۇچى كومپاس ياساپ چىقتى. ئۇنىڭ قېپى ئېرىتىلگەن پلاستىنكا تەخسىسىدىن ياسالدى. ئۇنىڭ ئەينىكى بۇزۇلغان دېرىزىدىن ئېلىندى. كىيىم تىكىدىغان يىڭنىنى تاشقا بىلەپ ئىسترېلكا قىلىندى.

ماشىنىچىلىق سېخىدا، 60 كىشى پادىشاھ جەمەتى ھاۋا

ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىنى پۇقرالارنىڭ كىيىمىگە ئۆزگەرتىپ
ئىشلىدى، يەنە گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ كىيىمىگە تەقلىد
قىلىپ كىيىم ـ كېچەك ئىشلەپچىقاردى. قاچقۇنلار تۇتۇلۇپ
قالغاندا ئەگەر تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى
تامامەن ئوخشاش بولۇپ قالسا جاسۇسلۇق جىنايىتى قاتارىدا
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى. لېكىن جەنۋە ئەھدىنامىسىگە ئاسا-
سەن ئوخشىتىپ ياسالغان بۇيۇملاردىن پايدىلىنىشىمىزغا بولات-
تى.
ئالتە نەپەر خەرىتە ياسىغۇچى تۈرلۈك خەرىتىلەرنى سىزىپ
چىقتى، ھەممە ئۇ يەر بۇ يەردىن يىغىپ قۇراشتۇرغان بىر
كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى بىلەن ئۇنى خېلى كۆپ نۇسخا
قىلىپ چىقاردى. ئۇلار مېۋە ـ چېۋە شىرنىسىدىن يار يېلىم
ئىشلەپچىقاردى. قېرىنداش سىياھىنى ئېزىپ مەتبەئە مېيى
ئىشلىدى.
بىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئايرىم بىر
ھويلىغا كۆچۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، ئۇلار تونېل كو-
لاشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. شۇڭا، خىزمەتلەرنى
تېزدىن ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇچۇن كېچىلىك ئىسمېنا كۆپەيتىل-
دى. بىز چوقۇم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قۇم ـ توپىلارنى
بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. نۇرغۇن توپىلار بىزنىڭ
كۆكتاتلىقىمىزغا تۆكۈلدى، بىر قىسمىلا گىردا يېڭىدىن قۇ-
رۇلغان تىياتىرخانا ئەتراپىدىكى ئاغدۇرۇلغان يەرلەرگە چېچىل-
دى. بىر كۈنى ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈۋاتقان بىر "ماراقچى"
كۆكتاتلىقتىن بىر قىسىم پارقىراپ تۇرغان قومساڭ سېرىق
توپىنى سىزىپ قالدى ـ دە، ئارقىدىنلا بىر قاتار غالجىرلىقلارنى
قىلدى، لېكىن ئاختۇرۇشتىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. نې-
مىسلار 123 ـ نومۇرلۇق گازارما رايونى بىلەن سىم توسۇق
ئارىلىقىدا بىر خەندەك كولىدى، بىراق ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى

«تام» تونېلىنى ئاشكارىلاپ قويۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بىز ھېسابلاپ كۆرسەك، «تام» تونېل دەل ئورمانلىقنىڭ چېتىگە يەتكەنىدى. بىز بىر تىك قۇدۇق كولاپ يەر ئۈستىگە چىقىشقا تەييارلاندۇق. بۇ چاغدا بىر توپ نېمىسلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، دەرەخلەرنى كېسىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر تاسادىپىي ۋەقە ئىدى، ئۇلار شۇ جايدا بىر يېڭى ھويلا سېلىشنى قارار قىلغانىكەن، ئۇلار ئورماننىڭ ئارىلىقىنى يەنە 50 يارد ئۇزارتىۋەتتى. لېكىن ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ۋاقىت ناھايىتى قىس ئىدى. شۇڭا، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر «تام» تونېلىدىن چىقىپ كېتىش، قاچقۇچىلارنىڭ قالغان يوللاردىن ئۈمىلەپ بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتىش لازىملىقى قارار قىلىندى.

نۇرغۇن توپىلار چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بېشىمىزنى تازا قاتۇردى، بەزىلەر توپىنى ۋاقىتىنچە «دېك» تونېلغا تۆكۈش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى كېچىسى "پىنگۋېن" لار قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىن بەرگەن قەغەز قاپنى ئېلىپ «دېك» تونېل بار گازارمىغا كېلىپ، توپىلارنى تىك قۇدۇققا تۆكتى. بۇنىڭ بىلەن تېخى ئىش پۈتمەيتتى. رەھبەر X تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى قارار قىلدى. توپا قاچىلانغان قەغەز يېشىكنى كارىۋات ئاستىغا قويۇشنى، ھەممە بۇ توپىلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتىن بۇرۇن نېمىسلارنىڭ سېزىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى.

ھازىر «تام» تونېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 260 ئىنگلىز چىسىغا يەتتى. نىشانغا پەقەت بىرقانچە ياردلا قالغانىدى. گۇمانلىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن بىشېل ۋاقىتىنچە بىرقانچە كۈن ئىش توختىتىشنى قارار قىلدى. بۇ چاغدا، "ماراقچى" لار بىزنىڭ گازارمىمىزدىكى توپا قاچىلانغان يېشىكلەرنى سېزىپ قالدى، نېمىسلار ئېغىر تېپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى جازا لاگېرىغا ھەيدەپ كىر-

دى، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاختۇرۇپ، بىزنىڭ كولاپ بولغان تونېلىمىزنى ۋەيران قىلماقچى بولدى، بىراق ئۇلار پەقەت كۆك-تاتلىقىمىزنى بۇزۇۋەتكەندىن باشقا ئىشنى قىلالمىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، 123 ـ نومۇرلۇق گازار-ما رايونىدىكى گۇماندىق يەرلەرنى تەكشۈرگەندە، بىر "ماراقچى" تاسادىپىي ھالدا تەكشۈرۈش تايىقىنى «تام» تونېل-نىڭ قاپقىقى ئىشىكى يېنىغا تىقىپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن «تام» نوبېلىنىڭ قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلدى.

"ماراقچى" قاپقىق ئىشىكنى قانداق ئېچىشنى بىلەلمىدى، شۇڭا، ئۇلار ئىشىكنى چېقىۋېتىپ، «تام» تونېلنى پارتلىتىۋەت-تى، كۆتۈلمىگەن يەردىن 123 ـ نومۇرلۇق گازارما رايونىدىكى بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى پارتلاپ كەتتى. ئۇلار «تام» تونېلنى سەزگەندىن كېيىن شۇنچە خاتىرجەم بولدىكى، ھەتتا بىزدىن ئۆچمۇ ئالمىدى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنىمۇ قوللانمى-دى.

بىر ئاممىۋى چوڭ يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن، «دىك» ۋە «ھالى» تونېلىدا كولاش خىزمىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. بىراق كۆپچىلىك بۇ خىزمەتنى ئەڭ ياخشىسى قىش پەسلىدە ئىشلەشنى لايىق تاپتى، بىز ئۇ چاغدا نېمىسلارنىڭ ھوشيارلىقى بوشايدۇ دەپ پەرەز قىلدۇق، چۈنكى قىش پەسلى قاچقۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى قۇلايسىز پەسىل ئىدى.

1943 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكىلىقلار يېڭى قورۇغا كۆچۈپ كېتىلدى. بىز ئۆزىمىز كىشمىشتىن ياسىۋالغان ھاراق بىلەن ئۇلار ئۈچۈن كاتتا بىر ئايرىلىش كېچىلىكى ئۆت-كۈزدۇق.

قىشنى كۈتۈپ تۇرغان چېغىمىزدا، X تەشكىلاتىمىز يەنە يەر ئۈستىدىن قېچىشنى سىناپ كۆرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا مۇنداق بىر خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى: ئۇلار ئوغرىلىقچە

مۇھاپىزەت خادىمىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مىتىر بىلەن مىلتىق-
نىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئۆلچەپ چىقىپ، توغرا بىر سانغا
ئىگە بولۇش، سۇ ئاساسدا ياغاچچىلار ياغاچتىن نىمىسلارنىڭ
مىلتىقىغا ئوخشىتىپ مىلتىق ياساپ چىقىش، ئاندىن كېيىن
قېرىنداشنىڭ سىياھىنى ياغاچ مىلتىقىغا سۈرتۈپ پارقىرىتىپ،
راست مىلتىقدەك قىلىپ چىقىش. نىمىسلار قەرەللىك ھالدا
بىر ئەترەت ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى دەرۋازا سىرتىغا ئېلىپ چە-
قىپ كىيىمىدىكى پىتىنى ئادالىتاتتى. بۇ لايىھە - پىتىنى
يوقىتىش قوشۇنىنى ئېلىپ ماڭىدىغانلار ئۆز ئادىمىمىزدىن بو-
لۇش ئىدى. ئۈچ نەپەر ئەسىر گىرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەسكە-
رى بولۇپ ياسىنىپ، 24 نەپەر ئەسىردىن تەركىب تاپقان قو-
شۇننى ياللاپ، دەرۋازىدىكى قاراۋۇلدىن ئۆتۈپ كەتتى، ھەممە
قېچىپ ئورمانلىققا كىرىۋالدى. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن ئە-
سىرگە چۈشۈپ قالغان ئالتە نەپەر ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېر،
جۈملىدىن «برىتانىيە ئۇرۇشى» غا قاتناشقان كوزىر ئۇچقۇچى
روبىر ستېپ تاك، چوڭ دەرۋازىدىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا
سېزىلىپ قالدى.

جازا سۇپىتىدە ھەممىمىزنى مەشىق مەيدانىدا يەتتە سائەتكە
يېقىن ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى. بۇ جەرياندا يوقاپ كەتكەن ئۈچ
كىشىنىڭ سالاھىيتى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ئۇلاردىن بىرى ئىس-
پانىيە تىلىنى راۋان بىلەتتى، ئۇ چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى بىر
ئىشچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، چېخوسلوۋاكىيىگە بېرىپ، ئاندىن
پويىز بىلەن شۋېتسارىيە چېگرىسىغا يېقىن بىر جايغا چۈشۈپ،
ئۇ يەردىن پىيادە مېڭىپ شۋېتسارىيە زېمىنىنىڭ تار بەلۋېغىدىن
ئۆتكەنگە قەدەر ھېچكىم سەزمىگەن، ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە
گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەن، بۇ يەردە ئۇ بىر چېگرا قاراۋۇلى
تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان. قالغان ئىككىيلەن گېرمانىيە ھاۋا
ئارمىيىسىنىڭ بىر ئايرودرومىغا يېتىپ بارغان، ئۇلار ئوغرى-

لىقچە كونا شەكىلدىكى «جونك» ناملىق بىر مەشىق ئايروپىلانى- غا كىرىۋېلىپ، ئوت ئالدۇرۇۋاتقىنىدا، بىر گېرمانىيە ئۇچقۇ- چىسى ئايروپىلان ھەيدىگىلى كېلىپ قېلىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالغان.

بىز 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تونېل كولاشنى يەنە باشلى- ماقچى بولدۇق. «دېك» تونېل ئاساسەن «تام» تونېلىنىڭ ئىچى- دىن قېزىلغان توپا بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى قانداق بولسۇن، نېمىسلار بۇ يەرنىڭ ئۈستىدە بىر يېڭى هويلا سېلىشقا باشلىغانىدى، شۇڭا ئۇ يەردە «دېك» تونېل چوقۇم ئاشكارىلىنىپ قالاتتى. بۇنىڭ بىلەن «ھالى» تونېلىلا قېپقالدى. لېكىن ھازىر يەر يۈزىدىكى قار ناھايىتى قېلىن بولغاچقا توپىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى بېشىمىزنى تولىمۇ قاتۇردى. كولىغۇچىلاردىن بىرى، توپىنى تىياتىرخانىنىڭ ئاس- تىغا تۆكۈش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ نېمىسلارنىڭ ئۇ يەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنلىكىگە دىققەت قىلغانىكەن.

تىياتىرخانىنى بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ياساپ چىققانىدۇق. "ماراقچى" لارنىڭ مارىماسلىقى ئۈچۈن بىز قەستەن يوچۇق قويمىغانىدۇق. تىياتىرخانىنىڭ ئاستى ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئورەك ئىدى. ئىنژېنېرىمىز بىر ئورۇننى تەڭشەپ، ئۇنى چاتقۇ- چىغا تايىنىپ ئارقىغا ئايلىنىدىغان قىلىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئاس- تىغا بىر قاپقاق ئىشىك ئورناتتى. ھەر كۈنى كېچىدە، "پىنگۋېن" لار كاناپ خالتىغا قاچىلانغان توپىنى ئۇنىڭ ئىچىگە تۆكتى.

ئۈچ كىچىك ئەترەت بار بولۇپ، ھەربىر ئەترەتتە ئون نەپەر كولاش ماھىرى باز ئىدى، ئۇلار كۈنىگە 12 ئىنگلىز چىسى كولاش سۈرئىتى بىلەن «ھالى» تونېلنى چوڭقۇرلاتتى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۇنجى "ئۆتۈشمە ئۆيى" 100 ئېنگ- لىز چىسى كېلىدىغان جايدا پۈتتۈرۈلدى. لايىھىلىگۈچىلەر جەمئىي 300 ئېنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتا كولانغان تونېلنىڭ

بىزنى ئورمانلىقتىكى دالدا جايغا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىنى ھې-
سابلاپ چىققانىدى.

بۇ ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كولاش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە شارائىت بارغانسېرى ناچارلىشىپ، يەر ھەم سوغوق ھەم
زەي بولۇپ كەتكەنىدى. ھەربىر كولىغۇچى باشتىن ـ ئاخىرغى-
چە زۇكامدىن خالىي بولالمىدى. ئۆزىمىز ياسىغان مايلىق قارا
چىراغنىڭ ئىسىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچە-
سى يۆتىلىپ قارا بەلغەم تۈكۈرەتتى. توك سىمىنىمۇ ئىشلىتىپ
بولدۇق، ھەر كۈنى دېگۈدەك تۇپا ساقىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ
تۇردى.

شۇنداقتىمۇ 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىغىچە يەنە 100 ئىنگلىز
چىسى كولاندى، ھەمدە ئۆتۈش ئۆيىنىڭ ئىككىنچىسى پۈتتۈرۈل-
دى. بۇ دەل ئەڭ يىراقتىكى دائىرە سىزىقىنىڭ ئاستىدا بولۇپ،
يەنە 100 ئىنگلىز چىسى كولاشقا توغرا كېلەتتى.

كېيىن تەلىيىمىز سەل ئوڭدىن كېلىپ قالدى. نېمىس
ئىشچىلىرى يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىۋاتقاندا بىردەمدىن
كېيىن ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىككى يۆگەم توك سىمىنى يەرگە
قويۇپ قويغانىكەن، بىر ئۇرۇش ئەسىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن
بېرىپ بىر يۆگەم توك سىمىنى ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر
مەيدان قالايمىقان مۇشتلىشىش مەيدانغا كەلدى، قالايمىقانچىلىق
ئىچىدە بىز يەنە بىر يۆگەم توك سىمىنىمۇ ئېلىپ كەتتۇق.
نېمىس ئىشچىلىرى توك سىمىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى دوكلات
قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. (كېيىن گېستاپو «ھالى» تونې-
لىدا بۇ توك سىملىرىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئۈچ
كىشىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان).

بۇ قېتىم بىز 600 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى توك
سىمىغا ئىگە بولدۇق، بۇ تونېلنىڭ ئىچىنى توك بىلەن يورۇ-
تۇشقا يېتىپ ئاشتى.

"ماراقچى" لارنىڭ كاتىۋىشىنىڭ كۆڭلىگە يەنە گۇمان پەيدا بولدى. ۋوھې . فرېدى. "پىنگۋىن" قوشۇنىمىزنىڭ رەھبەرلە-رى، بىخەتەرلىك ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ئالتە نەپەر كولىغۇچى، تۇيۇقسىز بىرقانچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى باشقا بىر قورۇغا يۆتكەپ كېتىل-دى. بۇ بىزگە قاتتىق زەربە بولدى. ئاچقۇچلۇق رول ئويناۋات-قان بۇ بىرقانچە كىشىدىن ئايرىلغىنىمىزنىڭ يامان بولغىنى بىز ئۇچۇن يېتىپ ئاشاتتى. بىراق تېخىمۇ يامان بولغىنى، نېمىسلار بىزنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ قال-غانلىقى ئىدى.

1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى 100 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان ئارىلىق كولاپ بولۇندى. تۆت نەپەر ئەڭ ماھىر كولىغۇچى ئۇدۇل ئۈستىگە قاراپ كولاشقا باشلىدى. ئۇلار ئىشلىگەن چاغدا يېنىدىكى شوتىنى تەڭشەپ، قارىغاينىڭ يىلتىزىغا تەگكىچە ئىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن ئىككى ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى مۆلچەر-لەپ، قېپقالغان قىسمىنى كەچ كىرگەندە كولاشقا قويۇپ قوي-دى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە كەلگەندە، بۇ تونېل پۈتۈپ بولدى. بىز قاپلىما ئىشىكنى تاقاپ قويدۇق، ھەمدە قاپلىما ئىشىكنىڭ ئەتراپىنى سېمونت بىلەن ئېتىۋېتىپ، ئىلگىرى قاراق بولغان بىر كەيپىياتنى ۋە بىزنىڭ قېچىشىمىزغا مۇۋاپىق كېلى-دىغان بىر كېچىنى كۈتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى، "ماراقچى" لارنىڭ كاتىۋىشى قول ئاس-تىدىكىلىرىنى 104 - نومۇرلۇق گازارما رايونىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بىر "ماراقچى" ھەتتا تەكشۈرۈش تايىقىنى ھىم ئىتىل-گەن «ھالى» تونېلىدىكى قاپلىما ئىشىكتىكى سېمونتقا نوقۇپ باقتى، بىراق ئۇ ئاشكارىلانمىدى.

تەخمىنەن 500 كىشى تونېل كولاشقا قاتناشقانىدى، لېكىن

بىز تۇن ـ قاراڭغۇ كېچىدىكى بىرقانچە سائەت ئىچىدە پەقەت 220 ئادەمنىڭ تونېلدىن ئۆمىلەپ چىقالايدىغانلىقىنى پەرەز قىلە-دۇق. بىشپلىنىڭ 60 كىشىنىڭ ئىسمىلىكىنى كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىندى، يەنە 20 كىشى بۇ قۇرۇلۇشتىكى خىزمىتى سەۋەبىدىن مەخپىي ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، باشقا بىر گازارمىدىكى 140 كىشىنىڭ ئىسمىمۇ بۇ ئىسمىلىككە كىرگۈزۈلدى.

بۇ تەلەيلىك كىشىلەر جابدۇنۇشقا باشلىدى. بارلىق پۇلى-مىز پەقەت 40 كىشىگە پويىز بېلىتى ئېلىپ بېرىشكە يېتەتتى، باشقىلار پىيادە گېرمانىيىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. بىشپل ۋە گېرمانىيىنى ئايلىنىپ باققان بىرقانچە كىشى كۆپچىلىككە دەرس ئۆتۈپ، يولىيورۇق بەردى ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇ-دى. چېخ تەۋەلىكىدىكى بىر ئوقۇغۇچى 60 ئىنگلىز مىلى سىرتىدىكى چېخوسلوۋاكىيە چېگرىسىدىكى تاغلىق رايوننىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، پىيادە قاچىدىغان كۆپ ساندىكى كىشى-لەر شۇ جايغا باراتتى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، جۈمە كۈنى ئىدى، ئەتىگەنلىك يوقلىمىدىن كېيىن، روڭگىر . بىشپل قېچىش ھەرىكىتىنىڭ شۇ كۈنى كېچىسى باشلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ چاغدا يەر ئۈستىدە ئالتە ئىنگلىز سۇڭى قېلىنلىقتا قار بار ئىدى، بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى، بىراق ئاي يوق ئىدى. بىزنىڭ ھاۋا رايىشۇناسلىرىمىز شامال چىقىدۇ دەپ قارىدى. بۇ گۇمان پەيدا قىلىدىغان پاتىسپاراقىچىلىق ئاۋازىنى بېسىپ كېتەتتى.

«دىئان ۋە داۋشىڭ ساياھەتچىلەر ئىدارىسى» دىكى بۇرادەر-لەر ئۆزلىرى ياسىۋالغان يالغان كىنىشكىلارنى تولدۇرۇشقا باش-لىدى، ئۇنىڭغا چېسلا تامغىلىرىنى باستى، بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلىشقا بولمايتتى. بەزى قاچقۇچىلار سەپەر ئۈستىدە

چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئىشچى سالاھىيىتىدە يۈرەتتى، يەنە بەزىلىرى بىتەرەپ دۆلەتنىڭ پۇقراسى، يەنە بەزىلىرى نېمىس ئوفىتسېرى، ئەسكىرى ۋە گېرمانىيە پۇقراسى قىياپىتىگە كىرىۋالاتتى. ھەربىر كىشىنىڭ كىنىشكىسى چوقۇم ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن ماسلاشقان بولۇشى كېرەك ئىدى.

بىر كولىغۇچى قېچىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن قانچىلىك يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن «ھالى» تونېلىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا كەلدى. ئۇ بىر تاياقنى ئۈستىگە قارىتىپ ئۈچ ئىنگلىز سۇڭى چوڭقۇرلۇقتا سانجىغاندىن كېيىن، تۈيۈقسىز ئاي نۇرى كۆرۈندى، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، بۇ ھال يەر ئۈستىگە چىقىشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئاۋازنى پەسەيتىش ئۈچۈن، بىز تىك قۇدۇقنىڭ ئاستىغا يۇڭ ئەدىيال سالدۇق، ھەممە قاچقۇچىلارنى كوزۇپنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ سۆرەپ مېڭىشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كوزۇپلارنىڭ ئۈستىگە شال قاقتۇق. تۈن پەردىسى چۈشكەندە، قاچقۇچىلارنىڭ ھەممىسى نىقاب كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى، ھەممىمىزگە ۋاقىتلىق ياسالغان ئوزۇقلۇق بېرىلدى. بۇ بىر خىل ناھايىتى قاڭسىق ئەمما قۇۋۋەتلىك بىرىكمە يېمەكلىك بولۇپ، شاكىلات قىرىندىسى، سۇلۇ پارچىسى، پىرەنىك ئۇۋاقلىرى، ۋىتامىن كومىلىچى، ئارپا، سۈت پاراشوكى ۋە باشقا قۇيۇلدۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى قايىنىتىپ ئىشلەنگەنىدى.

سائەت سەككىز يېرىم بولۇشى بىلەن تەڭ، بارلىق خادىملارنىڭ تەييارلىقى پۈتتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، بىرىنچى قاچقۇچى پەلەمپەيدىن چۈشتى، ئۇ ئادەتتىكى كىيىمنى كىيىۋېلىپ، ئۆزى ياسىۋالغان چامادانىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىككىنچى كىشى ئىشچى قىياپىتىدە ياسانغانىدى، روگگىر . بىشىل قولىغا ھۆججەت سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان،

ئۈچىسىغا كۆل رەڭ كاستيۇم بىلەن قارا پەلتو، بېشىغا قارا شىلەپە كىيىۋالغان بولۇپ، خۇددى بىر سالاپەتلىك سودىگەرگە ئوخشايتتى، ئۇ بىرىنچى تۈركۈمدىكى بەش ئادەم قاتارىدا چۇ-شۇپ كەتتى.

بىرىنچى كىشى چىقىش ئېغىزىدىكى شالنى قومۇرۇپ ئې-لىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت، تولىمۇ تەستە ئۆتكەن ۋاقىت بولدى. بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن (تونېلدا ياتقان ئادەمگە نىسبەتەن، بۇ كىشىنى تولىمۇ ئازابلايدىغان ۋاقىت ئىدى)، كۆپۈپ كەتكەن شال قوزغىلىشقا باشلىدى. توپا ئېچىلىپ، ئۈس-تىدىن بىرقانچە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز كۆرۈندى، شېرىن - ساپ ئەركىن ھاۋا تىك قۇدۇققا كىرىشكە باشلىدى.

بىراق بۇ كولىغۇچى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېشىنى بۇ يەر-دىن چىقىرىپلا، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ئېچىلغان ئېغىز ئورمانلىقتا بولماستىن، بەلكى ئورمانلىقتىن يەنە ئون ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتا ئىدى، تىك قۇدۇقنىڭ ئېغىزى بىر قاراۋۇلخا-نىدىن ھېچقانداق دالدا بولمىغان ھالدا 15 ياردىلا يىراقلىقتا ئىدى.

ئۇ بۇ خەۋەرنى دوكلات قىلغاندا، ھەممىمىز ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدۇق. 500 ئادەمنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقتىتىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمىتى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىششى مۇمكىن ئىدى. لېكىن كۆپچىلىك مۇشۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قېلىشنى خالىمايتتى. ھازىر قېچىش تەۋەككۇل-چىلىك ئىدى. بىراق بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ كېيىنكى ئاي چىقمايدىغان بىر كۈننى كۈتۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 30 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تونېلنى قېزىش ئوخشاشلا تەۋەككۇلچىلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالغان كى-نىشكىلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقتى تولدۇرۇلغانىدى، كېيىنگە سۈرۈلسە چوقۇم قايتىدىن ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. بۇ سەۋەب-

لەر تۆپەيلىدىن كۆپچىلىك قەتئىي نىيەتكە كەلدى.
تونېلدىن ئۆمىلەپ چىققان بىرىنچى كىشى بىر چاتقالّلىقتا كىرىۋېلىپ، بىر تال يىپنى تونېلغا چۇشۇرۇپ سىگنال بەردى. قاراۋۇلخانىدىكى پوست ئورمانلىقتا دىققەت قىلماي، پەقەت پرو-ژېكتورنى سىم توسۇقتا ۋە ھويلىغىلا قارىتىپ قويغانىدى. ئۇ-نىڭدىن باشقا يەنە ئىككى پوست سىم توساق ئەتراپىدا چارلاپ يۈرەتتى. بۇ ئىككى قاراۋۇل كۆزىتىش لىنىيىسىدىن يوقالغان-دا، يىپ تارتىلىپ، ئىككىنچى كىشى ئوغرىلىقچە ئورمانلىققا كىرىۋالدى.
بىرىنچى تۈركۈمدە 20 كىشىنىڭ قېچىپ چىقىشى ئۈچۈن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت كەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پويىز بىلەن ماڭاتتى، ھەممىسى بۇ يەردىن بىر چارەك ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى ساگانو ۋوگزالىغا باراتتى. قاراۋۇللار ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن ۋاقىت جەدۋىلىدىن، پويىز ماڭىدىغان ۋاقىتنى بىلىۋالغانىدۇق.
ئەمدى 104 - نومۇرلۇق گازارما رايونىغا كەلسەك، دەس-لەپكى پاراكەندىچىلىك كىشىنى بەكمۇ چۆچۈتۈپ قايغۇراتتى. ئىشتىن چاتاق چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. لېكىن قانداق چاتاق چىقتى؛ قاچقۇچىلار تارقىلىپ ئولتۇرغانىدى. بۇ بىر پۈزۈر كۈندىلىك كىيىم - خىزمەت كىيىمى ۋە گېرمانىيە ھەر-بىي فورمىلىرىنى كىيىۋالغان غەلىتە كىوللېكتىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى "ماراقچى" لارنىڭ پەيدا بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. سائەت ئەمدى توققۇز يېرىمدىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭ، قاپلىما ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشى سوغۇق شامال كىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ قېچىپ چىقىشقا باشلىغانلىقىدىنلا دېرەك بېرەتتى. شۇ ھامان پەس ئاۋازدىكى تەنتەنە ساداسى گازارما رايونىغا تارقالدى.
كېيىن يەنە بەزى چاتاقلار كۆرۈلدى. ئىككى جايدىكى ئې-

غىر توپا ساقىش ھادىسىسى تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتتەك داۋاملاشتى. بەزىدە كوز ۋۇپ رېلىستىن چىقىپ كېتىپ، ۋاقىتقا دەخلى قىلدى. كىشلەر چامادان كۆتۈرۈۋالغان، ياكى يۈك ئەدىيالنى ئۇچىسىغا ئورۇۋالغان بولۇپ، تار تونېلنىڭ ئىچىدە قىستىلىپ تۇراتتى. ئۇلار توپا ساقىپ كېتىشتىدىن قورقۇپ، بەدەنلىرىنى مىدىرلىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. بىز پىلانى-مىزدىكى ۋاقىتتىن ناھايىتى كۆپ كېيىن قالدۇق.

يېرىم كېچىدە ھاۋا ھۇجۇمى ترېۋوگىسى سايراپ كەتتى. بارلىق لامپىلار جۇملىدىن ئوغرىلىقچە تونېلغا ئۇلاپ قويۇلغان لامپىلارمۇ ئۆچۈرۈلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ كېتەلەيدىغانلارنىڭ سانى يۈزگە يەتمەيتتى. ئامالسىز ھالدا جىن چىراغ يەنە ياندۇرۇلۇپ، تونېلغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

بىزگە ئۇستىمىزدىكى يىراق جايغا چۈشكەن بومبىنىڭ ئاۋا-زى ۋە گازارمىنىڭ تەۋرەنگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ چاغدا پادى-شاھ جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ زور تىپتىكى بومبىلىرى 100 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بېرلىننى شىددەت بىلەن بومباردى-مان قىلماقتا ئىدى. ئەگەر ھازىرقىدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىت بولغان بولسا، ھەممىمىز تەنتەنە قىلىشقان بولاتتۇق. لېكىن شۇ كېچىسى بىز، ناله قىلىشتۇق. سەھەر سائەت ئىككىلەردە چىراغ قايتىدىن ياندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاچ-قۇچىلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ تىپتىنچ ھالدا تونېلدىن ئۆمى-لەپ چىقىپ، ئورمانلىققا كىرمەكتە ئىدى.

سائەت تۆت يېرىملاردە، ئەڭ يامان پەيت يېتىپ كەلدى. قاراۋۇلخانىدىكى پوست تۆۋەندە چارلاۋاتقان بىر مۇھاپىزەتچىنى ئۇنلۇك چاقىردى، ئۇ مۇھاپىزەتچى قاراۋۇلخانىنىڭ شوتىسىغا چىقتى. قاراۋۇل قاراۋۇلخانىدىن چۈشۈپ، تونېلنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇچ تۆشۈك ئېغىزىنى بايقاپ قالغىلى تاسلا قالغانىدى. ئىسسىق ھاۋا تونېل ئېغىزىدىن چىقماقتا ئى-

ـدى، قاچقۇچىلارنىڭ قار ئۈستىدە ئۆمىلەپ ماڭغاندا قالدۇرغان قارا ئىز تونېل ئېغىزدىن ئورمانغا تۇتاشقانىدى. ئېنىقكى بۇ قاراۋۇل بايىلا پروژېكتورغا قارىغانلىقتىن كۆزى چىمىرلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۇدۇل مېڭىپ تونېل ئېغىزىغا پەقەت تۆت ئېنگ-لىز چىسى كېلىدىغان جايدا تۇردى. ئۇ ئارقىغا بۇرالدى، ھەممە زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ شۇ يەردە مىدىرلىماي بەش مىنۇت تۇردى، بۇ چاغدا تىك قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرغانلار نەپەس ئې-لىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. كېيىن قاراۋۇل يەنە قاراۋۇلخانى-سىغا چىقىۋالدى، يەنە بىر قىسىم قاچقۇچىلار تۆيدۇرماي تونېل-دىن چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا سائەت بەش بولاي دېگەنىدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل بىر ئەنگلىيىلىك ھاۋا ئارمىيە خادىمى كۆپ بەك يورۇپ كەتتى دەپ قاراپ: "يەنە ئۈچ ئادەم چۈشسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر-لاشتۇرايلى. ئەگەر قېچىپ چىققان بارلىق ئادەملەر سېزىلمىگەن بولسا، نېمىسلار ئەتىگەنلىك يوقلىما قىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئىش-نى ئۇقمايدۇ، ئۇنداقتا قوغلاپ تۇتۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا يەنە نورمىدىن سىرت تۆت سائەت ۋاقىت قالىدۇ" دېدى.

ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ كىشى دەرھال چۈشۈپ كەتتى. ئۇچىن-چى كىشى كوزۇپىنىڭ ئۈستىدە بېغىرلاپ يېتىپ تونېلدا غايىب بولغان چاغدا، بىز مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق.

ئەسلىدە قېچىپ چىققان ئىككى كىشى بۇ چاغدا ئورمانلىقتا يېتىپ بىرىپ بىر تۈپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە جەم بولغانىدى، يەنە بىر كىشى يېرىم يولدا ئۆمىلەپ كەلمەكتە ئىدى، تۆتىنچى كىشى بېشىنى تونېل ئېغىزىدىن چىقىرىۋاتاتتى. بۇ چاغدا يىپنى تار-تىپ سىگنال بەرگۈچى بىر قاراۋۇلنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى-نى كۆردى. ئەگەر ئۇ يەنە بىرقانچە قەدەم داۋاملىق ماڭسا، تونېلنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈپ كېتەتتى. سىرتتىكى ئىككى كىشى مىدىر ـ سىدىر قىلماي يەر ئۈستىدە ياتقانىدى. ئۇلار بۇ چاغدا

يىپنىڭ ئىككى قېتىم جىددىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش ئاساسىدا تارتىلغانلىقىنى سەزدى. ھېلىقى نېمىس يەنىلا ماڭماقتا ئىدى. يەنە يەتتە ياردلا قالدى، بىراق ئۇ تونېلنىڭ ئېغىزىنى تېخى كۆرمىگەنىدى.

ئۇ يەنە مېڭىۋاتاتتى، ئۇيقۇسى ئېچىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى، بىر قەدىمى تونېل ئېغىزىغا پەقەت 12 ئىنگلىز سۇڭىلا قالغان بولۇپ، يەنە بىر قەدەم ماڭسا تونېل ئېغىزىغا يوشۇرۇنغان كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. ئۇ يەنە بىر قەدەم تاشلاپ بولۇپ تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ كەتتى. ئۇ ئاياغ ئاستىغا يوشۇرۇنغان كىشىنى تېخى سەزمىگەنىدى، لېكىن ئۇ قارلىق يەردىن توغرا ئۆتكەن قارا يولنى چوقۇم كۆردى. ئاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئورمانلىققا تۇتاشقان يېرىم يولدىكى ئادەمنى كۆردى ــ دە، مىلتىقنى كۆتۈرۈپ ئوق چىقاردى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئورمان-لىقتا كۈتۈپ تۇرغان بىر قاچقۇچى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ: — ئوق چىقارما، قاراۋۇل! ئوق چىقار-ما! ــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

قاراۋۇل چۆچۈپ كېتىپ، قالايمىقان ئوق چىقاردى. ئور-مانلىقنىڭ چېتىدىكى ئىككى كىشى بىلەن يېرىم يولدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان ھېلىقى كىشى ئاستا ئالدىغا چىقىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈردى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قاچقۇچى تېخى سېزىلمىگەن بولسىمۇ، ئاستا ئورنىدىن تۇر-دى. قاراۋۇل ئارقىغا بىر قەدەم داجىپ، ئاستىغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا «ھالى» تونېلنىڭ ئېچىقلىق ئېغىزى ئايان بولدى. ئۇ قول چىرىغىنى چىقىرىپ، تونېل ئىچىگە قاراتتى. چىراغ نۇرى 81 ــ نەپەر قاچقۇننىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، ئۇ دەل قىل ئۈستىدە تۇرغان ھالدا شوتىدا تۇراتتى.

قاراۋۇل سىگنال پۈشتىكىنى چالدى، قاراۋۇللار شۇ ھامان تۆت تەرەپتىن يۈگۈرۈپ چىقتى. «ھالىي» تونېلنىڭ ئۇزۇن

كۆنلەرنى ئۆتكۈزگەن ھاياتى شۇنىڭ بىلەن تاماملاندى.

104 ـ نومۇرلۇق گازارما رايونى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كۆپچىلىك ئىسمىلىكىمىزنى ۋە كىنىشكىلارنى كۆيدۈرۈپ، جابدۇقلارنى چېقىپ، پۇقراچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى يوقاتماقتا ئىدى. تونېلدىكى كىشىلەر كوزۇپنى دالدا قىلىپ ناھايىتى تەستە چېكىنىپ چىقتى، ئۇلار ئارقىسىدىن ئوق ئېتىلىپ قېلىدىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر كىشى چىقىپ بولغاندىن كېيىن، قاپلىما ئىشىك ھىم ئېتىلدى، مەش ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇلدى.

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن يەر ئاستىدىن غاچۇر ـ غۇچۇر ئاۋاز ئاڭلاندى، بىر "ماراقچى" تونېلدىن قوغلاپ كىرگەنىدى، لېكىن ئۇ چىقالمىدى. بىز ئۇنى شۇ يەردە تۇرغۇزۇپ قويدۇق.

ئەتىگەن سائەت ئالتە بولغاندا، ھويلا قاراۋۇللار بىلەن توشۇپ كەتتى، پىلىموتلار ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قارىتىلغانىدى. "ماراقچى" لار 104 ـ نومۇرلۇق گازارما رايونىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، بىر تەرەپتىن: "چىقە! چىقە! ھەممىڭ چىقىش!" دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. ھەربىر كىشى 104 ـ نومۇرلۇق گازارما رايونىدىن چىققاندا، بىر "ماراقچى" ئۇنى ئالدىغا سۆرەپ كېلىپ، ئۇنى قارلىقتا ئۆتۈكىنى ۋە بارلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ھەممە نەرسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

ئاختۇرۇلۇۋاتقان چاغدا، بىر مۇئاپىزەتچى ئوفىتسېر ئالدىمىزغا كېلىپ قاپلىما ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىزنى ئۆتۈندى. ھېلىقى "ماراقچى" تېخىچە يەر ئاستىدا بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. بىز قاپلىما ئىشىكنى ئېچىۋەتتۇق، يەر ئاستىدىكى ھېلىقى «ماراقچى» تۇخۇ يۈرەك ئادەم ئەمەس ئىكەن، ئۇ تونېلغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلغان بىردىنبىر نېمىس ئىدى.

بىرقانچە سائەت ئىچىدىلا، پوتكول دالادا ئورۇش مەزگىلىدىن بويانقى ئەڭ زور كولەملىك بىر قېتىملىق قوغلاپ تۇتۇش ھەرىكىتى بولدى. سىمسىز رادىئو بارلىق ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىيات قىلىشىنى ئاگاھلاندۇردى. ئېس ئېسچىلار، گېستاپو، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيە خادىملىرى، ھەتتا سىزچېكىن ۋە گىدانىسكىدىن كەلگەن دېڭىز ئارمىيە خادىملىرىمۇ تۇتقۇن قىلىشقا قاتنىششقا سەپەرۋەر قىلىندى.

ئەمدى ھويلىدىكى ئىشقا كېلەيلى، بىز ئۇلارنىڭ ئۈچ ئېلىشىنى كۈتتۇق. «ھالى» تونېلىدىن قاچقانلار قاچقۇچىلار سانى جەھەتتە دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى. بىز نېمىسلارنىڭ ئاچچىقىنى بىزدىن ئالىدىغانلىقىنى جەزمەنلەشتۈردۇق. گېستاپونىڭ ئادىمى تەكشۈرۈشكە كەلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنى ئەزەلدىن مۇنتىزىم ئارمىيە ياقتۇرمايتتى. ئۇلار "ماراقچى" لاردىن بىر ئازمۇ ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. ھېچقانداق بىر نەرسىنىمۇ سەزمىدى. ھەتتا بىز ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىككى قول چىرىغىنى ئوغرىلىۋالدۇق. ئەمما ئۇلار باش قوماندان ۋە ئۇنىڭ سەنموسى باشقۇرۇۋاتقان بىر قاراڭغۇ بازارنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ بىچارە باش قوماندان ناھايىتى تېزلا ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

قېچىپ چىققان 76 ئادەمنىڭ بەزىلىرى گەرچە دانىسك ۋە مېيونخېندەك يىراق جايلارغا بېرىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ئىككى كۈندىلا تۇتۇۋېلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 40 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى گىرىتستىكى بىر سۇرلۇك گېستاپو تۈرمىسىگە قاماپ قويۇلدى. 15 كىشى گىرتستىن 3 - ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدۇق.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، بىزنىڭ ھېلىقى ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرىمىز باش قوماندان ئىشخانى-

سىغا چاقىرتىلدى. گېرمانىيىنىڭ بۇ باش قوماندانى قاپاقلىرى-نى تۈرۈپ تۈرۈپ، 76 نەپەر قاچقۇن ئىچىدىكى 41 نەپەر ئوفىتسېرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دوكلاتىنى ئوقۇپ ئۆتتى!

بىزنىڭ بۇ ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرىمىز بىر يىغىن ئېچىپ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ خەۋەرنى جاكارلىدى. جەنۋە ئەھدىنامىسىدە: قاچماقچى بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە قاتتىق جازا بېرىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلىگەنىدى. نېمىسلار ئىلگىرى ئەزەلدىن بۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغانىدى. بىز بۇ خەۋەرنى جاكارلىشى، بىزنىڭ كېيىنكى قەدەمدىكى قېچىش پىلانىمىزنى توسۇش ئۈچۈن قىلىنغان بىر خىل ھەيۋە بولسا كېرەك دەپ قارىدۇق. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا ھويلىدا بىر تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق، ھەمدە ھەممىمىز ياقىمىزغا رومبا شەكىلدە بىر قارا ماتەم بەلگىسىنى تاقىۋالدۇق.

نېمىسلار ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى يېزىپ تامغا چاپ-لىغاندا، 41 كىشى ئەمەس، بەلكى 47 كىشىنىڭ ئىسمىنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە رەھبەرلەردىن روگگىر . بىشىل، جېم . ۋولۇن — ئۇ يالغان گۇۋاھنامە ياسايدىغان زاۋۇت قۇرغان؛ كومپاس ياسىغۇچى ئېل . ھېك؛ فوتوگراف چارلىز هول قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى.

بىرقانچە كۈنگىچە ھويلا ئىچى ئازاب ۋە غەزەپكە تولدى. كېيىن ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىكىگە يەنە ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قېتىلدى. نېمىسلار بىزگە بۇلارنى ئېيتىشنىڭ ھېچقانداق سەۋە-بىنى ئېيتمىدى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن 76 نەپەر كىشىدىن 51 كىشىنىلا ئاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرمىدى. ئىككى ھەپتىدىن كې-يىن ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ جەسەت كۈلى قاچىلانغان كۈپنى ئېلىپ

كەلدى، بىز بۇ جەسەت كۆللىرىنى بىر گۆرگە ئورۇنلاشتۇر-
دۇق.

6 ـ ئايدا، ئىسپانىيە يېزىقىدا يېزىلغان ، يالغان ئىمزا قويۇلغان بىر پارچە خەت كەلدى. بۇ بىر قاچقۇچىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ ئەنگلىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ گوللاندىيە تەۋەلىكىدىكى بىر ئۇچقۇچىسى بولۇپ هازىر ئەنگلىيىگە بېرىپ بولغانىدى. يەنە ئىككى يالغان ئىمزا قويۇلغان، شۋېتسارىيىدىن كەلگەن بىر ئاتكرىتكىدا تاپشۇرۇپ ئالدۇق، بۇنى نورۋېگىيىلىك ئىككى ئۇ-رۇش ئەسىر يازغانىكەن. 3 ـ هاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلغان 15 كىشى ۋە ئېتىلغان 50 كىشىنى قوشقاندا، يەنە سەككىز ئادەم ئىز ـ دېرەكسىز ئىدى.

كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز بۇ سەككىز كىشىنى سىبىق نامى ھەممىگە ئايان ئورانىېنبۇرگدىكى جازا لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. گېستاپو ئەزەلدىن ھەرقانداق كىشى بۇ جازا لاگېرىدىن قېچىپ كېتەلمىگەن دەپ پو ئاتقانىدى.

بىراق بىرقانچە ئايدىن كېيىن، بۇ سەككىز كىشى يەنە تونېل كولاپ قېچىپ كەتكەن، ئۇلار كېيىن تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چاغدا گېرمانىيە گۇمران بولۇش ھالىتىدىكى قالايمى-قانچىلىق ئىچىدە تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئېتىلىپ كەتمىگەن.

ئەگەر نېمىسلار بىزنىڭ 50 يولدىشىمىزنى ئېتىش بىلەن بىزنى ئەمدى تونېل كولىمايدۇ دەپ قارىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار پىسخىك جەھەتتە زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولاتتى. ئىككى نەپەر تونېل كولاش ماھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، «X» تەشكىلاتىمىز يەنە قايتىدىن قۇرۇلدى، بىز دەرھال تونېل «گې-ئورگى» تونېلىنى كولاشقا باشلىدۇق، ئۇ تىياتىرخانىنىڭ ئاس-

تىدىن باشلاندى. كۆلەم جەھەتتە «گېئورگى» تونېل «هالى» نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. قېچىش تەييار- لىقىمىز ئاساسەن پۈتكەندە، رۇسلارنىڭ تانكىسى بۇ يەرگە پەقەت 30 ئىنگلىز چاقىرىمىلا قالغانلىقتىن، ئۇلار بىزنى ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ يەردىن يۆتكىۋەتتى. بىز بىرقانچە ھەپتە مەجبۇرىي ماڭدۇق، گېرمانىيىنىڭ يېرىمىدىن ئۆتتۇق. 1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، بىز لۈبېككە يېتىپ باردۇق، بۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ 2 ـ كورپۇسىدىكىنىڭ تانكىلىرى بۆسۈپ كېلىپ، بىزنى ئازاد قىلدى.

# 15. شەپقەتلىك كىشىلەر

## گېئورگى . كېنت

فرانسىيىنىڭ شەرقىدىكى بىر تۆمۈريول رىلىسىدا توختىغان بىر يۇك پويىزى ئىچىدە، فرانسىيە قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ بىر ئايال خىزمەتچىسى غەلىتە بىر خىل پەس يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى، بۇ ئاۋاز خۇددى تامدىن ئۆتكەن رادىئودىن چىققان ئاۋازغا ئوخشايتتى. پويىزنى بويلاپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاچ ماڭدى، ئۇ بىر ۋاگوننىڭ ئىچىدە بىر توپ بالىلارنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ۋوگزال باشلىقىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ بىر ئامال قىلىپ ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزدى.

ئۇنىڭ ئىچىدە 80 نەپەر يەھۇدىي بالا ۋەھىمە ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن چاپلىشىپ قىستىلىپ تۇرغانىدى. ئۇلارنى نېمىسلار پارىژدا پويىزغا چىقارغان بولۇپ، ئۇلارغا پەقەت ئىككى بولكا، بىر چەينەك سۇ ۋە ئازراق سۇت پاراشوكى بەرگەنىكەن. ئۇچىنچى ئىمپېرىيىگە قاراپ ماڭغان بۇ پويىز بۇ يەرگە كېلىپ توختىغاندا، بۇ بالىلارنىڭ بۇ ۋاگونغا قامالغىنىغا سەككىز سائەت بولۇپ، تۆت بالا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھەمراھلىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقۇپ كەتكەن بالىلاردىن بىرقانچىسى ۋاقىتسىز ئېلىشىپ قېلىشقا باشلىغانىدى.

نېمىسلار ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان بەلەزۈكلىرىنى تارتىۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

بەك كىچىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى. بىر قىزچاق پەقەت ئۆزىنىڭ 16 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنىلا ئېنىق ئېسىدە تۇتالىغان بولسىمۇ، لېكىن قايسى كوچىدا تۇرىدىغانلىقى ئېسىدە قالمىغانىدى.

بۇ بالىلار ھەرھالدا تەلەيلىك ئىكەن، ئۇلار ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىلىپ، يوشۇرۇپ قويۇلدى. فرانسىيىدە 15 مىڭدىن كۆپرەك يەھۇدىي بالا بۇنچىلىك تەلەيلىك بولالمىغانىدى، ئۇلارنى نېمىسلار تۇتۇۋېلىپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن. دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ناھايىتى كۆپ بالىلار پولشادىكى گاز ئۆيدە ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

ھېكايىمگە چېتىشلىق بۇ بالىلارنى نېمىس قاراقچىلىرى تۇتۇۋالالمىغانىدى. ئۇلار جەمئىي 12 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بوۋاقتىن تارتىپ، 16 ياشقا كىرگەن تارتىنچاق ئۆسمۈر بالىلارغىچە ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلاردىن 4000 كىشى ئوغرىلىقچە شۋېتسارىيە ۋە ئىسپانىيە ئارقىلىق يۆتكەپ كېتىلدى، 8000 كىشى نېمىسلارنىڭ تۇمشۇقى ئاستىدا تۇرۇپ داۋاملىق ياشىماقتا ھەم تىنچ ـ ئامان تۇرماقتا ئىدى.

بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى — پوپ شيارىت، پوپ دىيۇۋاكتىن ئىبارەت ئىككى نەپەر كاتولىك دىنى پوپى ۋە خرىستىئان دىنى يېڭى مەزھىپىنىڭ باستېرى پاۋل ۋىگرا ئىدى. پوپ شيارت غەلىتە مىجەزلىك كىشى بولۇپ، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ ھەر كۈنى 14 سائەتتىن 16 سائەتكىچە ئىشلەيتتى. پوپ دىيۇۋاك «كانتبورى ھېكايىلىرى توپلىمى» دىكى شەخسلەرگە ئوخشاش ساقاللىق مەڭزى قىپقىزىل كەلگەن سېمىز ئادەم ئىدى. باستېر ۋىگرا قاراشلىق مەزھەپنىڭ ئاقساقاللار مەزھىپىگە نىسبەتەن تەسىرى بار ئىدى، ئۇ بويى پاكار، چېچى يۇمران ھەم ئاقارغان، ياڭاق سۆڭىكى چوقچىيىپ كەتكەن ئادەم ئىدى.

پۈتۈن گېرمانىيىنى قاپلىغان بىر زەنجىرسىمان تەشكىلاتنى بۇ ئۈچ پوپ ۋە باستېر مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى: ناتسىستلارنىڭ قولىدىن يەھۇدىي باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. شيارىت يالغۇز ئۆزىلا 4000 دىن ئارتۇق بالىغا ھامىيلىق قىلىشقا ئامال قىلدى، دىيۇۋاك 1000 دىن كۆپرەك بالىنى قۇتۇلدۇردى. ۋىگرامۇ باشقا يېڭى مەزھەپتىكى باستېرلارنىڭ ياردىمى بىلەن 1000 بالىنى قۇتقۇزدى. قالغان باللار ئادەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى باللارغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ناتسىستلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن رىغبەتلەنگەنلەر ئىدى.

داڭلىق بىر دوختۇر يەھۇدىي باللىرىنى ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىشىگە ياردەم بەردى، ھەمدە ئۇلارغا يالغان كېسەل تارىخى ئىسپاتى ۋە قىزىتمىسىنى كۆرۈش جەدۋىلى ھازىرلاپ بەردى. ئۇ يەنە بىر خىل خىمىيىۋى ئۆچۈرگۈچ كەشىپ قىلىپ، باللارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسىدىكى تامغا ئىزىنى ئۆچۈرىۋەتتى. بۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەرقانداق رەڭ ياندۇرغۇچقا تاقابىل تۇرالايدىغان بىر خىل قىزىل ئۆچۈرگۈچ ئىدى.

ئون نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالدىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېت (يېڭى مەزھەپ مۇرىتلىرى ۋە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىدىن ھەرقايسىسىدىن بەشى بار) خەۋپكە قارىماي 358 نەپەر بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. بىر ئايال قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قايناق سۇ بىلەن مۇز سۇيىنى نۆۋەت بىلەن چېچىشتەك قاتتىق جازا ئىشلىتىلدى. نۇرغۇن ئەرلەر ۋە ئاياللار قولغا ئېلىنىپ، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى.

پوپ شيارىت ئەيسانىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئۇ بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىكى مەشھۇر شەخس ئىدى. 1940 ـ يىلى

ئۆرۈش توختىغاندىن كېيىن، ئۇ مول جەڭگىۋار روھقا ئىگە لىبېرالىزملىق ھەپتىلىك ژۇرنال «شاھىت خرستوس» نى چە-قىرىپ، يوشۇرۇن تارقىتىپ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلدى، بولۇپمۇ ياشلار دائىم ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى يوقلاپ تۇراتتى.

1942 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋىس ھۆكۈمىتى بىرقانچە مىڭ يەھۇدىينى تۇتقۇنلاپ، ئۇلارنى پاراخوت بىلەن گېرمانىيىگە يولغا سالدى، پوپ شيارىت تۇرىدىغان ليوندا، سۈرگۈن قىلىنى-غان بۇ يەھۇدىيلار جەمئىي 120 نەپەر پەرزەنتىنى قويۇپ قويۇش-قا مەجبۇر بولدى، شيارىت بۇ بالىلارنى تېپىشقا باشلىدى. ئۇ بىر يەر ئاستى ئۆيدە ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان، قاتتىق قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن تۆت بالىنى تاپتى. يەنە 12 بالىنى كوچىدىن تاپتى. يەنە 30 بالىنى ھەربىي گازارمىدىن ئامال قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بالىلار ئىدى.

ئۇ تەرتىپلىك ھالدا بۇ بالىلارنى نىمسلار تاپالمايدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ قويدى. بىر سابىق رازۋېدچىك ھەربىر بالىنىڭ بارماق ئىزىنى ئېلىۋالدى. ھەمدە ھەربىر بالىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى ۋە فىزىئو-لوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تىزىملاپ، ھەربىرىنى ئۇچ نۇس-خىدىن قىلىپ مەخپىي ساقلاپ قويدى.

ئاندىن كېيىن پوپ شيارىت ياش ياردەمچىلىرىنى (ئاسا-سەن 18 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان قىزلار) ۋېلسىپىت بىلەن يېزىغا بېرىپ، دېھقانلارنى زىيارەت قىلىپ چىقىشقا، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ياكى ۋەتەنپەرۋەر ئەمەسلىكىنى، بۇ بالىلارنى ئۇلارغا تاپشۇرسا ئىشەنچلىك بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ سىغىن كالىسى ياكى سېغىن قويى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ئەۋەتتى. ليون ئەتراپىدىكى 100 ئىنگلىز

مىلىلىق دائىرە ئىچىدە، بۇ قىزلار كۆپ ساندىكى باللار ئۇچۇن هامىيلىق جاي تاپتى. يەنە بىر قىسىم باللار چېركاۋ تەۋەلىكى-دىكى دارىلئېتام ياكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار يەنە هەربىر بالىغا يالغان كىنىشكا تەييارلاپ قويدى.

يېشى چوڭراق كەلگەن، چىرايىدىن مېهرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئايالار بۇ باللارنى يېڭى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە تېخىمۇ زور خەۋپ - خەتەرگە يولۇقاتتى. بۇ باللارنى يېڭىچە سالاهىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ناهايىتى قىيىن ئىش ئىدى. بىر قىزغا يېڭى ئىسىم قويۇلغاندا ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ: "ئاپام قايتىپ كەلگەندە مېنى قانداق تونۇيدۇ؟" دېگەن. گوللاندىيىنىڭ دېهقان ئائىلىسىدىن چىققان ئالتە ياشلىق بىر ئوغۇل بالا نېمىس تىلىنى ناهايىتى قويۇق يەرلىك تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سەپەردە پوتونلەي سۈكۈتتە تۇرۇشقا ئاگاهلاندۇرۇلغان. تۆت سائەت ماڭغاندىن كېيىن، بۇ بالا باشتىن - ئاخىرغىچە گەپ قىلمىغان، لېكىن نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشتىنى سىيدۈك بىلەن پۈتۈنلەي هۆل بولۇپ كەتكەن. ئۇ قورققان هالدا: "سىلەر مېنى گەپ قىلما دېگەن ئەمەسمۇ" دەپ چۈشەندۈرگەن.

بۇ باللار دېهقانلارنىڭ ئائىلىسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار شۇ جايدىكى كىچىك هەمراهلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ناهايىتى بەخىرامان ئوينىدى، بىللە مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇدى، بىللە كۆڭۈل ئېچىشتى. كىچىك بىر كەنتتە، يېڭىدىن پەيدا بولغان باللارنىڭ سالاهىيەت مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلانماي قالمايتتى. بىراق جەمئىي ئالتە بالا ساتقىنلىقتا ئۇچرىدى.

پوپ شىيارىت بۇ باللارنى يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە، نېمىسلار لىيونغا 200 نەپەر يەهۇدىي تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. ۋىس هۆكۈمىتىدىكى ساقچىلار بۇ باللارنى تاپشۇرۇپ سان توشقۇزۇش تەكلىپىنى بەر-

دى، پوپ شىيارىت ئوچۇق ئاشكارا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئۇ جازا لاگېرىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلدى.

ئۇ تۈرمىدە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى ۋە يېڭى مەزھەپتىكىلەرگە بىر پارچە ئوچۇق خەت يازغانىدى، بۇ خەت ئوغرىلىقچە سىرتقا ئېلىپ چىقىلدى، ھەممە كۆپەيتىپ ئون مىڭ روھانىيغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. ئۇ، بۇ خەتتە بارلىق چېركاۋلارنىڭ يەھۇدىيلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق گېتلېرغا قارشى كۈرەشكە قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلغانىدى. بۇ خەتنىڭ تەسىرىنى گېرمانىيە باستېرى ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش سېپىگە قوبۇل قىلىنغان باتۇر ئەر ـ ئاياللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۈچ ئايدىن كېيىن پوپ شىيارىت قويۇپ بېرىلدى. ئۇ چېركاۋدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆز تەشكىلاتىنى يەر ئاستى تەشكىلاتى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ھەپتىلىك ژورنال «شاھىت خرىستوس» تەشكىلاتى قارشىلىق كۆرسىتىش سېپىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتىدە تارقىتىلىپ، تىراژى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. پوپ شىيارىت جامائەت تەرىپىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش سېپىنىڭ روھىي داھىيسى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. گېنېرال دې گول ئۇنى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتىنىڭ باش مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى.

ئۇنىڭ ھەرىكەت مەركىزى گرېنوبلې شەھىرىنىڭ نامراتلار رايونىدىكى بىر ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيدە بولدى. ئۇ بۇ يەردە قارشىلىق كۆرسىتىش سېپىنىڭ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، يەھۇدىي بالىلىرىنى يۇشۇرۇپ قويىدىغان بىر مۇرەككەپ ئاپپاراتنى تەشكىل قىلدى. بىر قېتىم ئۇ گېستاپوغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى جىنايەتكە مەھكۇم قىلىندىغان ھۆججەتلەرنى چايناپ يۇتۇۋېتىپ، ئاندىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلدى. ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگە-

شىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتنى فرانسىيىنىڭ بولۇك ـ پۇچقاقلىرىغىچە كېڭەيدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى نەچچە يۈز خىزمەتچى خادىملار ئىچىدە خەۋەرچى پوچتىكەش بولغان كىچىك بالىلاردىن تارتىپ قوغدىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گراف خانىمغىچە بار ئىدى.

1942 ـ يىل 7 ـ ئايدا، نېمىسلار پارىژدا قورامىغا يەتكەن 13 مىڭ يەھۇدىينى قورشاپ تۇتتى ھەمدە ئۇلارنى بىر چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مەيدانىغا ھەيدەپ ئاپاردى. ئاياللارنىڭ يېنىدىكى بالىلىرىنى تارتىپ ئېلىپ كېتىلگەندە، بالىلارنىڭ ئۈن سېلىپ ۋارقىراپ يىغلىغان ئاۋازى، ئەتراپتىدىكى بىرقانچە كوچىلارغىچە ئاڭلىناتتى. مىڭلىغان ئادەم بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ فرانسىيىلىكلەرنى قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. قوشنىلار بۇ بالىلارنى ئېلىپ قالدى ھەمدە كوچىنىڭ بارىچە ئۇلارغا تەسەللى بەردى.

پوپ دېۋۋاك دومىنىك مەزھىپىدىن ئىدى، ئۇ موناخ ئايال مۇناخلارنى 30 بالىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. كېچىسى ئۇ ئۇچ بالىنى بىر گورۇپپا قىلىپ پارىژدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىتىۋەتتى، ئۇلارنى شەھەر سىرتىدىن جاي تاپقانغا قەدەر ئىزچىل ھالدا شۇ يەردە تۇرغۇزدى. ئايال مۇناخلار كېيىن يەنە تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى ئېلىپ كەلدى، پوپ دېۋۋاكنىڭ خىزمىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ خىزمەت ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ چەتكە قېقىلىشىغا قارشى تۇرۇش بىلەن ياۋروپادا داڭ چىقارغانىدى، ناتسىستلار ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ كىتاب ۋە ھۆججەتلىرىنى مۇسادىرە قىلغانىدى. گېستاپوچىلار ھەر كۈنى 24 سائەت ئىزچىل

هالدا ئۇنىڭ تۇرار جايىنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى.
بىراق قېلىپقالغان باللارنىڭ ھەممىسى 7 ـ ئايدىكى زەر-بىدىن كېيىن دوستلارنىڭ قولىغا ئۆتمىگەنىدى. گېستاپوچىلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى تېپىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى جازا لاگېرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلار مۇزدەك سوغۇق ئىسكىلاتقا سولىنىپ كېيىنكى قېتىملىق يىغىشنى كۈتمەكتە ئىدى.
بىر كۈنى بۇ جاينى ئېكسكۇرسىيە قىلغان قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ بىر خادىمى بۇ جاينىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى باستېر پاۋل ۋېگراغا سۆزلەپ بەردى. ۋىجىك كەلگەن بۇ باستېر دەرغەزەپكە كەلدى! ئۇ ئىزچىل ھالدا پارىژدىكى نامراتلار رايو-نىدا ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن بولغانىدى، ئۇ 12 ئايالنى يىغدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئايالىمۇ بار ئىدى. ئۇلار نېمىس يېزىقىدا بىر بۇيرۇقنىڭ كوپىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، گېستاپو باش شتابىنىڭ نامىدا تارقىتىپ، بۇ باللارنى قويۇۋېتىشكە يولىيورۇق بەردى. بۇ بىر خەتەرلىك ئويۇن ئىدى، بىراق بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
نامراتلار رايونىدىكى پاراۋانلىق ئورنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ـ باستېر ۋېگرا فرانسىيە خىمىيە ئالىمى لۇئى پاستېر[1]نىڭ: "بىز بىر بەختسىز كىشىدىن: سەن قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭ، قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن؟ دەپ سورىمايمىز، بىز ئۇنىڭغا تارتقان ئازابىڭ يېتىپ ئاشىدۇ. سەن بىزگە مەنسۇپ، بىز ساڭا بەخت يارىتىمىز دەيمىز." دېگەن سۆزىنى سىر بىلەن يازدى. شۇ كۈنى كېچە كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ، قاتتىق قور-قۇپ كەتكەن 70 نەپەر يەھۇدىي بالا پۈتىنى سۆرەپ مۇقەددەس

---

① لۇئى پاستېر (1822 ـ 1895) فرانسىيە خىمىيە ۋە باكتېرىئولوگىيە ئالىمى. غالجىرلىق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى ۋە كالا سۈتى بىلەن باكتېرىيىنى يوقىتىش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغۇچى.

بېغىشلىما ئاستىدىكى بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتتى. ئىككىنچى كۇ-
نى پوپ شيارىت ۋە پوپ دىيۇۋاكىنىڭ ھەمكارلىقىدا بۇ باستېر
يەنە بۇ باللار ئۈچۈن ئۆزۈن مۇددەتلىك بىر تۇرار جاي تېپىشقا
كىرىشتى.

كېيىن، گېستاپوچىلار يەنە ئىككى قېتىم پاراۋانلىق ئور-
نىغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. بىرىنچى قېتىمدا ئۇلار باستېر
ۋىگرانىڭ قېيناغىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق
زەربىنىڭ تېرىۋوگسى يېتىپ كەلگەندە، ئىشخانىدىكى خادىملار
دېرىزىدىن ئاتلاپ ئۆگزىگە چىقىپ قېچىپ كەتتى. بىراق نېمىس-
لار باستېر ۋىگرا ھەم ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلىنى تۇتۇۋالدى،
ھەممە ئۇلارنى قاتتىق ئۇردى، كېيىن ئوغلىنى چېگرىدىن قوغ-
لاپ چىقاردى.

شۇ چاغدىكى مۆلچەردە، گېرمانىيىدە 8000 بالا يوشۇرۇل-
غانىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قايتىپ كې-
لىپ باللىرىنى ئېلىپ كەتكىنى يوق دېيەرلىك بولدى. بۇ
ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتتە بىردىنبىر كۆڭۈلنى تىندۇرغىنى، ئاشۇ
باللارنى باققان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بەخت تۇيغۇسى بولۇشى مۇم-
كىن، ئۇلار بۇ باللارنى بېقىۋالدى، كېيىن بۇ باللار ئۇلارنىڭ
ئۆز بالىسى بولۇپ قالغانىدى.

# 16. ئاننى فرانكنىڭ خاتىرىسى

## لۇئى دچوين

— سىز ئىنسانلارنىڭ قوتۇلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پروفېسسوردىن سورىغاندا، پروفېسسور:

— چۈنكى مەن ئاننى فرانكنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ چىقتىم، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ئون نەچچە ياشلىق بۇ قىز بالىنىڭ خاتىرىنى قانداق يازغانلىقى ھەمدە ئۇنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە، خۇددى بۇ خاتىرىگە ئوخشاشلا مول دراماتىزملىققا ئىگە ئىدى. بۇ كىتابچىنىڭ بۇنداق غايەت زور تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ خىيال قىلىپ باقمىغان — ھەتتا ئاننىنىڭ دادىسىمۇ، ئاننى ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىنى نەشر قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

«ئاننى فرانكنىڭ خاتىرىسى» ھازىرغا قەدەر نېمىس يېزىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدى، ھەمدە ئىككى مىليون پارچە سېتىلدى. خاتىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سەھنە كىتابى پرېس تىياتىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1956 - ۋە 1957 - يىلى ئارىلىقىدىلا، 20 دۆلەتتە قويۇلۇپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى ئىككى مىليون ئادەمگە يەتتى. لوندون-

نىڭ فىنكس تىياتىرخانىسىدا ئالتە ئايدەك قويۇلدى. XX ئەسىر فوكس كىنو شىركىتى ئۇنى كىنو قىلىپ ئىشلىدى.

ئاننى فرانكىنىڭ خاتىرىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆچلۈك سادا قوزغىدى؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاننى فرانكنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

گىتلېر تەختىگە چىققاندا، ئوتتو فرانك بىر بانكىر بولۇپ، گېرمانىيىدە ئولتۇراتتى. ئۇ 1925 ـ يىلى تـوي قىـلغان، 1926 ـ يىلى ئۇنىڭ تۇنجى قىزى ماگىت دۇنياغا كەلگەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككىنچى قىزى ئاننىس مارىمۇ تۇغۇلغان. ئۇ ئادەتتە "ئاننى" دەپ چـاقىرىـلاتتى، بەزىدە "كەنجى قىز" دەپمۇ ئاتىلاتتى.

1933 ـ يىل كۈزدە، گىتلېر ئارقا ـ ئارقىدىن يەھۇدىيلارغا قارشى قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئوتتو فرانك مېھماندوست گوللاندىيىگە كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلدى، ئۇ ئامىستېردامدا بىر كىچىك سودا سارىيى ئاچتى. ئۇرۇش پارتلاشتىن بۇرۇن ئۇ ۋان دائىن ئەپەندىنى ئۆزىگە شېرىك قىلدى. ئۇمۇ بىر موساپىر ئىدى. ئۇلار ئاساسلىقى خۇش پۇراق بۇيۇملار سودىسىنى قىلدى، سودا ناھايىتى سۇس ئىدى. بىر كۈنى، ئوتتو فرانك ئامالسىزلىقتىن ئانچە كۆپ بولمىغان بىرقانچە خىزمەتچىسىدىن ئەسلىدىلا يۇقىرى بولمىغان ئىش ھەققىنى ۋاقىتىنچە قىسقارتىشقا قوشۇلۇشنى ئۆتۈندى. شۇنداقتىمۇ ئىستېپا بەرگەنلەر بولمىدى، ئۇلار ھەممىسى ئۇنىڭ مۇلايىم مىجەزىدىن رازى ئىدى، ئۇلار ھەممىسى ئۇنىڭ جاسارىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى قىزنى ياخشى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ياقتۇراتتى.

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئاننى ئانچە كۆزگە چېقىلىپ كەتمەيتتى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ ئاچىسى ماگىتنىڭ

بەكرەك ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئانىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېرى ئۇ باشقىلارنىڭ رايىنى چۈشىنىشكە ماھىر، ھېسسىياتى مول، ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ "ھەقىقەتمۇ تاقابىل تۇرۇش تەس بالا بولدى" بىر قېتىم ئۇنىڭ دادىسى ماڭا شۇنداق دېگەنىدى. "دائىم سۆزلەپ ھارمايدۇ. كىيىنىشكىمۇ ئامراق". شەھەردە تۇرغان چېغىدا، ئانىنى ھەمىشە بىر توپ پارانچى باللار ئارىغا ئېلىۋالاتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ مىجەزىگە ياقاتتى. بۇمۇ بىر خىل ئامەت ئىدى، چۈنكى فرانكنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر قېتىملىق دەم ئېلىش كۈنىنى ئۆتكۈزۈشكىمۇ ئاساسەن مادارى يەتمەيتتى.

1940 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناتسىستلار گوللاندىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، فرانكنىڭ ئائىلىسى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئوتتۇرا فرانك ئامستېردامدىكى باشقا يەھۇدىيلەر-دىن تېخىمۇ بۇرۇن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە چوقۇم يوشۇرۇنۇۋالىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تىجارەت پونكىتىغا يوشۇرۇنۇشنى قارار قىلدى، بۇ يەر ئامستېردامدىكى ئىككى قىرغىقى بوستانلىق بىر قانالغا تۇتىشىپ، بىنانىڭ ئۈستىدە بىرقانچە ئېغىز كىرەكسىز ئۆي بولۇپ، "قوشۇمچە قورۇلۇش" دەپ ئاتىلاتتى، بۇ يەرنى فرانك ۋە ۋانا دائىنىنىڭ ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنى يوشۇرىدىغان مەخ-پىي جاي قىلىشقا بولاتتى.

1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئوتتو. فرانك چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن ئۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دەرھال يوشۇرۇن جايغا كۆچۈپ كىر-دى. ۋانا دائىنىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئارقىدىن كۆچۈپ كىر-دى. تۆت ئايدىن كېيىن يەنە بىر يەھۇدىي دوختۇرمۇ ئۇلارنىڭ تار يوشۇرۇن جايىغا كۆچۈپ كىردى. ئۇلار تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان سەككىز ئادەم ئىدى. ھەرقانداق ئاۋاز، ھەرقانداق چىراغ نۇرى

ئۇلارنىڭ ئىز- دېرىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى، پەقەت سىمسىز تېلېگراف ۋە ئوتتو فرانكنىڭ تۆت نەپەر باتۇر خىزمەتچىسىگە تايىنىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلاردىن ئىككىسى ماشىنىست بولۇپ، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، ژۇرنال ۋە كىتابلارنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ باشقا يەنە بىرلا ھەمراھى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ بىر مۈشۈك ئىدى.

يوشۇرۇن تۇرالغۇدا، ئاننى خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ خاتىرە دەپتەر ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ 14 ياشقا كىرگەن كۈنىگە ئاتاپ بەرگەن سوۋغىتى ئىدى. ئۇ خاتىرىسىدە ”قوشۇمچە قۇرۇلۇش“ دىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان بارلىق جىددىيلىكنى ۋە تالاش - تارتىشلارنى تەسۋىرلىگەنىدى. لېكىن ئۇ ئالدى بىلەن ئىنتايىن نازۇك بولغان ياشلىق مەزگىلىدىكى بىر خاتىرىنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭدا بىر قىز بالىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە ۋە تۇيغۇسى، ئۇنىڭ تەشنالىقى ۋە غېرىبسىنغانلىقى پۈتۈنلەي ئاشكارا ھالدا سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئۇ سىرت بىلەن 16 ئايدەك ئايرىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ يازغان: ”مەن خۇددى رەھىمسىزلەرچە قانىتى سۇندۇرۇلغان ناخشا ئېيتىشنى بىلىدىغان بىر قۇشتەك، تۈن - قاراڭغۇدا ئۇچۇپ، سولىغان قەپەسكەئۇرۇلغاندەك بولۇپ قالدىم.“ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇ كاتەكچى رەختتىن تۈپلەنگەن كىچىك بىر خاتىرە دەپتىرىنىڭ ھەربىر بېتىنى توشقۇزۇپ بولغانىدى. شۇڭا، ماشىنىست مىپ يەنە ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بىر مەشىق دەپتىرىنى بەردى. كېيىن ئۇ يەنە ماگىنىتنىڭ خىمىيە تاپشۇرۇق دەپتىرىگە خاتىرە يازدى.

ئۇ خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ ئاقىلانە دادىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى؛ ئانىسىنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن بولغان قايغۇسىنى؛ ئۇنىڭ ۋان دائىنىنىڭ 17 ياشلىق ئوغلى بىلەن تۇنجى قېتىم

سۆيۈشكەن چاغدىكى خۇشاللىقىنى؛ ئەڭ ئاخىرىدا، نازاكەتلىك بىر قىزنىڭ پىشىپ يېتىلىپ، قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەرنىڭ جاسارىتى ۋە تاكامۇللاشقان ئېڭى بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنىشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

بىر ۋاراق قەغەزگە ئاننى نۇرغۇن يالغان ئىسىملارنى يېزىپ قويغانىدى، ئۇ ئەگەر ئېلان قىلىشقا بولسا مۇشۇ ئىسىملىكلەرنى قوللىنىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. خاتىرە ۋاقتىنچە ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكى بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كىشىگە قارىتا بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئويلىغانىدى، بولۇپمۇ ھېلىقى مىجەزى غەلىتە چىش دوختۇرىغا شۇنداق قىلاتتى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆيدە بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. دادىسى ئۇنىڭ خاتىرىسىنى ئۆزىنىڭ ھۆججەت سومكىسىغا سېلىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلدى، بىراق تا ئاننى ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئۇنىڭ دادىسى بۇ خاتىرىلەرنى ئوقۇپ باقمىغانىدى.

1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بىر گېرمانىيە ساقچىسى بىلەن تۆت گوللاندىيە ناتسىست ساقچىسى تۇيۇقسىز بۇ بىناغا بېسىپ كىردى. (بۇ مەخپىي يوشۇرۇنۇش ئورنىنىڭ قانداق سېزىلىپ قالغانلىقى ئىزچىل مەلۇم بولمىدى) — پۇل ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتىڭلار قەيەردە؟ — ئۇلار ۋارقىراشتى. فرانك ئەپەندى بىلەن ۋان. دانىن ئەپەندىنىڭ ئاز ـ تولا ئالتۇن ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتى بار ئىدى، ئۇلار ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئاختۇرۇپ تېپىۋالدى. بۇ بايلىقنى قاچىلايدىغان بىرنەرسىنى ئىزدەۋېتىپ، بىر ساقچىنىڭ كۆزى ئوتتو فرانكنىڭ ھۆججەت سومكىسىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى پولغا تۆكتى، خاتىرە دەپتەرگە لىپپىدە قاراپ قويدى. ئارقىدىنلا "قوشۇمچە قورۇلۇش" دىكى بارلىق ئادەملەر قولغا ئېلىندى.

9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى گوللاندىيىگە تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقاندا، فرانكنىڭ

پۈتۈن ئائىلىسى، ۋان. داننىنىڭ ئائىلىسى ۋە چىش دوختۇرى باكلىق يېپىق ۋاگونغا چىقىرىلىپ، پولشانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوسۋېسىندىكى ناتسىستلارنىڭ ھالاكەت لاگېرىغا ئېلىپ كېلىندى. بۇ يەردە ناتسىستلار ئوتتو فرانك بىلەن ئائىلىنى ئايرىۋەتتى، ھەتتا ئۇلارغا خوشلىشىش پۇرسىتىمۇ بەرمىدى. فرانكى خانىم، ئاننى ۋە ماگىت جازا لاگېرىدىكى ئاياللار ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىندى. بۇ يەردە فرانك خانىم ناھايىتى تېزلا قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ۋان. داننىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە چىش دوختۇرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

ئاننى ئوسۋېسىندىكى ئۆزى تۇرۇشلۇق گۇرۇپپىدا قەيسەر باشلامچىلىقىنى ئىپادىلىدى. يەيدىغان نەرسە بولمىغاندا، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ يەيدىغان نەرسە ئېلىشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇ دائىم ماگىتقا ھەرگىز باش ئەگمەسلىكنى نەسىھەت قىلدى. بىر قېتىم ئۇ بىرقانچە يۈز ۋېنگرىيىلىك يەھۇدىي بالىلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، ئۇلار قىپيالىڭاچ ھالدا مۇزدەك سوغۇق يامغۇردا گاز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار ھەممىسى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ بۇ دۇنياسىدا، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بۇ ۋەھىمىلىكنى چۈشەنمەيتتى، ئاننى پىچىرلاپ: — ئاھ! قاراڭلار، ئۇلارنىڭ كۆزىنى... — دېدى.

كەچ كۈزدە، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى يەنە بىر جازا لاگېرىغا — بېرلىن بىلەن ھامبۇرگ ئارىلىقىدىكى بىرسىن جازا لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ يەردە ئۇنى كۆرگەن بىر دوست: ”ئۇ ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپتۇ. چېچى چۈشۈرۈۋېتىلىپتۇ، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، جازا لاگېرىدىن تارقاتقان قوپال، قاملاشمىغان بىر كەتەكچى كىيىمنى كىيىۋاپتۇ.“ دەپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ تېنى كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن. كېزىك كېسلى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بەدەن شەكلى ئۆزگىرىپ كەت-

كەنندى. 1945 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ماگىت ئۆلۈپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئون مىڭ كىشىلىك ئورەككە كۆمۈپ قويۇشتى.

ئوسۋېسىندە، ئوتتو فرانك ئاخىرى ھايات قالدى. 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇنى رۇسىيىلىكلەر ئازاد قىلدى، ھەمدە يازدا ئازاد بولغان ئامىستېردامغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاننى بىلەن ماگىت قايتىپ كېلىدۇ دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئالتە ھەپتە كۈتكەندىن كېيىن، ئۇ بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالدى، ئۇ ئۇنىڭغا ئىككى قىزنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ كىشى مىپ بولۇپ، — ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ماشىنىستى ئىدى، ئۇ ئاننىنىڭ خاتىرىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.

فرانك ئائىلىسىدىكىلەر قولغا ئېلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مىپ يۈرەكلىك ھالدا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايىغا بارغان. پول ئۈستىدىكى بىر دۆۋە كىتابنىڭ ئارىسىدىن ئۇ ئاننىنىڭ پوچېركىسىنى تونۇپ قالغان، ھەمدە بۇ خاتىرىنى ساقلاپ قويۇش قارارىغا كەلگەن، لېكىن ئۇ خاتىرىنى ئوقۇمىغان. ئەگەر ئۇ خاتىرىنى ئوقۇغان بولسا، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي فرانك ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەم بەرگەنلىكى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنلىكىنى سېزەتتى ـ دە، ئامانلىق ئۈچۈن بۇ خاتىرىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

ئوتتو فرانك بىرقانچە ھەپتە سەرپ قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن قىزى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ھەر قېتىم بىرقانچە بەتنى ئوقۇپلا، ئىختىيارسىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قېرى ئانىسى شۇ چاغدا تېخى ھايات ئىدى، ئۇ شۋېتسارىيىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە بىرقانچە تۇغقانلىرى بار ئىدى. فرانك بۇ قولىيازمىلارنى ئانىسىغا ئەۋەتىپ

بىرىش ئۇچۇن كوچۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ بەك ئىچكى گەپلەرنى ياكى باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا زەخمەت يەتكۈزۈش مۇمكىن دەپ قارالغان ئابزاسلارنى قىسقارتىۋەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا تېخى بۇ خاتىرىنى ئېلان قىلىش ئويى يوق ئىدى. ئۇ ماشىنكىدا بېسىلغان بىر نۇسخىسىنى يېقىن بىر دوستىغا بەردى، بۇ يېقىن دوستى ئۇنى ھازىرقى زامان تارىخ دەرسى بېرىدىغان بىر پروفېسسورغا تونۇشتۇردى. ئوتتو فرانكنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغىنى بۇ پروفېسسورنىڭ گوللاندىيە گېزىتىدە بۇ خاتىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان بىر پارچە ماقالىسى بولدى.

ئۇنىڭ بىر قىسىم دوستلىرى ئوتتو فرانكنىڭ ئاننىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بۇ خاتىرىنى نەشر قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاننى خاتىرىسىدە: ”ئۇرۇشتىن كېيىن مەن «قوشۇمچە بىنا» سەرلەۋھىلىك بىر كىتاب نەشر قىلىشنى ئويلىدىم ... خاتىرەم بۇ مەقسەتكە يېتەلەيدۇ“ دېگەن بىر ئابزاسنى يېزىپ قويغانىدى. ئاننىنىڭ دادىسى ئاخىر نەشر قىلدۇرۇشقا قوشۇلغاندا، ئىككى نەپەر داڭلىق گوللاندىيە نەشرىيات سودىگىرى بۇ قولىيازمىلارنى رەت قىلدى. ئۈچىنچى بىر نەشرىيات سودىگىرى بۇ قول يازمىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلدى، ئۇ گوللاندىيە يېزىقىدا چىققان 15 مىڭ پارچە كىتابنى سېتىپ بولغانىدى.

باشقا نۇسخىدىكى كىتابلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى، ئەنگلىيىدە 25 مىڭ نۇسخا سېتىلدى، ياپونىيىدىمۇ شۇنداق سېتىلدى. ئامېرىكىدا 43 مىڭ نۇسخا سېتىلدى. ئوتتو فرانك مىڭلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. ئىتالىيىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنىڭ ئادرېسى: ”ئامىستېردام، ئاننى فرانكنىڭ دادىسى ئوتتو فرانكقا تېگىدۇ“ دەپ يېزىلغانىدى. ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇ خاتىرىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۇلارغا بولغان قايىللىقىنى ۋە ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى. يېشى ئاننى بىلەن تەڭ بىر قىز ئۆزىنىڭ قايغۇ ۋە

دەردىنى تۆكۈپ: ”ئاھ، فرانك ئەپەندى، ئۇ ماڭا بەكلا ئوخشايدىكەن، بەزىدە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىمەن“ دېگەن. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر كىچىك سوۋغاتلارنى ئەۋەتكەن. نەپىس ئىشلەنگەن بىرقانچە قورچاق بالىنى بىرقانچە ياپونىيىلىك قىزچاق ئۇنىڭ ئۈچۈن ياسىغان. گوللاندىيىدىكى بىر ھەيكەلتىراش ئۇنىڭغا ئاننىنىڭ بىر ھەيكەل سۈرىتىنى تەقدىم قىلغان. ئاننى بىلەن ماگىتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، ئۇ ناھايىتى كۆپ ئىمزاسىز گۈللەرنى تاپشۇرۇۋالغان.

شۇنچە كۆپ خەت - چەكلەرنىڭ كېلىشى بىلەن، ئوتتو فرانك ئۆز ئىشىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. قىزىنىڭ خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۇنىڭ تۇرمۇش لەززىتى ۋە ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇ شۋېتسارىيىدە تۇرۇپ، ئاددىي - ساددى تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇ قەلەم ھەققىنىڭ ھەممىسىنى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلىشقا ئاننىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. كەلگەن خەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇ بىۋاستە خەت يېزىپ جاۋاب قايتۇردى. ھەر كۈنى يېڭىدىن كەلگەن خەتلەر ئۇنى ھەسرەتلەندۈرگەن ھالدا باشتىن كەچۈرگەن بەختسىزلىكنى ئەسلىتەتتى. بىراق ئەنگلىيىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتىدىن، ئۇ ھەقىقەتنى ۋە تەسەللىنى ھېس قىلدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى: ”سىزگە نىسبەتەن، بارلىق قايغۇ- ھەسرىتىڭىز ئىچىدە، چوقۇمكى چوڭقۇر بىر خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاننىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەمدى باشلانغانلىقىنى بىلىپ يەتتىڭىز.“

كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ھەممىدىن بەك قوزغايدىغان ئىنكاس گېرمانىيىدىن كەلدى. 1950 - يىلى، بۇ خاتىرىنىڭ بىرىنچى مەتبەئەسى گېرمانىيىدە 4500 نۇسخا تارقىتىل-

دى، نۇرغۇن كىتاب سودىگەرلىرى ئۇنىڭ كىتاب جازىسىدا
تۇرۇپ قېلىشىدىن قورققانىدى. بىراق ھازىر، نېمىس يېزىقى
مەتبەئەسىدىكى ئاددىي مۇقاۋىلىق كىتابنىڭ تارقىتىلىشى كىشى-
لەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى. خاتىرىدىن ئۆز-
گەرتىپ ئىشلەنگەن دراما گېرمانىيىنىڭ يەتتە شەھىرىدە بىرلا
ۋاقىتتا قويۇلغاندا، تاماشىبىنلارنىڭ قانداق ئىنكاستا بولىدىغان-
لىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. بۇ درامىدا باشتىن - ئاخىرغىچە
پەقەت سەككىز كۆرۈنۈشلۈك ئاددىي دېكوراتسىيىسىلا بار ئىدى.
سەھنىدە ناتسىستلارغا ئائىت كۆرۈنۈش يوق ئىدى. بىراق ھەر-
بىر مىنۇتتا كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان
مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى خاتىمى-
سىدە، ئۆتۈك كىيىۋالغان ناتسىستلارنىڭ بىناغا بۆسۈپ كىرىپ
يۇشۇرۇنۇش ئورنىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنات-
تى. پەردە يېپىلىدىغان چاغدا، ئاننىنىڭ دادىسىلا، يەككە -
يېگانە بىر بوۋاي سەھنىدە تۇراتتى. ئۇ تىنچ ھالدا ئۇنىڭ
خوتۇن - بالىلىرى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى قانداق ئاڭلىغانلى-
قىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئاننىنىڭ ئۇزۇنچاق خاتىرە دەپتىرىنى
يەردىن تېرىۋېلىپ ۋاراقلىدى. بەزى ئابزاسلارنى ئىزدىدى، ئەم-
ما ئۇنى تاپقاندا، ئاننىنىڭ سەبىي ھەم ئۆزگىچە ئىشەنگەن ھالدا
”مەيلى قانداق بولسۇن، مەن كىشىلەرنىڭ يەنىلا ھەقىقىي ئاق
كۆڭۈل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن“ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

لىق ئولتۇرغان تاماشىبىنلار ئاننىنىڭ ئىچىنىشلىق تراگې-
دىيىسىدىن تەسىرلەنگەنىدى. ئۇلار تىپتىنچ بولۇپ، خىجىللىق
ۋە پۇشايماندىن ھەسرەتكە تولدى. دوسېردوفدا، ھەتتا دراما
ئارىلىقىدىكى ئارام ئېلىش ۋاقتىدىمۇ كىشىلەر ئورنىدىن قوز-
غالمىدى. ”ئۇلار ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى نۇردىن
قورققاندەك، بىر - بىرىگە قاراشتىن خىجىل بولدى“. دەپ
بىرى شۇنداق خەۋەر يازغانىدى. دوستېردوف سەھنىسىنىڭ نازا-

رەتچىسى چۈشەندۈرۈپ: ”ئاننى فرانك» درامىسىنىڭ مۇۋەپپە-
قىيەت قازىنىشى، ئۇنىڭ قىلچە ئەيىبلەش سۆزى بولمىغان ھال-
دا، بىر شەخسنىڭ ھېسسىياتى ئارقىلىق، تاماشىبىنلارنى تا-
رىخنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقانلىقىدا، بىز بۇ درامىنى
كۆرگەندە خۇددى ئەڭ كەمتەر ھەم ئېچىنىشلىق سۆزلەر بىلەن
يېزىلغان بىر شىكايەتنامىنى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئاشۇ
كىشىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقىنى كۆرگەندەك بول-
دۇق. گېرمانىيىلىك بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن بىزنى بىرى ئە-
يىبلەپ كەتمىدى، بەلكى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئەيىبلىدۇق“
دېدى.

خېلى يىللارغىچە ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە مەمۇرىي
ئەمەلدارلىرى خەلققە ناتسىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ قىلچە ئادە-
مىيلىكى يوقلۇقىنى ۋە جىنايى ماھىيىتىنى تونۇتۇش ئۈچۈن
كۆپ باش قاتتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى چوڭ بولمىغان.
ئەمما «ئاننى فرانكنىڭ خاتىرىسى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇ
مەقسەتكە يەتكۈزدى. بۇ دراما نۇرغۇن شەھەرلەردە قويۇلدى،
ھەممە بىر مىليوندىن كۆپرەك گېرمانىيىلىكلەر كۆردى. ئا-
ساسلىق ئارتىسلار نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ”مەن
ئىلگىرى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر سادىق ئەزاسى
ئىدىم“، تېپىك بىر پارچە خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”بىراق
شۇ كېچە بۇ درامىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ناتسىستنىڭ نېمىدىن
دېرەك بېرىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى.“ گېرمانىيىدىكى
نۇرغۇن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتو
فرانكىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا ئاننىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇلارنىڭ
ئىرقىي زىيانكەشلىك جىنايىتىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

غەربىي بېرلىندە، ياشلارنىڭ مەخسۇس ئىجتىمائىي پائالى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئاننى فرانك ئائىلىسى» ئېچىل-
دى. گېرمانىيىنىڭ مەلۇم بىر ئورنىدا ئاننىنىڭ نامىدا يەھۇ-

دىچىلىكنىڭ قالدۇقلىرىغا قارشى بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ۋېيېنادا، ئىسرائىلىيىدىكى ئاننىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان بىر ئورمانلىققا پۇل ئىئانە قىلىندى.

2000 دىن ئارتۇق گېرمانىيە ئۆسمۈرلىرى بېرسىن جازا لاگېرىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك ئورەك ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىنغا قاتناشتى، ئاننى مۇشۇ جايغا كۆمۈلگەنىدى. ئۇلار گۈللەرنى قەبرىگە قويدى، 17 ياشلىق بىر قىز ئوقۇغۇچى ھەممە كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ: ”ئاننىنىڭ ھاياتى شۇنچە ئېچىنىشلىق ھالدا ئاخىرلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ يېشى ھەممىمىزدىن كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئېرىقىنى قۇرۇتۇۋېتىشنى قارار قىلغانلىقىدىن بولدى. خەلقىمىز ئارىسىدا بۇ خىل ساغلام بولمىغان غەيرىي ئىنسانىي يولىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ يەنە پەيدا بولۇشقا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك“ دېدى.

ئاننىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتى ئەمەلىيەتتە ئەمدىلا باشلانغانىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەربىر يېرىگە جاسارەت ۋە كەڭ قورساقلىق روھىنى تارقاتماقتا. ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ يەنىلا ھايات.

# 17. چاقماق تېزلىكىدە دۈشمەن پورتىغا زەربە بېرىش

گېئورگى پالمور
فرېدرىك ساندىن

1943 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ بىر ئاخشىمى ئىدى. بۇ چاغ دەل تۇنىس ئۇرۇشى توسالغۇسىز ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن ۋاقىت ئىدى، سوسەگە قۇرۇلغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى دېڭىز ئارمىيە قىسمىنىڭ باش قوماندانى ئاندرۇ كاننىنخاننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدا، ئۈچ تورپېدالىق پاراخوت چىقىرىپ ”بۇ رايوندا بىر دېڭىز يولى ئېچىش ئۈچۈن بىر قېتىم چارلاش ئېلىپ بېرىش“ بۇيرۇق قىلىنغانىدى.

بۇ بۇيرۇقنى ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايتتى، تورپېدالىق پاراخوت كېچىسى ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ گېرمانىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى زەمبىرەك ۋە Me — 109 كۈرەشچى ئايروپىلانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كېچە ـ كۈندۈز ھەرىكەت قىلىش شۈبھىسىزكى ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى.

بىراق بۇ بۇيرۇقنىڭ ئاساسى تولۇق ئىدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى دەل ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇمنى قوزغىماقچى ئىدى، گېنېرال ئېيزېنخاۋېر ئافرىقا كورپۇسىنىڭ قايتا ـ «دونكېرك» چە چېكىنىش ـ چېكىنمەسلىكىنى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. زازۋېدكا ئايروپىلانلىرى بەلكىم چېكىنىش

ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياخشى نىقابلانغان لەيلەتمە پرىستان ۋە چېكىنىشكە مۇداپىئە قىلىدىغان دېڭىز ياقىسىدىكى زەمبىرەك ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق بىر ئاخباراتقا ئىگە بولالمايتتى. شۇڭا هازىر، ئۈچ پاراخوتنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

639 ـ نومۇرلۇق، 633 ـ نومۇرلۇق ۋە 637 ـ نومۇرلۇق تورپېدىلىق پاراخوتتىكى بارلىق خادىملار توپتوغرا بىر كېچە تەييارلىق قىلىپ چىقتى، ئولجى ئالغان كونا بايراق ۋە قىزىل سېرىق قارا ئۈچ خىل سىردا ناتسىست دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بەلگىسىنى ياساپ چىقتى. ئۇزۇن تارىختا ئىگە بۇ خىل دېڭىزدا يۈرگەندە يالغان بايراق ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش — ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ئىدى. ئەمما بۇ ئالاھىدە قوشۇننىڭ ئۈمىدۋار رەھبىرى ستارشى لېيتېنانت ستىۋولت گېلدىمۇ بۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتى ئىنتايىن كىچىك دەپ قارىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىككى كوماندىرى — ستارشى لېيتېنانت ھېنرى بۇتېل بىلەن ستارشى لېيتېنانت گېئورگى لۇسسېرمۇ گېرمانىيە رازۋېدكا ئايروپىلانى چوقۇم ئەنگېلىيىنىڭ تورپېدىلىق پاراخوتىنىڭ ئالاھىدە شەكلىنى تونۇپ قالىدۇ دەپ ئەندىشە قىلدى.

ئەمدىلا تاڭ ئېتىشقا، بۇ ئۈچ كىچىك پاراخوت ئاستا سوسە پورتىدىن چىقىپ، ئارقىدىنلا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ دېڭىز بويى مۇداپىئە لىنىيىسى ئەتراپىغا يېتىپ باردى. يېرىم ئىنگلىز مىلى يىراقتا تۇرۇپلا، دېڭىز قىرغىقىدا قۇدرەتلىك بىر توپچىلار بازىسى تۇرغانلىقى كۆزىتىش ئورنىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق قىرغاقتىكى گېرمانىيە ئەسكەرلىرى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپلا قويدى. ئۇرۇش بولغاندا تۇيۇقسىز ئېچىۋېتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەنگلىيىنىڭ ئاق ھەربىي بايرىقى تورپېدىلىق پاراخوتنىڭ ئۈستىدىكى خادىغا يۆگەپ قويۇل-

غانىدى. پاراخوت ئۇستىدىكى 卐 بەلگىلىك بايراق شامالدا قاتـ
تىق لەپىلدەپ ئۇرۇلماقتا ئىدى. پاراخوت خاممۇبىت قولتۇقىـ
نى بويلاپ ئاستا مېڭىپ، نابىلدىن ئۇتۇپ، ھەربىر كىچىك
ئەگمىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. قىرغاقتىكى نېمىس ئەسكەرلىـ
رى ئىنچىل ھالدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى،
تورپېدىلىق پاراخوتتىكى كوماندىرلار ھەربىر جايدىكى نىقابلانغان
زەمبىرەك ئورنىنى ۋە ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان گازارمىنى خەرىـ
تىگە بەلگە قىلىپ قويدى.
ئۇلار كىرېبىيە قولتۇقىغا يېقىنلاشتى، بۇ يەر گېرمانىيە
قىسمىنىڭ چېكىنىدىغان نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.
ستارشى لېيتېنانت گېلىد لەيلەتمە پرېستان قۇرۇش ئېھتىمالى
بولغان ئەھۋالنى سىزىۋېلىش لازىملىقى توغرىسىدىكى يولىيورۇقـ
نى تاپشۇرۇپ ئالغانىدى. زور تىپتىكى زەمبىرەك ئۇلارغا قاراپ
قاپقىنى تۇرۇپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ زەمبىرەكلەرنىڭ ھەرقانداق
بىر پاي ئوقى ئۇلارنىڭ بىر كىچىك پاراخوتىغا جەھەننەمنى
كۆرسىتەلەيتتى. بىراق يېرىم سائەت چارلاش جەريانىدا، پاراـ
خوت ئۇستىدىكى ئوفىتسېرلار خاتىرىسىنى تولدۇرۇپ بولدى.
ئۇلاردىن بىرقانچە 100 ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتا، ناتسىست
ئەسكەرلىرى ھەدەپ لەيلەتمە پرېستاندا ئىشلىمەكتە ئىدى.
كىرېبىيە ئەتراپى گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش پاراخوتى بىلەن
ترانسپورت كېمىلىرىنىڭ توختايدىغان مۇھىم جايى ئىدى. گېـ
لىد بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى قارار قىلدى. پورت ئېغىزىنى ئالتە
ئىنگلىز سۇڭى كالىبىرلىق زەمبىرەكلەر بازىسى قوغداپ تۇراتـ
تى. گېلىد ياكى گېنېرال پولكوۋنىك كانىندىنخان بۇ ئەھۋالـ
دىن شۇ چاغقىچە بىخەۋەر ئىدى. بۇ ئۇچ پاراخوت "دۇت،
دۇت" قىلىپ خاتىرجەم لەڭگەر تاشلايدىغان جايىغا كىردى ھەمدە
لەڭگەرنى تاشلىغاندا، بىرمۇ زەمبىرەك ئۇلارغا ئوق چىقارمىـ
دى. يېرىم سائەت ئىچىدە، گېلىد ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى

ئوفىتسېرلار توپچى قىسىم بازىسى، رادار پونكىتى، گازارما،
پاراخوت، ئوق - دورا ئىسكىلاتى ۋە قىسىملارنىڭ يىغىلىدىغان
ئورنى قاتارلىق جايلارنى ئۆلچەپ بەلگە قىلىۋالدى.

بىرقانچە 100 يارد يىراقتىلا، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە ئو-
فىتسېرلىرى ئىزچىل ھالدا دالا دۇربۇنى بىلەن ئۇلارنى كۆزد-
ىتىپ تۇردى. بۇ چاغدا شۇملۇق ئالامىتى پەيدا بولدى: يېقىن
ئەتراپتىكى توپچىلار بازىسىدىكى بىرقانچە زەمبىرەك يۆنىلىشىنى
تەڭشەشكە باشلىدى. بىراق گېرمانىيە توپچىلىرى زەمبىرەك
ئېغىزىنىڭ ئايلىنىش قۇرۇلمىسىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن
شۇنداق قىلغانىكەن، بۇ قورقۇنچلۇق ئۇزۇن تۇمۇشۇقلار ناھايە-
تى ئەدەپلىك ھالدا ئۇلاردىن ئەگىپ ئۆتتى. نېمىس ئۇرۇش
ئەسىرلىرىنىڭ كېيىن ئاشكارىلىشىچە، شۇ چاغدا ئۇلار ھەممى-
سى بۇ تورپېدىلىق پاراخوتنى گېرمانىيىنىڭ E تىپىدىكى تورپې-
دىلىق پاراخوتى دەپ قارىغانىكەن، بۇ پاراخوتلار ئەپلىك ھالدا
ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي پاراخوتى شەكلىدە نىقابلانغانىدى.

گېلىد خەرىتىگە بەلگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، سالماق-
لىق بىلەن لەڭگەرنى چىقىرىپ، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى را-
يونغا قاراپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ھەربىر مىنۇتتا دۈش-
مەننىڭ بىر ئايروپىلانى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى.
بىراق گىرمانىيە ئۇچقۇچىلىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەر-
بىي پاراخوتىنىڭ كۈپكۈندۈزدە گىرمانىيە پورتى ئەتراپىدا پايلاق-
چىلىق قىلىدىغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمىغان، ھەتتا ئۇلارغا
بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئېرىنگەنىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇز يېرىمدىن ئىلگىرى، گېلىد
دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن 60 ئىنگلىز مىلى ئۆتۈپ
كەتكەنىدى. ئۇ گېنېرال پولكوۋنىك كاننىنخان بىلمەكچى بول-
غان بارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ بولدى. لېكىن تېخى بۇيرۇقتا
تەلەپ قىلىنغان "دېڭىز يولىنى ئېچىش" ئىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ

قانداق قول سېلىش مەقسىدە قاتتىق ئويلاندى. دەل بۇ چاغدا، ئۇ بىر كىچىك ئەگمىدە تۇرغان ئىتالىيىنىڭ ئىككى مىنا تازد-لاش پاراخوتى بىلەن گېرمانىيىنىڭ بىر مۇھاپىزەتچى پاراخوتى-نىڭ ياندىشىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. قىرغاقتا دەل ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئۇدۇل جايدا ناھايىتى مۇھىمدەك كۆرۈنىدىغان بىر زاۋۇت بار ئىدى.

گېلىد جەڭ قىلىش ھالىتىگە كىرىش سىگنالىنى بەردى. ئۈچ كىچىك پاراخوتنىڭ خادىسىدىكى 卐 بەلگىلىك بايراق چۈ-شۈرۈلۈپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي بايرىقى تېز-دىن چىقىرىلدى. 20 مىنۇت ئىچىدە، 200 يارد ئېتىش ئارىلد-قىدا، تورپېدىلىق پاراخوت ئىككى قاداق ئېغىرلىقتىكى زەمبە-رەك ئوقى، زېنىت پىلىموت ۋە زېنىت توپنى مىنا تازىلاش پاراخوتى بىلەن مۇھاپىزەتچى كېمىگە قارىتىپ شىددەتلىك ئوقئا تۇتتى، دۇشمەن كېمىسىگە تەگمىگەن توپ ئوقىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى زاۋۇتقا چۈشتى. دۇشمەن كېمىسىدىكى خادىملار مۇداپىئە قىلىشقا ئۇلگۇرەلمەي، ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلىدى.

ئىككى مىنا تازىلاش پاراخوتى ناھايىتى تېزلا گۇمران بول-دى. دۇشمەننىڭ ھېلىقى چوڭراق كېمىسى ئوت كېتىشتىن بۇرۇن، يېقىن ئەتراپىدىكى ئايرودرومدىكى ناتسىست ئۇچقۇچى-لىرى ئايروپىلانغا چىقىپ بولغانىدى، بىراق گېلىد ئۇلار قوز-غىلىشتىن بۇرۇن قايتىپ بولغانىدى.

ئۇلار كەلگەن يولنى بويلاپ قايتىپ مېڭىۋېتىپ، قىزىقىد-غان بارلىق نەرسىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئىككى قاداق ئېغىرلىقتىكى بىرقانچە توپ ئوقى قىرغاقتىكى ئايرودرومغا ئاز-راق ئىز قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما دۇشمەنلەرنىڭ روھىغا قاتتىق زەربە بولدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى بۇ چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىشنىڭ باشلىنىشى دەپ

قاراپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ قىسىملىرىنى دېڭىز ياقىسىغا يۆتكە-
دى، ھەمدە تېخىمۇ كۆپ ئايروپىلاننى قوزغاتتى.
دۈشمەننىڭ ئۇلارغا كاشىلا تۇغدۇرۇش ئېھتىمالى بولغان
بىر رازۋېدكا ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، گې-
لىد يەنە بەزى مۇھىم نەرسىلەرنى سەزدى. قىرغاقتا گېرمانىيە-
نىڭ بىر قىسىم چوڭ تىپلىق تارانسپورت ئايروپىلانى بىلەن
گېرمانىيىنىڭ «100» تىپلىق مۇھاپىزەتچى ئايروپىلانلىرىنىڭ
قالدۇقلىرى تارقاق تۇراتتى. بۇ ئايروپىلانلارغا ئوق تەگكىنىگە
ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، بىرقانچىسى ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن، بە-
راق بىر قانچىسى تېخى ساپساق ئىدى. ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا
تۇرۇپ، گېلىدنىڭ توپچىلىرى ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى.
گېلىد تامامەن قايتىپ كەتسە بولاتتى. بىراق ئۇلار كىرىپ-
بىيە قولتۇقىدىن ئۆتۈۋاتقاندا 639 ـ نومۇرلۇق پاراخوتتىن:
”يېقىنلىشىپ توپقا تۇتۇشقا تەييارلىنىڭلار!“ دېگەن سىگنال
يېتىپ كەلدى. 633 ـ نومۇرلۇق پاراخوتتىكى بوتېل بىلەن
637 ـ نومۇرلۇق پاراخوتتىكى لۇسسېر رەھبىرىنىڭ پاراخوت-
نىڭ يۆنىلىشىنى يۆتكەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ
تۇرغانىدى. — ۋاي خۇدايىمەي، — بىر رولچى ۋەھىمە
بىلەن: — بىز يەنە بىر شىددەتلىك جەڭ قىلىدىغان بول -
دۇق! — دېدى. ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى.
قىرغاقتا تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يىراقلىق-
تا، ئىككى قوغلىغۇچى ھەربىي پاراخوت بىلەن بىر كۆرەشچى
ئايروپىلان ئەترىتى ۋە ئالتە ئىنگلىز سۇڭى كالىبىرلىق دېڭىز
قىرغىقى زەمبىرىكىنىڭ ھىمايىسىدە، چوڭ تىپتىكى بىر دۈش-
مەن سودا پاراخوتى مېڭىۋاتاتتى. ”تېز سۈرئەت بىلەن
ئالغا!“ دېگەن بۇيرۇقنىڭ چىقىشىغا ئەگىشىپ، گېلىد دېڭىز
ئۇرۇشى تارىخىدا ئەڭ يورەكلىك ھۇجۇم دېيىشكە بولىدىغان بىر
قېتىملىق ھۇجۇمنى باشلىدى. ئۇ تۇنۇگۇن ئاخشام قالغان ئىك-

كى پاراخوت كوماندىرى بىلەن بۇ خىل ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش-
نىڭ تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققانىدى.

دۇشمەننىڭ قوغلىغۇچى ھەربىي پاراخوتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن گېلىدنىڭ 639 - نومۇرلۇق پاراخوتى ئىككى قوغلىغۇچى ھەربىي پاراخودقا قاراپ ئېتىلدى. بۇ چاغدا، 637- ۋە 633 - نومۇرلۇق پاراخوتلار ئورنىنى توغرىلاپ سودا پاراخو-تىغا قارىتىپ تورپېدا قويۇپ بېرىشكە باشلىدى. بۇنى ئورۇنداپ بولۇش ئۈچۈن 12 مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. مۇشۇ 12 مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە، يەر - زېمىن ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.

گېلىد ئۆزىنىڭ تولىمۇ ماس كەلمەيدىغان كىچىك زەمبىرە-كى بىلەن باشلاپ ماڭغان ھېلىقى قوغلىغۇچى ھەربىي پاراخوتقا ئوق چىقىرىشى بىلەن تەڭلا ناتسىستلارنىڭ ھەربىي پاراخوتىمۇ تۆت ئىنگلىز سۈڭى كالىبىرلىق زەمبىرەك بىلەن شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئالتە ئىنگلىز سۈڭى كالىبىرلىق دېڭىز قىرغىقىدا تۇرغان زەمبىرەكمۇ ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي، زېنىت توپىمۇ بۇ سەپكە كىرىپ، تۇمشۇقىنى دېڭىز يۈزىگە توغرى-لىدى. دۇشمەن ئايروپىلانى ئىككى، ئۈچى بىر گۇرۇپپىدىن بولۇپ كېلىپ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ كەلگەن ئۈچ كىچىك كېمىنى ئوققا تۇتتى.

ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىش يۈز بەردى. — قوغلىغۇچى ھەربىي كېمىنىڭ كېپىنكىسى پاچاقلانسۇن! — گېلىد ھۇۋۇل-داپ تۇرغان توپ ئوقى ئىچىدە توپچىسىغا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. سىنارەد پارچىلىرى بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوماندانلىق قىلىش سۇپە-تىدىكى برونلىق پولات تاختايغا تەگدى. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن، قوغلىغۇچى پاراخوت ئېغىر زەخمىگە ئۇچراپ چۆكۈش-كە باشلىدى، ھەمدە بىرقانچە سېكۇنتتىلا بىر قېتىم كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇنى غەرق قىلىۋېتىش خەۋپى بولغان دولقۇنلاردىن ئۆ-زىنى قاچۇردى. 639 - نومۇرلۇق پاراخوت يەنە بىر قوغلىغۇچى

كېمە بىلەن قالغان ئىككى تورپېدىلىق پاراخوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىس قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. ناتسىستلارنىڭ سودا كېمىسىگە 1000 يارد كەلمەيدىغان ئارىلىقتا، بۇتېل ئىككى دانە تورپېدىسىنى قويۇۋەتتى. ئارقىدىن لۇسېرمۇ تورپېدىنى تاشلىدى. قولاقنى يېرىۋەتكۈدەك بىر قاتتىق پارتلاشتىن كېيىن، ناتسىستلارنىڭ سودا كېمىسى پارە - پارە بولۇپ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى.

— چېكىنىڭلار — 639 - نومۇرلۇق پاراخوتتىن سىگنال يېتىپ كەلدى. بىراق بۇتېل بىلەن لۇسېر ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى 639 - نومۇرلۇق پاراخوتقا ئوت كەتكەنىدى. قوماندانلىق ئورنىدا گېلىد ياتاتتى، ئۇنىڭ تېنىنىڭ سول تەرىپى يۇزىدىن تارتىپ تىزىغىچە پىلىموت ئوقى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن بىرقانچە ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتا، ئۇنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى قۇربان بولۇپ ياتقانىدى، ئۇ زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىلىرى تېگىپ ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى لېيتىنانت جون بىدىن بۇ پاراخوتقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ دۈمبىسىگىمۇ ئوق تەگكەنىدى.

بۇتېل بىلەن لۇسېر ئۆزلىرىنىڭ كوماندىر قېيىقىغا يېقىنلىشىپ گېلىد بىلەن ئۇنىڭ ماتروسلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، 639 - نومۇرلۇق پاراخوتنىڭ باشلىقى: "مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنىڭ بىر پراكتىكانتى تېخى تۆۋەندىن چىقمىدى" دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. ياردەمگە كەلگەن ئىككى پاراخوت تىت - تىت بولغان ھالدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدا، گېلىد ئىس - تۈتەك ۋە ئوتتىن ئۆتۈپ ئارقىسىغا يەنە قايتتى. " ئۇ بۇ يەردىكەن! " — دېدى گېلىد زور غەلىبىگە ئېرىشكەندەك ۋارقىراپ. دېڭىز ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ھېلىقى پراكتىكانتىنىڭ ئوڭ قولى ئۈزۈلگەنىدى. زاڭقىنىڭ يېرىمىغا ئوق تېگىپ ساق يېرى قالمىغان بولسىمۇ، جاراھەتكە تولغان

يوزىدە ئاخىر تەبەسسۇم كۈلكە جىلۋىلەندى.

639 - نومۇرلۇق پاراخوتتىكى ھايات قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىرسىنى باشقا قېيىققا يۆتكەپ بولغان چاغدا، دۈشمەننىڭ 40 ئايروپىلانى ئۇچۇپ كەلدى. بىراق ئۇلار يەنە بىر قېتىم بىكارغا ئاۋارە بولدى، قۇربان بولغان ۋە يارىدارلانغانلارنى ئېلىپ ماڭغان ئىككى پاراخوت، دۈشمەن ئايروپىلانىدىن ئېتىلغان ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سوسە تەرەپكە قاراپ ئايلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، بىر توپچى گېرمانىيىنىڭ بىر ئايروپىلانىنى ئېتىپ دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتكەن چاغدا، ھەتتا يارىدارلارمۇ خۇشاللىقىدا تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. ئۇزىماي، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىر ئەترەت كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى غۇيۇلداپ يېتىپ كېلىپ، ھاۋادىكى دۈشمەن ئايروپىلانىنى قوغلىۋەتتى.

— قالتىس جەڭ بولدى! — بىر سائەتتىن كېيىن، ستارشى لېيتېنانت گېلىد جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن، شۇنداق بىر ئېغىز سۆزنى قىلدى.

# 18. پىئارل ـ ھاربور پورتىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنىڭ ئىچكى سىرى

## ئەدۋىن مالې

ياپونىيىنىڭ پىئارل ـ ھاربور پورتىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلانغان ۋە تۈزۈپ چىقىلغان بىر پىلان بويىچە ئىجرا قىلىنغانلىقى ـ ھەممە كىشىگە مەلۇم. لېكىن بۇ پىلاننى توكيودا تۈزۈلۈپ چىقىلماي، بەلكى ۋاشىڭتوندا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش پىلانى كومىتېتى تۈزۈپ چىققانلىقىنى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە ساھەسىدىن باشقا بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

بۇ ھېكايىنى 1932 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، شۇ چاغدا 200 گە يېقىن ھەربىي پاراخوتتىن تەركىب تاپقان ئامېرىكىنىڭ بىر فلوتى ـــ بەلكىم شۇ چاغقا قەدەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىلىشى بولۇشى مۇمكىن ـــ كالىفورنىيە دېڭىز ساھىلىگە توپلىنىپ، پىئارل ـ ھاربور پورتىنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن مانېۋىر ئۆتكۈزدى. فلوتنىڭ بىر قىسمى ”ھۇجۇم“ غا ئۆتتى؛ يەنە بىر قىسمى قورۇقلۇق قىسمى بىلەن بىرلىكتە ”مۇداپىئە“ دە بولدى.

ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان فلوت دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ

هەيۋەتلىك تۇرغان جەڭ پاراخوتى بىلەن چارلىغۇچى پاراخوتلارنى ئارقىسىغا قويدى. «ساراتوگا» بىلەن «لېكسىڭتون» ناملىق ئىككى ئاۋىئاماتكا تۆت قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ ھىمايىسىدە شەرقىي تىنچ ئوكياندىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. فلوتنىڭ قوماندانى ئادمىرال يانىل ئۆزىنى «ساراتوگا» ئۇستىدە تۇرۇپ (جەڭ پاراخوتىدا ئەمەس) "ئالاھىدە فلوت" دەپ ئاتالغان يېپيېڭى بىر دېڭىز ئارمىيە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بۇ ئادمىرالى، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان گېنېرال بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئوچقۇچىلار ئوتتۇرا ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن قېتىم ئۇچقاندى — بۇ شۇ چاغدىكى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىدە ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى. ھازىر ئۇ يېڭى تىپتىكى بىر خىل ئاۋىئاماتكا بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويماقتا ئىدى. بەلگىلەنگەن نىشاننى ئۇ ھاۋادا ئاللىبۇرۇنلا پىششىق بىلىپ بولغانىدى.

پېئارل - ھاربور پورتىنىڭ مۇداپىئەسى ( دېڭىز ئۇستىدىكى بىر قېتىملىق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالدىن پىلانلىنىپ بولغان بىر فلوتقا ( قارشى تەرەپنىڭ ھاۋاي تاقىم ئارىلىغا يېقىنلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى) . يەنى پورت ئېغىزىدا توختاقلىق بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ئەترىتى، دېڭىز قىرغىقى مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئەزالىرى تولۇق بىر دىۋىزىيىسى ۋە پورت ئېغىزىغا توپلانغان زور بىر تۇركۇم ئېغىر تىپلىق دېڭىز ياقىسى زەمبىرەكلىرىگە (ئۇلار لايىھىسى مۇكەممەل بولغان تۆمۈريول ۋە تاشيول سىستېمىسىدا تېز سۈرئەتتە يۆتكىلەلەيدۇ) تاپشۇرۇلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرىدىغان — بىرقانچە زېنىت توپ روتىسى ۋە بىرقانچە يۈز كۈرەشچى ئايروپىلان بىلەن بومباردىمانچى ئايروپىلانمۇ بار ئىدى.

دەل ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىدەك، ئادمىرال يانىل ئۇئاخۇ

ئارىلىنىڭ سىرتىدا كۆپ يىغىن بولۇۋاتقان ھاۋاغا يولۇقتى. بۇنىڭ بىلەن مۇداپىئە قىلىدىغان فلوتنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنىنى سېزىۋېلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى كىچىكلەپ قالدى. ئىككى ئاۋىئاماتكا بىلەن توت قوغلىغۇچى پاراخوت تىنچ ئوكياندا ئىنتايىن كىچىكلا بىر قوشۇن ئىدى — بولۇپمۇ مۇداپىئە قىلغۇچىلار زور تىپتىدىكى بىر فلوتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرە-شىنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدا، ئۇلارنى ھېچقانداق ئادەم كۆرەل-مەيتتى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شەنبە، گۈگۈم بولغان ۋاقىتتا، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۇئاخۇ ئارىلىغا زورلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ھۇجۇم قىلىش ئورنىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. ئادمىرال يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ھوشيارلىقى بوش ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى.

تۈن پەردىسى يېپىلغاندا، بۇ ئالاھىدە قوشۇن چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ، سىمسىز تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنى ئېتىپ، قاتتىق يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، قارا بۇلۇتنىڭ ئاستىدا بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان كۈچلۈك شامالغا قارشى پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ سېزىلىپ قېلىشتىن ساقلانغىلىقى بولىدى-غان ئىنتايىن ياخشى ھاۋا رايى ئىدى، بىراق بۇنداق ھاۋا رايى شارائىتىدا ئۇلار ئايروپىلاننى قانداق ئۇچۇرالايدۇ؟ قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ رېشاتكىسىمۇ دېڭىز سۈيىگە چىلىشىپ قالغانىدى، ھەتتا شۇنچە چوڭ ئاۋىئاماتكىمۇ قاتتىق چايقىلىپ تۇراتتى.

ئادمىرال يانېل، تاڭ ئېتىشقا يېرىم سائەت قالغانغا قە-دەر، ئايروپىلاننى قوزغاتماسلىقنى قارار قىلدى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۇئاخۇ ئارىلىغا پەقەت 60 ئىنگلىز مىلىلا قالغانىدى. ئارقىدىن قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە، ئۇلارنىڭ 152 ئايروپىلانى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاۋىئاماتكىدىن قوزغىلىپ، دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىغا شۇڭغۇپ

كىرىپ كەتتى.

پېئارل - ھاربور پورتىغا قىلىنغان تۇنجى قېتىملىق ھاۋا
ھۇجۇمى شەرقىي شىمال تەرەپتىن باشلاندى. توققۇز يىلدىن
كېيىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنىڭغا ئەجەللىك
زەربە بېرىشىمۇ دەل ئاشۇنداق بولدى. قىش پەسلىنىڭ كۆپىنچە
ۋاقىتلىرىدا، شەرقىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن غۇر - غۇر
شامال كولىي تاغ تىزمىسىغا ئۇرۇلۇپ، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ نەم-
خۇش ھاۋاسىنى تارقىتاتتى. ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن
بۇنىڭدىن ياخشى شارائىت بولمايتتى، چۈنكى ھاۋا ئارمىيىسى
يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى يامغۇرلۇق بولۇتنىڭ قاتلىمىغا يوشۇ-
رۇنۇپ يېقىنلىشىپ، مۇداپىئە ئايروپىلانى كۆتۈرۈلۈپ توسۇش-
تىن بۇرۇن تۇيۇقسىز پېئارل - ھاربور پورتىنىڭ ئۈستىدىكى
سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولالايتتى.

شۇنداق قىلىپ 1932 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
مۇنداق ئىش يۈز بەردى: «ساراتوگا» ۋە «لېكسىندون» ناملىق
ئاۋىئاماتكىدىن كۆتۈرۈلگەن بومباردىمانچى ئايروپىلان، كۈرەش-
چى ئايروپىلان، شۇڭغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە تورپې-
دىلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بۇلۇت قاتلىمىدا تۇرۇپ،
ئاستىدىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بۇ دېڭىز ئارمىيە بازىسىنىڭ
قىلچە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرمىغانلىقىنى كۆردى. ھەربىر ئايرو-
پىلان مودېل پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتۇپ، يەر يۈزىدىكى ئايرو-
پىلانلارنى "يوقاتتى". ھۇجۇم قىلىنغان مەزگىلدە بىرمۇ مۇدا-
پىئە ئايروپىلانى ھاۋاغا كۆتۈرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا يەنە بىر قىسىم ئايروپىلانلار ھەربىي ئەسلىھەلىرىگە تەقلىد
قىلىپ ياسالغان بومبا تاشلىدى، ياكى پورت ئېغىزىدىكى تەسەۋ-
ۋۇر قىلىنغان بارلىق پاراخوت - كېمىلەرنى دېڭىزغا "غەرق"
قىلىۋەتتى.

ھۇجۇم قىلغۇچىلار ھاۋادا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بول-

دى. ئەگەر پۈتكۈل فلوت شۇ چاغدا پورت قولتۇقىدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادمىرال يانبىلىنىڭ ئۇچقۇچىلىرى راست بومبىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار ھەربىر ھەربىي پاراخوتنى سۇغا غەرق قىلىۋەتكەن ياكى ئېغىر زەخىملەندۈرگەن بولاتتى.

دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرى نەخ مەيداندا سىمۋول خاراكتېرلىك بۇ يوقىتىشنى ”مۇزاكىرە“ قىلدى. بۇ يەردە باشلانغان مۇزاكىرە دېڭىز ئارمىيە ساھەسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ئىستراتېگىيىنى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق دېڭىز ئۇرۇشى ئۇقۇمىنى مەلۇم بىر خىل يېڭىلاشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىۋالغانىدى.

ئەلۋەتتە بەزىلەر يۈز بەرگەن بۇ ئىشقا گۇمان بىلەن قارىدى، ئۇلار بۇنداق بولۇشنى كۆپرەك تۇيۇقسىز زەربە بەرگەنلىك ئامىلىغا قويۇشى مۇمكىن. مۇداپىئە قىلغۇچىلار يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ھەقىقەتەن ئانچە ھوشيار ئەمەس ئىدى، ئەمما شۇنداق بولۇش ئېھتىمالى باركى، مۇداپىئە قىلغۇچىلارنىڭ تەييارلىقى بار بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق زەربىگە ئۈنۈملۈك ھالدا تاقابىل تۇرالىشى ناتايىن ئىدى.

بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق ئاساسلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۈزەتمەكچى بولدى. ئۇلار: دېڭىز ئارمىيىسى ھاۋادىكى كۈچنى ئاساس قىلىشى، جەڭ پاراخوتى ۋە باشقا پاراخوتلارنى قوشۇمچە قىلىشى؛ جەڭ پاراخوتىنى مەركەز قىلغان ھالدا دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇپ ھاۋادىكى كۈچنى ئۇنىڭ ياردەمچى كۈچى قىلىۋالماسلىقى كېرەك دېگەن يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا ئەھمىيەت بېرىلمىدى.

ئەھمىيەت بېرىلمىدى دەپ قارىغىنىمىز، ۋاشىنگتونغا قارى-

تىلغان ئىش ئىدى. چۈنكى پىئارل ـ ھاربور پورتىدا ئۆتكۈزۈل-
گەن ئاشۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى، ھەرگىزمۇ بۇ قېتىمقى
مانېۋىر توغرىسىدىكى بىردىبىر باھالاش يىغىنى ئەمەس ئىدى.
ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى، كېيىنرەك توكيودا يەنە بىر باھالاش
يىغىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدى.

ئايروپىلان مودېل ھۇجۇمىنى باشلىغان چاغدا، ئۇئاخۇئارد-
لىدىكى ياپونىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جاسۇسلۇق تەشكىلاتى
ئارالدىكى بارلىق پايدىلىق ئېگىزلىكلەرگە كۆزەتچى ئەۋەتكەنى-
دى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشتىكى باھانە ـ سە-
ۋەبلىرى تولۇق ئىدى. قوشنا پورتلارنىڭ قويۇق چاتقاللىقىدىمۇ
ئۇلارنىڭ كۆزەتكۈچى خادىملىرى بار ئىدى. كىچىك تېپتىكى
يالاڭ ماتورلۇق قولۋاق بىلەن دېڭىز ياقىسى ئەتراپىدا ”بېلىق
تۇتاتتى“. كېيىن ھونولۇلۇدىكى دېڭىز ئارمىيە خادىملىرى تو-
لاشقانلا جايدا، ئوغرىلىقچە ئاڭلىغۇچىلار پەيدا بولغانىدى.

توكيودا شۇنداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ ئاخباراتلار،
چوڭقۇر تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن، بىر قاتار
مەخپىي مانېۋىرلارنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسى شەكىللەندۈرۈلدى.
بۇ ئىشتىن كېيىن بىز، ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسى مۇتەخەس-
سىسلىرىنىڭ، خۇددى بەزى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيە گېنېرال-
لىرى ئوتتۇرىغا قويغانغا ئوخشاش: ھازىرقى زامان دېڭىز ئارمى-
يىسىنىڭ ئاساسلىق قورالى ھاۋادىكى كۈچ بولۇشى، بىر فلوت-
نىڭ زەربە بېرىش كۈچى سۇ ئۈستىدىكى پاراخوت مەركەز قى-
لىنماي، بەلكى ئاۋىئاتسىيە ئەسكىرى مەركەز قىلىنغان ھالدا
قۇرۇلۇشى كېرەك دېگەن يەكۈننى چىقارغانلىقىنى بىلدۇق.
شۇڭا ياپونىيىلىكلەر بىزنىڭ مانېۋىرىمىزدىن ئامېرىكا دېڭىز
ئارمىيە گېنېراللىرى ئۆگىنىشنى رەت قىلغان نەرسىنى بىلىۋې-
لىپ، دېڭىز ئارمىيىسىنى تۇپتىن ئۆزگەرتىپ قۇرغانىدى.

ياپونىيىلىكلەر ئامېرىكا فلوتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋەي-

ـران قىلالايدىغان دانا ھەم يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر پىلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بايقىۋالدى ـ دە، 1947 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بۇ پىلاننى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، 1932 ـ يىلى «ساراتوگا» ۋە «لېكسىندون» ناملىق ئاۋىئاماتكىدا ئايروپىلانلىرىنى ئۇچۇرغان ئوفىتسېرلار ياپونىيىنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بەرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇغان چېغىدا، كۆڭلى بىر خىل دەردـ ئەلەمگە تولغانىدى، شۇنداق، ياپونىيىلىكلەرنىڭ قىلغىنى دەل توققۇز يىل بۇرۇن ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش ئىدى.

بەزى تەرەپلەردە، ياپونىيىلىكلەرگە 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يولۇققان مەسىلىلەر شۇ قېتىمقى مانېۋىردىكىدىن كۆپ قىيىن ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇداپىئە جەھەتتە كۈچەيتىلگەنىدى. تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئايروپىلاننى بايقاش ئۈسكۈنىلىرىنى ياخشىلاش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش بولغانىدى، لېكىن مۇداپىئە قىسىملىرىدا يېتەرلىك ھوشيارلىق بولمىغانلىقتىن، ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانى كۆلي تاغ تىزمىسىنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇت قاتلىمىدىن شۇڭغۇپ چىققاندا، ئۇلار تامامەن ئۇلگۈرەلمەي قالغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى يەنە ئاسان ئىدى. شۇ چاغدا ئايروپىلانلار ئايرودرومدا قاتار تىزىلغانلىقتىن، دۈشمەن ئايروپىلانلارنىڭ ئوققا تۇتۇشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنچ ئوكيان فلوتىدىكى بارلىق ئۇرۇش پاراخوتلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك پورت ئىچىدە توختىتىپ قويۇلغانىدى.

ياپونىيىلىكلەر ئادمىرال يانېل بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ساندىكى ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇلارنىڭ زىيىنى شۇ قېتىمقى سىمۇۋل خاراكتېرلىك يوقىتىش بىلەن كۆپ پەرقلەن-

مىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ جەڭ نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولدى.
پېتارل ـ ھاربوردىكى تراگېدىيىلىك كونا پىلاننى بۇزۇپ تاشلىدى. 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى تراگېدىيە يۈز بەرگەن چاغدا، ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق جەڭ پاراخوتلىرىنىڭ ھەممىسى پېتارل ـ ھاربوردا ئىدى. ئەمما بۇ يەردە ئاۋىئاماتكا يوق ئىدى. كېيىن ئامال يوق، ئاۋىئاماتكا جەڭ پاراخوتىنىڭ ئورنىدا ئاساسلىق پاراخوت قىلىندى. ئاۋىئاماتكا ئالاھىدە فلوتى ئۆزلۈكىدىن ئاساسلىق دېڭىز ئۇرۇشى قورالىغا ئايلاندى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئاساسەن ئىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭلا قالتىس ماھارەت ئارقىلىق ــــ مەيلى مارجان دېڭىزى، مىدۋېي ئارىلى، گۋادالكانال ئارىلى، لابوردا بولسۇن، ياكى مارشال تاقىم ئارال-لىرى ۋە تروك تاقىم ئاراللىرىدا بولسۇن ئاۋىئاماتكىنى ئىشقا سالدى.

# 19. 7 ـ دېكابىردىكى خورلۇق

## برايىك . كراك

مەن ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك جەڭنىڭ بىردىنىڭ ۋەھىمىلىكىنى ۋە تەسىرلىكىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئۇ تىپتىنچ، قۇياش نۇرى ئىللىق بىر يەكشەنبە كۈنىنىڭ ئەتىگىنى، دۇنيا بويىچە ھەممىدىن بەك تىنچلىق كەيپىياتىغا تولغان شۇنداق جايلارنىڭ بىرىدە يۈز بېرىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئاخىرلاشقاندا، ئامېرىكىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئايروپىلانلىرى ۋەيران بولدى، پاراخوت ـ كېمىلىرى ئالەم پالەچ بولۇپ ياتتى. بېنزىن سۇ ئۈستىدە كۆيۈۋاتاتتى، ئادەملەر سۇ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى، 3000 غا يېقىن ئادەم ھاياتىدىن جۇدا بولدى. ”بىر سائەت ئىچىدە بولغان زىيان ئامېرىكا فلوتىنىڭ پۈتكۈل بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تارتقان زىيانلىرىدىنمۇ كۆپ بولدى.“

مەن ئاشۇ گۈم ـ گۈم ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا دېڭىز قىرغىقى زەمبىرەكلىرى مانېۋىر قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ ۋاقىتتا بىز ناشتا قىلىۋاتاتتۇق.

ياپونىيە تەۋەلىكى چاكىرىمىز ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: ”سىرتتا نۇرغۇن ئايروپىلانلار تۇرىدۇ!“ دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كارىدوردىن بىز ناھايىتى ئېگىز ئۇچقان بىر ئەترەت ئايروپىلاننى كۆردۇق. پېئارل ـ ھابور پورتىنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىنى ئايروپىلاندىن پۈركۈلۈپ چىققان قارا ئىسلار بۇلغىۋەتكەنىدى.

— خوپ ! — دېدى مەن بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان
فىلىل: — ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلساق بولغۇدەك.
ئارقىدىن بىر قوشنىمىز ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى - دە،
ۋارقىراپ كەتتى:
— ياپونىيىلىكلەر ئۇئاخۇ ئارىلىنى بومباردىمان قىلىۋې-
تىپتۇ!
— ھوي، ئۇنداق قىلمايدۇ، بۇ پەقەتلا بىر قېتىملىق
مانېۋىر، جىددىيلەشمەڭ — دېدىم مەن.
— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازى
بىلەن، — رادىئونى ئېچىپ ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلاپ
باقمامسىز!
مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. — جانابلار دىققەت
قىلىڭلار، ئۇئاخو ئارىلى بومباردىمانغا ئۇچرىماقتا، بۇ چاقچاق
گەپ ئەمەس، ھۇجۇم قىلغان ئايروپىلاننىڭ قانىتىدا قۇياش
بەلگىلىك دۆلەت گېربىنى كۆرگىلى بولىدۇ — بۇ مۇشۇ جايدى-
كى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋىبورى ئېدۋاردنىڭ ئاۋازى
ئىكەنلىكىنى بىلدىم.
دەل مۇشۇ چاغدا، بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ، غاچچىدە
توختىدى، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋال-
غان بىر ئايال يۈگۈرەپ بىناغا چىقتى. — تېز كېلىڭلار، —
ئۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ كەتتى، — بىزگە ياردەم كېرەك!
مەن ئۇنىڭ قىزىل كرېست جەمئىيىتى قوشۇنىدىكىلەر بى-
لەن بىللە، تۇيۇقسىز زەربىگە ئۇچرىغان رايوندىكى يارىلانغۇچىلارنى
چېكىندۈرگەنگە قەدەر تۇپتوغرا بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم. يۈز
بەرگەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كېيىنكى
كۈنلەردە، مەن ئىمكانقەدەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزدۈم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: كوماندىر ۋە ماتروس، يارلان-
غانلار بىلەن يارلانمىغانلار، قەھرىمانلار بىلەن نامسىز ئىشلى-

گەن ئىشچىلار بار. ئۇلار بىردەك ماسلىشىپ، ئۆز بۇرچىغا سادىق ئىدى، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۆھپىسى ئىنتايىن ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئەھمىيىتى زور ئىدى. تۆۋەندە ئېيتىپ بېرىدىغان ئۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر، شۇنداق ئاددىي ھەم سەممىي بولۇپ، خۇددى مەن ئاڭلىغان چاغدىكىگە ئوخشاش ئىدى.

پېئارل ـ ھاربور — ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ بۇ دېڭىز ئارمىيە بازىسى، ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان ھەقىقىي نىشان، بىراق ئۇنىڭغا زەربە بېرىدىغان ياپونىيىلىكلەر چوقۇم ئالدى بىلەن ئايرودرومنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ مۇداپىئەنىڭ ئەجەللىك ئورنى ئىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋېنا ۋە ھىكام ئايرودرومى، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كەيوخ ئۇچۇش بازىسى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش ئەترىتىنىڭ تېخى قۇرۇلۇشى پۈتمىگەن ئېيۋا ئۇچۇش بازىسىنىڭ ھەممىسى پورتنىڭ رەسمىيەت بويىچە قىسقا ۋاقىت ئۇچۇش ھالىتىدە تۇرغانىدى.

ياپونىيىلىكلەر يەر يۈزىدىكى ھەربىر ئايروپىلاننى يوقاتماقچى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپتىن قىستاپ كەلدى. ھەربىر ئايرودرومغا زەربە بېرىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولدى. ئاستا ئۇچقان ئايروپىلانلار بومبىنى دەل توغرا ئايروپىلان ئىسكىلاتىغا تاشلىغان چاغدا، يەنە بىر قىسىم ئايروپىلانلار كېلىپ يەر يۈزىدە رەتلىك ئۇزۇنغا تىزىلغان ئايروپىلانلارغا كۆيدۈرگۈچى بومبا تاشلىدى.

كىشىلەر بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا مۇداپىئە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، دېڭىز ئارمىيە ئۇچۇش بازىسىدىكى بىر كوماندىرنىڭ كەچۈرمىشى ناھايىتى تىپىك بولدى. ئۇ دەل ئەتىگەنلىك ناشتىدا قەھۋە ئىچىۋاتقاندا، ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئۈچ ئايروپىلان بىر گۇرۇپپىدىن بولغان ئۈچ ئەترەت ئايروپىلاننىڭ ئاستا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئوڭغا

بۆرۇلۇپ پورتنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى.

— بۇ نان قېپىلار بۇ يەردىن ئۆتكىچە ئايلىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى — دەپ كوماندىر ئورنىدىن سەكرەپ، ۋارقىراپ كەتتى.

ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى: — قارىغا، ئۇنىڭ قانىتىدا قىزىل دۈگىلەك بار ئىكەن! — دېدى.

بۇ كوماندىرنىڭ تاغدىن ئېتىلىپ چۈشۈپ مەمۇرىي چوڭ بىنانىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلگەن ماشىنىنىڭ تورمۇزلانغان چىر-قىراق ئاۋازى تۈنجى قېتىم بېرىلگەن ھاۋا تىرېۋوگا سىگنال بولۇپ قالدى.

سارغۇچ گۈرۈچ رەڭگىدىكى بۇ ئايروپىلانلار ھازىر ناھايىتى ئاستا ئۇچماقتا ئىدى، بىر - بىرىگە ئەگىشىپ كەلگەن ئايروپى-لانلار، پورت قولتۇقىدىكى سۇ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان ئايروپىلانلاردىن پەقەت 50 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئۇچقان-دى. ئۇلاردىن 100 يارد يىراقلىقتا، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ياشلىرى چىقىۋالغان ئىككى كىچىك كېمە بىر - بىرىنى قوغلى-شىپ ئويناۋاتاتتى، ئۇلار سۇ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان ئايروپىلانلارنىڭ گۈرۈپپا خادىملىرى ئىدى. ياپونىيىنىڭ ئايرو-پىلانى ئوت ئاچتى. پىلىموت ئوقىدىن كەڭرى بىر يول ئېچى-لىپ، كېمە ۋە توختىتىپ قويۇلغان ئايروپىلانلارغا تۇتاشتى، ئايروپىلانلارغا گۈرۈلدەپ ئوت كەتتى. ئايروپىلان گۈرۈپپىسى-دىكى ناھايىتى ئاز بىرقانچە خادىملارلا ھايات قالدى.

ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى پورت قولتۇقىنىڭ بىر بېشىغا بېرىپ، يەنە ئايلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئايروپىلان توختى-تىش ئورنىدا تۇرغان بىر قاتار بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئۇ-دۇل ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارغا قارىتىپ رەھىمسىزلەرچە ئوق چىقاردى. ئۇلار يەنە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەلدى. ياپونىيە ئايروپى-

لانلىرىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، بومباردىمانچى ئاي-
-روپىلاندىكى پىلىموتچىلار بۇسۇپ چىقىپ كۆيۈۋاتقان ئايروپىلان
ئىچىدىن پىلىموتلارنى ئېلىپ چىقتى، ھەممە ئۇنى قۇراشتۇ-
رۇپ، ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا ئوت ئاچتى. پىلىموت 15 مىنۇتتىن
20 مىنۇتقىچە ئۇدا ئېتىلدى، ياپونىيە ئايروپىلانلىرى بىردەم
ئېگىزلەپ بىردەم پەسىيىپ ئۇچۇپ، ھەر قېتىمدا ئايروپىلان
توختىتىش ئورنىدىكى ئايروپىلاننىڭ ئۈستىدىن بىۋاستە ئۆتۈپ
تۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئارىلىقلاردا، ھەربىيلەر مۇۋاپىق كې-
-لىدىغان بارلىق ماشىنىلارنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ ئايرودرومغا
ھەيدەپ كىرىپ ئورۇن ئىگىلىدى، ئەگەر دۈشمەن ئايروپىلانلى-
-رى بۇ يەرگە قونماقچى بولسا بۇ ماشىنىلارغا سوقۇلاتتى. پۇقرا-
لار ۋە ياللانما خىزمەتچىلەر ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەم بەردى،
ھەممە يول چىگىتىش ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ كۆيۈۋاتقان ئايروپى-
-لانلارنى ئايروپىلان ئىسكىلاتىدىن ئىتتىرىپ چىقتى.

20 مىنۇتتىن كېيىن ياپونىيە ئايروپىلانلىرى يەنە كەلدى.
ئۇلار بىر ئايروپىلان ئىسكىلاتىغا ناھايىتى چوڭ بىر بومبىنى
تاشلىدى. ئۇلار ئايروپىلان توختىتىش ئورنىدىكى ئالاقزادە بو-
لۇپ كەتكەن كىشىلەرنى ئوققا تۇتتى، بىر پاي ئوق ھېچبولمى-
-غاندا بىر ئىنگلىز چىسى قېلىنلىقتىكى بىر بېتونلۇق تامنى
تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

جايجايدا باتۇر جەڭچىلەر قايتارما زەربە بەرمەكتە ئىدى.
بىراق ھاۋا بوشلۇقىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان دۈشمەن ئايروپىلان-
-لىرى ناھايىتى تېز ئۇچقانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئوق تەگكۈزۈش بەك
تەس ئىدى. دۈشمەننىڭ ئىككى ئايروپىلانى ئېتىپ چۈشۈرۈل-
-دى. قالغانلىرى ئېۋادىكى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا
جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ بازىسىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ
يەردىكى بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ ئوت كۈچى يەر ئۈستى-

دىكى ئايروپىلانلارغا مەركەزلەشتى. كېيىنكى ۋاقىتلىق بوش ئارىلىقتا، دېڭىز ئارمىيە قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ جەڭچىلىرى ئېتىلىپ چىقىپ ئوت كەتمىگەن ئايروپىلاننى ئايروپىلان يولىدىن سۆرەپ چىقتى، ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بىكار تۇرغان پىلىموتلارنى ئالدى. ئىككىنچى قېتىمدىكى ھۇجۇم بىرىنچى قېتىمدىكىدىن تېخىمۇ قەبىھ بولدى. بۇ يەردە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بار ئىدى، كىچىك زەمبىرەك ۋە پىلىموتلار يەر يۈزىگە شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. لېكىن ھەربىيلەر پىلىموت يېنىدىن ئايرىلماي، شۇڭغۇپ كەلگەن بىر دۈشمەن ئايروپىلانىغا توختاتماي ئوق ياغدۇردى.

پۇتكۇل ھاۋا ھۇجۇمىدا، ھەربىر كىشى جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلدى. دېڭىز ئارمىيە قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ جەڭچىلىرى ئوق ـ دورىلارنى تەقسىم قىلىپ، پىلىموت، زەمبىرەكلىرىنى جىددىي رېمونت قىلدى، ھەمدە دۈشمەنلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. مېڭىۋاتقان ماشىنىلار ھۇجۇمچىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك قوزغايدىغان نىشان ئىدى. ئەمما ئوق ـ دورا توشۇۋاتقان ماشىنا بىلەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرلىرى، ھاۋادا دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا بىر قاراپ بېقىشقىمۇ چولىسى تەگمىگەن ھالدا ئايرودورومنىڭ ھەممە جايلىرىدا پىرقىرايتتى، ئەمەلىيەتتە دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ئادەتتىكىدەكلا ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك بىر ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بار ئىدى. بىرىنچى قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمىدا، شوپۇر بۇ ماشىنىغا چىقىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر رەت ئايروپىلاننىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بۇ قىزىل ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى ئەمدىلا يېرىم يولغا كېلىش بىلەن تەڭلا ھۇجۇم-

غا ئۇچرىدى، شوپۇر ماشىنىسىنى توختاتماي، تاكى ئۈچىنچى قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمىدا ماشىنىنىڭ چاقىغا ئوق تېگىپ بۇزۇلغانغا قەدەر ماڭدى.

ستارشى لېيتېنانت ۋىلتىس بىلەن شتارشى لېيتېنانت تەيلور (ۋېللىر) ئايرودرومدىكى ئوفىتسېرلار كۇلۇبىدا ئولتۇرغاندى. ئۇلار شوڭغۇغۇچ بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ پەس ئۇچۇپ ئوق - دورىلار ئىسكىلاتىغا ئېتىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە بومبا تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئايرودرومغا ماڭدى. ئۇلار دۇشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ ئايروپىلان تىپى ۋە سانى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ بېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئايروپىلانلىرىنى ھەيدەپ، ئۇدۇل ياپوننىڭ 12 دىن ئارتۇق بومباردىمانچى ئايروپىلانىدىن تەركىب تاپقان بىر ئوتتۇرا ئەترەتكە قاراپ شۇڭغۇدى. بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلانلار دەل بابىز قولتۇقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچماقتا ئىدى. ئۇلار دۇشمەن ئايروپىلانىدىن ئۈچىنى ئېتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىلاجىسىز ماي قاچىلاش ئۈچۈن قايتىپ كەلدى.

ۋىلتىسنىڭ ئۈچ كىچىك زەمبىرىكىنىڭ بىرى ئېتىلماس بولۇپ قالغان، تەيلورنىڭ بىلىكى بىلەن پۇتى زەخىملەنگەنىدى. ۋىلتىسنىڭ زەمبىرىكىنى رېمونت قىلىش ۋە تەيلورنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ بولغۇچە، ياپونىيىنىڭ 15 ئايروپىلانى يەنە ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى قوزغىدى. تەيلور زەخىملەنگەنلىكتىن، قايتا ئۇچماسلىققا دەۋەت قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ۋىلتىس بىلەن دەرھال ئۇچۇپ جەڭگە ئاتلاندى.

ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانى تەيلورنىڭ ئايروپىلانىنىڭ ئارقىسىغا تېزدىن كىرىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ۋىلتىس سەپدىشىگە ئەڭ چوڭ تەھدىت بولغان دۇشمەن ئايروپىلانىغا قاراپ ئېتىلدى. ياپونىيە ئايروپىلانىنىڭ ئارقا توپچىسى ۋىلتىسنىڭ

ئايروپىلانغا ئوت ئاچتى. ماتور پىرقىرىغۇچى ۋە ئايلىنىش قاپقىقىغا ئوق تەگدى. ۋىلتىس قىساسكار قويۇندەك شىددەتلىك ئېتىلىپ بېرىپ، قېپقالغان ئىككى كىچىك زەمبىرىكى بىلەن ئوت ئاچتى. دۈشمەن ئايروپىلانىغا ئوت تۇتىشىپ موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى. تەيلور خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇلدى. ۋىلتىس ياپونىيىنىڭ يەنە بىر ئايروپىلانىنى قوغلاپ دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئۇچتى، ھەممە دېڭىز قىرغىقىدىن بەش ئىنگلىز چىسى يىراقلىقتا ئۇنى ئېتىپ چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئىككى ئايروپىلان خادىمىنىمۇ دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتتى.

بۇ جەڭچىلەر ھەرگىز يەككە - يېگانە ئۇرۇش قىلمىغاندى. ئىستاژى ئۇزۇن ستارشى لېيتىنانت ساندېس تۆت ئايروپىلاندىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ 600 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىدا قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇچماقتا ئىدى. ئۇ ياپونىيىنىڭ ئالتە ئايروپىلاندىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئايروپىلانىنىڭ بىر ئايرودرومنى بومباردىمان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قول ئاستىدىكىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بەردى. ياپونىيە ئايروپىلانلىرى ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن قاچتى، ئۇلار تېخىمۇ تېز قوغلاپ ماڭدى، ساندېس باشلاپ ماڭغان بىر ئايروپىلانغا ئوت ئاچتى. دۈشمەن ئايروپىلانى قويۇق ئىس - تۈتەك چىقىرىپ، ئىغاڭلىغان پېتى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.

ستارشى لېيتىنانت جامس بىر دۈشمەن ئايروپىلانىنى يېقىن قوغلاپ ماڭماقتا ئىدى. ياپونىيىنىڭ بىر ئايروپىلانى ئۇنىڭ پېيىغا چۈشتى. ساندېس يېقىنلاپ كەلدى، بىراق دۈشمەنىنىڭ ھېلىقى ئايروپىلانى ستىرىننىڭ ئايروپىلانىغا ئوت ئاچتى، ئايروپىلانغا ئوت كەتتى. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئۇچقۇچىسى ئالدىدىكى ياپونىيە ئايروپىلانى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ، ئۇلار بىللە شۇڭغۇپ چۈشتى — ستىرىن ئالدىدىكى ياپون ئايروپىلانىغا

توختاتماي ئوت ئاچتى، ستربننىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر ياپون
ئايروپىلانى پەيدا بولدى، ساندېس بۇ ئايروپىلاننىڭ ئارقىسىدىن
قوغلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىك موللاق چۈشۈپ كەت-
تى. پەقەت ساندېس شۈڭغۈپ چۈشكەندىن كېيىن يەنە كۆتۈرۈ-
لۈپ چىقتى.

ۋاسۇادىكى بىر ئاناناس ئېتىزلىقىدا، مىڭلىغان كىشى
ستارشى لېيتنانت لاسماسىنىڭ بىر ياپونىيە ئايروپىلانى بىلەن
شىددەتلىك جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. لاسماسېن
شۈڭغۈپ چۈشكەندىن كېيىن يەنە كۆتۈرۈلۈپ، ئاستىدىكى بىر
دۈشمەن ئايروپىلانىغا تىكىلدى، بىر دىسكا ئوقنى ئۇنىڭغا ئات-
تى، ياپونىيە ئايروپىلانىغا ئوت تۇتىشىپ يەرگە چۈشتى، ھايا-
جانلانغان ئادەملەردىن قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى ۋە تەنتەنە قىل-
دى.

لاسماسىن يەرگە قونغاندىن كېيىن ئايروپىلان رولىنىڭ
كاردىن چىققانلىقىنى، سىمسىز تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىنىڭمۇ
سۇنۇپ، ئايروپىلاننىڭ ئەگلەكتەك ئوق ئىزىغا توشۇپ كەتكەن-
لىكىنى بايقىدى.

بىرىنچى تۈركۈمدە ھىكام ئايرودرومىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ
كەلگەن بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ئايروپىلان لەمپىسىنىڭ ئال-
دىدىكى تۆتتىن بىر قىسىم ئىنگلىز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا رەتلىك
تىزىلغان بىر رەت ئايروپىلاننى بومباردىمان قىلىشنىڭ نىشانى
قىلغانىدى. ئايرودروم خادىملىرى ۋەھشىيانە بومباردىمانچىلىقتا
قارىماي، ئايروپىلانلارنى تېزدىن يۆتكىدى. ئوت ئۆچۈرۈش خا-
دىملىرى ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋاتقاندا، با-
تۇر يەر يۈزى مۇلازىمەت خادىملىرى ئايروپىلاننىڭ قانىتىغا
سەكرەپ چىقىپ، ئېغىر ماتۇرلارنى ئېلىپ چۈشتى، ھەمدە ئۇنى
ئايروپىلان توختىتىش مەيدانىنىڭ چېتىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئۇلار جىددىي پەيتتە ئەقىل تاپقانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن يارامىلىق ماتورلار قۇتۇلدۇرۇۋېلىندى، بۇ ماتورلار كېيىن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ئىنتايىن زور بولغان ھاۋا ھۇجۇمىدا، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچىدىغان ئىككى ئەترەت بومباردىمانچى ئايروپىلان ھىكام ئايرودرومىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئادەملەر ئەڭ قويۇق رايونغا ئېغىر تىپلىك پارتلىتىش بومبىسىنى تاشلىدى. بومبا چۈشكەن شۇ دەقىقىدە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا، ئاشخانا، مۇھاپىزەت ئۆيى، ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتى، چوڭ تىپتىكى ھەربىي گازارما ۋە ئايروپىلان توختىتىدىغان ئېگىز لەمپىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەر يۈزىدىن تولۇق كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمانغا چىقىپ، ئاندىن يەرگە چۈشۈپ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتتى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇم ئوق ياغدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يەر يۈزىدىكى مۇداپىئە كۈچلىرى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، بىرقانچە دۈشمەن ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈردى. تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتناشقان جەڭچىلەر خۇددى كونا ئەسكەرلەرگە ئوخشاش، پات ـ پات زەمبىرەك ئوتىغا قارىماي ئېتىلىپ چىقىپ، قۇربان بولغانلارنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى ئالدى.

ھاۋا ھۇجۇمى باشلانغاندا، مۇداپىئە قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئىككى ياپونىيىلىك ياش پىلىموتچىنىڭ پىلىموتنى تۇرغۇزۇشقا چاتاق چىققانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ پىلىموت تۇرغۇزۇشىغا ياردەملەشتى، ھەمدە ئۇ ئوت ئاچقان چاغدا ئۇنىڭغا ئوق سېلىشىپ بەردى. ئۇلار ئوقنى شۇنداق تېز سالدىكى ھەتتا قوللىرى كۆيۈپ كېتىپ جىددىي قۇتقۇزۇشنى قوبۇل قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. ياپونىيىنىڭ بىر ئايروپىلانى يېقىن ئەتراپقا چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇلار ئۇچقۇچىنىڭ پاگونىنى سۆكۈپ ئېلىپ خاتىرە بۇيۇمى قىلىۋالدى.

ئايروپىلان ئىسكىلاتىنىڭ ئۈدۈلىدىكى ئايروپىلان توختىتىش مەيدانىدا، بىر ھەربىي پىلىموتنى بىر بومباردىمانچى ئايروپىلاننىڭ باش قىسمىغا قويۇپ ئۈزۈلدۈرمەي شىددەتلىك ئوت ئاچتى. بىر دۈشمەن ئايروپىلانى بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلانغا ئوق تەگكۈزۈپ ئۇنىڭغا گۈرۈلدەپ ئوت تۇتىشىپ كەتتى. بۇ پىلىموتچى ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئايروپىلاننىڭ باش قىسمىغا يېيىلىپ ئورۇۋالغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە، ئەتراپتىدىكى كىشىلەر يالتىراپ ئۇچىدىغان ئوقنىڭ ئۇنىڭ پىلىموتىدىن ھاۋاغا ئېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

ياپونىيىلىكلەر پۇرسەت تېپىپ پۇقرالارنى قاتتىق قىرىش ۋە بومباردىمان قىلىشنىمۇ قوشۇمچە ئېلىپ باردى. ئۇلار يولدا كېتىپ بارغان ماشىنىلارنىڭ بىرەر يېرىنىمۇ ساق قويماي ئۆتمۆشۆك قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يولۇچىلارنى ئۆلتۈردى ۋە زەخىملەندۈردى. ئۇلار خۇتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ چېركاۋدىن ئۆيىگە كېتىۋاتقان بىر مايورنىڭ ماشىنىسىنى ئوققا تۇتۇپ، ماشىنىنىڭ چاقىنى ئاسمانغا قارىتىپ قويدى.

پېئارل - ھابور پورتىدا بىر ماتروسنىڭ ئايالى ھاۋا ھۇجۇمىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىغا كىچىك ئوغلىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. بۇ قىز بىر چىغىر يولغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ يەردە بىر ياغاچ ئويۇنچۇق ماشىنىنى ئويناۋاتاتتى. ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن چاغدا، بىر ئايروپىلان ناھايىتى پەس ھالدا ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇچۇپ كېلىپ، پىلىموت ئوقىنى چىغىر يولغا ياغدۇرۇۋەتتى، ياغاچ ئويۇنچۇق ماشىنا چىملىقتا كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى.

ئېنىۋا ئېگىزلىكىدە، بىز بىرقانچە بالىنىڭ بىر ئەر كىشىگە ئولىشىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر قىزچاقنىڭ ياندا-

لىپ كەتكەن جەسىتى تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بومبا يەرگە چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش كىشى دەل ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرغانىكەن، بىر تال سىنارەد پارچىسى ئۇنىڭ قىزىنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ كەتكەنىكەن.

ئايرودرومدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلار پەقەت بۇنىڭ مۇقەددىمىسىلا خالاس. پېئارل ـ هابور پورتىغا قىلىنغان هۇجۇم ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن 55 مىنۇت ئۆتكەندىن باشلىنىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن 55 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ياپونىيىنىڭ 150 ئايروپىلانى بولۇشى مۇمكىن — ئۇلار تورپېدا تۇشىغۇچى ئايروپىلان، كۆرەشچى ئايروپىلان، شۇڭغۇغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە يۇقىرى هاۋا بوشلۇقىدا ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلان ئىدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ناهايىتى زور بىر قىسمى بولغان — چوڭ هەربىي پاراخوت، ئوكيان چارلىغۇچى كېمە، قوغلىغۇچى پاراخوت ۋە مىنا تازىلاش پاراخوتى كەڭ دېڭىز رايونىدا توختىتىپ قويۇلغانىدى. ياپونىنىڭ هەربىر ئايروپىلانى ئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئالدىدىن بەلگىلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇلار تارقىلىپ هەرقايسىسى ئالاهىدە بەلگىلەنگەن ئۆز ۋۆش پاراخوتلىرىغا هۇجۇم قىلغانىدى.

تەخمىنەن 12 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئۇچقان تەكشى بومبا تاشلىغۇچى بومباردىمانچى ئايروپىلانلار توپى بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك «ئادىزونا» ناملىق چوڭ هەربىي پاراخوتقا برونە تېشەر بومبا تاشلىدى. بىر بومبا ئۇدۇل ۋە تېز سۈرئەتتە كېلىپ مورىغا چۈشۈپ، كېمىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىنى پارتلىتىۋەتتى. تورپېدا دەرهال بومبىنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ پارتلاپ، هەربىي پاراخوتنىڭ ئالدىنقى يېرىمى پارتلاپ كەتتى. سان ـ ساناقسىز جەسەتلەر 300 ئىنگلىز چىسى ئېگىز-

لىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئوتنىڭ ئۈستىدىكى كۆل-
دەك، تەرەپ - تەرەپكە توزۇپ كەتتى. كېمىنىڭ ئارقا قىسمى
ئىغاڭلاپ، شىلىنىۋاتقان قارتاغا ئوخشاش بۆلۈنۈپ كەتتى.
كۈچلۈك شاۋقۇن ئاۋازى پەيدا بولۇپ، ئوت ۋە قويۇق ئىس -
تۈتەك پولات تاختاينىڭ ئاراچلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چىقتى.

20 نەپەر كېمە خادىمى توپ مۇنارىنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ
قالدى، ئىسسىق دولقۇن ئۇلارنى قورشىۋالغانىدى. ئۇلار قۇلاق
پەردىسىنىڭ بىر خىل بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
ئاچچىق گاز بىلەن ئىس - تۈتەك ئۇلارنىڭ نەپسىنى سىقماقتا
ئىدى. بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق ۋە ئالاقزادىلىك يۈز بەردى.
بىراق "تىنچ" دېگەن بىر بۇيرۇق چىقىرىلغاندىن كېيىن، بىرمۇ
ئادەم ئۈن چىقارمىدى. بىر ماتروس مەشئەل ياساپ، قويۇق
ئىس - تۈتەك ئىچىدىن شوتىغا تۇتاش يولنى تاپتى. يەنە بىر
ماتروس ناھايىتى ئۈزۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كېمىنىڭ بىر
ئىشىكىنى ئاچتى. شۇ ۋاقىتقىچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قو-
يۇق ئىس - تۈتەك ئىچىدە تېپتىنچ كۈتۈپ تۇردى.

پاراخوتنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى قاپقاق ئېچىلغاندىن كې-
يىن ئۇلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرىنى تۇيۇقسىز
كۆردى. پۈتكۈل ھەربىي پاراخوتنىڭ ئالدى قىسمى ۋاڭىلداپ
كۆيمەكتە ئىدى. ھەممىلا يەر تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن، ئې-
گىلگەن مېتال پارچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. پالۇبانىڭ
ئۈستىدە جەسەتلەر ياتاتتى. بەزى ماتروسلار ئوتتىن قېچىپ
چىقماقتا، بەزىلىرى پالۇباغا يىقىلماقتا. بەزىلىرى دېڭىزغا ئۆ-
زىنى ئاتماقتا ئىدى. ياپونىيىنىڭ ئايروپىلانلىرى كېمىنىڭ
ئۈستىدە پەس ئۇچۇپ، قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغان ماتروسلارنى
ئوققا تۇتۇۋاتاتتى.

قالايمىقانچىلىق ئىچىدە كىشىلەر كۆڭۈلنى خاتىرجەم ۋە
تىنچلاندۇرىدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى: — تىنچ! ھودۇقماڭ-

لار! ھەربىي پاراخوتتىن ئايرىلىپ، فورد ئارىلىغا بارايلى! — بۇ ھايات قالغان بىر ئوفىتسېر ئىدى، ئۇ يالقۇن ئىچىگە كىر-دى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىققان ماتروسلار بەك كۆيۈپ كەتكەن-لىكتىن، ئۆرە تۇرۇشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى، ئۇلار دەلدەڭ-شىپ مېڭىپ يول ئىزدەپ، ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئۇلارنىڭ ھالى-دىن خەۋەر ئالىدىغان بىرەر ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرىدىمۇ ئالاقزادىلىك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

بۇ ئوفىتسېر چاققان ھەم سالماق ئىش قىلدى، ئۇ ئۇزۇل-مەي ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ياپونىيە ئايروپىلانلىرىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ئەگەر بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بولمىغان بولسا، نۇرغۇن يارىدارلار ياكى يارىلانمىغانلار كۆيۈۋاتقان ھەر-بىي پاراخوتتىن چىقىپ كېتەلمىگەن بولاتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ سالماقلىقىدىن جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، ھەممىسى ئۆزىگە قارىمى-غان ھالدا باشقىلارنىڭ چېكىنىشىگە ياردەم بەردى.

— سىز كېمىدىن قاچان ئايرىلىسىز، باشلىق؟ — بىر-سى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ياپون قاراقچىلىرى كەتكەندىن كېيىن! — ئۇ ئوت ئىچىدە تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇتقۇزۇش قېيىقى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۇركۇم يارىدارلارنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇ ھەربىي پاراخوتتىن سەكرەپ، قىرغاققا ئۈزۈپ چىقتى.

پورتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، كىشىلەر كۆيۈۋاتقان كېمى-لەرنىڭ پالۋبا ۋە روجەكلىرىدىن سەكرەپ چىقماقتا ئىدى، كېمە ئاغدۇرۇلغاندا ئۇلار كورپۇستىن سىيرىلىپ چۈشتى. بىراق نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر كېمىنىڭ قازنىقىدا قاپسىلىپ قالغان-دى. چۆكۈۋاتقان بىر كېمىنىڭ ئۈستىدە، ھەربىيلەرگە ھەمراھ بولىدىغان بىر ياش باستېر ھىم ئېتىلگەن روجەكنىڭ يېنىدا

تۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ياردەم بەردى. چە-
قىش ئۈۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە بەكمۇ كېچىككەندى. ئالدىڭ-
لارغا قاراپ مېڭىڭلار بالىلىرىم، مېنىڭ بىلەن كارىڭلار
بولمىسۇن! — بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى.

بىر تەرەپكە تېز ئېقىۋاتقان يەنە بىر پاراخوتتا، كۆيۈۋاتقان
مايغا ئارىلاش ئېرىنىڭ پۇرىقىدىن تۇرغۇن كىشىلەر يىقىلىپ
قالغانىدى. ئېر بومبا چۈشۈپ كەتكەن دورا ئىسكىلاتىدىن تار-
قالغانىدى. زور تېپتىكى بومبىدىن يەنە بىرى چۈشتى. تەۋرە-
نىش كېمىدىكى مۇقىم بېكىتىلگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئۇچۇرۇ-
ۋەتتى. بىر يىگىت دەل مۇشۇ چاغدا ئۆينىڭ سىرتىدىكى بىر
شۇتىغا چىقىۋاتقانىدى. قاتتىق تەۋرىنىش ئۇنى ئۇچۇرۇپ تۆمۈر
شوتىنىڭ توغرا بالدىقىغا ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى بىر-
قانچە پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى.

يەنە مۇشۇ كېمىدە، ئەتراپىدىكى دۇنيانىڭ ھەممىسى كى-
شىلەرنىڭ يېنىدا پارتلاۋاتقاندەك بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئىلگىرى
ئەزەلدىن ئوق ئېتىپ باقمىغان بىر نېگىر ئاشپەز، كېمىنىڭ
ئۆتىنگىدىكى بىر پىلىموتنى باشقۇرۇپ، ئوق تۇگىگۈچە ئاتتى.

ھۇجۇم قىلغۇچىلارمۇ ھەرگىز ساق - سالامەت پېتى قاي-
تىپ كېتەلمىدى. بىر قوغلىغۇچى پاراخوت ئۆزىنىڭ سىمسىز
رادىئو باشقۇرغۇچىسى ئاڭلاش ئەسلىھەلىرىنى ئۇلاپ بولغاندىن
كېيىن، دۈشمەننىڭ توت ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈردى. —
سۇ ئاستى كېمە! — ئۇلار دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ،
ئىككى سۇ ئاستى بومبىسىنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ئىك-
كىنى تاشلىدى - دە، ناھايىتى چوڭ بىر پارچە دائىرىدە ماي
ئىزى پەيدا بولۇپ، 200 ئىنگلىز چىسى ئابيومىدىكى دېڭىز
رايونىدا پۈۋەك چىقىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز سىمسىز تېلېگراممىدىن، دۈشمەننىڭ يەنە بىر
سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئوكيان چارلىغۇ-

چى پارخوتنغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئېنىقلانغانلىقى دوك-
لات قىلىندى. قوغلىغۇچى پاراخوت جىددىي قوزغىلىپ، يەنە
ئىككى سۇ ئاستى بومبىسى تاشلىدى. يەنە ماي ئىزى پەيدا
بولدى، ئۇلار ئىككىنچى قېتىمدا كەلگەن سۇ ئاستى كېمىسىنى-
مۇ يوقاتقانىدى.

ھەرقايسى جايلاردا، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر مۇرىنى -
مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ تۇرغانىدى.
بىر ھەربىي پاراخوتتىكى بىر مىلادشى لېيتنانت پىدائىيلار قوت-
قۇزۇش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، پاراخوتنىڭ ئاستىدىكى ئوق -
دورا ئۆيىگە چۈشتى. بۇ يەرنى ئوت قامال قىلىۋالغانىدى. ئۇلار
چاققان ھەم سالماقلىق بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى. ھەر ۋاقىت
ئۇلارنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. لېكىن
ئۇلار كۈچلۈك ئوتتىن ئۆتۈپ، پاراخوتنىڭ توپچىلار گۇرۇپپى-
سىغا ئوق - دورىلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. بىر بومبا پارتلاپ
كېتىپ ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال سىنارەد پارچىسى مىلادشى
لېيتنانتنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىك-
لىرى ئۇنى پاراخوتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقماقچى بولدى،
بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولماسلىقنى بۇيرۇق
قىلدى.

— مېنى قۇتقۇزۇشتىن ئۈمىد يوق، دېدى ئۇ، —
داۋاملىق ئىشلەڭلار! ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار! — ئۇ ئۆز خىز-
مەت ئورنىدا قوربان بولدى.

ئىشلىتىشكە بولىدىغان بارلىق قوراللار ئىشلىتىلدى.
"ئات!" دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ، سەھرالىق بىر يىگىت بىر
تال ئۆلچەملىك مىلتىق تاپشۇرۇۋالدى. بۇ يىگىت ئىلگىرى
ئوۋچىلىق قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر تېپلىق مىل-
تىق ئىشلىتىش تەلىم - تەربىيىسىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەنىدى.
ئۇ يېقىن ئۇچۇپ كەلگەن كىچىك تىپتىكى بىر شۇڭغۇغۇچى

بومباردىمانچى ئايروپىلاننى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقاردى. ئو-
رۇشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى، ئېنىقكى ئۇ
بومبىنىڭ كاپسۇلىغا تەگكۈزگەنىدى، ياپونىيە ئايروپىلانىغا ئوت
كېتىپ، دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. يىگىت خۇشاللىقىدىن ئۆزى-
نى بېسىۋالالماي قالدى.

ھەربىيلەرگە ھەمراھ بىر باستېر يەنە بىر ھەربىي پاراخوتتا
راھىبلار تونىنى كىيىۋېلىپ ئىبادەت قىلىش مۇنبىرىنى ئورۇن-
لاشتۇرۇۋاتقانىدى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم يۈز بەرگەن ھامان، ئۇ
كايۇتاغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، كىشىلەرگە قورال تارقىتىۋاتقان
يەردىن بىر پىلىموتنى ئالدى ــ دە، ئىبادەت قىلىش مۇنبىرىنى
تۇۋرۇك قىلىپ ئوت ئاچتى.

شۇ كۈنى بىز ھونولۇلۇدا جەڭ داۋامىدا ئارمىيە خەلقىنىڭ
قانداق قىلىپ، چەك ــ چېگرىنى ئايرىمىغانلىق ئەھۋالىنى ئىگە-
لىدۇق. بومباردىمانچىلىق ئەمدىلا باشلانغاندىن كېيىن، ھاۋاي
تېببىي جەمئىيىتىگە بىۋاستە بىر تېلېفون بېرىلگەن. تېلېفون-
دا: "پىئارل ــ ھاربور پورتى بولىمەن! قۇتقۇزۇش ماشىنىسى
لازىم! چوقۇم تېز بولۇڭلار!" دېگەن گەپلا قىلىنغانىكەن.

20 مىنۇت ئىچىدە، دوختۇر ۋە پىدائىي خادىملار 100 دىن
كۆپرەك تۇرلۇك يۈك ماشىنىسىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئال-
دىن تەييارلانغان زەمبىلنى چېۋەرلىك بىلەن ماشىنىغا بېسىپ،
تېزلىكتە ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا يېتىپ باردى.

موتورلاشقان قىسىمدىكى ئايال ئەسكەرلەر ئىشلىتىشكە بو-
لىدىغان ھەر خىل ماشىنىلارنى ھەيدەپ ئەرلەرنى پىئارل ــ
ھاربور پورتىغا ئېلىپ باردى. ئاچىماق يولنىڭ ئېغىزى قالايمى-
قانچىلىققا تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەربىي ماشىنا، ھۆكۈمەت
ۋە غەيرىي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەتەردىن قۇتقۇزۇش ماشىنىلى-
رى، تېببىي ئورۇنلارنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، قىزىل

كرېست جەمئىيىتىنىڭ ماشىنىسى ۋە يۈزلىگەن تاكسىلار كىشى-
لەرنى جەڭ ئورنىغا ئېلىپ ماڭغانىدى، ئالتە ئىنگلىز چاقىرىم
ئۇزۇنلۇقتىكى يولدا قۇلاققا ياقمايدىغان سىگنال ئاۋازى چىقىپ
تۇراتتى. موتورلاشقان قىسمىدىكى ئايال جەڭچىلەر بۇ ۋەزىپى-
نىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى.

يارىدارلار دىپول دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى.
ئۈچ - تۆت يۈز ھاۋا ئارمىيە خادىمى ناشتا قىلىۋاتقاندا، بىر
بومبا ئاشخانىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى. زەخىملىنىپ قېنى
ئېقىۋاتقان ھاۋا ئارمىيە خادىملىرى دىپول دوختۇرخانىسىغا توپ-
لاشتى، تاشقى بۆلۈم دوختۇرى كېين ھونولۇلۇدىكى دوختۇرلارغا
جىددىي تېلېفون بەردى: ”تېزدىن تاشقى بۆلۈم قۇتقۇزۇش ئەت-
رىتى ئەۋەتىڭلار!“

بۇ چاغ كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ئاز كۆرۈلىدىغان تاسادى-
پىي بىر ئىشقا توغرا كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا ھونولۇلۇدىكى
ھەربىر تاشقى بۆلۈم دوختۇرلىرى نيۇ - يوركتىن كەلگەن
دوكتور جون موھادنىڭ جەڭ ئۈستىدە قۇتقۇزۇش دەرسىنى
ئاڭلاۋاتاتتى. زور تۈركۈمدىكى دەرس ئاڭلىغۇچىلار دىپول دوخ-
تۇرخانىسىغا يېتىپ باردى.

يەنە بىر تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغىنى، دوكتور موھاد
ئادەمنىڭ تېنىدىكى سىنارەد پارچىسىنىڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپ
چىقالايدىغان تاشقى بۆلۈمنىڭ بىر خىل يېڭى سايمىنىنى تېخى
ھېلىلا كۆرسەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە بۇ خىل يېڭى سايمان
توپ ئوقىنىڭ سىناقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك
ۋاقىتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بەردى، ئۇ بولمىغان بولسا رېنت-
گېندە تەكشۈرۈش قەغىزىنى ساقلاشقا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى.

دوختۇر بېنكتون ئايال پادشاھ دوختۇرخانىسىدا بالنىس
ئارىلاۋاتقاندا، تۆۋەندىكى جىددىي كېسەللەرنى داۋالاش بۆلۈمى-
دىن چىققان قالايمىقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. بىرقانچە ئون ماشىنا

يارىلانغان پۇقرالارنى ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇت - قولى زەخىملەنگەن، بەزىلىرى كۆيۈپ كەتكەنىدى. بېنكتون تېزدىن چىقىپ يولىيورۇق بەرگىلى تۇرغاندا، دېپول دوختۇرخانىسىدىن: — قان پلازمىسى! تېز ! — دەپ تېلېفون كىلىپ قالدى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن، دوختۇر بېنكتون ھاۋاي ئېلېكترون شىركىتىدىكى توڭلىتىپ ساقلاش ئامبىرىغا كەلدى. بۇ يەرنىڭ قان ئامبىرى شۇ جايدا ئىدى. بۇ يەردە 210 بوتۇلكا، 250 لىتر قان پلازمىسى بار ئىدى. ئۇ 60 بوتۇلكا قان پلازمىسىنى ئايال پادشاھ دوختۇرخانىسىدىكى پۇقرا يارىدارلارغا قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى ئېلىپ تېزدىن دېپول دوختۇرخانىسىغا يېتىپ باردى.

پېئارل - ھابور پورتىدىن تېلېفون كەلدى: — قان پلازمىسى!

قىممەتلىك قان پلازمىسى يەنە بىر قېتىم تەڭشىلىپ چىقىرىلدى ھەمدە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە پېئارل - ھاربور پورتىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەرىكەت ناھايىتى تېز ئىدى.

چۈش ۋاقتى سائەت 11 دە دوختۇر بېنكتون رادىئو ئارقىلىق قىسقا مۇراجىئەت چىقاردى. يېرىم سائەتتىن كېيىنلا 500 ئادەم دوختۇرخانا دەۋازىسى ئالدىغا يىغىلدى. تەربىيىلەنگەن تېخنىك خادىملار بىردەك سەپكە ئاتلىنىپ، 12 ئۈستەل ئۈستىدە ئىشلەشكە كىرىشتى، بىراق ئېلىنغان قان يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانىدى، بەزى قان بەرگۈچىلەر يەتتە سائەت رەتتە تىزىلىپ تۇردى. يۈزلىگەن ياپونىيىلىك مۇھاجىرلار ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇنىسىز نەپرىتىنى ئىپادىلىدى.

نۇرغۇن ئائىلىلەر پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە قوزغالدى، 18 ياشتىن 50 ياشقىچە چەكلىمە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى

ئوغۇل باللار يېشىنى يالغان مەلۇم قىلدى. بەزى ياشانغانلار ئۆزىنىڭ دەل شەرتكە چۈشىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالدى.

نۇرغۇن قان تەقدىم قىلغۇچىلار قايتىپ كېلىپ يەنە قان بەردى. دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەسكىرى تونۇپ قېلىندى.

— دەرھال قايتىپ كېتىشىڭىز كېرەك، — سېستىرا ئۇنى ئاگاھلاندۇردى.

— قېرىندىشىم ئۆلتۈرۈلدى، — دېدى ئۇ: — مەن بىرئاز ئىش قىلىشىم كېرەك.

قاباھەتلىك چۈشتەك بۇ كۈندە، ھاۋايدىكى ھەربىر كىشى بىردەك ھالدا: "مەن بىرئاز ئىش قىلىشىم كېرەك!" دېمەكتە ئىدى.

دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا كېسەل ئەھۋالى ياخشىلانـ
غان كېسەللەر، زەمبىل بىلەن ئۇزۇلمەي ئېلىپ كېلىنۋاتقان يارىدارلارغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن تېزدىن سىرتتىكى ۋاقىتـ
لىق تۇرىدىغان جايغا يۆتكەن كېتىلدى. نۇرغۇن ياش ماتروسلار قولى ياكى پۇتىدىن ئايرىلغان، بىرقانچە يۈز كىشى كۆيۈپ جاراھەتلەنگەنىدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ روھىغا ئىشىنىش تەس ئىـ
دى. كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، يارىـ
دارلارغا تولۇپ كەتكەن (نۇرغۇنلىرى ئەجەللىك جاراھەتلەنگەن) دوختۇرخانىدا، پۈتۈنلەي تىپتىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. قاـ
لايمىقانچىلىق، يىغا ئاۋازى يوق ئىدى، ۋارقىرىغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى، پەقەت: "بۇ پۇتۇمغا قاراڭ، سېستىرا خېنىم، ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ" دېگەن گەپنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى.

بىر سائەت ئىچىدە، ئوغۇل باللار قۇرامىغا يەتكەن ئادەمـ
گە، قۇرامىغا يەتكەنلەر قەھرىمانغا ئايلاندى. ھەربىي دوختۇر

بىر رەت قاتار ياتقان يارىدارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر قىسىملىرىنى تاللاپ جىددىي قۇتقۇزماقچى بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئېغىر بىر يارىدار دەرھاللا چېلىقىپ قالدى. بىر ياش يىگىتنىڭ كۆيۈپ كەتكەن تېنىدىكى تېرىسى بەدىنىدىن پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ قالغانىدى. بىراق بۇ يىگىت: ”يېنىمدىكى بىر ھەمراھىمنى كۆرۈپ بېقىڭ، دوختۇر، ئۇنىڭ كۆيۈكى مېنىڭكىدىن ئېغىر“ دېدى.

”ھەمراھىمنى كۆرۈڭ!“ دېگەن بۇ سۆز بۇ كۈنى سانسىز قېتىم دېيىلدى.

بىرقانچە كۈن، ھەر كۈنى چۈشتە پېئارل ـ ھاربور پورتىدا قۇربان بولغان 3000 نەپەر سەركەردە، جەڭچىلەرنى دەپنە قىلىش بىلەن بولدى. دەپنە قىلىش ئاددىي ئەمما سالتەنەتلىك بولدى، ھەددىدىن ئارتۇق كۆرگۈچىلەرمۇ يوق ئىدى. ھەربىر قەبرىگە بىر دەستە گۈل قويۇلغانىدى. ئېغىزى ھىم ئېتىلگەن، سېرىق كاجى ھەربىي كىيىم كىيگەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنىڭ ئەزالىرى، يىراقتىكى تاغ ـ ئېدىرلارغا تىكىلىپ، قەدەملەپ ئالدىغا مېڭىپ، مىلتىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئۈچ قېتىم ئوق چىقاردى؛ كانايچى ئەسكەرلەر «ئەڭ ئاخىرقى ئورۇن» دېگەن مۇزىكىنى چالدى، كاناي ئاۋازى سۇزۇك بولۇپ، تېپتىنچ جىلغىدا ياڭرىدى. بۇ ئاجايىپ رىۋايەت ۋە ناخشا ـ قوشاقلارغا تولغان بىر جىلغا ئىدى. بۇ يەردىكى بەختىيار خەلق 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تىنچ ۋە ئەركىن ياشىغانىدى.

يېڭى يىلنىڭ تۈنجى كۈنى، ھونولۇلۇدا خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ئۆلگۈچىلەرگە ماتەم تۇتۇلدى. مىڭلىغان ئادەم قاتناشتى، ھەممە كىشى ئۆلگۈچىنى خاتىرىلەپ ھاۋاي گۈلچەمبىرەكنى تاقىغانىدى. ئۇلار ئۇزۇن، كەڭرى خەندەكنىڭ ئەتراپىغا

توپلاشقانىدى، قاتار - قاتار قويۇلغان ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى خەندەكتىكى ئۆزلىرىنىڭ مېيىت ساندۇقىدا ياتاتتى، ئۇلار مۇرنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان، ھازىر ئۇلار يەنە مۇرنى - مۇرىگە تىرەپ ياتماقتا ئىدى. ئالتە نەپەر ھاۋايلىق قىز رىتىمى ئاستا، يومشاق ئاھاڭدىكى «ئاھ، ئەلۋىدا» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى.

فلوتنىڭ ھەربىيگە ھەمراھ باستېرى مېككىر قەتئىي تەلەپپۇزدا: "ئۇلارنى بىھۇدە قۇربان بولدى دەپ قارىمايلى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بىر تىنىقى قالغۇچە كۈرەش قىلدى، يىغلىمايلى! ھەسرەتلەنمەيلى! ئۇلار شەرەپلىك ئۆلدى! قۇربانلىرىمىزنى ھەسرەت - نادامەت چەككەن ھالدا دەپنە قىلدۇق دېمەيلى. ئۇلار باتۇرلارچە ئۆزىنى تەقدىم قىلغانىكەن. ئۇلارمۇ باتۇرلارچە دەپنە قىلىنىشى كېرەك. بىز چوقۇم ئۇلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك. چوقۇم قىساس ئالىمىز!" دېدى.

# 20. غەۋۋاسلارنىڭ ئەنگلىيە فلوتىنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈشى

D.J راتكلېف

”سۆيۈملۈك ئانا: سىز بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغۇچە، مەن ئالەمدىن كېتەرمەن. مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن خەتەرلىك بىر ئىشقا قاتناشقانىدىم، ئەمما مەغلۇپ بولدۇم“.

بۇ ــ ئىتالىيە دېڭىز ئارمىيىسىدىكى فېيىننىڭ 1941 - يىلى روژدېستۋو بايرىمى ھارپىسىدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى يازغان ئۈچ پارچە خېتى ئىچىدىكى بىرىنچى پارچە خەت ئىدى، ئىككىنچى پارچە خېتىدە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېگەنىدى. ئۈچىنچى پارچە خېتىدە بولسا، ئۇرۇش ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدىم دېگەن. ۋەزىپە ئاخىرلاشقاندا، ئۇ بۇ ئۈچ پارچە خەت ئىچىدىكى مۇۋاپىق بىرىنى تاللاپ پوچتىغا سالغانىدى.

فېيىن 27 ياشلىق، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان قاۋۇل ھەم بەستلىك بىر يىگىت ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنتايىن دادىل بىر پىلاننى ئىجرا قىلماقچى بولغانىدى؛ ئۇ ئالتە كىشىلىك بىر گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئەنگلىيىنىڭ ئىسكەندىرىيە پورتىدىكى دېڭىز ئارمىيە كۈچلىرىگە تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولغانىدى. ئېغىرلىقى نەچچە يۈز قاداق كېلىدىغان بىرقانچە ئادەمنىڭ 32 مىڭ توننىلىق ئۇرۇش پاراخوتىغا تاقابىل تۇرۇش، بىر قېتىملىق كارامەت ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئۆزىنىڭ

ئاساسلىق كۆشەندىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ئۇنىڭ پېشانىسىگە گەپ يوق پۈتۈلگەنىدى. ۋېنستون چېرچىل: "بۇ پەم ـ پاراسەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغان مىسلىسىز بىر جەڭ مىسالى" دېگەنىدى.

فېيىننىڭ ۋەزىپىسى ئۆرۈش تەرەققىياتىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق جەڭ قىلغۇچى پاراخوتلىرىنى پارتلىتىپ سۇغا غەرق قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەنگلىيە چوڭ بىر ھەربىي پاراخوت بىلەن سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى بىر ئاۋئاماتكىنى زىيان تارتقانىدى. ئوتتۇرا دېڭىزدا قېپقالغان ئىككى چوڭ ھەربىي پاراخوت ئىسكەندىرىيە پورتىغا مۆكۈنۇۋالغانىدى. فېيىن ۋە ئۇنىڭ پىدائىيلىرى «قاۋان» دەپ ئاتالغان بىر خىل كىچىك تىپلىق سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن بىۋاستە پورت ئېغىزىغا كىرىپ شۇ يەردىكى ھەربىي پاراخوتلارغا تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولغانىدى.

ئۆز ۋنلۇقى 22 ئىنگلىز چىسى، دېئامېتىرى 21 ئىنگلىز سۇنچى كېلىدىغان ھەربىر «قاۋان» ئاۋازسىز ئېلېكتر ماتورى ئارقىلىق ماڭاتتى، ئۇ مېڭىش مۇساپىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىككى، ئۈچ سائەتتە ئون دېڭىز مىلى سۈرئەت بويىچە ماڭاتتى، ئۇنىڭ ئالدى قىسمىدا ئاجرىتىۋالغىلى بولىدىغان 660 قاداق ئېغىرلىقتىكى پارتلاتقۇچى بۇيۇملار بار ئىدى. پورت ئېغىزىغا كىرگەن ھامان، زەربىدارلار گۇرۇپپىسى پارتلاتقۇچ دورىنى پاراخوت ئۈستىگە ئورنىتىپ، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولغانىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشىغا كۆز يەتكۈزۈپ بولمايتتى. فېيىن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە قايتىپ كېلەلمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن، ۋەسىيەت يېزىش ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىش تەۋسىيە قىلىنغانىدى.

دى. گوروپپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ بىرەرسىگىمۇ توي قىلىشقا ئىجازەت بېرىلمىگەنىدى. ئەمما، فېيىن: "بىرەر ئوغۇل تېپىپ قويماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى زادى راۋا كۆرمەيمەن" دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەچكە، گېنۇيىدىكى بىر كاتتا ئائىلە-نىڭ چىرايلىق قىزى بىدىغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغان ۋە مەخپىي توي قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغانىدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بۇ ئۈچ گوروپپىدىكىلەر ئىس-كەندىرىيە پورتى سىرتىدىكى دېڭىز ئاستىدا توختىغان بىر سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىقتى. ئەنگلىيىنىڭ «پالۋان» ۋە «شاھبانۇ ئېلزابېت» ناملىق چوڭ ھەربىي پاراخوتىنىڭ پورت ئېغىزىدا تۇرغانلىقىنى يېڭى ئاخباراتلار مانا مەن دەپ ئىسپاتلاپ تۇراتتى. فېيىن ۋە ئۇنىڭ گوروپپا خادىملىرى ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجە-لىك ئەسكەرلەر بېئانچ «پالۋان» ناملىق پاراخوتقا، دېڭىز ئار-مىيە لېيتنانتى ماسگېيان بىلەن سېجگت «شاھبانۇ ئېلزابېت» ناملىق پاراخوتقا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. دېڭىز ئارمىيە لېيت-نانتى ماتروتا بىلەن مالېنو 16 مىڭ تونىلىق فلوتنىڭ ماي پاراخوتىغا زەربە بەرمەكچى — لەيلىمە بومبا ئېتىپ ماي پارا-خوتىدىكى ماي ئارقىلىق پۇتكۈل پورتنى ئوت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولدى. ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ گوروپپىدىكى خادىملار قىرغاققا چىقىپ، بىر بېلىقچى كېمىسى-نى تۇيدۇرماي ئەكېلىپ، 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئىتالىيە-نىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى.

كەچ سائەت ئالتە بولۇپ ھايال ئۆتمەي، گوروپپا خادىملى-رى ئۈستىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرىدىغان غەۋۋاسلارنىڭ رېزىنكە كىيىمىنى كىيدى. ئۇلار چۈشكەن قېيىق پورت ئېغىزىدىكى ماياكقا قاراپ ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار «قاۋان» غا مىنىۋېلىپ، سۇدىن بېشىنىلا چىقىرىپ كەلمەكتە ئىدى.

مۇددەتلىك پارتلاش ئۇسكۇنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ماي پاراخوتىنىڭ پارتلاش ۋاقتى ئەتىگەن سائەت بەشتىن 55 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتقا، «پالۋان» ناملىق پاراخوتنىڭ سائەت ئالتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتقا، «شاھبانۇ ئېلىزابىت» ناملىق پاراخوتنىڭ سائەت ئالتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەن ۋاقىتقا توغرىلاندى. ھازىر ئۇلارنىڭ تېخى تاماق يېيىشكە ۋاقتى بار ئىدى، بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخ تامىقى بولسا كېرەك. ئۇلار پېچەتلىك كونسېرۋا قۇتىسىدىن تۇزلۇق توخۇ، بولكا ۋە كىچىك بوتۇلكىلىق شامپان ھارىقىنى ئالدى.

ھازىر ھەربىي پورتنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى مۇداپىئە سىم توسۇقلىرىغا يېقىنلىشىدىغان پەيت بولۇپ قالغانىدى. سۇ ئاستى پاراخوتىدا ھاۋا ئارقىلىق كېسىش قايچىسى ھازىرلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاۋاز چىقىپ كېتەتتى، يەنە كېلىپ سىم توسۇقلارنىڭ ھەممىلا يېرىگە پارتلاتقۇچلار ئېسىپ قويۇلغانىدى. فېيىن كېيىنكى ھەرىكەت ئۈستىدە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان چاغدا، ماياك بىلەن پورت ئېغىزى تويۇقسىزدىنلا تەڭ يورۇپ كەتتى، دېمەك، پورتقا پاراخوت كىرمەكچى بولغانىدى.

سىم توسۇقلۇق ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا، فېيىن ”چىقىڭلار“ دېۋىتىپ قالدى! شۇ ئەسنادا ئۈچ قوغلىغۇچى پاراخوت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پەيدا بولغانىدى. ئۈچ «قاۋان» ئۇنىڭغا يېقىن ئەگىشىپ ماڭغان پېتى قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن چىققان بولدۇق ئېقىنىدا ھەدەپ ئىغاڭلاپ ماڭماقتا ئىدى.

پورت ئېغىزىغا كىرىش بىلەن تەڭلا، بۇ غەۋۋاسلار ئۆز نىشانلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. فېيىن «پالۋان» ناملىق پاراخوتقا يېقىنلىشىپ، بىر مۇھاپىزەت توسۇقىغا ئۇسۇۋالدى. ئۇ بېئانچ بىلەن سىم توسۇقنى نېرى قىلىۋېتىشكە ئۇ-

رۇنغان بولسىمۇ، سىم توسۇق بەك ئېغىر بولغاچقا ئىش ئەپلەش-مەي قالدى. ھازىر پەقەت بىرلا يول قالغانىدى. ئۇ بولسىمۇ «قاۋان» بىلەن توسۇق ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش ئىدى. ئاتلاپ ئۆتكەندىمۇ تۇيدۇرماي ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ يەنە دەرھال سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

پارتلاتقۇچنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەممىدىن باب كېلىدىغان ئورۇن بىرىنچى نومۇرلۇق توپ مۇنارى ئىدى. ئورنىنى ئاخىرقى قېتىم تايىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن، فېيىن سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، بىر باغلام تانىنى قويۇۋەتتى، بۇ — ئۇنى «قاۋان» غا باشلاپ بارىدىغان تانا ئىدى. ئەمما ئۇ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە بارغاندا، «قاۋان» قوزغىلالماي قىلىۋىدى، ئۇ مېتال يىپ پەر-رەككە يۆگىشىپ قالغان بولمىسۇن يەنە دەپ قالدى. ئۇ بېئانچقا بۇ يەرگە كېلىپ تۇزەشكە بەلگە بەردى. بىراق بېئانچ نېرى كېتىپ قالغاچقا، ئۇ بۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز نېرى - بېرى قىلىشقا كىرىشتى.

پارتلاتقۇچنىڭ ئوق بېشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنىغا يۈز نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. فېيىن توڭلاپ كەتكەن يالىڭاچ قوللىرى بىلەن 660 قاداق ئېغىرلىقتىكى غەۋۋاس ئەسۋابىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ پاتقاقلىقتا ئاستا - ئاستا قوزغىتىپ ماڭماقتا ئىدى. ئالاھازەل بىر سائەتتەك ھېرىپ - چارچاپ جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، ئۇ پارتلاتقۇچ دورىنى قۇراشتۇرۇش ئورنىغا يۆتكەپ كەلدى. بىراق فېيىن قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە ئۇنى پاراخوتقا مەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇشقا مادارى يەتمەي قالدى. فې-يىن پارتلاتقۇچ دورا پاراخوتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بەش ئىنگ-لىز چىسلا كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن، جەزمەن ئۇنۇم بەرمەي قالمايدۇ دېگەن ئىشەنچىدە ئىدى. ھازىرقى ۋاقىت ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولغانىدى. دېمەك پارتلاشقا يەنە ئۈچ سائەت بار دېگەن گەپ.

ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ تۈگىشىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.
ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىشى بىلەن تەڭلا بۇژغۇن كۆتۈرۈلۈپ «پال-
ۋان» ناملىق پاراخوتتىكى كەچلىك نۆۋەتچىنى چۆچۈتۈۋىدى،
شۇ زامانلا قول چىراغنىڭ نۇرى ئۇنىڭغا توغرىلىنىپ بىر دىسكا
ئوق ئېتىلدى. قېيىن لەنگەر تاشلايدىغان بىر پونتوننى كۆرۈپلا
سۇ ئۈزگەن پېتى بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئارقىسى-
دا بېئانچ كېلىۋاتاتتى. ئۇ باياتىن نەپەس ئېلىش ئۇسكۇنىسى
كاردىن چىققاچقا، بىر مەھەل ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، تېخى
ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىپ، پونتون يېنىغا ئۈزۈپ كەلگەنىدى.
ھايت - ھۇيت دېگۈچە كىچىك بىر قولۋاق كېلىپ بۇ
ئىككىيلەننى تۇتۇپ پالۇبا ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ ئەتىگەن
سائەت ئۈچتىن 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىدى. بالۇننىڭ ئارقا
تەرىپىدە «پالۋان» ناملىق پاراخوتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۇلارنى
سوراق قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى ۋە نومۇرىنى مەلۇم
قىلغاندىن باشقا، ئۇلار ھەرقانداق ئاخباراتنى ئاشكارىلاشتىن
باش تارتتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. قېيىن پالۇبا
ئاستىدىكى بىر ئېغىز ئىسكىلاتقا — ئاساسەن پارتلاتقۇچ دورا
قويۇلغان جاينىڭ دەل ئۈستىگە سولاپ قويۇلدى. ئۇ بىر ئىستا-
كان رام ھارىقى ئىچىپ، بىر قاپ تاماكا چېكىپ زورىغا روھىنى
ئۇرغۇتتى. ئۇ سائەتنىڭ مىنۇت سېكۇنتلاپ چىكىلداپ مېڭىپ
بەشتىن 30 مىنۇت، بەشتىن 40 مىنۇت ئۆتكەنلىكىگە زەن
سېلىپ قارىماقتا ئىدى.
شۇ ئەسنادا، يىراقتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مات-
روتا گۈرۈپپىسىدىكىلەر ماي پاراخوتىنى پارتلىتىپ، ئۇنىڭ
پۈتكۈل قۇيرۇق قىسمىنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ
يېنىدا تۇرغان بىر قوغلىغۇچى پاراخوتمۇ زىيانغا ئۇچرىغانىدى.
شۇنداقتىمۇ كۆيدۈرمە بومبا پارتلاشتىن خالىي بولۇپ قالغان-
دى. ھازىر سائەت بەشتىن 54 مىنۇت ئۆتتى — پارتلاشقا

پەقەت 11 مىنۇتلا قالغانىدى. فېيىن كايۇتا ئىشىكنى كۈچەپ
ئۇرۇپ، پاراخوت باشلىقى جېرىس. پولكوۋنىك مورگان بىلەن
كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ”پاراخوتۇڭلار يەنە ئون مىنۇتتىن
كېيىن پارتلايدۇ“ — دېدى ئۇ: مەن بىگۇناھ كىشىلەرنى
قىرغىن قىلمايمەن. بارلىق دېڭىزچىلارنى پالوبا ئۈستىگە يىغى-
شىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن .
— پارتلاتقۇچى دورا قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان؟ دەپ
سورىدى مورگان، — ئەگەر جاۋاب بېرىشتىن باش تارتساڭ
سېنى يەنە ئاستىغا چۈشۈرۈۋېتىمەن، — فېيىن ئۇ گەپكە
جاۋاب بەرمەيلا قويدى. چۈنكى مورگان پارتلاتقۇچ دورىنىڭ
ھەربىي پاراخوتنىڭ ئاستى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى
بىلىپ قالسىلا، پاراخوتنى ھەيدەپ كېتىپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ
قالغان بولاتتى. فېيىن كايۇتاغا قايتۇرۇلۇپ چۈشكەندە، پارا-
خوتنىكى يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي سىستېمىسى پاراخوتتىكى بار-
لىق خادىملارغا پالۇبا ئۈستىگە يىغىلىشقا بۇيرۇق بېرىۋاتاتتى.
فېيىن مورگاننىڭ قولىدىكى سائەتكە كۆزىنى ئۈزمەي قا-
راپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاياتى، ئىنتايىن قىممەتلىك ھاياتى سائەت-
نىڭ چىكىلدىغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ كۆزدىن غايىب بولۇپ كې-
تىۋاتماقتا ئىدى. تايمېر دەل ۋاقتىغا توغرىلانغانمىدۇ؟ دەرۋەقە
بىر سېكۇنت ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتمەس. پارتلاتقۇچ دورا
سائەت ئالتىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە پارتلىدى. «پالۋان»
ناملىق پاراخوت قاتتىق سىلكىنىپ، قويۇق ئىس - تۈتەك ئىچى-
دە قالدى. فېيىن كايۇتا ئىچىدە ئىرغىــىپ، سوقۇلۇپ يۇ-
رۇپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ،
كايۇتا ئىشىكىنىڭ پارتلاشتىن ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.
ئۇ پالۇبا ئۈستىگە چىقىۋىدى، ھېچكىم كۆرمەي قالدى. ئۇ يان
تەرەپتىكى «شاھبانۇ ئېلىزابېت» ناملىق پاراخوتنى كۆزلەتمەكتە
ئىدى. سائەت ئالتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، بۇ پاراخوتتا قات-

تىق پارتلاش يۈز بەردى، ماسگىرا پارتلاتقۇچ دورىنى دەل «ئېلىزابېت» ناملىق پاراخوتنىڭ غول ماتورى جايلاشقان كايۇتا ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يېقىلغۇ ماي تۇرخۇندىن چىققانچە بېرىپ پورت ئېغىزىنى ۋە «پالۋان» ناملىق پاراخوتنى بۇلغىۋەتتى. لەڭگەر تاشلانغان ئورۇندىكى سۇ تېيىز بولغاچقا، بۇ ئۈچ پاراخوتنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى جايدىن قوزغالماي ئاساسەن تىك پېتى تۇراتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، ئىتالىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئوتتۇرا دېڭىزدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنىدى. ئىتالىيە چارلىغۇچى پاراخوتلىرىنىڭ ئۇنى قوغداپ مېڭىش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، شىمالىي ئافرىقىدىكى گېرمانىيە ـ ئىتالىيە قىسىملىرىغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى ئەمدىلىكتە ھەل قىلغۇسىز مەسىلە بولۇشتىن قالغانىدى. لېكىن بۇ چارلىغۇچى پاراخوتلار ئەزەلدىن قاراملىق بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر سەۋەبنى دەپ دېڭىز سەپىرىگە چىقمىغانىدى. ئىككىنچى كۈنى ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەتلەر ئۈستىدە ئىتالىيە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، «پالۋان» ناملىق پاراخوتنىڭ سول گىرۋىكىنىڭ سىڭايان كەتكەنلىكى ۋە «ئېلىزابېت» ناملىق پاراخوتنىڭ باش قىسمىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەر ئىككىلا پاراخوت ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ مۇسسولىن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكرىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ بۇ ھەربىي پاراخوتلار زەخىملەنمىدى دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈپ ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ سۆزىگە شەك كەلتۈرگىلى بولمىغان ھالەتتىمۇ، ئىتالىيە فلوتى پورتتا تۇرۇۋېتىپ مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى.

شۇغىنىسى، ئەنگلىيىلىكلەر تۇرلۇك ئىمكانىيەتلەر بىلەن مۇسسولىنىنىڭ ئەخمىقانە قىلمىشلىرىغا يانتاياق بولۇپ بەردى.

ئىتالىيىلىكلەر كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش يوقتەك قىلغىنى بىلەن بۇ ئىككى پاراخوتنىڭ 40 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يىراق يەرلىرىنى جىنىنىڭ بېرىچە رېمونت قىلدى. ئاخىر ئىككى پارا-خوت داۋاملىق دېڭىز سەپىرىدە بولدى. يەنە كېلىپ ھەربىي ئوركېستىر ئورۇندالدى ۋە كوتۇۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنداقتىمۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئاندىن جەڭ-گە كىرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئالتە نەپەر ئىتالىيىلىك غەۋۋاسنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالدى. فې-يىن قاھىرەگە يالاپ ئاپىرىلىپ، ئاندىن پەلەستىنگە يۆتكەلگەن-دە، شۇ يەردىكى تۈرمىدىن قېچىپ سۈرىيىگە باردى. كېيىن ئۇ يەنە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھىندىستانغا بارىدىغان پاراخوتقا يالاپ چىقىلدى، ھىندىستاندا ئۇ يەنە تۈرمىدىن قېچىپ يەنە قولغا ئېلىندى.

ئۇ تاسادىپىي خوتۇنىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇ-ۋالدى، بۇ خەتتە ئۇنىڭ خوتۇنى كېزو ئۇنداق كەپسىزتىيەي، بۇنداق شوختىيەي دېگەن گەپلەرنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئالغا-نىدى. كېزو فېيىننىڭ كىچىك ئىنىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئەقلى ـ ھوشىغا ھەيران قالغانىدى، ئۇ ئۆزىگە ئوخ-شاش ئىسىم قويۇلغان بىر ياشلىق ئوغلى بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

1943 ـ يىلى، ئىتالىيە بىلەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ ئۇزاق ئۆتمەي، فېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرەپكە قاتنىشىپ جەڭ قىلدى ھەمدە نېمىسلارنىڭ ئەسكەر يۆتكەپ لاسپېزىيىنى قامال قىلىش پىلانىنى بىتچىت قىلىشقا قاتناشتى. ئۇ بىرقانچە كىشى بىلەن سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ چېكىنىش پىلانىنى ئورۇن-داش يۈزىسىدىن پورتنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يۆتكەپ كېلىنگەن

پاراخوتتىن بىرنەچچىنى بابلاپ غەرق قىلىۋەتتى.

1945 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئالاھىدە بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ئىتالىيە شاھزادىسى ۋېنبىدو ئىتالىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئالىي ئوردېنىنى فېيىننىڭ مەيدىسىگە تاقىماقچى ئىدى. شۇ ئەسنادا، مۇراسىمغا قاتناشقۇچىلار ئىچىدىن بىر كىشى چىقىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ ئەنگلىيە ئوتتۇرا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى، «پالۋان» ناملىق پاراخوتنىڭ سابىق باشلىقى گېنېرال لېيتنانت جېرىس مورگا ئىدى. ئۇ فېيىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن «پالۋان» ناملىق پاراخوتتىكى 1700 نەپەر خادىمنىڭ بىرىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇ شاھزادە تەرەپكە بۇرۇلۇپ: ”مەن بۇ باتۇر ئەپەندىگە ئوردېن تاقاشقا مۇشەررەپ بولالارمەنمۇ؟“ — دېدى.

# 21. دۈنكېركتىكى مۆجىزە

## ئاسېر. دىۋان

دۈنكېركتىكى چوڭ كۆلەملىك چېكىنىش باشتىن - ئاياغ مول رىۋايەت تۈسىنى ئالغانىدى. ئىسپانىيىنىڭ تەڭداشسىز فلوتى قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ مۆجىزە يارىتىلغانلىقى ھەققىدە: ”تەڭرى شامال ئاتا قىلدى“ دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆز كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ قېتىم، ”تەڭرى شامال ئاتا قىلمىدى“. چېكىنىشنىڭ دەسلەپىدە، قىرغاق تەرەپتىن لەرزان شامال چىققان ھالەتتىمۇ، بىز 100 مىڭ ئادەم زىيان تارتقان بولاتتۇق.

دۈنكېرك پورتى ئوڭايلىقچە بومباردىمانچى ئايروپىلان ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئۇدا ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدىغان بىر نىشان بولغىنى بىلەن ھېچقانداق ھۇجۇمغا ئۇچرىماي كەلدى. 250 مىڭ ئادەم مۇشۇ پورتتىن يولغا چىققانىدى. ناۋادا ئۇ ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان بولسا. . .

بۇ ۋەقە باشتىن - ئاخىر مەلۇم بىر خىل سىرلىق تۈيغۇدىن نېرى بولالمىغانىدى. شۇ چاغدا بىز پاتىپاراق بولۇپ، ئۇرۇش - جېدەل ئىچىدە قالغانىدۇق؛ ھەممە ئادەم تاپا - تەنە قىلىشىپ، ۋايساپ - قاقشاپ ۋە چۇس مىجەزلىشىپ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە چىرىكلىكى ئۈستىدە قاتتىق قارغىش ياغدۇرۇپ تۇراتتۇق. باشقۇرۇش جايىدا بولماي، پاراخوت - كېمىلەر ئوبدان ئىشقا سېلىنماي، ۋەقە - ھادىسىلەر

ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇراتتى.

ئەمما، شۇنداق چاتاق چىقىپ تۇرۇپمۇ، بىز يەنىلا ئۇتۇپ چىقتۇق. ھۆكۈمەت بىلەن دېڭىز ئارمىيە تەرەپ 30 مىڭ ئادەمنى چېكىندۇرۇپ كېتىشكە تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىز 335 مىڭ ئادەمنى چېكىندۇرۇپ چىقتۇق. ئەگەر بۇنى مۆجىزە دېمىسەك، يەنە نېمىنى مۆجىزە دېگۈلۈك؟

بىز ھەر خىل تىپتىكى بارلىق كىچىك كېمىلەر دۇنكېرك چېكىنىشكە ئىشلىتىلىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن دەرھال چېكىنىش ئىشىغا قاتناشتىم. يىل بېشىدىن بۇيان، مەن دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن پات - پات ئالاقىلىشىپ، تورپېدا تازىلاش، سۇ ئاستى پاراخوتىنى ئىزدەش ۋە پاراخوت مۇھاپىزىتى قاتارلىق ئىشلارغا قاتناشتىم. دېڭىز ئارمىيە شتابىدىكى دوستلىرىم مېنى رەسمىيەت بېجىرمەيلا رەسمىي قوبۇل قىلدى. مەن تېلېفون تاپشۇرۇۋېلىپ ئىككى سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا شېنىسكە قاراپ يولغا چىقتىم. شېنىستىن كىچىك تىپتىكى بىر پاراخوت ئەترىتىنىڭ شوپۇرى سۈپىتىدە، لامبېسگادقا باردىم. رەسمىي خىزمەتكە شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنلا كىرىشتىم. چېكىنىش خىزمىتى ئالاھەزەل بىر ھەپتە داۋاملاشقان بولسىمۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چېكىنىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە كىشىنى ھەممىدىن بەك ھاياجانغا سالىدىغان پەيت بولدى.

ماڭا ئۆيۈمدىكى كىتابخانىچىلىك كېلىدىغان 30 ئىنگلىز چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ماتورلۇق قېيىق تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ ئالدى قىسمىدا بىر كېپىنكە بولۇپ، قالغان يەرلىرى ئوچۇق ئىدى، لېكىن ئۇ قوش ماتورلۇق بولغاچقا، سۈرئىتى ناھايىتى تېز ئىدى. كېمىمىزدىكى خادىملار ئىچىدە يەنە بىر دېڭىز ئارمىيە مىلادشى لېيتىنانتى، بىر ئوت قالىغۇچى ۋە بىر

پىلىموتچى بار ئىدى. سەپلەپ بېرىلگەن قورالللاردىن بولىن تىپلىق ئىككى يېنىك پىلىموت بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسىگە ئالاھىدە كۆزۈم چۈشەتتى. ئۇنى مەن تۇيدۇرماي ئېلىۋالغانىدىم. يەنە بىرقانچە مىلتىقمۇ بار. بىزنىڭ كېمىدە ھەقىقىي ۋە جانلىق بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى كوماندىرلىقنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

بىز ئالدى بىلەن لامىسگاد ئەتراپىغا يىغىلغان فرانسىيىنىڭ بىلىقچى كېمىلىرىنى تاپتۇق، بۇ بېلىقچى كېمىلەر گائېن بىلەن لېئافېردىن كەلگەن، چىرايلىق ئىسىملىرى بار رەڭگارەڭ كىچىك كېمىلەر ئىدى. ئۇلار كالىي ۋە بوئو ـ لوگېندا بىزگە ياردەم بەرگەنىدى، مۇشۇ بىرقانچە كۈندە ئۇلار يەنە دۈنكېركتە بىزگە ياردەمدە بولدى. بېلىقچىلار قاتتىق ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، بىز يېڭى بۇيرۇقنى يەتكۈزگەندىن ھامان، يەنە دۈنكېركككە قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار ئالدىمىزدا يول باشلاپ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى. ئۇلار بىلەن بىللە گوللاندىيىنىڭمۇ بىرقانچە كېمىسى بار ئىدى، دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ماڭغان بۇ قىسقا ھەم كەڭ كېمىلەر گوللاندىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغانىدى، ھەربىر كېمىدە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. ھەممىدە ھەننىۋاسىغا لۇئىس تىپلىق يېنىك پىلىموت سەپلەنگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىۋاتقان قىسقا يوللۇق پاراخوت، كۆمۈر توشۇغۇچى پاراخوت، ئۈستى ئوچۇق پاراخوتلارمۇ بار ئىدى. تىنچلىق مەزگىلىدە، بۇ پاراخوتلار دەم ئالغۇچىلارنى پورت ئېغىزىدا سەيلى ـ ساياھەت قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سۆرىگۈچى پاراخوتلارمۇ بار ئىدى.

بىر ئاپتوموبىل شەكىللىك كىچىك كېمە چوقۇم تۇنجى قېتىم ئوچۇق دېڭىزدا سەپەر قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. يەنە بىر

سایاھەت قىيىقى ھەمدە رېمونت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاتما كېمە، كىچىك تېپتىكى مۇھاپىزەتچى كېمە، مىنا تازىلىغۇچى كېمە، تورلۇق بېلىقچى كېمە، قوغلىغۇچى پاراخوتلار چېلىقىپ تۇراتتى. يەنە تېمىزا دېڭىزدىكى ئوت ئۆچۈرۈش پاراخوتى، بېلىقچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان كېمىلەر، دېڭىز قىرغىقىدىكى بار-لىق قۇتقۇزۇش كېمىلىرى ۋە چۆكۈپ كەتكەن كېمىلەردىن سۇ-زۇۋېلىنغان قۇتقۇزۇش قېيىقى بار ئىدى. يەنە سەككىز ئاي بۇرۇن چۆكۈپ كەتكەن «دونبا قورغىنى» ناملىق كونا كېمىدى-كى بىر قانچە قۇتقازغۇچى كىچىك قېيىقلار پاراخوتتىكى يەنە بىر قىسىم ئۈستى يېپىق قېيىقلارمۇ دېڭىز دولقۇنىدا ئىغاڭلاپ ماڭ-ماقتا ئىدى. بۇ قېيىقلار دېڭىز بوغۇزىدا مېڭىشقا تامامەن لايىق ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردە يەنە «جانان بلېيدون» ناملىق بىر كونا كېمىمۇ بار ئىدى. بىيور ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭدا دەم ئالىدىغان يولۇ-چىلار توشۇلاتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئۇ مىنا تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئۆتكەن يىلى پۈتۈن بىر قىش ئۇ مىنا تازىلاش بىلەن بولدى. مەن ئۇنى تونۇپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ ئىككىنچى قېتىم دۇنكېرىككە بېرىپ قايتىش سەپىرىدە، سۇ مىناسىغا تېگىپ پارتلاپ چۆكۈپ كەتكەن بىر كېمىگە ئۇرۇلۇپ، ئاستا - ئاستا چۆكۈپ كەتتى. كېمە باشلىقى (تىنچلىق مەزگى-لىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ بىر پائالىيەتچىسى) كې-مىدىكى 400 ئادەمنى بىخەتەر ھالدا چىكىندۈرگەنىدى. ھەتتا ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىتىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالغانىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئەزەلدىن بۇنداق «بىر ئېسكادرا» ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغان بولغىيتتى دەپ ئويلىنىپ قالدىم مەن. كۆپ پېتىشىغا ئاز قالغاندا مەن پورت ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىگە كېتىۋېتىپ بۇيرۇق يەتكۈزۈۋاتقان چېغىمدا، بۇ «ئېس-

كادرا» نىڭ پورتتىن چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان- لىقىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغانىدى. بۇ كېمىلەر شۇنچىلىك كىچىك ئىدىكى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ چۈش ۋا- قىتلىرىدا دەريادا بېلىق تۇتۇۋاتقان قېيىقلارنى كۆرگەندەكلا بە- لىنەتتى. بەزى كېمىلەر بەكمۇ ئاۋارە بولۇپ، كونا چاقنىڭ كامىرلىرىنى كېمىنىڭ تۇمشۇقلىرىغا تېڭىۋالغانىدى. بەزىلىرى- گە سىر - ھەل بېرىلگەن بولۇپ رەڭگارەڭ كۆرۈنەتتى. رەڭگا- رەڭ بۇ كېمىلەر كۆۋەجەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىدا ناھايىتى تېزلا غايىب بولاتتى. دەل مۇشۇ كېمىلەر ماڭىدىغان چاغدا، بىر ئەترەت بېلىقچى كېمە - راك تۇتقۇچى كېمىلەر، ئالدىنقى توس- مىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن كېلىپ، بۇ كېمىلەرگە قوشۇلۇۋا- لاتتى.

بۇ غەلىتە «تەڭداشسىز ئېسكادرا» يولغا ئاتلانغاندىن كې- يىن، بىز بىرقەدەر تېز ماڭىدىغان بىر قىسىم كېمىلەرگە يېقىن ئەگىشىپ ماڭدۇق، ئۇلار ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇتقۇزۇش پاراخوتى، رادار پاراخوت دېگەندە ئوخشاش پاراخوتلار ئىدى. X تىپلىق تەكشى بىر چاتما كېمە بىز بىلەن بىللە ماڭدى، ئۇ كۆمۈر قالىنىدىغان، كاربىبورىدىن قۇرۇقلۇققا چى- قىدىغان قىسىملار ئۈچۈن ياسالغان، 20 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئاشۇ بىر قېتىملىق چېكىنىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان سەپتىن چېكىنگەن بىر كونا كېمە ئىدى.

بۇ ئىنتايىن غەلىتە، تەسۋىرلىگۈسىز بىر كېمە قوشۇنى بولۇپ، ئۇنى ھەرقىسىما ئىنگلىزلار ھەيدەپ ماڭماقتا ئىدى. ھەربىر كېمىدىكى ئادەم ئىككىدىن ئاشمايتتى. كۆپىنچىسىدە بىرلا ئادەم بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بانكىر، چىش دوختۇرى، كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى، قېيىق ھەيدىگۈچى، پىرېستان ئىشچىلىرى، ئۆسمۈر باللار، ئىنژېنېر، بېلىقچى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاغزىدىن سۈت تېمىپ

تۆرىدىغان دېڭىز باللار قوشۇنى ۋە يۈزى خورمىدەك قارىداپ
كەتكەن ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ بار ئىدى. كۆپىنچىسى كەم-
بەغەللەر بولۇپ، پەلتوسىز بولغاچقا، كونا يۇڭ پوپايكىلىرى
بىلەن ئىچ كىيىملىرىنى بىرنېمىلەر قىلىپ كىيىۋالغانىدى.
يىرىق رېزىنكە ئاياغ كىيىۋالغان، ئۇستىۋاشلىرى چىلىق - چە-
لىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاچ قورساق بۇ ئادەملەر سوغۇقتىن
دىر - دىر تىترەپ تۇراتتى. ئۇلاردا نە قورال، نە مۇھاپىزەت
كېمىسى دېگەنلەر يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يامغۇردەك
يېغىۋاتقان ئوق ۋە ئىس - تۈتەك ئارىسىدا چۆكۈپ كەتكەن
كېمىدىن چىققان مايلار بۇلغىۋەتكەن دېڭىز يۈزىدە كېتىپ بارات-
تى. ئۇلار ئالدىدا زۇلۇم دوزىخى تۇرغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ
تۇرسىمۇ، باتۇرلارچە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.
مەن تەشكىللىچانلىقتىنمۇ كۈچلۈك بىر خىل نەرسىنىڭ بار-
لىقىنى، مەجبۇرىي يىغقان كېمىدىنمۇ كۈچلۈك بىرنەرسىنىڭ
بارلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلدىم. مەلۇم بىر مەنىدىن ئېيت-
قاندا، بۇ دەل ئۇلۇغ كۈچنىڭ ئاساسى بولۇش سۈپىتىدىكى
برىتانىيە مىللىتىنىڭ دېڭىز - ئوكياننى بويسۇندۇرۇش روھى
بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا جارى قىلدۇرۇلۇپ زورايماقتا
ئىدى. ئون نەچچە كۈنلۈك چېكىنىش خىزمىتىگە جەمئىي 848
كېمە قاتناشقانلىق توغرىسىدىكى ستاتىستىكا سانىنىڭ پەقەت
ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېلىنغان سان ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم،
بىراق مەن دېڭىزدا جەمئىي 1000 دىن ئارتۇق كېمە بار دەپ
قارىدىم. چۈنكى مەن بىر قىسىم بېلىقچىلارنى تونۇيتتىم، ئۇلار
ئەزەلدىن تىزىملانمىغان، بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولسىمۇ،
ئۆزلۈكىدىن قىسىملارنى يۆتكەشكە ماڭغان، ئون - تون چىقار-
ماي كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىدى.
بىز ئەنگلىيە دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلغاندا كۈن قاراڭغۇ-
لاشقانىدى، ھاۋا ئانچە ناچار بولمىسىمۇ، لېكىن بىزنى

چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتكۈدەك، بىر قېتىم يامغۇر ياغقانـ
ـدى. تۈن قاراڭغۇسىدا، ناھايىتى تېزلا چوڭ كېمىلەر بىزدىن
ئۆتۈپ كېتىشكە باشلىدى. بىز مېڭىۋاتقان بۇ قاراڭغۇ يولدا،
ھەر خىل غەلىتە كېمىلەرنىڭ كۆلەڭگىسى تولۇپ كەتكەندى،
ھەممە بىۋاق ئۆزگىرىپ تۇرغان دولقۇنلار چوڭ كېمىلەرنىڭ
قۇيرۇقىدىن چاچراپ تۇراتتى. قوغلىغۇچى پاراخوتلار تېز سۈرـ
ئەتتە بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقـ
قان دولقۇنلار بىزنىڭ كىچىك كېمىلىرىمىزنى ئۆرۈۋېتەكىلى
تاسلا قالاتتى. بىز رولغىلا تايىنىپ، ئۈمىدۋار بولۇپ، دولقۇن
ئىچىدە قىلىپ يەنە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ باراتتۇق.

تۈن قاراڭغۇسىدا مېڭىش خەتەرلىك ئىش ئىدى. قارا بۇـ
لۇتلار پەسكە ئەگىپ، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى كۆرگۈسىز قىلىۋېتەتـ
تى. بىز چىراغ ئالمىغان ئىدۇق، بەلگىمۇ يوق ئىدى، بۇنداق
ئەھۋالدا دوست ـ دۈشمەننى ئايرىشقىمۇ ئامالسىز قالاتتۇق.
مېڭىش مۇساپىمىز تېخى يېرىم بولمىغان چاغدا، بىزگە بىرىنچى
تۇركۇمدە قايتىپ ماڭغان كېمىلەر ئۇچراشقا باشلىدى. ئالدىـ
مىزدىن ئۆتۈۋاتقان كېمىلەردىن ئۇرۇلۇپ چىققان دولقۇنلاردىن
ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا، ئالدىمىزدا خىرە كۆـ
رۈنگەن كېمە كۆلەڭگىلىرى پەيدا بولدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە
پات ـ پات ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىراق بۇ
تاسادىپىي چىققان كانايىنىڭ ئاۋازى ئىدى. بىز ”بىر تەرەپتىن
پەرەزگە، بىر تەرەپتىن ئاللاغا تايىنىپ“ ماڭدۇق.

مۇساپە يېرىم بولغان يەردىكى بەلگىدە، بىرقانچە قوغلىغۇـ
چى پاراخوت بىزنىڭ يولىمىزنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ چارـ
لاش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. چاچراپ چىققان ئاجايىپ بۇژغۇنلار
كېمىمىزنىڭ ئالدىدىكى تورسىمان دولقۇنغا قېتىلىپ ئالدىمىزنى
توستى. ئەلۋەتتە، بەزى سوقۇلۇش ھادىسىلىرىمۇ يۈز بېرىپ
تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردىن بۇيان دوۋىر بوغۇزىغا ئالدى قىسمى

يېرىلىپ كەتكەن قوغلىغۇچى پاراخوت، ئوتتۇرا قىسمىدا چوڭ
دەز كەتكەن دېڭىز قىرغىقى كېمىلىرى توشۇپ كەتكەندى.
كېمىلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، سۈركىلىپ، ئوي - دۆڭغۇل
بولۇپ كەتكەنىدى. مۆجىزە شۇ يەردىكى، ھەربىر كېمىگە نىس-
بەتەن بۇنداق ئىش ھەرگىز دائىم يۈز بېرىپ تۇرمايتتى.

كۈن تامامەن قاراڭغۇلىشىشتىن ئاۋۋال، بىز دۈنكېرىكتە-
كى ئوت نۇرىنى پەرقلەندۈرۈۋالغاندۇق. بىز يېقىن بارغان
چېغىمىزدا، يولىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، چۈنكى بىز
ئوتنىڭ يورۇقىدا يۆنىلىشنى پەرقلەندۈرۈۋالغاندۇق. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئوت يورۇقىنىڭ شولىسىدا باشقا كېمىلەرنىڭ كۆلەڭ-
گىسىنى، بەزى كېمىلەرنىڭ يولۇچىلارنى ئېلىپ قايتىپ كېلە-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. يەنە باشقا خىرە - شىرە
كۆرۈنگەن كېمە كۆلەڭگىسىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ دۈشمەننىڭ
تورپېدالىق قېيىقى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

ئارقىدىنلا، ئايروپىلانلار يورۇتقۇچى بومبىلارنى تاشلاشقا
باشلىدى. بىزگە ئۇلار خۇددى يېڭى چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئۈستىمىزدىكى قاراڭغۇ بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈن-
دى. توپ ئوتى بىلەن بومبىنىڭ ئاۋازى ئىزچىل بىزگە ھەمراھ
بولۇپ، دېڭىز قىرغىقىغا يېقىنلاشقانسېرى، ئېتىشقان ئاۋاز
شۇنچە كۈچلۈك بولدى. يورۇقلۇقتا، ئوت كۆتۈرۈلۈپ، بىر
پارچە يالقۇندىن زور ئوتقا ئايلىنىپ، ھەممە غۇيۇلداپ بىر پاتمان
ئىس - تۈتەك پەيدا قىلىپ تۇراتتى. دۈنكېرىككە يېتىپ بار-
ساق، بىرقانچە قوغلىغۇچى پاراخوت دەل ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ
تۇرغانىكەن. بىردەمدىلا كۆيۈۋاتقان ئوق - بومبىلار بىلەن
تەرەپ - تەرەپكە ئېتىلىۋاتقان ئوقلار قاراڭغۇ ئاسماننى بەجايىكى
كۈندۈزدەكلا يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى.

قىرغاق ئۈستىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئوت يورۇ-
قىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېنىقكى ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا

بۇ ئىنتايىن ياخشى بىر قارىغا بولغانىدى، لېكىن شۇبھىسىزكى قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ئۇنۇملۇك توسما بولۇپ تۇراتتى.

دولقۇندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا كەلگىنىمىزدە، قاتتىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى. دۈشمەن ئايروپىلانى غايىب بولۇپ، ھېچقانداق بىر ئېنىق زىيادىمۇ كەلتۈرەلمىدى. چۈنكى ھېچقانداق كېمە چۆكۈپ كەتمىگەنىدى. گەرچە بۇ يەر ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چۆكۈپ كەتكەن كېمىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن جاي بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆز جايىدا تۇراتتى. دولقۇندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى بىلەن چىراغ مۇنارى كۆيۈۋاتقان ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئوت نۇرىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غايەت زور بىر پارچە ئوت ئۇدۇل شەھەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا قاراپ ئېتىلدى. قىرغاقتىن سەل يىراق جايدا ۋە پورت ئېغىزىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شەھەر رايونىدا ئوت دەھشەت بىلەن كۆيۈۋاتاتتى، بىراق دېڭىز قىرغىقى ئەتراپى ۋە بىز قاراپ ماڭغان جايلاردا ئوت كەتكەن ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى، بىز رەت ـ رەت ئۆيلەرنىڭ تىپتىنچ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ قورۇق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

بىز پورتنىڭ شەرق قىرغىقىغا يېتىپ بېرىشىمىزغىلا، يەنە توپ ئېتىلىشقا باشلىدى. ئاشۇ كوچا ـ رايونلار ئارىلىقىدا بىر توپچىلار روتىسى بار ئىدى. بىزنىڭكىلەرنىڭ ئۇنى ئاسان سېزەلمايتتى، ئۇلارنىڭ قارىغا ئېتىشى ئاجايىپ دەل ئىدى. بىز دولقۇندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىدىن ئايلىنىدىغان جايدا تۇرغاندۇق. ئۇلار دولقۇندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىغا ئوت ئاچقاندا، توپ ئوقى دەل بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى دامبىغا چۈشتى. بىرىنچى قېتىمدا ئېتىلغان توپ ئوقىنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشمىگەنلىكى چوڭ ئىش ئىدى.

بۇ مەنزىرە مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ھېرىپ ـ چارچاپ ھالى قالمىغان، ئۇيقۇسىز ئەسكەرلەر توپى، تەستە قەدەم باسقان

پېتى دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتۈپ كىچىك كېمىلەرگە قاراپ ماڭماق-
تا؛ زور تۈركۈمدىكى بۇ ئادەملەر بومباردىمانچىلىق ۋە ئوققا
تۇتۇلۇشقا قارىماي، سۇغا چىلىنىپ تۇرماقتا، ئالدىدىكىلەر سۇ-
غا مۈرىسىگىچە كىرىپ، بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك ياش
ئوفىتسېرلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئالغا قاراپ سىلجىماقتا، ئۇلار-
نىڭ بېشى دەل قىرغاقتا ئۇرۇلغان دولقۇننىڭ ئۈستىدە كۆرۈنۈپ
تۇرماقتا. ئالدىدىكى قوشۇنلار كېمىگە چىقىپ بولغاندا، كەينى-
دىكى قوشۇنلار ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭماقتا. دەسلەپتە ئۇلار سۇغا
ئۇشۇقىغىچە كىردى، ئاندىن تىزىغىچە كىردى، يەنە تىزىدىن
بېلىگىچە كىردى، ئاخىر مۈرىسىگىچە كىرگەندىن كېيىن، ئان-
دىن ئۇلارنىڭ كېمىگە چىقىش نۆۋىتى كەلمەكتە ئىدى.

بەزى چوڭ كېمىلەر دېڭىز سۇيىنىڭ پەسىيىش ۋاقتىدىكى
خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلماي، ئۇدۇل ماڭغان پېتى قىرغاققا
بېرىپ توختىدى. كىشىلەر خۇشال بولغان ھالدا تورلۇق ئارغام-
چىغا ئېسىلىۋېلىپ كېمىنىڭ گىرۋىكىگە ئۆمىلەپ چىقتى، ياكى
نەدىندۇر پەيدا بولغان ياغاچ شوتىغا يامىشىپ، ئالدىراپ -
سالدىراپ ئەنگلىيىدىن كەلگەن كېمىگە چىقماقتا ئىدى.

قىرغاقتىن چوڭ كېمىنىڭ يېنىغا بارغان كىچىك كېمىلەر
ئادەم ھەددىدىن ئارتۇق چىقىۋالغانلىقى ئۈچۈن قىڭغىر - سىڭ-
غىر بولۇپ بىر تەرەپكە يانتۇ بولۇپ قالغانىدى. چوڭ كېمىلەر-
گە زور تۈركۈمدىكى خادىملار چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، كېمىنىڭ
غولىمۇ سىڭايان بولۇپ قالاي دېگەنىدى. شۇنداقتىمۇ يېڭى ئادەم
توپى، يېڭى قوشۇن، يېڭى يالغۇز ئەسكەرلەر قۇم ئېدىرلىرىدىن
كېلىپ، قۇملۇق ساياز يەرلەردىن ئۈزلۈكسىز ئۆتۈپ كەلمەكتە
ئىدى.

قۇملۇق ساياز يەردە بومبا تېگىپ كۆيۈپ كەتكەن بىر
قوغلىغۇچى پاراخوتنىڭ قالدۇقى تۇراتتى، دېڭىز بويىدا ئاخىر-
قى قېتىم بىر تۈركۈم يارىدارلارنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن

تاشلىنىپ قالغان بىرقانچە قۇتقۇزۇش ماشىنىسى تۇراتتى.
بۇ يەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جايلار ئىزچىل ھالدا قىزغۇچ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ دۆنكىرىكتا كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىدى. ئۇنى ئۆچۈرگىلى سۇ يوق ئىدى، ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بارىدىغان بىكار ئادەممۇ تېپىلمايتتى. پارتلىغان توپ ئوقلىرى، زەمبىرەكتىن چاچراپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى ۋە ئىز قالدۇرغۇچى ئوقتىن چىققان ئۇچقۇن نۇرىنىڭ يورۇقى ئەنە شۇ قىزغۇچ تۇسنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.
تۆت ئەتراپ بەجايىكى دوزاختەك شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغانىدى. توپچىلار ليەنى ۋال ـ ۋۇل ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ئاتماقتا ئىدى. ئۈستىمىزدىن توپ ئوقىنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتكەن ئاۋازىدىن كېيىنلا بومبىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى چىقاتتى. ھاۋا بوشلۇقىنى ھەرقىسما ئاۋازلار ـــ زېنىت توپ ئاۋازى، پىلىموت ئاۋازى، ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن ئايروپىلانلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ۋە شۇڭغۇغۇچ بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى بىر ئالغانىدى. بۇنداق شاۋقۇن ـ سۈرەن ئاۋازلار ۋە كىچىك قېيىقىمىزنىڭ يالاڭ ماتور ئاۋازى بىرەر ئادەمنىڭ نورمال سۆزلىشىشىگىمۇ ئىمكان بەرمەيتتى. ھەممىمىزنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ "دۆنكىرىك كانىيى" غا ئايلىنىپ قالغاندۇق، بۇ دۆنكىرىك جېڭىگە قاتناشقانلار ئۈچۈن بىر خىل بەلگە بولۇپ ھېسابلىناتتى.
گەرچە شۇ چاغدا ھەرقىسما غاژ ـ غۇژ ئاۋازلار بولسىمۇ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كېمىگە چىقىشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ياش ئوفىتسېرلارنىڭ ئاۋازى ئەسلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، جەڭچىلەرنىڭ ئىنتىزامچانلىقىمۇ مەڭگۈ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇلار چېكىنىش ئۈچۈن ئۈچ ھەپتە كۈرەش قىلغانىدى، ئىزچىل چېكىنىش داۋامىدا دائىم قوماندانىدىن ئايرىلىپ يەككە ـ يېگانە ۋە ياردەمسىز قالىدىغان قاتناش پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان

ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇيقۇسىز، ئاچ قورساق قالىد-
مۇ، سەپ تەرتىپنى دېڭىز ساھىلىگە بارغىچە ئىزچىل ساقلاپ
كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى قوماندانلىققا بويسۇناتتى.
گالپورى ۋە مونس چېكىنىشىگە قاتناشقان پېشقەدەم جەڭ-
چىلەر، بۇنى ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ مۇشكۇل ۋاقىت
دەپ ھېسابلايتتى، جەڭچىلەرنىڭ غەيرىتىمۇ ئۈستۈن ئىدى.
مەن فرانسىيە قىسىملىرى ھەمىشە كېمىگە ھەممىدىن بۇرۇن
چىقىۋېلىپ، كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىكى چۆكۈش سىزىقىنى چىقى-
رىپ قويىدۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بىراق مەن بۇنداق
ئەھۋالنى كۆرمىدىم. مەن ئېلىپ ماڭغان فرانسىيە قىسىملىرى
ئارقا سەپ قوغدىغۇچى قىسىملىرى بولۇپ، ھەممىسى ياخشى
ئەسكەرلەر ئىدى، ئۇلار جەڭگىۋار ھالەتتە سەپراس تۇراتتى.
بىر نەپەر دېڭىز ئارمىيىسى گېنېرال پولكوۋنىكى كېمىدە
بولغاچقا، بىز دېڭىز ساھىلىدىكى ئەمەلىي خىزمەتكە قاتناشمى-
غان بولساقمۇ، لېكىن بۇ قېتىملىق جەڭگە قوماندانلىق قىل-
دۇق. بىز ئېھتىياجغا قاراپ ھەر تەرەپتە ھەرىكەت قىلدۇق.
بىز يېرىم كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر قىسىم كىچىك كېمە
ۋە چولڭ سۆرىگۈچى پاراخوتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بولغاندىن
كېيىن، نېگىپپور تەرەپتىن بىزگە قارىتىلىپ توپ ئېتىلىشقا
باشلىدى. بۇنىڭ يامان نىيەتلىك بىلەن قىلىنغان ئىش ئىكەنلى-
كى ئېنىق ئىدى. بىز ئەڭ يېقىن چۈشكەن توپ ئوقى كېمىدىن
20 يارد كېلىدىغان ئارىلىققا چۈشكەنىدى، يېقىنلاپلا قالغانىدى.
بىز باشقىلار چېكىنىپ بولغانغا قەدەر تۇردۇق، ئاندىن
تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ قوشۇندىن قېپقالغۇچىلارنى ئىزدىدۇق.
بىز مۇشۇ ئىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتساق، بىر مەھەل ئېتىلغان
توپ ئوقى دولقۇن توسمىسىنىڭ يېنىدا توختاقلىق بىر ئەسكەر
توشۇغۇچى كېمىگە تەگدى، بۇ دەل پار قازىنىغا تېگىپ، ئادەمنى
چۆچۈتىدىغان قاتتىق پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەن ئار-

قىدىنلا 1000 نەپەر فرانسىيە ئەسكىرىنىڭ دولقۇن توسمىسىغا بېرىپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ تار توسما ئۈستىدە قىستىلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، ئوت نۇرىدا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى مەلۇم بولدى. ئۇلار توپ ئوتىغا قارىماي كېمىگە چىققانىدى. ھازىر ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، داۋاملىق زەربىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. بۇ ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر كۆرۈنۈش ئىدى. بىزنىڭ بۇ كىچىك كېمە بۇنىڭغا ئامالسىز ئىدى.

ئۇلار سەپكە تىزىلىپ دېڭىز ساھىلىگە قايتىپ ماڭغاندا، تاڭ ئېتىپ، پايدىسىز يورۇقلۇقنى ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا بىز بىر سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچىنى — دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىر كىت ئۇۋلاش كېمىسىنى بايقىدۇق. بىز كېمىدىكىلەرنىڭ باشقىلارنى ئېلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدۇق، لېكىن ئۇلار بىر ماتورلۇق كېمىنىڭ تېيىز سۇدا توختاپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېمىدىكى خادىملارنى ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار كەتتى، بىز كۈتۈپ تۇردۇق. بۇ مەن بېشىمدىن كەچۈرگەن ئەڭ ئۇزۇن بىر قېتىملىق كۈتۈش بولدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن ئاستا ئىدى. ئۇلار ماتورلۇق كېمىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆرە تۇرغىنىچە گەپ تالىشىپ قالدى. ئۇ ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ چېكىنىشكە ئۇنىمىدى. ئۇ تازىمۇ بىر ئۆلگۈر يۈرەكلىك ئەبلەخ ئىكەن! ئۇ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئىزچىل تېپتىنچ ھالدا ئوڭدىسىغا يېتىپ، شۇ كۈنى كەچتە دېڭىز سۈيى كېمىنى لەيلەتكەنگە قەدەر تۇرۇپ، ئاندىن كېمىگە ئېتىلىپ چىقىپ، كېمىنى ھەيدەپ كەتتى.

بىز ئۇلارنى كۈن چىققانغا قەدەر كۈتۈپ ئاندىن دولقۇن توسمىسىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى چېكىندۈرۈپ بولدۇق. بۇ چاغدا، قىرغاقتىكى جەڭ كەسكىنلىشىپ كەتتى. جەڭ شەھەر

ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي جەڭ بىر قىسىم كوچا - يوللاردا بولغانىدى.

قايتىش سەپىرىمىزدە، شۈڭغۇغۇچ بومباردىمانچى ئايروپىلان بەش قېتىم ئۈستىمىزدىن ئۆتتى. گەرچە ئۇلار ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىش ھالىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈنكى بىز بىلەن كارى بولمىدى. گرافورېن دېڭىز قىرغىقىغا يىراق بولمىغان جايدا بىزگە پالاق بىلەن كېلىۋاتقان بىر كېمە فرانسىيىلىك يولۇقتى، بىز ئۇلارنى كېمىگە چىقىرىۋالدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ”كېمە“ نىڭ بارىدىغان نىشانىنى بىلگەندىن كېيىن، بەكلا گاڭگىراپ كەتتى. ھەممە سەمىمىيلىك بىلەن، سىلەرنىڭ بۇنداق نەرسەڭلار بىلەن ئەنگلىيىگە يېتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، بەك خەتەرلىك ئىكەن، دېدى.

دۇنكېركتىكى چېكىنىشتە، ئانچە كۆپ يۈز بەرمىگەن قىزىقارلىق ئىشنىڭ بىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق شەھەرلىرىدىن كەلگەن فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ دېڭىزدىن قورقۇش ئالامىتى بولدى. ئۇلار قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ئىشەنچسىز بىر كېمىگە چىقىشقا ھەرگىز جۈرئەت قىلالمايتتى. چېكىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە كېچىلىرىدە، بىر قىسىم كىچىك كېمىلەر دولقۇن توسمىسىغا يېتىپ كەلگەندە، نۇرغۇن ئەسكەرلەر توپ ئوقى ۋە بومبىلارنىڭ پارتلىشىغا قارىماي، كېمە ئۈستىگە چىقىشنى رەت قىلدى. مەن بەزى ياش مىلادشى لېيتېنانتلارنىڭ بىر قىسىم فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ياقىسى ۋە ئىشتىنىنىڭ ئارقا تەرىپىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى كېمىگە ئىتتىرىپ چىقارغانلىقىنى كۆردۈم.

يەنە بىر قىسىم قېيىقلاردا ھادىسە يۈز بېرىپ كۆلكىلىك ئىشلارمۇ بولغانىدى. ئۇ چاغدا ساياھەت قېيىقى بىلەن ئوينايدىغان پەسىل تېخى باشلانمىغاچقا، نۇرغۇن ساياھەت قېيىقلىرى تېخى قىش پەسلىدە تۇرىدىغان جايدا ئىدى. بۇ چاغدا بۇيرۇق

چۈشۈرۈلدى، بۇ قېيىقلارنىڭ ماتورلىرى رېمونتسىز بولغاچقا، ئورغۇن قېيىقلاردىن چاتاق چىقىپ ئوسال ھالەتتە قالدى. دەس- لەپكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە، دۆنكېركنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرى پارتلىتىلغانلىقتىن ئىشلەتكىلى بولمىدى، دېڭىز ئارمىيىسى دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈپ سۇ توشۇپ قىسىملارنىڭ ھاياتىنى قامدىدى. بىر قىسىم سۇلار مۇۋاپىق كېلىدىغان سۇ باكلىرىغا قاچىلاندى، لېكىن كۆپ قىسمى ئىككى گاللونلۇق بېنزىن تۇڭىغا قاچىلانغانىدى. بەزى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېنزىن تۇڭلىرى بېنزىن ئىسكىلاتىغا ئېلىپ كېتىلگەن ھەمدە ئېچىنىش- لىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرگەن. دۆنكېركتىكى دولقۇن توسمىسى بىلەن دېڭىز ساھىلى ئارىلىقىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك رايوندا، مەن يېقىلغۇنى ئىشلىتىپ بولدۇم، بۇ چاغدا توپ - زەمبىرەك- لەر يەنىلا شىددەتلىك ئېتىلماقتا ئىدى، ئادىمىرالمۇ دەل كېمە ئۈستىدە ئىدى، ئۇ ھەتتا بىر ئېغىز ھاقارەت سۆزىنىمۇ قىلمى- دى. لېكىن بىز يەنىلا تەلەيلىك ئىدۇق. ئارتۇق يېقىلغۇ ئېلى- ۋالغان گوللاندىيىنىڭ بىر كېمىسى دېڭىز ساھىلىدىن بىر دې- ڭىز مىلى كېلىدىغان يەردە توختاپ تۇرغانىكەن، مەن ئەڭ ئاخىرقى ئازراق بېنزىن بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

كېيىن، بىز شۇ يەردە بىر ياش مىلادشى لېيتنانت سۆزلەپ بەرگەن قورقۇنچلۇق يۇمۇرلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلىدۇق. ئۇ دې- ڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بالىلاردىن ئىكەن. چېكىنىشنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە كۈنىدە، ئۇ گېرافورېنىنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز ساھىلىگە بېرىشقا بۇيرۇ- لۇپتۇ، ئۇنىڭغا شۇ يەردە، بىر ئەنگلىيە قىسمىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنىڭ ئۈزۈپ قويۇلغان- لىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. ئۇ دېڭىز ساھىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت بىرلا ئالتە ئاتار تاپانچا بار ئىكەن. ئۇ قۇم ئىدىرلىقىغا بېرىپ قىسمىنى ئىزدەپتۇ، قاراڭ-

غۇدا ئۇ تۇيۇقسىز ئىككى ئادەم كۆلەڭگىسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ”بۇرادەرلەر، بىز سىلەرنى ئالغىلى كەلدۇق!“ دەپ ۋارقىراپتۇ.

بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، بوغۇز تاۋۇشى ناھايىتى ئېغىر بىر ئاۋاز يېتىپ كەپتۇ: “Lieber Gott! ”①

ــ شۇنىڭ بىلەن ــ دېدى يىگىت ماڭا، ــ مەن ئۇلارغا ئوق چىقاردىم، ئاندىن قاچتىم.

ئۇ دەل نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالغانىكەن.

پوتكول جەڭدە كىشىنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش گېرمانىيىنىڭ تورپېدىلىق پاراخوتىنىڭ كېرەكسىزلىكى بولدى. بىزنىڭ دېڭىز يولىمىزنى بىخەتەر بەلگە چىرىغى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ گودۇبىن ساھىلىدىن دۇنكېرك لەڭگەرلىك يېرىگىچە پۈتۈن مۇساپىگە ئورۇنلاشقانىدى. ھەربىكىتى چاققان تورپېدىلىق پاراخوت قاراڭغۇدا بىزنىڭ ئارىمىزغا كىرىۋېلىپ، ئاندىن ــ مەيلى دېڭىز بوغۇزى ئارىلىقىدا بولسۇن ياكى دۇنكېرك لەڭگەرلىك يېرىدە بولسۇن كارامىتىنى تازا كۆرسىتىۋالالايتتى.

بىر قېتىم بىز بىخەتەر بەلگە چىراغىنىڭ يېنىدا تۇرساق، بىر قوغلىغۇچى پاراخوت ئەترىتى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار پەقەت بىزنىڭ دېڭىزدىكى بىر كىچىك قارا كۆلەڭگىمىزنى كۆرگەندى. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىردانە تورپېدام بولغان بولسا، مەن باشلاپ ماڭغان قوغلىغۇچى پاراخوتنى تاللاپ قارىغا ئالغان بولاتتىم. گېرمانىيىنىڭ بىر تېز كېمىسى مەن تۇرغان مۇشۇ ئورۇندا بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەگەر گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بىرئاز ھەقىقىي جەڭگىۋارلىق روھى بولغان بولسا، مېنىڭ ئورنۇمدا گېرمانىيىنىڭ تېز كېمىسى پەيدا

---

①نېمىسچە سۆز: خۇدايىم!

بولغان بولاتتى. ئۇلار ناھايىتى ئاز ھەربىي پاراخوتىنىلا چىقاردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار لاپانىيىن ئەتراپىدا بىزنىڭ بىر قوغلىغۇچى پاراخوتىمىزنى قولغا چۈشۈردى، لېكىن ئۇلار ئىزچىل ھالدا بارلىق كۈچى بىلەن ئەستايىدىل ھۇجۇم قوزغىمىدى. دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدا بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئارىلاشما كېمىچىلەر قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش تەدبىرىنىمۇ يولغا قويمىدى. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى قاراپ تۇرۇپ ياخشى پۇرسەتنى كەتتۈرۈپ قويغانىدى.

نېمىسلار دۇنكېرك ئۇرۇشىدا ئەمەلىيەتتە ئۈچ تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. يۇرۇش قىلىۋاتقان بىر ئارمىيىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇلار ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە سان جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى؛ ئۇلار ھاۋادىمۇ مەغلۇپ بولدى، گەرچە شۇ چاغدا 500 مىڭ ئادەم بىر كىچىك يېرىم چەمبىرەك ئىچىگە قىسىلىپ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار — ئەگەر ھاۋا ئارمىيىسى كەسكىن بولغان بولسا — ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلەيتتى؛ دېڭىز ئۈستىدىمۇ، ئۇلارنىڭ تورپېدىلىق كېمىسى ئاشۇنداق ئەسقاتماي، بىزنىڭ ئۇلارغا ئاساسەن ئېتىبارسىز قارىساقمۇ بولىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بەردى؛ ئۇدا بىرقانچە سائەت، بىز ھەركىم ئىختىيارىي ئۆلتۈرەلەيدىغانغا ئوخشاپ قالاتتۇق، لېكىن ھەر قېتىمدا بىز تىنچ - ئامان لامىسگادقا قايتىپ كېلەلەيتتۇق. ئۇ يەردە بىز قىرغاقتا چىققان ئەھۋالنى كۆردۇق، ھەربىر چوڭ تىپتىكى پاراخوتتىن ئىككى - ئۈچ يۈز ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ، باش - ئايىغى يوق سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئېقىنىغا ئايلىنىپ، پورت ئېغىزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئەگرى سىزىق شەكلىدىكى قۇرغان تامغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ھەر بىر كېمىدە ئېلىپ كەلگەن ئادەملەر ئىچىدە بەش - ئالتەدىن يارىدار بار ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى

ھەتتا دوۋىرغىچە كەلگەنىدى؛ لامىسگادتا بىز ئاساسلىقى سەپەردە ئايروپىلاننىڭ بومباردىمانچىلىقىقا ئۇچراپ بىچارىلارچە ھايات قالغۇچىلارنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىنزىنىدە كۆيۈپ جاراھەتلەنگەن، بەزىلىرى سىنارەد پارچىسى تېگىپ يارىدارلانغان، يەنە بەزىلىرىگە ئايروپىلاندىكى پىلىموتنىڭ ئوقى تەگكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يارىسى تېخى تېڭىلمىغان، ھەتتا ئاساسەن خەۋەر ئېلىنمىغان. ئۇلار قىرغاققا ئېلىپ چىقىلغاندا، خۇددى سۇدىن سۆرەپ چىقىلغاندەك بولۇپ قالغان، بۇلار پالاكەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ بىچارە ئادەملەر ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ سانى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئاز ئىدى.

مانا! بۇ مېنىڭ دۇنكىرك ھەققىدە كۆرگەنلىرىم. بىرقانچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىز: دوۋىر بوغۇزى خۇدا لايىھىلىگەن تانكىغا قارشى خەندەك دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق.

# 22. ئىمپېرىيە ئوردېنىغا ئېرىشكەن خانقىز

## پاترىسىيا. ستراۋس

كۆل رەڭ ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان لوندوننىڭ لانبېس رايونىدا، ئىشىك كېشەكلىرى سېرىق سىرلانغان بىر ئۆي بار. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، توي قىلمىغان ئۈچ قىز مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى، ئۇلار دېراموندې ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئاچا - سىڭىل ئىدى. قوشنىلار ئۇلارنىڭ خانقىز جونس، خانقىز فرانسىس ۋە خانقىز ۋىكتورىيە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەددى - قامىتى كېلىشكەن، نازاكەتلىك قىزلاردىن بولۇپ، كىچىك جانۋارلارغا ئامراق ئىدى. ئۇلارنىڭ دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىچىك باغچىسىدا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

خانقىز ۋىكتورىيە زىلۋا بوي قىز بولۇپ، چىرايىدىن كەسكىنلىك ھەم مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. سۆز قىلسا ئاۋازى زىل ھەم ئىنچىكە چىقاتتى. بەزىدە ھەددىدىن ئارتۇق ئۇياتچان ھەم تارتىنچاق كۆرۈنەتتى. ۋىكتورىيە پات - پاتلا ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى، قوشنىلىرى ئۇنى دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى كەتتى، دەپ قارايتتى.

1941 - يىلىنىڭ بىر ئەتىگىنى، لانبېس رايونىدىكى ئاھالىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا، ۋىكتورىيىنىڭ ئىسمىنىڭ گېزىتنىڭ باش سەرلەۋھىسىگە چىقىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئەنگلىيە لاۋ-

ئېد كېمىچىلەر جەمئىيىتى ئۆنىڭغا بىر مۇكاپات ئوردېنى بەرگەنىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى سودا كېمىسىدىكى ئەرلەرگە بېرىدىغان ئەڭ ئالىي مۇكاپات بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىرمۇ ئايالغا بۇنداق مۇكاپاتنى بېرىپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پادىشاھ ئەللىرىمۇ ئۆنىڭغا بىر ئىمپېرىيە ئوردېنى بەرمەكچى بولغانىدى. ماقالىدە، خانىقىز ۋىكتورىيە ئەنگلىيە سوۋدا كېمىسى ساھەسىدە پاراخوت مېخانىكى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئايال دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. قوشنىلار، ئادەتتە تۇرمۇشىغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، تارتىنچاق ھەم كەم سۆز ۋىكتورىيە خېنىمنىڭ، قەرەلسىز يۈك پاراخوتىنىڭ دىمىق، مايلىشاڭغۇ، شاۋقۇن توختىمايدىغان كايۇتاسىدا بىرقانچە ئاينى ئۆتكۈزگەنلىكىگە ھەرگىزمۇ ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

بالىلىق ۋاقتىدىلا، ۋدولىيىدە قىزلاردا كەم ئۇچرايدىغان مېخانىكىغا بولغان ئىنتايىن زور قىزىقىش ئىپادىلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئېنگىلاندلىق ئاتا ـ ئانىسى چوقۇم باشقىلارنى چۈشىنىشكە ماھىر ئادەملەر بولسا كېرەك. ئۇنىڭ دوندىدىكى بىر زاۋۇتتا شاگىرت ئىشچى بولۇشىغىمۇ قوشۇلغانىدى. ماشىنىسازلىق ئىشلىرى بىلەن ئەمەلىي تونۇشۇشىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ خۇمارىغا "داۋا" بولمىدى. ئۇ ئوكيان پاراخوتىغا كېلىپ ئىشلىدى، ھەمدە ئاۋستىرالىيىگە بارىدىغان بىر كىرا پاراخوتىدا بىر مەزگىل تۇربىناغا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلىدى.

گېرمانىيىگە جەڭ ئېلان قىلىغاندىن كېيىن ئۇ قىرغاقتىكى راھەت خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ سودا پاراخوتى ئەترىتىگە قاتناشتى. پۈتكۈل دۇنيىرىك جېڭى مەزگىلىدە، ئۇ ئۇزلۇكسىز پاراخوتنىڭ تۇربىناسىدا ئىشلىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇ يەنە ئۇن ـ تىنسىز ئائىلىسىنىڭ كىچىك ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

كېيىن ئامېرىكىغا قاتنايدىغان «بورىتا» ناملىق پاراخوتنىڭ

خادىملىرى ھەيرانلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇربىنانى باشقۇرغۇ-
چىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار تېخىمۇ ھەيرانلىق
بىلەن، ئۇنىڭ تۇربىنانى باشقۇرۇشقا پىششىق ئىكەنلىكىنى،
بەلكى باشقۇرۇش تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ھەرقانداق بىر كىشى-
دىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇ-
لۇق سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ: "ۋوي! مەن ئۇلار
بىلەن پەقەت سەممىي سىرداشتىم. خالاس، سىز تۇربىنانى
ئالداپ ئىشلىتىشىڭىز ياكى يېتەكلەپ مېڭىشىڭىز مۇمكىن،
لېكىن ئۇلارنى ھەرگىز بويسۇندۇرالمايسىز" دېگەن. بۇ سۆزلەر
ماتروسلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان. بىراق ئۇلار پورتتىن 48
سائەت ئايرىلغاندىن كېيىن، بەختكە يارىشا خانقىز ۋىكتورىيە
بولغانلىقتىن، پاراخوتتىكى بارلىق خادىملار ھاياتىدىن ئايرىلىپ
قالمىغان.

«بورىتا» ناملىق پاراخوت قىرغاقتىن ئايرىلىپ 400 دېڭىز
مىلى ماڭغاندىن كېيىن، تۆت ماتورلۇق بىر ناتسىست بومباردى-
مانچى ئايروپىلانى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. خانقىز ۋىكتورىيە
تۇربىنا ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. بىرىنچى بومبا پارتلاپ ئۇنى
رېشاتكىغا قاتتىق ئېتىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، تۇربىخانىدى-
كى بارلىق خادىملارنى يىغىپ، ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈردى، بۇ
بۇيرۇق پەقەت "چېكىنىڭلار!" دېگەن بىرلا سۆز ئىدى. ئۇ
ھايات قېلىش ئۈمىدىنى ئۇلارغا بېرىپ، ئۆزى شۇ يەردە
قېپقالدى.

قوراللانمىغان بىر پاراخوتنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانىغا
تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، بۇ بولسىمۇ پاراخوتنىڭ
مۇقىم يۆنىلىشىنى چوقۇم ساقلاپ، دۈشمەن ئايروپىلانى بومبا
تاشلاش ئورنىنى توغرىلاپ بولغانغا قەدەر تۇرۇپ، ئاندىن پارا-
خوت گەۋدىسىنى قاتتىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بومبىنىڭ چۈشۈش
سىزىقىدىن چەتنەش ئىدى، بۇ مىنۇت - سېكۇنتتا ھايات -

ماماتلىق بەلگىلىنىدىغان ئىش ئىدى. تۇربىنادىن ھاسىل قىلىنى-
غان تېزلىگەن سۇرئەت ـ پاراخوت باشلىقىنىڭ كالانپاي پاراخوت
گەۋدىسىنى ئايلاندۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى. مۇشۇ پۇر-
سەت ئارقىلىق ئۇستىدىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن كۆ-
رەش قىلغىلى بولاتتى. ئەمما تۇربىنا ئۆيىدە پەقەت ۋېكتورىيە
يالغۇزلا قالغانىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن بىر ئوفىتسېر بۇ قېتىم-
قى خەتەرلىك ھەرىكەتكە باھا بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
”ئون مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ تۇربىنىسى بىلەن بولغان
سىردىشى“ شى شۇنداق ياخشى بولدىكى، پالاكەت پاراخوتىمىز-
نىڭ توققۇز غۇلاچلىق سۇرئىتى 12 يېرىمغا كۆتۈرۈلدى. بومبا
مورا، سىم تاناب ۋە تورۇبا يوللىرىنى پارتلىتىۋەتتى، ئاساسلىق
ماتورنىڭ كلاپانى بوشاپ كەتتى. پىژ ـ پىژ ئىسسىق پار پىژىل-
داپ ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتتى. ئەگەر تېخنىكىسى سەللا بوش
ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئاستىدا قالغان بولسا، ئاساسلىق تۇرۇبا
يولى بېسىم ئېشىپ كەتكەنلىكتىن پارتلاپ كېتەتتى، بىراق ئۇ
ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كۆپ قېتىم پارتلاشتىن ساقلىنىپ قال-
دى. ئۇ ئايروپىلان ماتور ئاۋازىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ
بومبىنىڭ چۈشكەنلىكى ياكى پارتلىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىپ،
تۇربىنانى بىمالال باشقۇردى. بىر قېتىم مەن تۇڭلۇكتىن تۆۋەن-
گە قاراپ ئۇنى كۆردۈم. بىرقانچە ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭغا
ئىلھام بەردىم. ئۇ باشقۇرۇش ئورنىدا تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئەترا-
پى پۈتۈنلەي ھاۋادىن چۈشكەن پىلىموت ئوقىنىڭ مىشەكلىرى
بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قولىنى بېشىنىڭ ئۈستى
تەرىپىگە سوزۇپ، ئاكسىلېرتورنىڭ دەستىسىنى تۇتۇۋالغان بو-
لۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم بېسىپ كەلگەن پارنىڭ
شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاساسلىق تۇرۇبا يولىدىن ئۆتكۈزۈش
ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ ئىپادى-
سىز ئىدى. ئۇ ئارقىسىنى كايۇتا تېمىغا قىلىپ، بېشىنى كۆتۈ-

رۈپ كۈنگە قاراپ تۇرغانىدى. لېكىن ئۇ مېنى كۆرمىدى. ئۇ بىر كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن ئۆزۈنچاق يۈزىگىچە، قاراماي تامچىۋاتاتتى.

پاراخوت ئۈچ قېتىم تېزلىتىلىپ، داۋالغۇپ مېڭىپ، بوم-باردىمانچى ئايروپىلاننىڭ جان ئالىدىغان دەھشەتلىك بومباردىما-نىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئاخىر دۈشمەن ئايروپىلاننىڭ ئوقى تۈگەپ ئۇچۇپ كەتتى. ۋىكتورىيە سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. پاراخوت ئۈستىدىكى قېيىق ۋە پالالوبا بومبىنىڭ دەستىدىن ساق يېرى قالمىغانىدى، پاراخوتقىمۇ سۇ كىرىپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇ يەنىلا سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى.

«بورىتا» ناملىق پاراخوت ۋىرگىنىيىگە كەلگەندە، نور-فولك پورتىدىكى ئاھالىلەر ماتروسلاردىن بۇ ھېكايىنى ئاڭ-لىدى. (بۇ ئىش توغرۇلۇق ۋىكتورىيە بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمىغان). ئۇلار چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، 2500 ئامېرىكا دول-لىرى ئىئانە قىلىپ، بىر ئاشخانىلىق ماشىنا ئېلىپ لانبېيس شەھىرىگە تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا «ۋىكتورىيە» دەپ نام بەردى.

# 23. دىۋانژ بازىرىدىكى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان مەھبۇس

ئېدۋىن. موللىر

بۇنىڭدىن 50 نەچچە يىل ئىلگىرى ليۇكسېمبۇرگنىڭ دىۋ-
دانژ بازىرىدىكى قىسمەن كىشىلەر بىر ئادەمگەرچىلىك قەرزىنى
تۆگىتىش ئۈچۈن، بىر گېرمانىيىلىكنى ئىزدىگەنىدى.

ئۇلار ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ جون. پونسىيۇ ئىكەنلىكىنى، ئۇ-
نىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىدىكى نومۇرىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئىل-
گىرى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنىمۇ
بىلەتتى. بىراق ئۇلار، 1955 - يىلى ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ
تاپتى.

ئۇلارنىڭ ئۇنى بۇنداق ئىزدىشىدىكى سەۋەبنى، 1940 -
يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا
پولشادىكى ئۇرۇش ئىشلىرى ئاخىرلاشقان بولۇپ، فاشىست
گېرمانىيىسىنىڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن فاشىزمغا
قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى ماچىنو مۇداپىئە سىزى-
قىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىپ تۇرغانىدى. دىۋانژ بازىرى
ئىككى ئارمىيە تىركىشىپ تۇرغان جاينىڭ ئارىلىقىدا ئىدى،
لېكىن ليۇكسېمبۇرگ بىتەرەپ دۆلەت بولغانلىقتىن دىۋانژ با-
زىدىكى ئاھالىلەر گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كى-
رىش ئىشلىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىراق، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە، بازاردىكى

ئاھالىلەرنى ئايروپىلاننىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار ھاۋا بوشلۇقىنىڭ ھەممىلا يېرىنى پاراشۇتچى قىسىملار قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. نېمىسلار بېسىپ كىرگەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي فرانسىيىلىكلەرنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىككى دۆلەتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىر كىچىك بازارنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ماجىنو مۇداپىئە سىزىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

جەڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا، دىۋدانىژ بازىرى يېنىدىكى يوللارغا مۇساپىرلار تولۇپ كەتكەنىدى. بازارنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ھەيد پولات زاۋۇتىمۇ تاقالدى. 15 مىڭ كىشىلىك بۇ بازاردا 4000 كىشى بۇ زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. بىر تۈركۈم ئىشچىلار چاقىرىپ كېلىندى. ئۇلاردىن 40 نەچچە كىشى پولات تاۋلاش ئىشچىسى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوت ئۆچۈرگۈچىلىكنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەيتتى. زاۋۇت دىرېكتورى ئۇلارنىڭمۇ زاۋۇتتىن ئايرىلسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن توپ ئوقى پولات زاۋۇتىغا چۈشۈپ ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەمدە بازارغىچە كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇ كۆپچىلىكنى ئىختىيارىي ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا چاقىردى.

بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن، سېخنىڭ ئىسمېنا يېتەكچىسى قوشۇمچە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى جوسۇ. ۋىلىر ئوتتۇرىغا چىقىپ: ”مەن قېپقالاي“ دېدى.

يەنە 14 كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قېپقالدى، جۈملىدىن داۋالاش پونكىتىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى نىكولاي ۋولېرسىمۇ بار ئىدى. ۋولېرسىنىڭ ئايالىمۇ قېپقالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئەگەر بۇ ئەرلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بىر ئادەم كېرەك - تە دېدى، كېيىن بۇ قوشۇنغا كىرگەنلەر كۆپىيىپ 18 ئادەمگە يەتتى.

ئۇلار ئىشخانا بىناسىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆتكۆرىگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار قېلىن تامدىن ئۆتكەن پىلىموت ئاۋازى ۋە توپ ئوقىنىڭ پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى، جەڭ ئىككى كۈن داۋاملاشتى. 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېچىسى، فرانسىيە ئارمىيىسى چېكىندى، گېرمانىيە پاراشۇتچىلار قىسمى بىسىپ كىردى، تانكا ۋە زەمبىرەكلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى.

دەسلەپتە نېمىسلار بۇ ئوت ئۈچۈرۈش خادىملىرىغا قارىتا ھېچقانداق باشقا پوزىتسىيىدە بولمىدى. ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى: خارابىلىقنى تازىلاش، جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ۋە ئۇلاقلارنى كۆمۈش كېرەك ئىدى، بەزىدە ئوتمۇ ئۆچۈرەتتى. بۇ ئوتلار دائىم ئەسكەرلەر تۇرۇۋاتقان ئۆيدە يۈز بېرەتتى.

ھالبۇكى، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ۋەزىيەت تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋە 28 ـ كۈنى دىۋدانىڭ بازىرى ماچىنو مۇداپىئە لىنىيىسى تەرەپتىن كەلگەن شىددەتلىك توپقا تۇتۇشقا ئۇچرىدى. توپ ئوقى ئىنتايىن توغرا تەگكۈزۈلۈپ، ئاساسەن بىر پاي ئوقمۇ زايا بولمىغان ھالدا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تانكا ۋە ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىغا ھەمدە ھەربىي لازىمەتلىك نەرسىلىرى يوشۇرۇنغان جايلارغا چۈشتى.

ئارقىدىنلا، 29 ـ كۈنى كېچىسى، بىر ژاندارما ئەترىتى ھاۋا مۇداپىئە ئۆتكۆرى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوت ئۈچۈرۈش خادىملىرىنى ئويغىتىپ، ئۆي ئىچىدىكى ھەربىر ئادەمنى جۇملىدىن ۋولېرسىنىڭ ئايالىنىمۇ ئاختۇرۇپ تەكشۈردى. ئۇلار يەنە تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدىكى بارلىق توك سىمى ۋە شتېپسىللارنى تەكشۈردى، ئۇلار تۈمۈر بولقا بىلەن تامنى ئۇرۇپ بېقىپ، ئاخىرى چىقىپ كەتتى. لېكىن زاۋۇت ئەتراپىغا پوست ئورۇن-

لاشتۇرۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى.

توپقا تۇتۇش ئۇزۇلمەي داۋاملاشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ژاندارمىلار يەنە پولات زاۋۇتىغا كېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرىنى كوچىغا چىقىپ يىغىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئىككى رەت تىزىلىپ بىر جايغا كەلدى، بۇ يەردە نېمىس ئەسكەرلىرى ناھايىتى چوڭ بىر ئورەك كولاۋاتقانىدى. ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپلا دەرھال دەھشەتلىك ھېس قىلدى. بۇ چوڭ ئورەككە 17 ئادەمنى بىمالال كۆمگىلى بولاتتى.

ئارقىدىن، ئۇلار بىر كىچىك ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ سېمونت تېمى تۇۋىدە بىر رەت قاتار تۇرغۇزۇلدى. بۇ چاغدا، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر لېيتېنانتى پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ياۋۇز سۇر چىقىپ تۇرىدىغان يۈزىدە بىر پارچە جاراھەت تارتۇقى بار ئىدى. ئۇ ئاستا قوشۇنىنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتۈپ، ھەر بىر كىشىنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن: ”بىز ئاراڭلاردا بىرىنىڭ خەۋەر بېرىپ، ئۇلارغا ئوت ئېچىش ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ئەگەر دەپ قويغۇچىلار چىقىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلمىسا ھەممىڭلار ئېتىلىسىلەر“ دېدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا ئىسكىلاتىغا قامالدى. بۇ يەر قاراڭغۇ بولۇپ، پەقەت بىر رېشاتكىلىق دېرىزىدىنلا يورۇقلۇق كىرەتتى. ئاستى بېتون بىلەن قاتۇرۇلغان بۇ ئىسكىلات ئاران 20 ئىنگلىز چىسى كېلەتتى. ۋولېرسىنىڭ خوتۇنى ئۆزىنى ئېرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى، بىرقانچە ئەرمۇ يىغلاپ كەتتى، يەنە بىرقانچەيلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدى.

ۋىللىر ئۆزىنى تۇتۇۋالغان تەلەپپۇزدا: ”بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەھۋالنى قايسىڭلار بىلىسىلەر؟“ دېدى.

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. بىراق بەزىلەر ئەسەبىيلەرچە باشقىلارنى قارغاپ كەتتى. ۋىللىر باشقىلارنى ھودۇقماسلىققا قايىل قىلىپ: "ھەممەيلەن بىردەك ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىرايلى. ئەگەر ئالدىمىزدىكى نېمىسلاردا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا، بىز چىقىپ كېتەلەيمىز" دېدى.

قالايمىقانچىلىق شۇنىڭ بىلەن تىنجىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. لېيتنانت يەنە پەيدا بولدى. "خەۋەر قىلغۇچى ئۆزىنى مەلۇم قىلماقچىمۇ؟" بىر پەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. "بوپتۇ، ئۆلۈم جازاسى بىر سائەتتىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ."

لېيتنانت بىر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەرنى چاقىردى. ئۇ چېچى قارا، كۆزى كۆك، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر ئىدى. لېيتنانت: "مىلادشى سېرژانت پونسيۇ، بۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇلارغا قارايسەن، ۋاقىت توشقان ھامان ئۇلاردىن ھەر قېتىم ئىككى كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆرى كولاپ قويۇلدى" دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مىلادشى سېرژانت لېيتنانتقا سالام بېرىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

جون. پونسيۇ 1910 ـ يىلى باۋارىيىنىڭ پلاسسىگ بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بازاردا بىر پىششىق يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئاچقان، ئۇنىڭ ئاكىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا قازا بولغانىكەن.

20 ـ يىللاردىكى چوڭ كاساتچىلىق گېرمانىيىدىكى ئوتتۇرا پورژۇئازىيىلەرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. پونسيۇنىڭ ئائىلىسىمۇ خارابلاشقانىدى. بۇ ئون يىل گېرمانىيە ياشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى جاپالىق، روھى چۈشكۈن بولۇپ

كەلگۈسىدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتمەيتتى. ئۇلار تىرىكچىلىككە
ئامال تاپالماي، تويۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقتىن ئۆزىنى ئۆلتۈ-
رۈۋېلىش نىسبىتى ئۆرلەپ كەتكەنىدى.

جون پەقەت مەدىكارلىق قىلىشقا ياكى ئادىمى كەم پىششىق
يېمەكلىكلەر دۇكىنىدا پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىشقا تاپى-
نىپ كۈن كەچۈردى. بۇ كۈنلەردە گىتلېر پونسيۇغا ئوخشاش
ياشلارغا ئۈمىد نۇرى ئېلىپ كەلگەندەك قىلدى. ئۇ 17 يېشىدا،
ناتسىستلار پارتىيىسىگە كىردى. ئۇ گىتلېرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلى-
دى. ھەمدە ئۆز كۆزى بىلەن گىتلېرنى كۆردى. ئۇنى بۇ ياۋۇز
ئىبلىسنىڭ سېھرىي كۈچى ئازدۇردى.

ئۇ ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر شۆبىسىدە خەت كۆچۈر-
گۈچى بولۇشتىن ئىبارەت بىر رەسمىي خىزمەتنى تاپتى. ئۇ-
رۇش پارتلىغاندا جون قارا چاچلىق چىرايلىق بىر قىز بىلەن
توي قىلغان، ھەمدە ئىككى پەرزەنتلىكمۇ بولغانىدى. ئۇ ئەس-
كەرلىككە كىرگەندىن كېيىن ئىپادىسى ياخشى بولدى. ئۇ تۇ-
رۇشلۇق 33 - پىيادە ئەسكەرلەر پولكى دىۋدانىژ بازىرىغا كىر-
گەندە، ئۇ مىلادشى سېرژانىتلىكقا ئۆستۈرۈلدى.

پونسيۇ ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇ-
رۇپ، قايمۇقۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇيرۇق ھامى-
نى بۇيرۇق - تە، چوقۇم ئىجرا قىلىش كېرەك. بىراق بۇ
يەردىكى بۇ ئادەملەر ئىچىدە بىر ئايالمۇ بار. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆك-
سۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى... ئۇ مەسئۇلىيەتتىن
قاچماقچى بولدى. ئۇ بىر پوستىنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ،
ئالدىراپ - تېنەپ پولكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كوزنى تاپتى، كوز
بىر قولىنى ئىككى قىلالماي ئالدىراش تۇرغانىكەن. ئۇ: "بۇ
ئىش ھەربىي قانۇن باشقارمىسىغا تەۋە، سەن ئۇلارنى تېپىپ بۇ
ئۆلۈم جازاسى توغرىسىدىكى بۇ ئىشلارنى سۆزلەشسەڭ

بولىدۇ“ دېدى.

پونسيو ماشىنا ئىسكىلاتىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەرگە سولا-پ قويۇلغان كىشىلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، تۇشمۇتۇشتىن ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىزهار قىلىشتى. ۋىللىر كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاندىن پونسيوغا: ”ئەيىبلەشكە ئا-ساسىڭلار يوق، ئارىمىزدا فرانسىيىلىكلەرگە خەۋەر بەرگەنلەر يوق“ دەپ ئەرز قىلدى.

— ھاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرىنى ئاختۇرۇپ بولدۇڭلار، يەنە-مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ كۆرسەڭلار بولامدۇ؟

پونسيو بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى. لېيتىنانتىنىڭ بۇ ئەرلەرگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى دېگەنلىكى، ئەمما ھېلى-قى ئايالنى تىلغا ئالمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ ۋو-لېرس خانىمنى تارتىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ سىرتتا بىر قارا ماشىنا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ قوي-دى، ماشىنا ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

ھەربىي قانۇن باشقارمىسىدا، پونسيو بىر مەسئۇل ئوفىت-سېردىن دەلىل - ئىسپات بولۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا بولامدۇ يوق دەپ سورىدى. بۇ ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ بۇ دېلونى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ھەمدە 45 مىنۇتتىن كېيىن جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پونسيونى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

پونسيو قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ”جىنايەتچى ئۆزىنى مەلۇم قىلمىسا، ئۆلۈم جازاسى يەنىلا ئىجرا قىلىنىدۇ“ دېگەن جاۋابنى ئالدى، ھەمدە جاۋابتا فرانسىيىلىكلەر توپقا تۇتۇشنى باشلىغان ھامان بۇ جىنايەتچىلەر دەرھال ئېتىلىدۇ دېيىلدى.

پونسيو ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى. بۇ چاغدا ئۇ بۇ ئادەملەر-نىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى تولۇق جەزملەشتۈرگەنىدى. بىراق ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئامالسىز ئىدى.

ئۇ پەقەت تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلارنىلا قىلالايتتى.

ئۇ بۇ جىنايەتچىلەرنى زەي ماشىنا ئىسكىلاتىدىن يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قۇرۇقراق بىر ئامبار ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە بولك شتابىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئاز - تولا يېمەك - ئىچمەك ۋە قەھۋەلەرنى ئېلىپ ئۇلارغا بەردى.

بۇ كېچە پونسيۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى، ئۇ ئىنچىل تۇردە فرانسىيىلىكلەرنىڭ توپقا تۇتقان - تۇتمىغانلىقىغا قۇلاق سېلىپ ياتتى. بۇ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدىن دېرەك بېرەتتى. فرانسىيىلىكلەر توپقا تۇتمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلار چۈشتە يەنىلا ئۆلۈمدىن خالىي بولالمايتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇ يەنە بۇ مەھبۇسلارنى يوقلاپ باردى. ئۇلارنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا دەيدىغان ھېچقانداق گېپى قالمىغانىدى. پونسيۇ بۇ چاغدا ھەربىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئوفىتسېرنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاماق يېگىلى كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، پونسيۇ يەنە مەھبۇسلارنى سولاپ قويغان ئامبارغا كەلدى، پوستتا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە قاراۋۇللار ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئىدى، ئۇ ئۇلارغا بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئۇلار ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراشتى.

پونسيۇ ئامبارغا كىرىپ، بىر جىنايەتچىدىن پولات زاۋۇتىدىن بىر ماشىنا تاپقىلى بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، بۇ جىنايەتچى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا بىر پەس قارىۋېتىپ، ئاندىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پونسيۇ ئىككى ئەسكەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى.

ماشىنا كەلگەندىن كېيىن، پونسيۇ ئۆيگە كىرىپ، ئالدىراش ھالدا: ”سىلەر ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭلار ھەممىڭلار تېزدىن ماشىنىغا چىقىڭلار“ دېدى.

ئاۋۋال بىر پەس ھەيرانلىق ۋە تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئاندىن تەنتەنە ۋە يىغا پەيدا بولدى. مەھبۇسلار پونسىيۇنى مەھكەم ئورۇۋالدى، ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقۇسى كەلدى ھەمدە ئۇنىڭغا سائەت ۋە پۇل تۇتتى، پونسىيۇ بۇلارنى رەت قىلدى.

— تىنچ بولۇڭلار، تېزدىن ماشىنىغا چىقىڭلار، بۇ يەر-دىن كېتىڭلار، — دېدى ئۇ.

نىكولاي كرامور — ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياش بىرى پونسىيۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى سورىدى. پونسىيۇ ئۆزىنىڭ ئى-سىم فامىلىسىنى ۋە ئارمىيە نومۇرىنىڭ 105275A ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن ماشىنا ليوكسېمبۇرگقا قاراپ يولغا چىقتى.

پونسىيۇ گازارمىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ۋەھىمىلىك ھېس قىلدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا كىشىنىڭ ئى-شەنگۇسى كەلمەيتتى، بۇنىڭ سېزىلىپ تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر دوكلات قىلىشى مۇمكىن (گەرچە بىرقانچىسى ئۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بول-سىمۇ)، قانۇن ئىجرا قىلىش ئەترىتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھامان، ئۇ چوقۇم جىنايەتچىلەرنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرۈلەتتى.

ھەرھالدا پونسىيۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن چىقتى. بىر سائەت ئىچىدە باش شتابتىن: 33 - پولك دەرھال ماچىنو مۇداپىئە لىنىيىسىگە قاراپ يولغا چىقسۇن دېگەن بۇيرۇق يېتىپ كەلدى، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە 18 نەپەر ئوت ئۈچۈرگۈچىنى ھېچكىممۇ قايتا تىلغا ئالمىدى.

پونسىيۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ باقمى-دى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، ئۇ مىلادشى لېيتىنانتلىققا ئۆستۇ-رۈلدى، ئۇ يۇرتى پلاسسىككە قايتتى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان، ھەممىلا يېرى جاراھەتكە تولغان بۇ دۆلەتتە جان بېقىش ھەقىقە-

تەنمۇ قېيىن بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر پىششىق
يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئاچقان بولسىمۇ، كېيىن تاقىلىپ قالدى.
ئۇ بىر قىسىم خىزمەتلەرنى تاپتى. لېكىن ھەممىسىنى ئۇزۇن
داۋاملاشتۇرالمىدى.

1946 ـ يىلى، ئۇنىڭ ناتسىست پارتىيىسىگە قاتناشقانلىقى
سېزىلىپ قېلىپ، ھەربىي ھۆكۈمەت سوتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە
ئۇچرىدى. قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇ دېۋدانىژ بازىرى-
دىكى كۆمۈركان تىجارەت بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ سالا-
ھىيىتىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئوت ئۆچۈرگۈچى-
لەرنى قۇتقۇزغانلىق ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق ئۇ جاۋاب
خەت تاپشۇرۇپ ئالمىدى. لېكىن كېيىن ئۇنىڭ مەسىلىسى
ئېنىقلاندى.

قېچىپ كەتكەن ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئۇرۇق - تۇغقان،
دوست ـ بۇرادەرلىرى بىـــلـــەن بىللە يـوشـۇرۇنۇۋالغانىدى.
1940 ـ يىلى فرانسىيە قولدىن كەتكەندىن كېيىن، دېۋدانىژگە
قايتىپ كېلىش بىخەتەر بولۇپ قالدى. بىرقانچە كىشى پولات
زاۋۇتىغا قايتىپ كېلىپ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. بۇ
چاغدا زاۋۇت فرانسىيىلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنىدى.

فرانسىيىلىكلەرگە خەۋەر بەرگەنلىك توغرۇلۇق ھەر خىل
پەرەزلەر تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي ئەھۋال ئاخىرغى-
چە ئېنىق بولمىدى.

ۋىللىر كېيىن يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. ئۇنىڭ
خانىمىمۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلدى. ياش كرامورنىڭ ئامىتى
كېلىپ قاچتى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ سىياسىي ساھەگە ئاتلان-
دى، ھەمدە لىيۇكسېمبۇرگ پارلامېنتىغا سايلىنىپ كىردى.
ئۇمۇ پونسىيونى ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىراق
ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گېرمانىيە ھۆكۈمەتسىز ھا-

لەتتە تۇرغانلىقتىن، ئىسىم فامىلە ۋە شتات نومۇرغا قاراپ بىر ئەسكەرنى ئىزدەپ تېپىش ئانچە ئاسانغا توختىمايتتى.

كېيىن كرامور پونسيۇنىڭ ئىلگىرى كان دىرېكتورىغا خەت يازغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش دائىرىلىرىگە خەت يېزىپ، بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، بىراق سادا بولمىدى. ئۇنىڭ خېتى پونسيۇنىڭ جىنايىتىنى يۇيۇشقا ناھايىتى پايدىلىق ئىدى، لېكىن ئۇ ھەربىي ئىدارە قىلىش ھۆكۈمىتى ئارقىلىق پونسيۇنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغاندا، ھېچنېمىگە ئېرى-شەلمىدى.

كۆپ يىل ئۇدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كرامور گېرما-نىيىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ساقچى ئىدارىلىرىگە سىناپ خەت يېزىپ باقتى. 1956 ـ يىل باھاردا، نيۇرنبېرگ ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭغا پونسيۇنىڭ پلاسسگدىكى ئادرېسىنى ئەۋەتىپ بەردى.

كرامور پونسيۇغا خەت يېزىپ، ئۇنى دىۋدانژگە كېلىپ زىيارەت قىلىشقا، ئىلگىرىكى مەھبۇسلىرى بىلەن جەم بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. پونسيۇ بۇ تاسادىپىي ئىشتىن ھەم ھەيران ھەم خۇشال بولدى. جاۋاب خەت يېزىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

1955 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، پونسيۇ ئايالى بىلەن بىللە دىۋدانژگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەينى چاغدا مەھبۇسلارنى قويۇپ بەرگىنىگە 15 يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ھايات قالغان مەھبۇسلار پۇل يىغىش قىلىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، پولات زاۋۇتىنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ كۈتۈۋ-لىشكە پۇل ئاجراتتى.

پونسيۇ ئەر ـ خوتۇن دوستلۇق كەيپىياتتا ئۈچ ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. بىرىنچى قېتىملىق كاتا زىياپەتتە ئۇستەل ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ھەممىلا يەرنى شاد ـ خۇرام-لىق قاپلىغانىدى. قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، ساھىبخان

پونسيۇغا، ئۇستىگە "1940 ـ يىلىدىكى ياردىمىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز" دېگەن نېمىسچە خەت ئويۇلغان بىر دانە ئالتۇن سائەت تەقدىم قىلدى. بۇ قېتىمقى ساياھەتتە ئۇلار يەنە نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى.

پونسيۇ يەنە ليۇكسېمبۇرگ ئەدلىيە مىنىستىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەدلىيە مىنىستىرى ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى شۇ جايدىكى چېركاۋدا بىر قېتىم ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. جازالاش لاگېرىدا ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزگەن باستېر، پونسيۇغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ۋەز ئېيتتى. خور ئەترىتى ئۇنىڭغا ئاتاپ يەنە ھەمدۇسانا ئوقۇدى. پونسيۇ ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

ئۇ، ئائىلىسىگە قايتقاندىن كېيىن، بىر نەشرىياتتا خىزمەت تاپتى.

ليۇكسېمبۇرگقا قىلغان سەپىرىدە، ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتىن زور ئىلھام بولدى. ليۇكسېمبۇرگنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ئۇنىڭغا: "ئەگەر خىزمەت ئىشى ئوڭۇشلۇق بولمىسا، بۇ يەرگە قايتىپ كېلىڭ. بىز خىزمىتىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز" دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. بىراق ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇ بۇ ۋەدىدىن پايدىلانمايتتى.

# 24. باتۇرنىڭ ئېيتقانلىرى

## كارل. ۋول

— مەن، بىر مۇكاپات ئوردېنىغا ئىگە بولغان ئىكەنمەن، ئۇنداقتا مېنىڭ كىشىلەر ئېيتقان باتۇر بولغانلىقىمنى بۇ ئىسپاتلىغاندۇ دەپ ئويلايمەن، — دېدى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ پودپولكوۋنىكى دوراد مېناد، — لېكىن، مەن زادى نېمىنىڭ مېنى باتۇر بولۇشقا ئۈندىگەنلىكىنى، ياكى باتۇرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىزچىل تۇردە بىلمەكچى بولۇپ كەلدىم.

ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن تۆت بارمىقىنى چىقىرىپ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئاتالمىش قەھرىمانلىق جاسارىتىمدە مۇنداق تۆت ئامىل بار دەپ قارايمەن، دېدى.

— بىرىنچىسى، سەن ئۇنى ئۇمىدۋارلىق، ئۆزگىچىلىك ياكى كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى كاللىسى ئاددىي دەپ ئاتىساڭ بولىدۇ.

— ئىككىنچىسى ئىنتىزام — سېنىڭ ئارمىيىدە ئالغان تەلىم - تەربىيەڭ.

— ئۈچىنچىسى، بىلگىلى بولمايدىغان غەزەپ - قىساسقا بولغان بىر خىل تەشنالىق.

— مەن ئومۇملاشتۇرغان تۆتىنچى نۇقتىنىڭ ئەڭ مەخپىي يېرى شۇكى، "كارايىتى چاغلىق" دەيدىغان ئىچكى دۇنيادىكى كەيپىيات.

— ھازىر مەن ساڭا بۇنى قانداق قىلغانلىقىمنى ئىمكانقەدەر چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.

— دىئېپپۇ ئۇرۇشى ھەقىقەتەن زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك زەربىسى بولدى. مەن بىر بوپگادىنىڭ 600 ئادىمىنى باشلاپ ماڭدىم. دىئېپپۇ دېڭىز ساھىلىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش سىم توسۇقنى كېسىشكە ياردەملىشىش، مەرگەنلەرنىڭ يوشۇرۇنۇش ئورنى ۋە پوتەيلەرنى تازىلاش، بەزى نىشانلارنى ۋەيران قىلىپ، ئاخبارات ئورگانلىرىغا ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئەسىرلەرنى تۇتۇپ بېرىش، ئاندىن چېكىنىشكە قوغدىغۇچى بولغاندا كېمىگە چىقىشقا ھىمايىچى بولۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىدى.

— دېڭىز بوغۇزىنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىك كەچلىك سەپەردە، قول ئاستىمدىكى بۇرادەرلىرىم كاللامغا كىرىۋالدى، ھەمدە ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بەش قولدەك چۈشىنەتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا ئوخشاش فرانسىيىلىكلەر نەسلىدىن بولغان كانادالىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى، ئانىلىرى ياكى قىز دوستلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرگەنىدىم.

— ئۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، شۇڭا دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەممىمىز ئۈچۈن: "ئاھ، خۇدا بىزنىڭ بۇ يەردىن ئىمكانقەدەر كۆپرەك قايتىپ كېتىشىمىزگە مەدەت بەرگەيسەن" دېدىم. شۇنداق بولىدىغاندۇ بەلكىم!

— قارا، مەن ئارىمىزدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ جەڭدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى يارىلىنىپ مېيىپ بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بىرىگادىدىكى ھەربىر كىشىمۇ بىلىدۇ. بىراق مەن راستىنلا ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ قاراشنى خالىمايتتىم،

ھەمدە ھەرقانداق بىر كېمىدىكى بىرىنىڭ ئېسىگە ئۆلۈم كېلىدۇ.
غانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيمەن.

— مېنىڭ نېمە ئۈچۈن قەھرىمانلىق جاسارىتىمنىڭ بىرىنچى ئامىلى ئۈمىدۋارلىق ياكى ئۆزگىچىلىك دېگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ. مانا مۇشۇ نەرسە سېنى جەڭگە ئاتلاندۇرىدۇ، بۇمۇ سېنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشىڭغا قارىتا تۆلەنگەن بىر خىل كېمە ھەققى!

— ئەمدى ئىككىنچى نۇقتىغا كېلەيلى.

— بىز دېڭىزنى كۆرگەن چاغدا، تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشقان ۋاقىت ئىدى. بىز پۈتۈن سەپ بويىچە قاتتىق دۈمبا يەيدىغانلىقىمىزنى بىلەتتۇق. بۇ يەردە توپ ئوتى ئاسمان - پەلەككە تۇتاشقانىدى. دەسلەپتە مەن بۇنىڭ پىلىموت ئوقى ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيسەن، ئۇنىڭ قانداق قورال ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەيسەن. ئاۋازى ئېغىر، گۈلدۈرمامىغا ئوخشاش چىقىدىغىنى دېڭىزنىڭ ئارقا سېپىدىكى زەمبىرەك ئىدى. يەنە جىددىي تاتىلداپ ئېتىلغان پىلىموت ئاۋازى، گۇم - گۇم ئېتىلغان مىناميوت ئاۋازى، چىرقىراق چىققان مەرگەننىڭ مىلتىق ئاۋازىمۇ بار. لېكىن كېيىنرەك، بىز دېڭىز قىرغىقىغا تېخىمۇ يېقىنراق بارغاندا، بۇ ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل ئۇزۇلۇكسىز چىقىۋاتقان شاۋقۇن ئاۋازى بېسىپ كېتىشكە باشلىدى. بۇ خىل شاۋقۇنلۇق ئاۋاز قولىقىڭغا قاتتىق ھەم ئېغىر ئۇرۇلاتتى.

— ئەڭ ئاخىرقى بۇ 200 ياردلىق يول خەتەرلىك ئىدى. نېمىسلارنىڭ توپ ئوتى كېمىمىزنىڭ ئېتىلىش مۇساپىسىگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن گېلىمنىڭ بىر خىل قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن بۇ پالاكەت كېمىدە تۇرماي، بىرئاز ئىش قىلىشنى ئويلىدىم.

— كېمە دېڭىز ساھىلىگە ئۇرۇلغان ئاشۇ بىر دەقىقىدە،

مەن سەكرەپ چۈشتۈم، ھەممە ئورنۇمدىن تۇرۇپ مۇھاپىزەتچى-لەر بىلەن سىم توسۇقتىن ئۆتۈپ كەتتىم. مېنىڭ بىۋاستە نىشانىم دېڭىز ساھىلىدىن 100 ياردەك يىراقلىقتا جايلاشقان 12 ئىنگلىز چىسى قىلىنىلىقتىكى مۇداپىئە تېمىنىڭ ئۈستىدىكى سېمونت پوتەينى ۋەيران قىلىش ئىدى.

— ئۈچ قەدەم مېڭىشىم بىلەن، تۇنجى سنارەد پارچىسى ماڭا تەگكەن بولسا كېرەك. كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىگە بىر پاي ئوق ياكى بىر پارچە سنارەد پارچىسى تەگدى دەيدۇ، بىراق بۇنداق دېيىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇ خۇددى بازغاندا ئۇرۇل-غاندەك ماڭا تەگكەنىدى. دەسلەپتە قاتتىق ئاغرىقنى ھېس قىل-مايسەن، ئۇنىڭ تەسىرى شۇنداق كۈچلۈك بولىدىكەنكى، سەن ئوقنىڭ نەگە تەگكەنلىكىنى ياكى نېمە تەگكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلمەي قالىدىكەنسەن.

— بۇ سنارەد پارچىسى ئوڭ مۈرەمنىڭ ئۈستىگە تېگىپ، مېنى يىقىتتى. ھوشۇمدىن كەتمىدىم، لېكىن ھودۇقۇپ كەت-كەنلىكىمنى ھەم تىترەۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. زەيتۇن توپ مەي-داندا بىرى ئارقامدىن قۇچاقلاپ يىقىتىۋەتكەندە، مېنىڭدە دەل شۇنداق سېزىم بولغانىدى. شۇ چاغدا مەن بۇنىڭ ھېچقانچە خەتىرى بولماس دەپ ئويلىدىم. بىراق بېشىم قېيىپ، چۆچۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

— قول ئاستىمدىكى بىرى يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا: "ئالغا باس! مەن ھېچنېمە بولمىدىم!" دەپ ۋارقىرى-دىم. مەن شۇنداق ئەخمىقانە ۋارقىرىدىم. چۈنكى مەن نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

— مەن بىر ئامال قىلىپ ئۆمىلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋال-دىم. سول قولۇم بىلەن ئوڭ مۈرەمنى سىلىدىم. ئۇ يەر ھەم ھۆل ھەم چاپلىشاڭغۇ ئىدى. قولۇم پۈتۈنلەي قان بولۇپ كېتىپ-تۇ، بۇنىڭ بىلەن قاننىڭ تازا ئېقىۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

— مەن قولۇمنى قۇتقۇزۇش بوغچامغا ئۇزاتتىم، ئۇ دەل ئوڭ بىلىكىمنىڭ ئۇستىدىكى يان تەرىپىمگە تېگىشلىق ئىدى. مەن قۇتقۇزۇش بوغچامنى تەستە يەشتىم، ھەمدە: ”سول قولۇم بىلەن مۇرەمنى قانداق تاڭارمەن؟“ دەپ ئويلىدىم.

— مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، مەن ساھىلنىڭ بېشىدىكى بىر پارچە تەكشى يەردە تىك تۇردۇم. بۇ يەر مىلتىق، پىلىموت، مىناميوت ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ زەربىسىگە ۋە ئېتىلىشىغا ئۇچرىماقتا ئىدى. سنارەد پارچىسى تېگىپ يىقىلغان ئاشۇ بىر دەقىقىدە، مەن باشقا بارلىق نەرسىلەرنى تېنىمنىڭ سىرتىدا قالدۇرغاندەك بولۇپ قالغاندىم. پۈتۈن بەدىنىمنىڭ يەنە ھەرىكەت قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىش مېنىڭ بىردىنبىر ئويۇم بولدى. لېكىن مېنىڭ قۇتقۇزۇش بوغچىسىنى تېپىش جەريانىدىكى ئامالسىز قالغان ھالىتىم بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندەك بولدى.

— مانا مۇشۇ چاغدا، ئىنتىزام ۋە تەلىم - تەربىيە گەۋدىلىنىشكە باشلانغان بولسا كېرەك دەپ قارايمەن.

— ئاشۇ دېڭىز ساھىلىدە تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن ھەرقانداق بىر كىشى تۇغما ئىقتىدارى بويىچە، قۇملۇقتا بىر چوڭقۇر ئورەك كولايدۇ، ئاندىن ئۆمىلەپ چۈشۈپ كۆزنى يۇمۇپ شۇ يەردە تۇرىدۇ، لېكىن مېنىڭ چىڭ تۇرۇشۇمغا ئىنتىزام ۋە تەلىم - تەربىيىنىڭ يېتەرلىك كۈچ بەرگەنلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى. مەن پوتەينىڭ يەنىلا ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قول ئاستىمدىكى بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ يان تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قوزغىدىم.

پودپولكوۋنىك مىناد يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۇستىدىن كۆزىگە تەخمىنەن يېرىم ئىنگلىز سوڭى كېلىدىغان بىر قىزغۇچ يارا ئىزىنى سىلاپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىككىنچى سنارەد پارچىسى تەخمىنەن بىر يېرىم مى-

نۇتتىن كېيىن تەگدى، بۇ قېتىم تەگكىنى قاتتىق ئاغرىق پەيدا قىلدى، چۈنكى سىنارەد پارچىسى يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ناھايىتى چوڭ بىر پارچە گۆشنى يۇلۇپ چۈشكەندى.

— مەن يەنە سول قولۇمنى سوزۇپ يۈزۈمنى سىلىدىم، كىشىلەر دائىم تەبىئىي ھالدا يارىلانغان يېرىنى تۇتقۇسى كېلىدىكەن، بۇ چاغدىكى ھالەت كۈلكىلىك بولىدىكەن. يۈزۈم خۇددى قارىماققا ئىلىنىپ قالغاندەك، سانجىلىپ ئاغرىماقتا ئىدى.

— مەن تۈگۈلۈپ ئىمكانقەدەر بەدىنىمنى تۇتۇپ پەس داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم. بىز 25 ياردەك ئالغا سىلجىغاندۇق، بۇ چاغدا قول ئاستىمدىكى بىرى ئالدىمدىكى قۇملۇقتا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ بىر مايور بولۇپ، مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئەندىشە قىلدىم.

— ئۇ ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يارىلانغان يېرى ناھايىتى يامان جاي ئىدى، پەقەت دوختۇرخانىلا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئېغىر نەپەس ئالماقتا ئىدى.

— مەن يەنە قۇتقۇزۇش بوغچامنى ئىزدەشكە باشلىدىم، دوستۇم ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىرنەرسە دېگۈسى باردەك ئەمەس ئىدى، مەن ئامال قىلىپ ئۈچ تال مورفىن قاچىلانغان دورا خالتىسىنى تاپتىم. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، تىلىنى سەل چىقاردى، ئۇ كۆزىنى مەندىن ئايرىمىدى. مەن دورىنى ئۇنىڭ تىلىغا قويۇپ قويدۇم، ئۇ يۇتۇۋەتتى. مەن بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى قىلالمايتتىم، ئۇ بۇنى چۈشىنەتتى، مەنمۇ بىلەتتىم.

— مەن پوتەيگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم، بۇ نۇقتىدا سۆزلىگەندە، مەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر باتۇرلۇق قىلدىم، بۇنىڭغا مەن دېگەن ئىنتىزام بىلەن تەلىم ـ تەربىيە سەۋەب بولدى. مەن ھېلى ئۆزۈمنىڭ يارىلانغانلىقىمدىن بەك نەپرەتلىنىپ كەتمىگەنى-

دىم، بىراق ھازىر، دوستۇم بۇ يەردە يېتىپ قالدى. مەندە ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىياللار كاللامدىكى باشقا ھەرقانداق نەرسىنى چىقىرىۋەتتى. ئادەم ئۆلتۈرگۈم، قىساس ئالغۇم كەلدى.

— بىزنىڭ بۇ قىسمىنىڭ جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىش مېنىڭ ۋەزىپەم ئىدى، شۇڭا مەن بۇ خىل قاتتىق غەزىپىمنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن ئۇ كاللامنى سەگەكلەشتۈردى، ھەمدە ماڭا كاللا ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى.

— ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر خىل مەست قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا بولغاندەك قىلدى. بىز مۇداپىئە تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن چاغدا، مەن يەنە يارىلاندىم، بۇ قېتىم ئوق تەگكەنىدى. ئۇ مېنى ئوڭدىسىغا يىقىتىپ، بىر پولات تۇۋرۇكنىڭ ئۈستىگە چۈشۈردى، ئۇمۇرتقام ئېغىر زەخىملەندى. ئوق ئوڭ قولۇمنىڭ بېغىشىدىن تولۇق ئۆتۈپ ئىككى پارچە سۆڭەكنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، مەن بۇنى سەزمەپتىمەن. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر سېنى بىر خىل كەيپىيات ئىلھاملاندۇرمىغان بولسا — بەسلەشمەنكى، شۇنداق چوڭ كالىبىرلىق ئوق بىر ئادەمنىڭ قول بېغىشىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ چوقۇم پۈتۈنلەي ھوشىدىن كېتىدۇ.

غەزەپ مېنى پوتەيگە تارتتى. مەن بىزنىڭكىلەرنىڭ گراناتۋە كۆيدۈرگۈچى بوتۇلكا بىلەن ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن يوقاتقانلىقىنى سەزدىم. بۇ يەردە مەن جەڭنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ناھايىتى ئېنىق ئىگىلىيەلەيتتىم. ھەمدە دالا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق ھەرقايسى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلالايتتىم.

— مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، بىز ئىگىلىگەن ساياز يەرنىڭ باش قىسمى پۈتۈنلەي بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزغا ئۆتكەنىدى.

بىراق يەنە ئاز بولمىغان مەرگەنلەر ئىزچىل ھالدا يوشۇرۇن ئوق چىقارماقتا ئىدى. مىناميوت ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئوت كۈچى يەنىلا ناھايىتى دەھشەتلىك ئىدى. مەن ياخشىراق بىر ئورۇننى ئىگىلىمەكچى بولۇپ ئېگىزرەك بىر يەرگە چىققىنىمدا، سنارەد پارچىسى يەنە بىر قېتىم ماڭا تەگدى.

— بۇ قېتىم تىزىمنىڭ ئۈستىدىكى ئوڭ پاچىقىمغا تەگكەنىدى. مەن يەنە بىرىنچى قېتىمدا يارىلانغىنىمغا ئوخشاش بازغان تەگكەندەك بىر خىل ھالەتنى ھېس قىلدىم، لېكىن كۆچۈمنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى رۇسلىۋالدىم.

— بىزنىڭ ئادەملىرىمىز شەھەر رايونىغا كىرىپ بولغانىدى، بىرقانچە تانكىمىزمۇ ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. مەن ئۇ يەرگىچە بارالايمەن دېگەن ئۈمىدتىمۇ بولمىدىم. مەن يىقىلىپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتىم، ئاستا ـ ئاستا بولالماي قالدىم.

— مەن يىغلىدىم، كېيىن يەنە ئورنۇمدىن تۇرماقچىمۇ بولدۇم، بىراق مۇمكىن بولمىدى. پۈتۈن بەدىنىمنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئىسسىق، ھۆل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئارقىدىنلا ئاغرىق يەنە بىر قېتىم چىرمىۋالدى. مەن دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. بىراق بارغانسېرى بولالماي، ئاخىر ھوشۇمدىن كەتتىم.

— كېيىن بىزنىڭ ئىككى ئادەم مېنى ساياز يەرگە كۆتۈرۈپ چىققانلىقىنى، ھەمدە بىر كېمىگە ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى سەزدىم. ھوشۇمغا كەلگىنىمدە، گېرمانىيىنىڭ ئايروپىلانى پەلىموت بىلەن ھەدەپ بىزنى ئوققا تۇتۇۋاتقانىكەن. بىزنىڭ كېمىدىكى زېنىت پىلىموت بېشىمدىن تەخمىنەن 15 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يەردە تاتىلداپ ئېتىلىۋېتىپتۇ. مەن ئەتراپقا نەزەر سالدىم. مەن دەل قاتتىق پارتلايدىغان دورا ساندۇقى ئۈستىدە يېتىپتىمەن. بۇ يەرگە بىر پاي ئوق تەگسىلا پۈتۈن نەرسىنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىراق مەن شۇ

چاغدا بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. مەن: ”نېمە قىلالايتتى، ئەگەر ئۇلار مېنى مۇشۇ چاغدىمۇ يوقىتالمىسا، ئەمدى مەڭگۈ يوقىتالمايدۇ“ دەپ ئويلىدىم. بۇ خىل ھېسسىيات دەل مەن دېگەن قەھرىمانىنىڭ تۆتىنچى ئامىلى دەپ قارايمەن.

— مەن ئۇ يەردە ئوڭدىسىغا يېتىپ، خۇددى بىر كىنونى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك، بىزنىڭ رېئاكتىپ كۇرەشچى ئايروپىلانلىرىمىزنىڭ ناتسىستلارنىڭ ئايروپىلانىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھايال ئۆتمەي بىز دۈشمەن ئايروپىلانىنى قوغلاپ تارقىتىۋەتتۇق. بىر ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە خادىمى كېلىپ ماڭا ئازراق لام ھارىقى ئىچۈردى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئۇ قېشىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: ”كەچۈرۈڭ، باشلىق، قورسىقىڭىز يارىلانماپتۇ؟“ دېدى. مەن بېشىمنى چايقاپ قويدۇم. ئۇنىڭ كۆڭلى ئاران ئارامىغا چۈشۈپ: ”ئۇنداق بولسا ياخشى بولدى، باشلىق، چۈنكى ئەگەر سىزنىڭ قورسىقىڭىز يارىلانغان بولسا، مەن سىزگە لام ھارىقى ئىچكۈزسەم بولمايتتى“ دېدى.

— مەن ئاڭلىغان ئەڭ قىزىقارلىق بۇ ئىش مېنى كۈلدۈرۈۋەتتى. مەن قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدىم. لېكىن بىرنەرسە كېيىن مېنىڭ كۈلكەمنى توختاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئاغرىق ئىدى. ئاغرىق ئوڭ يېنىمنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى.

— قارىسامسىز، مەن بۇلارنىڭ ئاخىرلىشىپ بولغانلىقىنى بىلىمەن. مەن بۇلارنىڭ ھەقىقەتەن بەك ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

# 25. دوۋېردە مىنا تازىلىغان بىر كۈن

## ۋىليام ۋايت

— ياخشى ئىت! — دېدى كېمە باشلىقى گېرمانىيە نەسلىدىن بولغان بۇ كىچىك تايغاننى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئوق ئۆتمەس بېرا ئىدى. مەن «سىدىرا ئورلىئان» ناملىق بۇ كېمىگە قوماندان بولۇپ بەلگىلىگەندىن بۇيان، ئۇ ھەر قېتىملىق سەپەرگە قاتناشقانىدى. بىز شۇڭغۇپ ئېتىلغان بومبا ۋە پىلىموتتىن ياغدۇرۇلغان ئوققا ئۇچرىدۇق. ئەتراپىمىزدىكى سۇ مىناسىنىڭ پارتلىشىغىمۇ ئۇچرىدۇق. بىراق ئۇ دەل مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەرگە ئامراق ئىدى. بىز ھەربىر سۇ مىناسىنى پارتلاتقاندا، ئۇ خۇددى ئوۋ ئىتى تۈلكىنى تۇتۇۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

بىز بىر بېلىقچىلىق كېمىسىنىڭ كابىنكىسىدە تۇراتتۇق. ھازىر بۇ كېمە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مىنا تازىلىغۇچى تور سۆرەيدىغان كېمىسى ئىدى. كېپىنكە دەل رولخانىنىڭ ئۈستى قىسمىدا بولۇپ، ئەتراپى برونېۋىك پولات رېشاتكا بىلەن ئورالغانىدى. كېمىنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە زېنىت پىلىموت، كېمىنىڭ بېشى ۋە كەينىدە بىردىن تۆت ئىنگلىز سوڭى كالىبىرلىق چوڭ زەمبىرەك قويۇلغانىدى.

مەن كېمە باشلىقىغا بۇرۇلۇپ: ”مېنىڭچە ئايروپىلان شۇڭغۇپ سىلەرنى بومباردىمان قىلغاندا سىز رېشاتكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ!“ دېدىم.

— ھەممىسى بىكار بولىدۇ، سىز بومبىنىڭ كېمىنىڭ قايسى قىسمىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، نەگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىشنىمۇ بىلمەيسىز. يەنىلا ئۆرە تۇرۇپ تاماشا كۆرگىنىڭىز ياخشى.

كېمىمىز يەنە ئايرىم ئۈچ تور سۆرىگۈچى بېلىقچىلىق كېمىسىنى باشلاپ ماڭماقتا ئىدى. بوغۇزنىڭ ئۈستى بەزىلەر ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىدىغان ھاۋا بوشلۇقى ئىدى. چۈنكى ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان ھاۋا ئۇرۇشى ھاۋا بوشلۇقىنىڭ كۆكىدە غايەت زور بىر بەلدەم ئاق قاينام پەيدا قىلغانىدى. ئۈستى تەرىپىمىزدە بىز گېرمانىيىنىڭ بىر ئەترەت مېسىرسىمىت كۇرەشچى ئايروپىلانىنىڭ غۇۋا ئىزىنى كۆردۇق.

بىز يەنە، بىرقانچە مىنۇت ئىلگىرى، ئەنگلىيىنىڭ قارا بوران بەلگىلىك ئالتە كۇرەشچى ئايروپىلانىنىڭ دۇشمەن سېپىگە شۇڭغۇپ بېرىپ، بىر پاراللېل تۈز سىزىقتا كېتىپ بارغان سەپ شەكلىنى تۇيۇقسىزلا ئىغاڭشىپ تۇرغان بۇرما سىزىق شەكلىگە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئەينەن كۆردۇق. جەڭ تېخى داۋاملاشماقتا ئىدى. شۇنچە ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا، بارلىق نەرسىلەر ناھايىتى ئەستە كۆرۈنەتتى — ئاشۇ كىچىك كۆرۈنگەن ئايروپىلانلارنىڭ سائىتىگە 300 ئىنگلىز مىلىلىق سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاش ناھايىتى تەس ئىدى.

بۇ جەڭ مەيدانى ئاستىدىكى دېڭىزمۇ ئوخشاشلا بەزىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىدىغان ئوكيان ئىدى. كۈندۈزى ئەنگلىيە دېڭىز يۈزىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى. بىراق كېچىسى گېرمانىيىنىڭ مىنا ئورنىتىش كېمىسى دېڭىز يولىغا ھالاكەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

باش ياردەمچى فرانسىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”سىز ئاۋۇ تەرەپتە چاقناۋاتقان نۇرنى بايقىدىڭىزمىكىن. مۇشۇ ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنى گېرمانىيىنىڭ بىر تو-

چىلار بازىسى بىزگە قارىتىپ يۈز نەچچە پاي ئوق ئاتتى. ئۇلار بىزنى مۇھاپىزەتچى كېمە دەپ قالغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار تور سۈزگۈچى بېلىقچىلىق كېمىسىنى ناھايىتى ئاز ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلاتتى" دېدى.

— ئۇلار نەچچىسىگە تەگكۈزەلىدى؟

— بىرىگىمۇ تەگكۈزەلمىدى، بىراق بىزنىڭ كېمىمىزنىڭ قۇيرۇقىغا 20 يارد كەلمەيدىغان ئارىلىقتىكى ئېقىنغا بىر بومبا چۈشتى.

— سائەتكە قاراپ تۇرۇپلا قانداق ۋاقىتتا رېشاتكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن. قاراڭ، توپچىلار بازىسى 20 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا تۇرىدۇ، بىر پاي زەمبىرەك ئوقى مۇشۇنچە ئارىلىقتىن چاقنىغان نۇر كۆرۈنگەندىن كېيىنكى بىر مىنۇت 20 سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە ئۆتىدۇ — يوشۇرۇنۇشتىن ئىلگىرى دەل بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغۇدەك ۋاقىت بولىدۇ.

كېمىمىزدىكى تور سۈزگۈچى جابدۇق بولسا كېمىنىڭ بىر يېنىدىن تارىلىپ چىققان تەخمىنەن 200 يارد ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال پولات ئارغامچىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئارقا ئۇچىدا بىر ئادەم بويىدىن سەل ئۇزۇن كېلىدىغان ئىچى كاۋاك لەيلەپ تۇرىدىغان تورپېدا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا تىك لەيلەپ تۇرغىنى بىر پارچە نېپىز پولات تاختاي ئىدى. ئۇنىڭ شەكلى ئىشىككە ئوخشىغانلىقتىن، شۇڭا ئۇ "ئىشىك" دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ "ئىشىك" سۇ ئاستى لەگلىكى بولۇپ، سىم ئارغامچا بىلەنمۇ تۇتىشىپ تۇرۇپ، لەيلەپ تۇرغان سۇ مىناسىغا تايىنىپ 12 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىدا تۇراتتى. بىز ئالدىمىزغا قاراپ ماڭغاندا، بۇ ئۇسكۇنە كېمىنىڭ گىرۋىكىدىن يۆتكىلىپ، پولات ئارغامچا ئېچىلىپ چىڭ تارتىلغانغا قەدەر، كېمىنىڭ قۇيرۇق ئېقىنى بىلەن 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل

قىلىدۇ.

پولات ئارغامچا بىر خىل ئالاھىدە پولات سىمىدىن توقۇلغان بولۇپ، سۇ ئاستىدا پولات ھەرىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ — ھەرى-نىڭ چىشى 200 يارد ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. ئۇ سۇ مىناسىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ھەرىكەتلىنىپ، سۇ ئاستى مىناسىنىڭ چۇلۋۇ-رىنى تېز سۈرئەتتە كېسىۋېتىدۇ — دە، سۇ مىناسى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ، ئۇ شۇ يەردە يوقىتىلىدۇ.

بىزنىڭ كېمىمىز كېمە ئەترىتىمىزدىكى باشلامچى كېمە ئىدى. بىزنىڭ لەيلىتىپ قويغان نەرسىلىرىمىزنىڭ كەينىدە ئىككىنچى كېمە ماڭىدۇ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى دەل بىزنىڭ تورپېدى-مىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كېمە بىز ئەمدىلا تازىلاپ بولغان سۇ ساھىلىدە ماڭىدۇ. بۇ كېمىدىن چىقىرىلغان سۈرەلمىلەرمۇ 200 يارد ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ چىقىپ خەتەرلىك رايونغا كىرى-دۇ؛ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى كېمىلەرمۇ ئوخشاش ئورۇندا ماڭىدۇ.

كابىنكا تۇيۇقسىز سىلكىنىپ قويدى. ”ئوق ئۆتمەس بىرا“ ئۇزۇن قوڭۇر تۇمشۇقىنى ئېچىپ خۇشال بولغان ھالدا قاۋاپ كەتتى. بىزنىڭ كېمىمىز بىلەن لەيلەپ تۇرغان تورپېدا ئارىلىقىدا ئىنچىكە ھەم قىسقا كەلگەن بىر سۇ تۈۋرۈكى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ھۇ بېشىنى يەيدىغان! — دېدى باش ياردەمچى ئاغزى-نى بۇزۇپ، — توختاڭلار!

بىزنىڭ تورپېدىمىز بىراقلا كېمىنىڭ ئارقىسىدا قالدى، ئۇنىڭ پولات ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئۇ بىر كەسكۈچى جابدۇقنى پارتلاتقۇچى — دېدى باش ياردەمچى، — بىر خىل كىچىك تىپتىكى لەڭگەرلىك سۇ مىناسى بولۇپ، بىز چوڭ سۇ مىناسىنى تازىلىغاندا، ئۇ مەخ-سۇس بىزنىڭ كەسكۈچى پولات ئارغامچىنى پارتلىتىشقا ئىشلە-

تىلىدۇ. ئەمدى بىز توختاپ، قايتىدىن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئارىمىزدىكى بىر كېمە بىر چوڭ سۇ مىناسىغا سوقۇ-لۇپ كېتىشى مۇمكىن. نېمىسلار ھەر قېتىم بىر چوڭ سۇ مىناسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇلار ھامان كەسكۈچى جابدۇقق ۋە پارتلىتىش سايمانلىرى ئارقىلىق ئۇنى قوغدايتتى.

مەن بۇلارنىڭ دېڭىزدا بەلگىلەنگەن رايونلارنى توغرا تازىلاپ چىقالايدىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. ئۇلار ئالدى بىلەن دېڭىز خەرىتىسىدە دېڭىز بوغۇزلىرىنى بىرقانچە پارچىغا ئايرىيتتى. ھەربىر مىنا تازىلىغۇچى كېمە يۆنىلىشىنى تەڭشەپ، ئۆزىنىڭ شۇ بۆلەكتىكى ئورنىنى بەلگىلىيەلەيتتى. سەللا بىخۇدلۇق قى-لىنسا، تازىلانمىغان بىر پارچە مىنا رايونى قېپقالاتتى ـ دە، بۇ مىنالار قىممەتلىك بىر يۈك پاراخوتىنى پارتلىتىۋېتىشى مۇم-كىن ئىدى.

بۇ كېمىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ تامامەن خەتىرى يوق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇراتتى. چۈنكى مىنا تازىلىغۇچى كېمە-نىڭ باشقۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولسىلا، تازىلانمىغان سۇ ساھەلىگە كىرىپ قالمايتتى، مىنا تازىلىغۇچى كېمە ئالدىنقى كۈنى تازىلى-نىپ بولغان سۇ ساھەلىدە ماڭاتتى. پولات ئارغامچا بىلەن لەيلەتمە بۇيۇملارلا خەتەرلىك رايونغا تاشلىناتتى، لېكىن كېمە ھەيدەش داۋامىدىكى ھەرقانداق خاتالىق ياكى شامال يۆنىلىشى ۋە تاشقىن يۆنىلىشىنىڭ تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىك، غايەت زور خەتەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ـــ ئوڭ تەرەپتە ئايروپىلان پەيدا بولدى، باشلىق، ـــ دەپ دوكلات قىلدى كۆزەتكۈچى قاراۋۇل. بىز دۇربۇن بىلەن ئاسماننى كۆزىتىپ، ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا بىر قارا چېكىتنى بايقىدۇق.

ـــ بۇ گېرمانىيىنىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانى ـــ دېدى باش

ياردەمچى، — ھەر كۈنى چۈشتە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن مۇھاپىزەتچى پاراخوت ئۆتسە، ئۇ سىمسىز تېلېگراف ئارقىلىق گالەينىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يىراق مۇساپىچىلىك توپچىلار رو-تىسىغا مۇھاپىزەتچى پاراخوتنىڭ ئورنىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ يەنە پات - پات شۇڭغۇپ چۈشۈپ بىزنى پىلىموت ئوقىغا تۇتىدۇ، بىراق ئۇ پۈتۈنلەي بىمەنىلىك — دېدى.

بۇ ئايروپىلان ئەتراپىمىزدا بىر چۆرگىلىدى. — بىز كۆزىمىزنى تېخىمۇ ئۆتكۈررەك تۇتقىنىمىز ياخشى، ئۇ شۇڭغۇپ چۈشۈشى مۇمكىن، — دېدى كېمە باشلىقى. ئايروپىلان ئىك-كىنچى قېتىم چۆرگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئايلىنىپ ئەنگلىيە دېڭىز قىرغىقى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا كېمە خۇددى تارىغا ئوخشاش تىترەپ كەتتى. ”ئوق ئۆتمەس بېرا“ يەنە ئەسەبىيلەرچە خۇشاللىق بىلەن قاۋاشقا باشلىدى. ئىككىنچى تور سۈرگۈچى بېلىقچى كېمىنىڭ يېنىغا يۈز يارد كېلىدىغان جايدا يەنە ئەرۋاھدەك بىر ئىنچىكە سۇ دولقۇنى — كېمىنىڭ خادىسىدىنمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈلدى.

— ھەقىقەتەن بەك يېقىن قاپتىكەن! — دېدى باش ياردەمچى ھاياجانلانغان ھالدا، — يەنە 20 يارد يېقىنلاشقان بولسا ئۇنى تۇشۇك قىلىپ قويار ئىكەن، ھەممە كابىنكىدىكى كىشىلەرنى دېڭىزغا تاشلىۋېتەر ئىكەن. ئۇ چوقۇم كەسكۈچى پولات ئارغامچىنى دېڭىز يۈزىگە بەك يېقىن قىلىپ قويغان ئوخ-شايدۇ، ئۇ سۇ مىناسىنىڭ تىغىغا چىرمىشىۋاپتۇ، — دېدى.

— بۇ يەردە نەچچە خىل سۇ مىناسى بار؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۇنى دەپ بېرەلمەيمەن، نېمىسلار ھەمىشە بىزنىڭ قايسى خىلدىكى سۇ مىناسىنىڭ زىيىنىنى يوقىتالايدىغان-لىقىمىزنى بىلمەكچى بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇنى بىلگەن ھامان بۇ سۇ مىنالىرىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى تىپتىكى سۇ مىناسىنى

ئىشلىتىدىغان بولىدۇ.

— نېمىسلار شۇنچە زېرەكمۇ؟

— بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئادەتتە نېمىسلارنىڭ ھەممىسى كونا قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغان بىر نېمىلەر، بەلكىم سىز دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانسىز؟ بۇ ھېكايە تور سۆرىگۈچى مىنا تازىلىغۇچى كېمىلەردە كەڭ تارقالغان، بۇ ۋەقە تايمېس دەرياسى قولتۇقىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مۇنداق: گېرمانىيىنىڭ بىر مىنا ئورۇنلاشتۇرغۇچى كېمىسى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، چارشەنبە، جۈمە كۈنلىرى كېچىسى قانۇنىيەتلىك ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، تامامەن ئوخشاش ئورۇندا ئوخشاش ساندىكى سۇ مىناسىنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز شۇنىڭغا ئوخشاش، قانۇنىيەت بويىچە، ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى مىنا تازىلايدىكەن. بۇ ئىش بىرقانچە ھەپتە داۋاملىشىپتۇ، ئاخىرى بىزنىڭكىلەر قانداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىر كۈننى تاشلاپ قويۇشنى قارار قىلىشىپتۇ. دەل ئۇلار پەرەز قىلغاندەك، مىنا ئورۇنلاشتۇرغۇچى ھېلىقى كېمە چارشەنبە كۈنى كېچىسى يەنە كەپتۇ، ھەمدە ئۆزلىرى دۈشەنبە كۈنى ئورۇنلاشتۇرغان بىر سۇ مىناسىغا ئۈرۈلۈپ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ، بىزنىڭكىلەر ئېتىلىپ بېرىپ، ئالتە نېمىسنى، جۈملىدىن كېمە باشلىقىنىمۇ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ دەرغەزەپتە قايناپ، بىزنىڭ بىخۇدلۇق قىلىپ ۋەزىپىنى ئادا قىلماي بۇ يەردىكى سۇ رايونىنى تازىلىمىغانلىقىمىزنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ تېخى بۇنداق بىپەرۋالىقتا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىدە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ دەپتۇ.

— كېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دۈشمەن ئايروپىلانى سېزىلدى! — كۆزەتچى ۋارقىرىدى.

— بۇ گېرمانىيىنىڭ ھېلىقى رازۋېدكا ئايروپىلانى، — دېدى باش ياردەمچى، — بىزگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

پىلىموت، توپچىلار ئۆزلىرىنىڭ قورال - جابدۇقلىرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئاسمانغا قاراشتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈم بىلەن پولات رېشاتكىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.

— ئۇ بىزگە قاراپ شۇڭغۇۋاتىدۇ باشلىق، — باش ياردەمچى ۋارقىرىدى. دۈشمەن ئايروپىلانى ئۇدۇل بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كەلدى —. قوياش ئۇنىڭ قارا ئۆتكۈزگۈچى قاپقىنىدا چاقناپ، خۇددى غەزەپلەنگەن بىـر كـۆزگە ئوخشايتتى. مەن پولات رېشاتكىغا قاراپ يۆتكەلدىم.

كېمە باشلىقى: — ھازىر ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا توپ ئوتى ئېچمىش، — دېدى.

يۇقىرى ئاۋازدا چىقىرىلغان بۇيرۇق يەتكۈزۈلدى، بۇيرۇقنىڭ تەسىرى كېمىنى قاپلىدى، بىر كاللەك قارا ئىس بىز بىلەن ئايروپىلان ئارىلىقىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولدى، بۇ خۇددى ئۇنىڭ شۇڭغۇپ چۈشكىنىگە ئوخشاش تۇيۇقسىز ئىدى، دۈشمەن ئايروپىلانى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئايلىنىپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن بىر ئايلىنىپ ئېتىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بىر ماتروس يۈگەكلىك بىر قەغەزنى ئېلىپ كابىنكىگە چىقتى. كېمە باشلىقى قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ: ئۇچىنچى نومۇرلۇق كېمىدىن كەلگەن تېلېگرامما خەۋىرى ئىكەن، ئۇلار بىر سۇ مىناسىنى سۇ ئۈستىگە لەيلىتىپ قويۇپتۇ، بىز كېمە قۇيرۇقىنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ سىزگە ئۇلارنىڭ ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرستەلەيمىز، — دېدى.

تۇيۇقسىز مەن ئالدىمىزدىن تەخمىنەن بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان ئارىلىقتا، 100 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى،

شەكلى خۇددى ئاق قارغا پۇركەنگەن بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشايدىغان بىر بەلدەم سۇ دولقۇنىنىڭ ناھايىتى ئېنىق كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۇم.

— پەرۋەردىگاھىم، — دېدى باش ياردەمچى، — ئۇلار بىزگە قارىتىپ توپ ئېتىشىۋېتىپتۇ! ھېلىقى رازۋېدكا ئايروپىلانى ئورنىمىزنى يىراق مۇساپىلىك توپچىلار روتىسىغا دوكلات قىلىپتۇ.

بىز تېخىمۇ چوڭراق ئىككى دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا - ئاستا سۇس تۇمانلىققا قوشۇلۇپ، تىپتىنچ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ چاغدا بىز چوڭ بىر قولتۇقتىن ئۆتۈپ، دوۋېر شەھىرىگە قايتتۇق. بىراق ئۈچىنچى نومۇرلۇق كېمە، «سىدىرا ئورلىئان» ناملىق كېمە كېلىپ يېقىنلاشقانغا قەدەر، ئىزىدىن قوزغالماي تۇردى، بۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ كابىنكىسىدە بىر ئوفىتسېر ئاتقان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق، ئېتىلغان ھەر بىر پاي ئوقتىن دولقۇن ئىچىدە پەي شەكلىدىكى بىر چاچراتما ھاسىل بولۇپ تۇراتتى. بۇ چاچراتمىلار ئىچىدە قارا يۇمىلاق شەكىلدىكى بىر سۇ مىناسى لەيلەپ تۇرغانىدى. مەن ئوق ئېتىش مۇساپىسىنىڭ ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

باش ياردەمچى چۈشەندۈرۈپ: قاراڭ، بىز دائىم ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتمەستىن ئوق بىلەن سۇ مىناسىنى پارتلىتىمىز، مەن بىر چوڭ سۇ مىناسىنىڭ 100 يارد يىراقلىقتا تۇرغان تور سۆرگۈچى بىر كېمىنى پارتلىتىپ يېرىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. ئەگەر 50 يارد ئارىلىقتا بولغان بولسا، ئۇ كېمىدىكى ئادەملەرنى دېڭىزغا تاشلىۋېتەر ئىكەن، — دېدى.

سۇ مىناسى ئېتىپ پارتلىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ كېمىچىلىرىمىز جابدۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاق چوققا تەرەپكە قاراپ دوۋېر شەھىرىگە قايتتى. ئۈستىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان

ھاۋا ئۆرۈشىنىڭ گۈڭگا ئىزى قىلىنىلىشىپ قوي يۈڭى شەكلىدە-
كى يوغان ئارغامچىغا ئايلاندى، ھەممە بىر كالالەك بولۇپ كەچ-
كى شەپەقتە قاندەك قىزىرىپ كەتكەن بۇلۇتلارغا سىڭىپ كەتتى.

— سىز بىلەمسىز، مەن يەنە دېڭىزغا چىقىشنى خالايمەن، — دېدىم مەن.

— مەن سىزنىڭ ئۇنىڭ يەنىلا ئوخشاشلا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى سېزىپ قىلىشىڭىزدىن ئەن - سىرەيمەن، — دېدى كېمە باشلىقى، — مىنا تازىلاش ئىشى پەقەت گېزىتتىلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدۇ.

بەلكىم شۇنداقتۇ. پەقەت ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا، مەن كەچلىك گېزىتتە بىر خەۋەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا ئەنگلىيە-نىڭ «سىدىرا ئورلىئان» ناملىق تور سۆرىگۈچى بېلىقچى كېمە-سىنىڭ جەنۇبىي دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكى، بارلىق خادىم-لارنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىكەن. شۇنىڭغا قەت-ئىي ئىشىنىمەنكى، ھېلىقى چوڭ كۆك كۆز كېمە باشلىقى غوتۇلدىغان ھالدا قۇتقۇزۇش قېيىقىغا چىققاندا، چۈكمەيدىغان كىچىك تايغان - "ئوق ئۆتمەس بىرا" دەل ئۇنىڭ زاكاق ئاستىدا تۇرۇپ، قۇتقۇزۇش كېيىمى ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ مېھرى-بانلىق يېغىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى بىلەن ئەيىبلەش نەزى-رىدە سىرتقا نەزەر سالماقتا ئىدى.

# 26. قەلئەنىڭ قولدىن كېتىش سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى

## پاۋلو. تومپسون

ئەبىنئەمائەل قەلئەسى بېلگىيە مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ بىر پارچە ئۇيۇل تېشى بولۇپ، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئوق - دورىلار تۈگەپ كېتىش بىلەن قولدىن كېتىشى مۇمكىن، لېكىن زورلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغاندى. ئەمما، گېرمانىيە ئارمىيىسى بېلگىيە چېگرىسىدىن توغرا ئۆتۈپ 36 سائەت بولمايلا، ئۇنىڭ 1400 نەپەر ئوفىتسېر - ئەسكىرى قەلئەدىن تىزىلىپ چىقىپ تەسلىم بولدى.

بۇ ئىش پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەيران قالدۇردى، ھەر خىل گەپلەر تارقالدى، يېڭى تىپتىكى بىر خىل زەھەرلىك گازنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ نېرۋىسىنى بىخۇدلاشتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى فانتازىيىلىك پەرەزلەرمۇ ناھايىتى تېزلا يامراپ كەتتى. تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلارمۇ ھەممە يەرنى قاپلىدى، گىتلېرنىڭ ”مەخپىي قورالى“ نىڭ تۈرلىرى توغرىسىدىمۇ بارغانسېرى كۆپ يېڭى سۆزلەر پەيدا بولدى. ئەمما، ئۇرۇش سىردىنى يېشىشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىپ كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، بۇ ئۇرۇشنى ئىنچىكە ھالدا ئۈزۈلمەي تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقتى.

قەلئە ماس دەرياسى بىلەن ئالبېر قانىلىغا يېقىن تۈزلەڭ-

لىكتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئىككى دەريادىن ئۆتۈشىدىغان مۇھىم ئۆتەڭنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. ئۇ ئەڭ زامانىۋى لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى بىر كۋادرات ئىنگلىز مىلى دائىرىدە، نۇرغۇن كىچىك پوتەيلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئايرىم - ئايرىم ياسالغان بۇ ئىستىھكاملارنىڭ ھەممىسى بروند - پولات تاختاي بىلەن پولات چۆيۈق بېتونلار بىلەن تەبىئىي قىيالارنىڭ ئۈستىگە قوپۇرۇلغان بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر ئورەك ئارقىلىق تۇتىشاتتى، ھەربىر پوتەيگە چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك سەپلەنگەن بولۇپ يىراقتىكى تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىن ئەتراپنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورنىتىلغان پىلىموتمۇ بار ئىدى. قەلئە بىلەن ئەتراپىدىكى پوتەيلەر بىر گەۋدە بولۇپ تۇتاشقانىدى. ئەتراپى تېخى قاتمۇقات سىم توسۇق ۋە قويۇق مىنا رايونلىرى بىلەن قوغدىلاتتى. بېلگىيىلىكلەر مۇنداق مۇستەھكەم قۇرۇلۇش بار يەردە ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ بەخىرامان ئۇخلاشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى.

لېكىن نېمىسلار كۈچىنى ئىنچىل ھالدا يېڭى تىپتىكى ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن جابدۇغان بىر خىل ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىمنى قۇرۇشقا قاراتقانىدى. بۇ قىسىم بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىنچىل تەرەققىي قىلدۇرۇلغانىدى. ئۇلار ئەبىنئەمائەل قەلئەسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قەلئەنىڭ چوڭ - كىچىك كۆلىمىگە تەقلىد قىلىپ قەلئە ياساپ كۆپ قېتىم مانېۋىر ئۆتكۈزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

1940 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە، گېرمانىيىنىڭ قۇدرەتلىك قىسمى گوللاندىيە، بېلگىيىنىڭ مۇداپىئەسىز چېگرىسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى، تانكا قىسمى ليۇكسېمبۇرگتىن گېرمانىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سدانغا

تۈتاش چىغىر يوللاردا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى. پاراشۇتچىلار روتتىبىردامغا چۈشتى. پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى تاشيولنى قامال قىلدى. ھاۋا بوشلۇقىنى ئايروپىلانلار قاپلىدى. ھەممە يەرنى پاتىپاراقچىلىق قاپلىدى.

بىر ماتورلاشقان قىسىم بۇ ھەيۋەتلىك سەپكە قېتىلدى. بۇ كىچىك قىسىم چوڭ قوشۇنغا ئارىلىشىپ، يول بويى توختىماي، ئۇدۇل ماس دەرياسى بىلەن ئالبىرنىڭ كېسىشىپ تۇرىدىغان يېرىگە ماڭدى. ئۇ بېلگىيە بىلەن گوللاندىيە چېگرىسىدىكى ھاسترېختقا جايلاشقان بولۇپ، ئەبىنئەمائەل مۇداپىئە سېپىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئىدى. بۇ گېرمانىيىنىڭ بىر ساپيورلار بىرىگادىسى بولۇپ، يەنە بىر ئاجايىپ ياردەمچى قىسىم ئىدى، ئۇنىڭغا بىر روت پىيادە ئەسكەرلەر روتىسى ، بىر زېنىت پىلىموت ئىنژۋودى، بىر تانكىغا قارشى توپچىلار ئىنژۋودى بىلەن بىر خىمىيۋى ئۇرۇش جەھەتتە تەربىيىلەنگەن ئالاھىدە قىسىم تولۇقلاپ بېرىلگەنىدى.

بۇلار ئەمەلىيەتتە، بىر كىچىك تىپتىكى جەڭ قىلغۇچى قىسىم ئىدى. بىرىنچىسى، پارتلاتقۇچى ساپيورلار برىگادىسى بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تروتىل پارتلىتىش دوردىسىنى باشقۇرالايتتى؛ ئىككىنچىسى، پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى بولۇپ، ھۇجۇم قىلىش، ئىلگىرىلەش ۋە مۇداپىئە قىلىشقا ئىشلىتەتتى؛ ئۈچىنچىسى، تانكىغا قارشى ۋە ھاۋا مۇداپىئە قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىي جەڭ قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك مەرگەنلەر ئىدى؛ ئەڭ ئاخىرقىسى خىمىيە قىسمى بولۇپ مەخسۇس ئىس - تۈتەك پەيدا قىلىش ۋە ئوت قويۇش بىلەن شوغۇللىناتتى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كۈن قاراڭغۇلىشىشتىن بۇرۇن، پارتلاتقۇچى برىگادا تۇزلەڭلىكتىكى بىر ئويمانلىق جايغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستى دەل ئەبىنئەمائەل قەلئەسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، شوڭخوڭغوچى بومباردىمانچى ئايروپىلان تاڭ سەھەر-
دىن باشلاپلا قەلئەنى بومباردىمان قىلىۋاتقانىدى. چۈش بولغاندا
بىر ترانسپورت ئايروپىلانى كېلىپ 50 نەپەر پاراشۇتچى ئەسكەر-
نى تاشلىدى، ئۇلار بومبا ئورەكلىرىدە يوشۇرۇنۇش ئورنىنى
ياخشى ياساپ، پارتلاتقۇچى برىگادا بىلەن سىمسىز تېلېگراف
ئارقىلىق ئالاقە قىلىشىپمۇ بولدى.

بۇ كۈنى كېچىسى، بېلگىيە ئارمىيىسىدە بىر ئاز تەۋرىنىش
بولدى، لېكىن جەڭگىۋارلىقىنى ھەرگىز يوقاتمىدى. ئىستىھ-
كامنىڭ لايىھىسى شۇنداق دەھشەتلىك ھۇجۇمغا تولۇق بەرداش-
لىق بېرەلەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاساسەن زىيان - زەخمەت
بولمىغانىدى. قويۇق بومباردىمان قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە پەقەت
بەزى سىم توسۇقلار ئاغدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم مىنالارنى پارتلى-
تىپ، بازىدا نۇرغۇن ئورەكلەرنىلا قالدۇرغانىدى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تاڭ سەھەردە، گېرمانىيە ساپيور-
لىرى دۆڭ ئۇستىگە تۇتىشىدىغان بىر يول ئېچىشقا باشلىدى.
بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قىيىنلىقى ناھايىتى چوڭ ئىدى، بېلگىيە ئار-
مىيىسىنىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور خەۋپ
يەتكۈزدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزىدىغان بىرنەرسە بول-
مىغان بولسا، بۇ ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلغۇچىلار خۇددى كەلگەن
چاغدىكىدەك تېز، بۇ تۈزلەڭلىكتىن يوقىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ
ئالدىنقى كۈنى سەھەردىكى بومباردىمان ئىدى، بۇ قېتىملىق
بومباردىمان ئىستىھكامغا زىيان يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، لې-
كىن جەڭ مەيدانىدا نۇرغۇن ئورەكلەرنى قالدۇرغان بو-
لۇپ، بۇ ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلغۇچىلار مۇشۇ ئورەكلەرگە
كىرىۋالغانىدى.

ھازىر پۈتكۈل جەڭنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ھۇجۇم
باشلاندى. بىرىنچى نىشان: ساپيور قىسمىنى بەزى ئىستىھكام-
لارغا يېقىنلاشتۇرۇش ئىدى. ساپيورلارنىڭ ئىلگىرىلەپ مېڭ-

شىنى قوغداش ئۈچۈن، تۈز ئېتىلىدىغان تانكىغا قارشى زەمبە-
رەك بىلەن ئېگىزگە ئېتىلىدىغان هاۋادىن مۇداپىئەلىنىدىغان
زېنىت پىلىموت قەلئەنىڭ ئوق ئېتىش تۆشۈكىگە يېقىن ئارىلىق-
تا تۇرۇپ ئېتىپ، قەلئەنىڭ "كۆزى" نى ئويۇپ ئالماقچى
ئىدى. خىمىيە ئۇرۇش قىسمى ئىس ـ تۈتەك پەيدا قىلىپ،
قوشنا ئىستېهكاملارنىڭ ئوت كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش نىشانى-
نى توسۇۋالدى. پىيادە ئەسكەرلەر كىچىك تىپتىكى قوراللار
بىلەن قەلئەنىڭ ئوق تۆشۈكىگە ئوت ئاچتى، ھەممە پۈرسەت
تېپىپ ساپيورلار قولغا كەلتۈرگەن ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنى مۇستەھكەملىدى.
بۇنىڭلىق بىلەن نېمىسلار خەۋپ ـ خەتەردىن خالىي بولمى-
دى، ساپيورلار ھەربىر بومبا ئورنىنى ئىگىلىگەندە، ياكى بۇ
ئورەكتىن يەنە بىر ئورەككە يۆتكەلمەكچى بولغان ئارىلىقتا،
يەنىلا ناھايىتى ئېغىر زىيان تارتتى. بۇ گېرمانىيە ئەسكەرلىرى
خۇددى بىر ـ بىرلەپ مېڭىۋاتقان ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىغا
ئوخشايتتى، گراناتا ئۆلارنىڭ ئۆتىكىنىڭ قونجىدىن، ھەربىي
كىيىملىرىنىڭ تۈگمىلىرى ئارىلىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يەت-
تە قاداق ئېغىرلىقتىكى بىر خالتا پارتلىتىش دورىسى ئاساسەن
ھەر بىرىنىڭ بوينى ئەتراپىغا ئېسىقلىق ئىدى. ھەربىر ئەسكەردە
مىلتىق ياكى ئاپتومات بار ئىدى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر پارتلىتىش
دورىسى قاچىلانغان بىرقانچە كىچىك خالتا تېگىلگان 15 ئىنگلىز
چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقنى سۆرەپ ياكى ئىتتىرىپ ئىلگىرىلە-
مەكتە ئىدى. يەنە بەزىلىرى كاپسۇلا قويىدىغان 20 ئىنگلىز
چىسى ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇن تاياقنى ئېلىۋالغانىدى، بۇ نەرسە
خىش توشۇغۇچى ئىشچىلار ئىشلىتىدىغان ئۇزارتىلغان خىش
توغىغا بەك ئوخشايتتى. يەنە بىر قىسىملىرى ئوت پۈركۈگۈچ
ئېلىۋالغانىدى. بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەم غەلىتە بىر ئارىلاشما
قوشۇن ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر تەپسىلات سان-

سىز قىبتىم سىناق قىلىنغانىدى.

پارتلىتىش دورىسى قاچىلانغان كىچىك خالتىلار تىڭىلغان ئۆزۈن تاياق بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىلا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، سىم توسۇق تازىلاشقا ئىشلىتىلگەنىدى. ھەربىر پارتلاتقۇچى تاختايدا تەخمىنەن 20 ئىنگلىز چىسى كەڭلىكتە يول ئاچقىلى، ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى مىنالارنى ۋەيران قىلغىلى بولاتتى.

ئىككى تەرەپتىكى توپ ـ زەمبىرەكلەر جىمىنىڭ بارىچە ئوت ئاچماقتا ئىدى. تاسادىپىي بىر پەس غەلىتە بىر خىل پارتلاش ئاۋازىمۇ ئاڭلىناتتى، بۇ يەنە بىر ساپيورنىڭ پارتلاتقۇچ دورىسى بىلەن جەھەننەمگە ئۇزىتىلغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈل-دى. ئاخىرى كۆر ئاغزىدىن قىچىپ چىققان بىر قىسىم ساپيور-لار ئىستىھكامغا يېقىنلىشىپ قالدى، ئۇلار بۇ يەردە نىسپىي بىخەتەر ئىدى، چۈنكى قەلئەدىن ئېتىلغان ئەجەللىك ئوت پەقەت ئۇدۇلىنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىغا ۋە ئارقا تەرەپتىكى يەرگىلا باراالايتتى، قەلئەگە يېقىن جايدىكى ئۇنىڭغا بىۋاستە يېقىن تۇرىدىغان بىر پارچە يەرگە توپ ئوتى باراالمايتتى.

جەڭ ئەمدى باشلاندى، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق ھەرىكەت-لەر پەقەت مۇقەددىمىلا ئىدى. ئوت پۈركۈگۈچ قارشى تەرەپنىڭ ئېتىش تۆشۈكىگە قاراپ ئوت پۈركىدى، ساپيورلارمۇ ئۆزلىرى-نىڭ پارتلىتىش دورىسىنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىگىلىۋالغان ئەۋزەل يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز قائىدىسى بويىچە پارتلىتىش دورىسى بىلەن قەلئەنىڭ ئىستىھ-كاملىرىنى پارتلاتتى. ئۇلار مەخسۇس: ئېتىش تۆشۈكى، زەم-بىرەك سۇپىسى، پوتەي، ئۆتەڭ ۋە كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىغا ئوخشاش نازۇك جايلارنى تاللاپ قول سالدى. ئەگەر يەر شارائى-تى يار بەرسە، ئۇلار قولى بىلەن كاپسۇلانى قۇراشتۇرۇپ، قەرەرلىك قۇرۇلمىنى جايلاشتۇرۇۋالدى، ئاندىن يېقىن ئەت-

راپتىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلار ياكى ئورەكلەرگە يوشۇرۇنۇۋالدى. يەنە بەزى ئەھۋال ئاستىدا، ساپيورلار پارتلىتىش دورىسىنىڭ كاپسۇلىغا كىچىكىپ ئىتىلدۇرۇش قۇرۇلمىسىنى قۇراشتۇ-رۇپ، ئاندىن گراناتتەك پوتەينىڭ ئىتىش تۇشۇكىگە ئاتتى. يەنە ئۇزۇن ياغاچقا تېڭىقلىق بەزى پارتلىتىش دورا خالتىلىرى پارت-لىتىلىدىغان نىشانغا ئىتتىرىپ قويۇلدى.

پارتلىغاندىن كېيىنكى بۇ جەڭنىڭ كۆرۈنۈشىنى قەلەم بى-لەن تەسۋىرلىمەك قىيىن ئىدى. ئوت پۈركۈگۈچى ئوت ئاچتى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تانكىغا قارشى ۋە ھاۋا مۇداپىئە قورال-لىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئوت ئاچماقتا ئىدى. بېلگىيە ئارمىيە-لىرىمۇ قايتۇرما زەربە بەرمەكتە ئىدى. ئىس - تۈتەك قاپلى-نىپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ، توپ - زەمبىرەكلەر ئېتىل-ماقتا ئىدى. بۇنداق كۆرۈنۈش ئۇرۇش تارىخىدا كۆپ بولغانمۇ يوق؟ تروتىل پارتلىتىش دورىسى بۇ چاغدا تازا كارامىتىنى كۆرسەتتى. بۇ يەردىكى بىر ئىتىش تۆشۈكى پارتلاپ زۇۋانى توختىدى. ئۇ يەردە بىر پوتەي تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى. بېلگىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوت كۈچى ئاجىزلاشقاندا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ساپيورلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمى ھەسسىلەپ ئاشتى. بېلگىيە ئار-مىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغانىدى.

بۇ جەڭنىڭ شۇنداق دەھشەتلىكلىكى ئۇرۇش سېپىنىڭ ئەۋ-زەل، ناچارلىقىنىڭ شۇنداق ئېنىق بولغانلىقى بۇنىڭ بىر قې-تىملىق تېز ئۇرۇشۇپ تېز ھەل بولىدىغان جەڭ بولىدىغانلىقى جەزملەشتۈردى. بىرقانچە ئىستىھكام جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بېلگىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ئو-مۇمىي ۋەزىيەتنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قوماندانلىق قىلغان ھەيۋەتلىك قەلئە ئەسلىدە دۈشمەننى دۆلەت ئى-شىكىنىڭ سىرتىدا قالدۇرالايتتى. لېكىن بۇ چاغدا بۇ يەر كالتە

ئىستۋوللۇق ئېغىر زەمبىرەك ۋە كاننون زەمبىرەك ئەمەس،
بەلكى تروتىل پارتلىتىش دورىسى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر-
نىڭ قولىدىكى يەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ
كۈنى چۈشتە، قەلئەدىكىلەر تەسلىم بولدى، ئۇنى قولغا چۈشۈ-
رۈشتە ھەرگىز يېڭىچە مەخپىي قورال ئىشلىتىلگەن بولماستىن
بەلكى كونا ئۇسۇل بىر قېتىم ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلانغانىدى.

# 27. بىرما ئورمانلىقىدىكى ئەسكەر ئېلىش خاتىرىسى

## لارىف ھېندىرسون

بىرمىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ساقال قويۇۋالغان بىر ياش ستارشى لېيتىنانتى ماڭا مۇنداق دېدى: "بىز پىدائىي بولۇپ خەتەرلىك" ھەربىي خىزمەتكە قاتناشقىنىمىزدا بۇ يەرگە كېلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق، كاچىن دېگەن بۇ قەبىلىنى تېپىمىز ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق، ئەلۋەتتە. بىراق ھازىر بىز ئۇلار بىلەن بەك تونۇش بولۇپ كەتتۇق. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئورمان جەڭچىلىرى ئىدى. بەختكە يارىشا ئۇلارمۇ بىزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى.

ئامېرىكا - كاچىن مىللىتىدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئارقا سېپىدە جەڭ قىلغانىدى. 1943 - يىل 2 - ئايدا، گېنېرال ۋېنگايد ئۆزىنىڭ «دۇنپەرەس تارماق ئەترىتى» نى باشلاپ بىرمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى باشلىغاندا، بۇ ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ئالدىنقى قاراۋۇلنى ھىمايە قىلغۇچى ئاۋانگرات قىسىم بولۇپ بارغانىدى. 1944 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇلار گېنېرال مېيرىلنىڭ زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولۇپ ئالدىدا يول ئېچىپ، ئورمان - چاتقاللىقتا 750 ئىنگلىز مىلى مېڭىپ مىچىنا ئايرودرومنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. رىدو (كېيىن سىدۇي دەپ ئاتال-

غان) تاشيولنى ياسىغان ساپيورلار چاتقاللىق ۋە جىلغىدىن ئۆتۈپ جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان بىر قۇرۇقلۇق يولىنى ياسىغاندا، ئۇلار ئاۋانگارت ئىدى. گېنېرال ۋىللىنىڭ «مارس قىسمى» ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بىرمىنىڭ شىمالىي تاغ رايونىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىسقاچ ئېغىزنى ئېچىش جېڭىدە، ئۇلار زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا ماڭغانىدى.

جەڭ ھەققىدىكى سۆزلەر خېلى كۆپ بولدى، بەلكىم شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. بىراق بۇ ئاشۇ ئامېرىكىلىقلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئازراقلا بىر قىسمى خالاس. ھېكايىدە يەنە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئارقا سېپىگە قانداق ئۆتكەنلىكى ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىدىكىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلغانلىقى، ۋە بۇ خىل جەڭدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجايىپ ئاقىۋىتى سۆزلەنگەنىدى.

ستارشى لېيتىنانت سۆزنى داۋاملاشتۇردى: "مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغاندا، خۇددى يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان كۇلۇبقا قاتنىشىدىغاندەكلا بولۇپ قالغانىدىم. ئوفىتسېرلار تەلىم ـ تەربىيە گازارمىسىدىن ئادەم تاللىدى. ئۇلارنىڭ سەندىن ھەمىشە سورايدىغىنى: "سىز خەتىرى بار زەربىدارلىق جېڭىگە قاتنىششنى خالامسىز؟" "ئۆزىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشقا ماھىرمۇ؟" دېگەن بىرقانچە جۈملە سۆزلا ئىدى. سېنى ئويغا سالىدىغىنى يەنە بىر مەسىلە: "سىز دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە، يالغۇزلا پاراشوت بىلەن سەكرەپ چۈشۈشنى خالامسىز؟" دېگەن سوئال ئىدى.

— مەن چاقىرتىلىپ، مەندىن ئەگەر ئورمانلىقتا يالغۇز قالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ماڭا ئېھتىياجلىق بولىدىغان بويۇملارنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ بېرىشىم تەلەپ قىلىنغاندا، مەن ئۆزۈمنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى سەل سېزىپ قالدىم. مەن قىسىملارنىڭ دائىم ماڭا كېرەكلىك بويۇملارنىڭ يېرىمىنىلا

بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، نەق كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر-
دىن: ئۈچ ناگان، ئىككى خەنجەر، ئىككى قول چىراغ، بىر
ئاپتومات، ئازراق گرانات، نىقابلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تىزىملىكىنى، بىر ۋاراق قەغەزنىڭ
يېرىمىغا تولدۇرۇپ بەردىم. ئۇلار دەرھال نەق مەيداندىلا بۇ
نەرسىلەرنى ئالدى - دە، "ئېلىپ كەت!" دېدى. مەن بۇ
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مېھمانخانىغا ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولدۇم، قىياپىتىم خۇددى بىرلا ئەزاسى بار بىر زەربىدارلار
قىسمىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. مەن زالدىن ئۆتكەندە ئاياللار
چۆچۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. قاۋۇل ئەرلەرنىڭ چىرايىمۇ ئۆز-
گىرىپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى خۇددى بىر ساراڭدەك ھېس
قىلدىم، بىراق شۇ چاغدىلا مەن، بۇ جابدۇقلارنىڭ ئۆزۈگىنىڭ
ئۇسۇلى بويىچە ئۆزۈگىنىڭ تاماشاسىنى كۆرستىش ئۈچۈن تەي-
يارلانغانلىقىنى بىلەتتىم، ساڭا نېمە لازىم بولسا، ئۇلار شۇنى
بېرەتتى.

"بىرقانچە كۈندىن كېيىن، مەن بىر كېمىگە چىقتىم، بىر
ئوفىتسېر ماڭا نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى."

بىرمىنىڭ ھىندىستاننىڭ ئاسسام شتاتى بىلەن تۇتىشىدىغان
تاغلىق رايونى دۇنيا بويىچە ئەڭ خارابىيلاشقان رايونلارنىڭ بىرى
ئىدى. ئايروپىلاندىن تۆۋەنگە قارىغاندا، ئۇ يەر خۇددى غايەت
زور بىر يېشىل گىلەم قىيا تاش ئېدىرلىققا سېلىنغاندەك كۆرۈ-
نەتتى. يەر يۈزىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئومۇمەن كۆرگۈدەك بىر
مەنزىرىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرىدىغان،
كىشىنى تۇنجۇقتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرلا بار ئىدى. تاغلىقلار
ماڭىدىغان بىرقانچە چىغىر يول، ئەتراپتىكى كۆز يەتكۈسىز
ئورمانلىققا كىرىش ئىمكانىيىتىنى چوڭايتىش ئۈيافتا تۇرسۇن
تېخىمۇ كىچىكلىتىۋەتكەندەك قىلاتتى.

دەل مۇشۇ چىغىر يوللارنى بويلاپ، 1942 - يىلىنىڭ

بېشىدا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى بىرمىدىن ئاسسام شتاتىغا چېكىنىپ چىققانىدى. شۇ قېتىملىق چېكىنىشتىن كېيىن، ياپونىيىلىكلەرمۇ مۇشۇ چىغىر يوللارنى بويلاپ ئورۇنلاشتى. ھەربىر چىغىر يول مەلۇم بىر كىچىك يېشىل دوزاختا — مەلۇم بىر مەخپىي قورال - جابدۇقلىرى خىل ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بازىسىغا تۇتىشىدىغان كىرىش ئېغىزىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ياپونىيە بىرمىنى بويسۇندۇرۇپ جۇڭگونىڭ بىرمىغا تۇتاش يولىنىمۇ ئۈزۈۋېتىپ، جۇڭگونى يېتىم قالدۇردى. ماددىي ئەشيالارنى تۇشۇشقا بۇنىڭدىن باشقا بىر يېڭى يول تېپىلمىسا، جۇڭگو تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى.

بىرمىنىڭ شىمالىي تاغلىق رايونىدىكى ياپونىيە ئارمىيىسىنى يوقىتىش ھەمدە تەخمىنەن 1000 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى ماددىي ئەشيالارنى توشۇيدىغان بىر تاشيول ياساش ۋەزىپىسى گېنېرال جوسۇ سىدۇنگە تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم بولۇش سۈپىتىدە، ئامېرىكا - كاچىن ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى بۇنىڭدا مۇھىم رول ئوينايتتى.

1942- يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بىر گۇرۇپپا كىشى ئالدىدىن بېرىپ، ئاسسام شتاتىدا ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ باش شتابىنى قۇردى. دەسلەپتە ئۇلاردا 20 لا ئادەم بار ئىدى. بۇ 11 نەپەر ئوفىتسېر ۋە توققۇز نەپەر ئەسكەردىن تەركىب تاپقان ئاجايىپ بىر كىچىك قىسىم ئىدى. ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىقىلغان مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئارتۇقچىلىق ئوفىتسېرلار بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان بىر قىسىم جۇغراپىيە ئالىمى، تىلشۇناس، ئادۋوكات، ھەتتا يەنە بىر ئۇنچە - مەرۋايىت سودىگىرى (ئۇنىڭ نەپىس ئەسۋابىنى ئىشلىتىش ھۈنىرى-

نىڭ كىچىك ھەم چىدامىلىق سىمسىز تېلېگراما ئاپپاراتىنى لايىھىلەپ چىققاندا ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان) مۇ بار ئىدى.

بۇ ھەرىكەت پىلانىنىڭ لايىھىسى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. كونىلىقنى ياقلايدىغان بەزى ھەربىيلەر ئۇنى ”ئەسەبىيلىشىش“ دەپ قارىدى. ياپونىيە ئارمىيىسى ئىگىلىۋالغان چەت - ياقا تاغلىق رايوندا ئولتۇرۇشلۇق كاچىنلار دەپ ئاتىلىدىغان جەسۇر بىر تاغلىق قەبىلە بولۇپ، ياپونىيىلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن نامى چىققان. ئامېرىكىلىق بۇ پىدائىيلارنىڭ ھەرىكەت پىلانى — مۇشۇ كاچىن مىللىتىدىكىلەرنى جەڭگىۋار قىسىم قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇلارغا قورال - ياراغ بېرىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈن كېچىدە ياپونىيىلىكلەر ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا چوڭقۇرلاپ كىرگەن بىر ئايروپىلاندىن، ئامېرىكىلىق بىر نەپەر پىدائىي پاراشوت بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئورمانزارلىقتىكى بىر كەنتكە چۈشتى. يەنە بىر پاراشوتتىن يېمەكلىك، قورال - ياراغ، دورا ۋە شۇ جايدىكى پۇقرالارغا سوۋغات قىلىنىدىغان بويۇملار ھەممە بىر قىسىم كىچىك تىپتىكى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى تاشلاندى.

بۇ پىدائىي (كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم پاراشوت بىلەن سەكرىشى بولىدۇ) پاراشوت بىلەن سەكرەپ چۈشكەن ئاشۇ بىر دەقىقىدىن باشلاپ، بارلىق ئىشلاردا گەپ - سۆزسىز ئۆزگە تايىنىدۇ. ئۇ يەرلىكتىكىلەرنىڭ تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تولۇق بىلمىسىمۇ، ئۇ چوقۇم شۇلار بىلەن دوست بولۇشى، ئۆزىنى چوقۇم ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى سۈپىتىدە كۆرسىتىشى، ھەممە ئۇلارنىڭ زور مال - دۇنيا ئالدىدىمۇ ئۆزگە ساتقىنلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ جايدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كېچىدە ئۇچىدىغان ئايروپىلان ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق، قورال،

تەمىناتلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ئاندىن ئۇ كىچىك تىپتىكى ئۇرۇشنى باشلاپ، ياپونىيە ئارمىيىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە يوشۇرۇن زەربە قوزغايتتى.

بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن جاسارەت كېرەك ئىدى ئەلۋەتتە. ئەگەر تۆۋەندىكى ئىككى مۇھىم ئامىل بولمىغان بولسا، بۇ پىلان قاراملىق قىلىش دەپ قارالغان بولىشى مۇمكىن ئىدى. بىرىنچىدىن، بۇ رايون شۇنداق ئىپتىدائىي، ئورمان، چاتقاللار شۇنداق قويۇق ئىدىكى، چەت ياقىدىكى نۇرغۇن كەنتلەرگە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ چارلاش ئەترىتىمۇ بېرىپ باقمىغانىدى؛ ئىككىنچىدىن، كاچىن مىللىتىدىن بولغان مۇساپىرلار، ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئامېرىكىلىقنى ياقتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ خۇددى ياپونىيىلىكلەرگە ئۆچ بولغىنىغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلغانىدى.

كاچىن جەڭچىلىرى خۇددى كېيىن نۇرغۇن ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەر ھەيرانلىق بىلەن بايقىغاندەك، ئۇلار رومانتىك دۆلەت رەسىملىرىدىكى ھەيۋەتلىك يەرلىك ئادەملەر بىلەن ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ بويى ئادەتتە بەش ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە بولۇپ، چىچى توم ھەم قاتتىق، چىشى رەتسىز ئىدى، تارتىنچاق ھالىتى كىشىلەرگە ئۇلارنى كالۋا ئوخشايدۇ دېگەن خاتا ئۇقۇم بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىمنى خېلى بۇرۇنلا نامرات تۇغقانلىرى بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇيۇپ يىرتىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن، كىيىملىرىنى مەقسەتلىك يۇمايتتى. كاچىنلارنىڭ بۇ خىل قان خۇمار مىجەزى ئەنئەنىۋى تۇغما ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى ياقتۇرۇشى كېيىن بولغانىدى. بۇنداق بولۇشتا بۇ يەردە مۇنداق بىر سەۋەبلەر ئىدى.

1878 ـ يىلى بىرمىنىڭ سىبو پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ۋىلىيام. ھېنرى روبېرتس ئىسىملىك بىر ئامېرىكىلىق دىن تارقاتقۇچى ماندارىلىدىكى پادىشاھ ئوردىسىغا كېلىپ قوبۇل قىلىنىشىنى ئۆتۈنىدۇ. تەلەپ بويىچە، ئۇ كۆرۈشكەندە پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزۈپ ئۆمىلەپ كىرىدۇ، ھەممە توز تەخت ئالدىدا يەرگە باش ئۇرىدۇ، ئاندىن ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ناھايىتى يىراق شىمالىي قىسمىدا قالاق، ئۇرۇشقاق بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بىرمىلىقلار ئۇلارنى كاچىنلار (مەنىسى «قاراقچى») دەپ ئاتايدىكەن. بىرەر يولۇچىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىخەتەر قايتىپ چىقمىغانىكەن. بۇ دىن تارقاتقۇچى مۇشۇ رايونغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ سىبو قوشۇلۇپتۇ. بىر چەت ئەللىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئاشۇ نامدىكى دىنغا بولغان قىزغىنلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشنى خالىسا، ـــ ئۇنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى.

روبېرتس كاچىنلار ئارىسىدا بېرىلىپ دىن تارقىتىپ، ئويلاپ يەتمىگەن يەردىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىككى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئىگە بولۇپتۇ. ئالدى بىلەن، ئۇ قەبىلىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىقىغا ئېرىشىپتۇ. بىر خىل ئاددىي ـ ساددا مەنتىقىگە ئاساسەن، بۇ تاغلىقلار بۇ خىل دوستلۇقنى روبېرتستىن كېيىن كەلگەن باشقا ئامېرىكىلىقلارغىچە كېڭەيتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى پەيدىنپەي ئۇلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ ئۇلۇغ دۆلەتكە يۆتكەپتۇ. ئىككىنچىدىن، روبېرتس كاچىنلارغا بىر خىل يېزىق ئىجاد قىلىپ بېرىپتۇ. كاچىنلارنىڭ يېزىق ھەرپى بولمىغانلىقتىن، روبېرتس ئۇلارنىڭ شىۋە تەلەپپۇزىغا ئاساسەن، ئىمكانقەدەر يېقىن كېلىدىغان ئىنگلىز يېزىقى ھەرپىنى ئىشلىتىپتۇ، ئۇ يەنە يېزا ـ قىشلاقلاردا مەكتەپ ئېچىپ ئاساسىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈپتۇ. نۇرغۇن كاچىنلار بىزنىڭ ھەرپىمىز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئوقۇيا-

لايدىغان بولۇپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەن، كاچىنلارنى سىمسىز تېلېگ-
رافنى باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش ئىشى ناھايىتى ئاسانغا
چۈشەتتى.

بىرىنچى تۇركۇمدىكى ئامېرىكا پىدائىيلىرى قاراڭغۇ تۈندە
بۇ ناتونۇش رايونغا پاراشۇت بىلەن چۈشكەندە قاتتىق قورققان-
دى. ئۇلار ئورمانلىقتا يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن، زەخىملە-
نىشتىن، يىلاندىن، كېسەل بولۇپ قېلىشتىن قورققانىدى،
ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇتۇۋېلىپ ۋەھشىيانە جازالىشىدىن ھەممە-
دىن بەك قورققانىدى.

ئارىدىن بىر پىدائىي ماڭا مۇنداق دېدى: مەن بىرىنچى
قېتىملىق پاراشۇت بىلەن چۈشكەندە ھەممە ئىش ناھايىتى ئو-
ڭۇشلۇق بولدى. مەن بىخەتەر ھالدا كاچىنلارنىڭ كەنتىگە يېقىن
بىر جايغا چۈشتۇم. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار مېنى كۆردى، ناھا-
يىتى دوستانە ھالدا، مېنى گۆرۈچ تاماقى ۋە تۇخۇم يېيىشكە
تەكلىپ قىلدى. بىراق مەن ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى-
نىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ھاياتىمنى قۇربان
بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇردۇم. شۇ ۋاقىتتا مەن ماڭا ئەڭ
يېقىن تۇرغان بىرى كاچىننىڭ بەلۋېغىغا قولۇمنى قويسام ئۇنىڭ
مېنى ياپونىيىلىكلەر ھەرگىزمۇ تاپالمايدىغان بىر جايغا باشلاپ
بارىدىغانلىقىنى بىلمەي قاپتىمەن. ئۇلار سىنىڭ تىرىشىپ ئۆ-
گىنىۋالغان بىرقانچە ئېغىز يەرلىك سۆزىڭىز بىرىنىمۇ چۈشەن-
مەسلىكى مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ كارى چاغلىق ئىكەن. ئۇلار
سىنى يوشۇرۇپ قويىدىكەن، ساڭا يېمەكلىك بېرىدىكەن، ھەمدە
سىنىڭ يەنە بىر قېتىم بىخەتەر ھالدا ھەرىكەت قىلغىنىڭغا قەدەر
ساڭا ھەمراھ بولىدىكەن.

بۇ پىدائىيلار دەسلەپتە جەڭ قىلىدىغان ئىشنى تامامەن
ئويلانمىغانىدى، ئۇلار چوقۇم يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىپ
ئورمانلىقتا ھايات كەچۈرۈش، سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى

قوراشتۇرۇپ مەملىكەت ئىچىدىكى بازا بىلەن ئالاقىلىشىش، يەرلىكنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بۇ رايوننىڭ ئورمانلىقىدىكى بارلىق چىغىر يوللارنى، ياپونىيىلىكلەر ئىشلىتىدىغان تاشيوللارنى ھەممە كا- چىنلارلا بىلىدىغان چىغىر يول ۋە ئوۋغا چىقىدىغان ئۆتەڭلەرنى ئېنىق بىلىۋالدى. بۇ چاغدا ياپونىيىلىكلەر ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇ- قىنى سەزگەنىدى. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئورنىنىمۇ ئېنىق بىلەتتى. ياپونىيە چارلىغۇچىلىرى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگىچە ئۇلارنى قوغلاپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنى ئەزەلدىن تۇتۇۋالالمى- غانىدى.

كاچىنلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭچىلىككە قوبۇل قىلىنىشىنى بەك خالايتتى. ھەربىر ئامېرىكىلىق تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنىڭ قا- ۋۇل، بويى پاكار جەڭچىلىرىنى تەشكىللەشكە ھەممە بىر تارماق قىسىم قىلىپ جابدۇشقا باشلىدى. سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى- دا تۇرغان ئورۇن مەلۇم قىلىندى. ھەممە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. ترانسپورت ئايروپىلانى تاغنىڭ ئۈستى- دىكى شاللىقتا ياكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتا خالتا تاشلايتتى. ھاۋادىن تاشلانغان ماددىي بويۇملارنىڭ ئۈلچەملىك سانى ئومۇمەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە كىچىك شۆبە ئەترىتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بولۇپ، قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ئۆزى تاپاتتى.

كاچىنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر يىلى ئۇدا ئۇرۇش بولغانلىقتىن، ئاساسەن بارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىرى كەمچىل ئىدى. ھاۋادىن چۈشكەن بۇ سوۋغات بۇيۇملىرى، ئۇلار ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە: گۈرۈچ، تۇز (تۇز چىقماي- دىغان تاغلىق رايوندا ئۇ كۆمۈشكە ئوخشاش قىممەتلىك ئىدى) دورا، تاماكا، چىراق يېغى بار ئىدى؛ پىلىموت، مىلتىق ۋە ئورمانلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك خەنجەرلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ قوشۇنلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا باشلىدى. ھەممە دۈشمەن ئىشغالىيىدىكى رايونلارغا چوڭقۇرلاپ كىردى. ئۇلار ئورمانلىقتا كىچىك تىپتىكى يوشۇرۇن بىر ئايرودروم ياساپ چىقتى، بۇ يەردە، كىچىك تىپتىكى ئالاقە ئايروپىلانى ئاستا كېلىپ، ياردار ۋە كېسەللەرنى ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولدى. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئايروپىلان بىلەن دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا چۈشۈپ كەتكەن ئۇچقۇچىلارنى قۇتقۇزدى ھەممە ئۇلارنى ئاپىرىپ قويدى، ئۇلار تېخى بىر ياپونىيىلىك ئۇچقۇچىنىمۇ (ئۇ ئۆزىنىڭ ئايرودرومىنىڭ بوشلۇقىدا دېگۈدەك پاراشۇت بىلەن سەكرىگەنىدى) تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى باش شتابقا ئاپىرىپ بەرگەن، بۇ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر ئۇرۇش ئەسىرى بولۇپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى بىرمىدىن چېكىنگەندىن بۇيان تۇتۇۋېلىنغان تۇنجى ياپونىيىلىك ئوفىتسېر ئىدى.

پاراشۇت بىلەن ناتونۇش رايونغا چۈشكەن بۇ ئامېرىكىلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر مول تەجرىبىگە ئىگە ھەربىيلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئورمانلىقتا ھايات كەچۈرۈشنىڭ نۇرغۇن ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋالدى، كاچىنلارنىمۇ ناھايىتى ياخشى تونۇپ كەتتى. بىر ئاز تىپىك بولغان مىسالدىن بىرنى ئالايلى، مېھمانخانىنىڭ زالىدا كىشىنى چۆچۈتۈۋەتكەن ھېلىقى ياش ستارشى لېيتنانت كەچۈرمىشى دەل بىر مىسال بولالايدۇ.

پاراشۇتتىن چۈشۈپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن: ”جەڭنى باشلاڭلار!“ دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

— شۇ چاغدا قول ئاستىمدا كاچىن مىللىتىدىن بولغان تەخمىنەن بىر پەي ئەسكىرىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەتراپتىكى تاغلىق يوللارنى ۋە تاشيولنى

بەك ئېنىق بىلەتتى. بىز تاغ يولىدا يوشۇرۇن زەربە بېرىشنى باشلىدۇق، كۆۋرۈكنى پارتلىتىپ ۋەيران قىلدۇق، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوق - دورا ئىسكىلاتىنى پارتلاتتۇق.

— ئورمانلىقتىكى يوشۇرۇن زەربە بېرىش جېڭىدە، كاچىنلار ئۇچلانغان بامبۇك قوزۇق بىلەن دۈشمەنلەرنى ئۆلگۈدەك قورقۇتىدىغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار يىڭنىدەك ئۇچلۇق بامبۇك قوزۇقنى ئەپچىللىك بىلەن چاتقاللىقنىڭ ئىككى يېنىغا يوشۇرۇپ قويدى. ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر چارلىغۇچى ئەترىتى ئوق زەربىسىگە ئۇچرىغاندا ئورمانلىقنى پاناھ قىلىپ يۈگۈرەيتتى. يارەببىم، بۇ توغرۇلۇق يەنە سۆزلەشنى ھەقىقەتەنمۇ خالىمايمەن! مۇشۇنداق بىرقانچە قېتىم يوشۇرۇن زەربە بولغاندىن كېيىن، بىز قايتا ئوت ئاچقاندا، ياپونىيە ئەسكەرلىرى يەنە يوشۇرۇنۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ياپونىيىلىكلەرمۇ بىزگە ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى قوللاندى. ئەلۋەتتە. ئەگەر مېنىڭ جەڭچىلىرىم ئورمانلىقتا ياپونىيىلىكلەردىن ئون ھەسسە زېرەك بولمىغان بولسا، مەن ئاللىبۇرۇنلا جېنىمدىن ئايرىلغان بولاتتىم. ئۇلار ياپونىيىلىكلەرنىڭ قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقىيالايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇنى قانداق بىلىۋالىدىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم. ئۇ چاغدا ماڭا بىرەر نەرسە كۆرۈنگەنمۇ ئەمەس، ئاڭلانغانمۇ ئەمەس ياكى قانداقتۇر بىر نەرسىمۇ پۇرىمىغانىدى.

— پەقەت بىرلا قېتىم، ئاشۇ بىرقانچە ئايلىق تېپىشماق ئويۇنىدەك جەڭ داۋامىدا، بىز بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق. شۇ قېتىمدا بىز بىر كۆۋرۈكنى پارتلاتماقچى بولغانىدۇق. بۇ ئىش توغرۇلۇق بىز بەك باش قاتۇرۇپ كەتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن. قانداقتۇر بىر يەردىن مىلتىق ئوقى ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا بىزگە قارىتىپ ئېتىلدى. مەن ئۇلارنىڭ بىزگە ئوق تەگكۈزەلمىگەنلىكىنى بىلدىم. ئورمانلىقتا ئوق تەگكۈزۈشنىڭ

ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم. كېيىنكى بىر دەقىقىدە بىزنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىمىز تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولدى.

ــــ كاچىنلار تۇغما ئورمان ئوۋچىلىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۆزى ياسىۋالغان قوپال يەرلىك مىلتىقىدىن سىرت، ئەزەلدىن باشقا قوراللارنى ئىشلىتىپ باقمىغانىدى. ئۇلار ھەمىشە ئىمكانقەدەر يېقىن ئارىلىقتا ئوق چىقىرىپ ئاندىن يۇگۈرۈپ بېرىپ پىچاق بىلەن يارىلانغان يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. شۇڭا، بۇ چاغدا ئەتراپىمىدىكى كاچىنلار ئوۋچىغا ئوخشاش ئېتىلىپ چىققانىدى. يوشۇرۇنۇۋالغان ياپونىيە ئەسكەرلىرى بىراقلا پاتىپاراق بولۇپ كېتىپ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشماقچى بولدى. بىراق كاچىنلار يېتىپ تۇرۇپ ئاپتومات بىلەن ئۇلارنى يوقاتتى.

ــــ شۇنداق بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بىز تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان ئەمەس. ياپونىيىلىكلەردە مىلىتىق بار، بىراق ئالاھىدە ھەربىكەت ئەترىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ قولىدىمۇ تېز ئاتار ئاپتومات بار. سېلىشتۇرغاندا، بۇ كىچىك قوشۇنىمىزنىڭ ئوت كۈچى ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. بىز ھەمىشە ئامالىنىڭ بارىچە كاچىنلاردىن بولغان جەڭچىلىرىمىزگە ئەڭ زامانىۋى قوراللارنى تارقىتىپ بەردۇق. ئۇلارمۇ بۇ قوراللارغا ئامراق ئىدى. ئۇلار پىلىموتنى شۇنچە تېز چۈۋۈپ قۇراشتۇرالايدىكى، كۆزۈڭنى ئالا ـ چەكمەن قىلىۋاتىدۇ.

ــــ ئەمدى ئۆزۈمنىڭ يالغۇز جەڭگە چىقىشىم ئۈچۈن تاللىغان جابدۇقلىرىمنى سۆزلەي: ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى بازىدا قالدۇردۇم. بىراق بىر ياخشى پىچاق دائىم بەك ئەسقېتىپ قالىدىكەن. يامغۇر پەسلىدە، ھەمىشە نۇرغۇن سۇلۇك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن ساقال چۈشۈرگەنگە ئوخشاش پۇتۇڭغا چاپلىشىۋالغان سۇلۇكنى قىرىۋېتەلەيسەن. بە-

زىدە سۇلۇك ئىتتىككە ناھايىتى چوڭقۇر كىرىۋالغاندا سەن پىچاق-
نىڭ ئۇچى بىلەن ئۇلارنى كولاپ چىقىرىشىڭ كېرەك. ئورمان-
لىقتا تەمىنات ھەممىشە قولىمىزغا تېگىۋەرمەيتتى، شۇڭا كاچىنى-
لار بىزگە ئەڭ ياخشى ئاشخانىلاردىمۇ بېرىلمەيدىغان تاماقلارنى
يېيىشنى ئۆگەتتى. ئىسمىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بەزى
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، شىرنىلىك مېۋىلەر ۋە سۇلۇق مې-
ۋىلەر ئەلۋەتتە بولۇپ تۇراتتى. لېكىن مايمۇن گۆشى، يولۋاس
گۆشى ۋە پىل گۆشىمۇ بار ئىدى. ئاق چۈمۈلە بىلەن ئاق ھەرە
لىچىنكىسىنى ئوتقا قاقلاپ يېسە، بىرئاز گاچ - گاچ ئاۋاز
چىقاتتى. بىراق تەمى يامان ئەمەس ئىدى. چوشقا گۆشى —
ئىنتايىن پاكىز بىر خىل ئېتىز چاشقىنىنىڭ گۆشى — ھەقى-
قەتەنمۇ بەك لەززەتلىك ئىدى.

— ئالماشتۇرۇش سۇپىتىدە، مەن كاچىنلارغا بىر خىل
ماھارەتنى — جىددىي پەيتتە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان بويۇملا-
رغا ئامراق بولۇشنى ئۆگەتتىم. بىراق مەن بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ
ماھارىتىنى مەڭگۈ ئىگىلەپ بولالمايدىكەنمەن. بىر قېتىم ئىككى
كاچىن يېنىمغا كېلىپ ئەمدىلا ئىچىپ بولغان بىر كەمچىنى
كۆرسىتىپ، مەندىن مۇشۇنداق ياخشى نورمىلىق تەمىنلەش بۇ-
يۇملىرىدىن يەنە تاپقىلى بولامدۇ دەپ سورىدى. مەن قىزىل
تۆمۈر قۇتىسىنىڭ تېشىغا يېزىپ قويۇلغان "زەھەرلىك
بۇيۇم" دېگەن خەتنى كۆرۈپلا، قورقۇپ سەكرەپ كەتتىم. بۇ
قويۇلدۇرۇلغان ئىسپىرت بولۇپ، دالىدا غىزالىنىشقا ئىشلىتە-
لىدىغان قۇتىغا قاچىلانغان بىر خىل يېقىلغۇ ئىدى. ئۇدا بىرقان-
چە سائەت قورقۇپ خاتىرجەم بولالمىدىم، بىراق ئۇلاردا ئازراق
مەستلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندىن باشقا، زەھەرلىنىپ قېلىش
ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن كاچىنلارنىڭ يالغۇز
دوستانە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جاپاغىمۇ چىداملىق ئىكەنلە-
كىنى سېزىشكە باشلىدىم.

ھېلىقى ستارشى لېيتېنانتىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك ھېكايىسى-
نىڭ داۋامىنى بىر ئاز تولۇقلىساق، ھەمدە يەنە بىر تەرەپتىن
چۈشەنچە بەرسەك، سىز ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئارقا سەپ رايونىنى
پاراكەندە قىلغان بۇ جەڭگە كەلگ دائىرىدە چۈشەنچىگە ئىـگـە
بولالايسىز. ئۇ 600 ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتىكى ياپون ئالدىن-
قى سەپىنىڭ بارلىق ئارقا سەپىگە كەلگ كۆلەمدە رەھىمسىزلەر-
چە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغانىدى.

1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، "مېيرىل قاراقچىلىرى" دەپ
ئاتالغان ئورمان ئۇرۇشى بويىچە ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن بىر
قىسىم مېچىنادىكى ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ بازىسىغا ئىلگىرىلەپ
ماڭغاندا، ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلى
بولۇپ ھىمايە قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، "مېيرىل قاراقچىلى-
رى" جىددىي يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نىشانىغا
يېقىنلاپ كەلگەندىمۇ، بىر كاچىن ئۇلارغا يول باشلىغۇچى بولۇپ
ماڭدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە، كاچىن مىللىتىدىن بولغان بۇ يول
باشلىغۇچىنى زەھەرلىك يىلان چېقىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئېزچىل ھالدا قىسىمنى باشلاپ ، پەقەت كاچىنلارلا بىلىدىغان
بىر چىغىر يولنى بويلاپ، كۆتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ، دۈشمەن
ئايرودرومىنى ئىگىلەپ بولغانغا قەدەر چىڭ تۇرۇپ ئاندىن
يىقىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى-
دىكى ئەزالارنىڭ جەڭ داۋامىدىكى شەخسىي ئىش ـ ئىزلىرىمۇ
ئارخىپقا يېزىلغان. ئامېرىكىلىق بىر ياش ئەسكەر ئۆزى يالغۇز
ئورمانلىقتا بىرقانچە ئاي ھەرىكەت قىلىپ، كاچىنلارنىڭ تىلىنى
ناھايىتى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. ئۇ ياپونىيە ئارمىيە-
سىنىڭ قولىدىن ئون چوڭ پىلنى قولغا چۈشۈرگەن. بىر پىل-
نىڭ قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. چۈنكى ئۇ ئورمان ـ
چاتقاللىقتا يۈك ماشىنىسى ۋە تراكتورنىڭ رولىنى ئوينىشى

مۇمكىن ئىدى.

ئامېرىكا قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بىر سېرژانتى كۆۋرۈك پارتلىتىش مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالغان، ئەسكەر تۇشۇش پويىزىدىن بىرنى پارتلاتقان. ئۇ 6500 ئىنگلىز مىلىدىن كۆپرەك يول يۈرگەن بولۇپ، كۆپىنچى ھاللاردا ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللارنى بويلاپ ماڭغان، ھەمدە ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن گۆرۈچكە تايىنىپ جېنىنى باققان.

ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ بۇ ئەزالىرى يات دىنغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان. ماڭا ئەمدىلا ئورمانلىقتىن قايتىپ كەلگەن ئېگىز بوي، كۆك كۆز بىر ئوفىتسېر ئۇچرىغانىدى، ئۇ بېشىغا كونا ھەم يىرتىلىپ كەتكەن شەپكە كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇ كۆرگىلى بولىدىغان ھەرقانداق بىر خىل ھەربىي باش كىيىمگە تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆمۈش رەڭلىك بىر پەيمۇ قاداقلىق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىل ساقىلى قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى.

— بۇ پەي بەك چىرايلىق ئىكەن، شۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە پەي قاداشنى، غەلىتە كىيىم كىيىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك تۇرىمەن، — دېدىم مەن.

ئۇ جاۋابەن: — شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى بەك ئالاھىدە، — دېدى. (ئۇ ناھايىتى جەزملەشتۈرگەن ھالدا ئۆزىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىدىن چىقمايدىغانلارنىڭ تىپى دەپ قارىغانىدى) — ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆتۈك كىيىشنى ئۆگەنگەندىن باشقا كۆپ ئۆزگىرىش بولمىدى.

— بۇنداق تۇرمۇش تولىمۇ مەنىسىز بولىدۇ، — دېدىم مەن ئىپادە بىلدۈرۈپ، — بۇنىڭدىن كېيىن بەزى غەلىتە

ئىللەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، — ئۇ بۇ قارىشىمغا قوشۇلدى، — بۇلار ئاجايىپ ئادەملەر، بەزىدە مەن، پەقەت مېنىڭلا كاللام بار دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— سىزنىڭ كاچىنلارنىڭ خۇراپاتلىقىغا مەسىلەن جىن - شەيتانلارنىڭ روھى، توخۇ سۆڭىكى بىلەن پال سېلىشقا ئوخشاش ئىشلارغا قىزىقىپ قالغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەقىقىي پالچىلىق تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بىر ئادەم، ئۇنىڭ ناھايىتى دەل چىقىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىدۇ، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، كاچىنلار توخۇ سۆڭىكى بىلەن بىخەتەر يولنى تاللايدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ دېگىنتى بويىچە قىلمىسام بىز زورمۇزور دېگەندەك بىرقانچە قېتىم ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ پىستىرمىسىغا كىرىپ قالىمىز. مەن ئۇلارنىڭ جىن روھى ھەققىدىكى ئاشۇ بىرنېمىلەرگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمەيمەن. لېكىن دەريادىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن بىرقانچە تەڭگىنى دەرياغا تاشلاشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق، — دېدى ئۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. بىراق بەزى يىگىتلەر راستىنلا غەلىتىرەك بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟ — دېدىم مەن.

ئۇ جاۋاب بېرىپ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەرنى ھەقىقەتەن ئورمان ئېزىقتۇرۇۋەتتى. مەن بىرى بىلەن تونۇشاتتىم، ئۇ ئۆزىگە ئىلگىرى كاچىنلارنىڭ جىنى چاپلىشىپ قالغانلىقىنى، ئىككى پۇتىدىكى ئاغرىقنىڭ كاچىنلارنىڭ دېگىنى بويىچە تىزىغا كىچىك پىلنىڭ تۈكىدىن ياسالغان لېنتىنى تاڭغاندىن كېيىن ئاندىن يوقالغانلىقىنى ئېيتتى. سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دېدى.

— تولىمۇ غەلىتىكەن — دېدىم مەن.

— بىز ھەقىقەتەن بىر توپ ئانچە نورمال بولمىغان ئا -

دەملەر، — دېدى ئامېرىكا - كاچىنلار ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ بىر ياش كوماندىرى، — بىزدە مۇنداق بىر ئۇقىتە- سېرمۇ بولغان، ئۇ ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسمىدىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن، پاراشۇتتىن سەكرىگەندە ھەممىشە بىر كۆز- لۈك كۆزەينەك تاقىۋالىدۇ. ئەمما يەنە بىر ئۇفىتسېر ئورمانلىق- تىكى چاغلىرىدىمۇ، ئەگەر بىر مالاي ئۇنىڭ يۈزىگە سوپۇن سۈرتۈپ بەرمىسە، ئۇستۇرىنى سۇنۇپ بەرمىسە، ئۇ ساقىلىنىمۇ چۈشۈرەلمەيدۇ. ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ يەنە بىر ئەزاسى ئۇرۇش ئەسىرىنى قورقۇتۇشقا ئۇستا ھەمدە ئۇنى ئىقرار قىلدۇ- رالايدۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن قويۇق بىر تۇتام قارا ساقىلى ۋە كۆزىدىن زاڭىقىغىچە بىر يارا تارتۇقى بار، خۇددى بىر دېڭىز قاراقچىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ چاچلىرى پاك - پاكىز چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئورمانلىقتا ئەڭ قورقۇنچلۇق قىياپەتتە ئىدى. ئۇ تۇتۇۋېلىنغان ھەربىر ياپونىيىلىك بىلەن خۇددى ئاخبارات ئېلان قىلغۇچى ئەمەلداردەك توختىماي سۆزلىشىدۇ.
— بىراق شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، بۇلار قاتتىق تاللانغان ئادەملەر. مۇشۇ تۆردىكى خىزمەتلەر ئۈچۈن، بىزگە چوقۇم ھەرقانداق ئىشنى سىناپ كۆرەلەيدىغان، ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغان ھەمدە ئىش قىلىشتا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسى بولىدىغان كىشىلەر لازىم. غەلىتە ئوي - پىكىر ھەرقانداق ئادەمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت تۇرمۇش- نى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ.
— ئاساسىي پىسخىك جەھەتتىكى غەمكىنلىك تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىش. تەنھا ئادەم ئېلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بېكىنمە ئورمان بۇ ئادەملەرنى بوشلۇق، نۇرلۇق ۋە ھاۋا ئۈچۈن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئالاھىدە ھە- رىكەت ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بۇ مەسىلىنى مۇنداق بايان قىل-

غان: سەن قەپەس ئىچىدە تۇرسەن، كۆڭلۈڭ قاتتىق بۇزۇلۇپ قەپەستىن بۆسۈپ چىقماقچى بولسەن، لېكىن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايسەن. جىددىيلىك چىدىغۇسىز ھالغا چۈشىدۇ ـ دە، سەن خۇددى تورغا چۈشۈشكە ئاز قالغان قوغلىنىۋاتقان قاچقۇنغا ئوخشاپ قالىسەن، ياپونىيىلىكلەر سېنى قوغلايدۇ، سەن قاچالمايسەن. ئۇيقۇڭ قاچىدۇ، قاباھەتلىك چۈش كۆرىسەن. بىر ئادەمدە مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلانغاندا سەن ئۇنى ئۇنىڭ سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىدىن بەرگەن تېلېگراممىسىدىن سېزىۋالالايسەن. بۇ چاغدا ئۇنى دەرھال ئورمانلىقتىن قايتۇرۇپ كېلىشىڭ كېرەك. بىر مەزگىل ئارام ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئورمانلىققا قايتىپ بارسا بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ غەيرەتلىك بولىدۇ.

ياپونىيىلىكلەر تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تاغدىكى بازىسىدىن چېكىنىدى، ھەممە جەنۇبىي تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە ھەيدەپ ئاپىرىلدى. ئاپتوموبىللار كالوننا قۇرۇلۇشى پۈتۈپ بولغان سىدۋى تاشيولىدا گۇرۇلدەپ، ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ جۇڭگوغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. نۇرغۇن خەلق ئىشچىلىرى ۋە ئەسكەرلەر بۇ غەلىبە ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەم بولسا بولمايدىغىنى ھازىرغا قەدەر تېخى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش قىلىنمىغان ـــ ئامېرىكا ـ كاچىن ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ئىدى. ئۇلار يوشۇرۇن تۇرار جايىدىن چىقىپ دۈشمەنلەرگە زەربە بەرگەنىدى، ئۇلار مەخپىي چىغىر يوللىرىغا ئەسكەرلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ جېنىنى ئالغانىدى.

ئامېرىكا ـ كاچىن ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتى ناھايىتى ئاز قۇربان بېرىش ۋە زەخىملىنىش بەدىلىگە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ بىرمىدىكى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

ئالاھىدە ھەرىكەت ئەترىتىنىڭ بىر ئوفىتسېرى مۇنداق دې-

دى: ”بۇنىڭغا پەقەت بىر خىللا ئىزاھات بېرىشكە بولىدۇ، يەنى كاچىنلارنىڭ ساداقەتمەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئورمان ئۇرۇشىدىكى ماھارىتى. چۈنكى ئۇلار دائىم بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى زەخمىلەندۈرۈشكە يول قويمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھەمىشە ياپونىيىلىكلەرنىڭ پىستىرمىسىنى سېزىۋالغان. كىشىلەر ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بىلىۋالغانلىقىنى سورايدۇ. مەن ھازىرغا قەدەر بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىدىم. بىراق مەخسۇس چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا تەربىيىلەنگەن ھەربىي ئاپشاركىمىزنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم بار، بۇ ئاپشاركىلار قالتىس ئىدى، ئەمما كاچىنلار تېخىمۇ زېرەك ئىكەن“.

كاچىنلارنىڭ ماكانى ياپونىيىلىكلەرنىڭ قولىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ تاغلىقلار بۇرۇنقىدەك يەنە تاغلىق يەردىكى كىچىك ئېتىزلاردا شال ۋە تەرخەمەك تېرىدى. ئۇلار يەنە بۇ داۋانلىق چىغىر يوللارنى بويلاپ ياۋا توخۇ، ياۋا بۇغا قوغلاپ يۈردى. ئۇلار ھەممە يەرگە داڭقى كەتكەن ئاشۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە رول ئالغان. ھازىر بۇ رىۋايىتىمىزدە ئېيتىلغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئەنئەنىسىدە بىر كىشىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى.

# 28. ئۇنتۇلماس بىر كېچە

## كونتىن. رېنوژ

لوندوندا ھاۋا ئىللىق، ئوچۇق بولغان كۈندۈز ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كۈندۈزگە ئوخشاش ئوچۇق بولغان كېچە باشلاندى. بۇ 1941 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شەنبە يانغان كېچىسى بولۇپ، يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ ھەممىلا يېرىدە تەڭ چاقناپ، تولۇن ئاي پۈتۈن جاھانغا شولا چېچىپ تۇراتتى.

لوندوندىكى ئامېرىكىلىق مۇخبىرلار ھەممىمىز بولۇپ ئەللىكتەك كىشى چىقاتتۇق، كۆپ قىسمىمىزنىڭ روھى ئىنتايىن چۈشكۈن ئىدى. ناتسىستلارنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى رۇسىيىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ شىددەت بىلەن برىتانىيىگە قاراپ ئېتىلماقتا ئىدى. 4 - ئاي ئىچىدىلا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تەخمىنەن 500 مىڭ توننىلىق پاراخوتى گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى. ئەنگلىيىنىڭ قوشۇنلىرى مىسىرغا چېكىنگەنىدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق سۇۋەيش قانىلى تەرەپكە چېكىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

پورتسمۇت، جەنۇبىي ھامپتون، لىۋېرپول ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پورتلارنىڭ ھەممىسى ئەجەللىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندى. كىلىدىكى دوكمۇ[1] بومباردىمان قىلىنغانىدى. تەخمىنەن

① ت: دوك. پاراخوت توختايدىغان جاي.

43 مىڭ پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ لوندون شەھىرى يەنىلا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. خەلق غەم ـ ئەندىشىنىڭ ئازابىنى تويغۇچە تارتقان بولسىمۇ، ئۇلار چىشىنى چىشلەپ مۇستەھكەم قۇرغان بولۇپ ئۇيۇشقانىدى.

سىلەرگە ھازىر 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەنبە كېچىسى بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي! كۆپىنچىمىز سېئو مېھمانخانىسىدا يېتىپ قوپاتتۇق ۋە ئىشلەيتتۇق. سىگنال بېرىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا، ھېلىقى ئاخشىمى بېرىلگەن سىگنالغا ئانچە پەرۋا قىلمىغانىدۇق. ئەمما، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئادەتتىكى ھاۋا ھۇجۇمى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق، گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ھاۋا ئوچۇق بولغان ئايدىڭ كېچىدىكى ئىنتايىن قۇلايلىق بۇ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بىزنى كەڭ كۆلەمدە دەھشەتلىك بومباردىمان قىلماقچى ئىكەن.

سېئو مېھمانخانىسى مۇخبىرلار ئۈچۈن بىر پائالىيەت ئۆيىنى ئاجراتتى ھەمدە دېچ ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۆيگە قاراشقا ئەۋەتتى. شۇڭا بىز بۇ يەرنى "دېچ قاۋاقخانىسى" دەپ ئاتىۋالدۇق. دېچ بەستلىك كەلگەن سۇرۇق چاچ كىشى ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەمىشە غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى پاكىزە تۇتۇشقا ئامراق ئىدى، شۇ ۋەجىدىن ھەر كۈنى چۈشتە خېلى كۆپ ۋاقىتنى دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى سۈرتۈشكە سەرپ قىلىپ ئەينەكلەرنى پارقىرىتىۋېتەتتى. ئۇ بومبا چۈشۈپ دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىشتىن بەك قورقىدىغان بولغاچقا، ئەتراپقا بومبا چۈشكەندە، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى. كىچىككىنە بۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيگە بىرقانچە ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ھەربىر ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە شاھمات تىزىپ قويۇلغانىدى، ئەنگلىيىلىك ۋە ئامېرىكىلىق ئىككى مۇخبىر سىرتتا بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن قىلچە كارى بولماستىن زېھنىنى قويۇپ شاھمات

ئويناۋاتاتتى. تېلېئاپتوگراف بىر خىل ئەمما كىشىنىڭ كۆڭلە-
نى ئەمىن تاپقۇزىدىغان تاقىلداق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.
ئۆزۈلمەي داۋاملىشىۋاتقان پارتلاش ئاۋازى ئاستىدىكى بۇ-
رۇقتۇرمىلىق بىلەن تولغان يېرىلىشتىن چىقىۋاتقان قاراسلىغان
ئاۋازلار ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سىرتقا چىقىپ قارىسام، بۇ
يەردىكى پارتلاش ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقان
ئىكەن. تايمىس دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئامبار ئەتراپ-
لىرى كۆيۈپ ئوت دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. دەريادىكى كىچىك
تېپتىكى ئوت ئۆچۈرۈش پاراخوتلىرى ئىنچىكە تۇرۇبا ئارقىلىق
يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا بىچارە قىياپەتتە ھەدەپ سۇ پۈركۈ-
مەكتە ئىدى. ھالبۇكى بۇ سۇ گويا ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ كەتكەن
يالقۇننى سۇغىرىۋاتقاندەك ھېچ نەرسىگە دال بولماي ئوت بارغان-
سېرى ئۇلغىيىپ كەتكەنىدى.
خىزمەتداشلىرىمىزدىن بىرى مېھمانخانىدىن چىقىپ:
— پادىشاھ جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسى بۈگۈن كېچىدە 400
دىن كۆپرەك ئايروپىلاننىڭ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى، ھەقىقە-
تەن كۆپ ئىكەن — ھە! — دېيىشتى.
— ئۇلارنىڭ ئايروپىلانىدىن قانچىنى ئېتىپ چۈشۈرگەندى-
مىز؟
— زېنىت توپ ئۇنچە ئېگىزلىككە يەتمىگەچكە، ئاران
سەككىز ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈردۇق، — دېدى ئۇ.
ئۆيگە كىرسەك، شاھمات مۇسابىقىسى يەنىلا داۋاملىشىۋات-
قانىكەن. تېلېئاپتوگرافلىق خەت ئۇرۇش ماشىنىسى ئارقىلىق
يەتكۈزۈلۈۋاتقان سېرىق باغاقچىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز
يۈگۈرتتۈم، بۇ باغاقچە بىزنى گويا 3000 ئىنگلىز مىلى يىراق-
لىقتىكى ئاشۇ ئاقىلانە، تىنچ دۇنيا بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىد-
غان تۇگۈنگە ئوخشايتتى.
شۇ ئەسنادا پولات چىۋىق بىلەن بېتون ئارىلاش ياسالغان

سېئو مېھمانخانىسى قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى، قورقۇنچلۇق پارتلاش ئاۋازى بىز تۇرۇۋاتقان ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدى، بۇ، قېتىمقى پارتلاش بىزنى ئۇياق ـ بۇياققا داجىتىپ قۇلاقلىرىمىزنى پاك قىلىپ قويايي دېدى. پارتلاشتىن كېلىپ چىققان ئاۋاز دولقۇنى ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ، كۆچىنى كۆرسەتتى، لېكىن بۇ "دېچ قاۋاقخانىسى" نىڭ پاكىزە يورۇق ئەينەكلىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىشقا يېتىپ ئاشاتتى، يەتتە پارچە ئەينەك يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم ـ تالقان بولدى، بۇنى كۆرۈپ دېچ قارغاپلا كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە ئىككى مۇخبىر ئالمان ـ تالمان كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ قان دىدارى قالمىغانىدى، كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز بولۇپ، قوللىرى تىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار چېلسىئادىكى بىر ياغاچ ئۆيدە ئولتۇراتتى، قاتتىق پارتلايدىغان بىر بومبا ئۇلار تۇرۇۋاتقان كوچىغا چۈشۈپ، ھەممە ئۆيلەرنى ۋەيران قىلغان بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆيلا ساق قالغانىدى. ھېلىقى ئىككى كىشىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ، يارىدارلارنى كۆيۈۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانىدى. دېچ بىر بوتۇلكا براندى ھارىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا قاۋاقخانىنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— يود تىنكتۇرىسى تېپىلمىدى، براندىمۇ ناھايىتى ياخشى دېزىنفېكسىيە دورىسى، — دەپ براندىنى ئىككىسىنىڭ جاراھىتىگە سۈرتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بوتۇلكىنىڭ ماركىسىغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— دېچ، بۇ زاۋۇتتىن چىققىنىغا ئۈچ يىل بولغان براندى ئىكەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى، — 20 يىلغا توشمىغان براندىغا يېقىن يولىمايدىغانلىقىم ساڭا ئايانغۇ.

پارتلاش ئاۋازى قۇلاقلىرىمىزنى پاك قىلىۋېتىشكە ئاز قال-

غاچقا، ئۇنلۇك سۆزلەشتۇق. لېكىن بىز تېلېئاپتوگراف خەت ئۇرۇش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئاڭلىدۇق، ماشىنىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازىنى ھېچقانداق نەرسە توسۇپ قالالمايتتى.

ئۆيگە خېلى كۆپ مۇخبىرلار كىرىپ كەلدى، قارىغاندا پۈتۈن لوندون شەھىرى گويا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغاندەك قىلاتتى، ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. تېلېفون ئۇلاپ بەرگۈچى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «سىم يوللىرىنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى» دېدى. سىرت بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ كىچىك بوستانلىقىمىزدا قالدۇق.

شۇنداق تۇرۇقلۇق لىفت يەنىلا مېڭىپ تۇراتتى، بىر خىزمەتدىشىم بىلەن ئۈگزىگە چىقتىم، ئوت دېڭىزىنىڭ قورشاۋىدا قالغان يېگانە ئارالدا قالغاندەك تۇيغۇغا كىلىپ قالدۇق، بىر نەچچە يۈز پروژېكتور رەڭگارەڭ، ئاقۇچ يورۇق نۇرىنى ئاسمانغا قاراتقانىدى، بېشىمىزدا خۇددى تۇمەن مىڭلىغان پاشا غىڭشىۋاتقاندەك گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاۋازى بىر خىل رىتىمدا كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ غوڭۇلدايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاققا بەكمۇ سەت ئاڭلىناتتى.

خىزمەتدىشىم قول بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قارىغاندا ئۇلار تۆۋەن پالاتانى پارتلىتىۋەتكەندەك قىلىدۇ، — دېدى.

ئاقۇچ يېنىپ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاستا بەخىرامان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ئاستىدا قالغان لوندون شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. سول تەرىپىمىزدىكى سائوپائۇ چېركاۋىنىڭ چەمبەر شەكىللىك ئۆگزىسىدىنمۇ ئاق نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ جىددىي قىياپەتتە:

— بۇ مەڭگۇ ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان بىر كېچە بولدى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

بىز ئۆزىمىزنى خۇددى جان ئۇزۇش ئالدىدا تۇرغان قەدىناس دوستىمىزنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتۇق. لوندون شەھىرىنى، لوندون خەلقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدۇق، بىز ئۆزىمىزنى بۇ قەھرىمان شەھەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇق. ھالبۇكى ئۇ ھازىر خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇنىڭدىن گۇمان قىلىشقا بولمايتتى. زېنىت توپچىسى ئېتىلىپ چىققان توپ ئوقلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ پارچىلىرى ئۆگزىگە چۈشۈشكە باشلىغان بولغاچقا، قارامىلىق قىلماي پەسكە چۈشۈپ كەتتۇق.

ئۆيگە بىر ئاز ئىس ـ تۈتەك كىرىپ كەتكەنىدى، ئۆيدىكىلەر كىشىنىڭ كۆزىگە بەك غەلىتە كۆرۈنەتتى، چۈنكى كۆمۈرنىڭ ئىسى ۋە ئوق ـ دورا ئىسى ئۇلارنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت قارا پەردە ھاسىل قىلىپ، غەلىتە تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇششاق ـ چۈششەك كوچا خەۋەرلىرى ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئاخبارات ئورۇنلىرى گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاز دېگەندە 3000 جايدا ئوت ئاپىتى پەيدا قىلغانلىقىنى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بىلەن ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتىدىكىلەردىن يارىدار بولغانلارنىڭ ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئېلان قىلدى. ئاخبارات ئورۇنلىرى يەنە ئاز دېگەندە 2000 ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى، بۇ ھەقتىكى ئېنىق مەلۇماتنى كېيىن ئېلان قىلىدىغانلىقىنى، شۇ كېچىسى 70 ئامبار ۋە زاۋۇتنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنىڭغا ئەگىشىپ، قۇلاقنى يېرىۋەتكۇدەك جاراڭلىق ئاۋاز ئوت يالقۇنىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى، ئۇنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشقانلىقىغا ئىشەنگۈمىز كەلمىگەندەك بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق، بۇ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن سىگنال ئىدى. كېچىلىك ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىغۇچىلارنىڭ دۈشمىنى بولغان تاڭ سەھەرمۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى، بىزگە تاڭ

بەك تەستە ئاتقاندەك بىلىندى.

لوندون شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقى قېلىن ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغانىدى. ئېغىزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايلىرى جىددىي تۈس ئالغان ئەر - ئاياللار يەر ئاستى ئۆيلىرىدىن ۋە ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپلىرىدىن بىر - بىرلەپ چىقىشىپ كېلىشىۋاتاتتى، كۆپلىگەن كىشىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. ئوت ئۇچقۇنلىرى يەنىلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆيلەردىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شۈبھىسىزكى بۇ ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەڭ ئېغىر بولغان بىر قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى ئىدى.

بىز تۆۋەن پالاتاغا كەلگەندە، ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلۈپ بولغانىكەن، ئەمما ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىن يەنىلا ئىس چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا بىر كىچىك پىكاپ كېلىپ توختىدى، پىكاپتىن بەستلىك، سىگار چىشلىۋالغان بىر كىشى چۈشۈپ ئۇدۇل تۆۋەن پالاتاغا كىرىپ كەتتى، ئۇ بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقتى، ئۇنىڭ چىرايلىرى غەزەپكە تولغان بولۇپ، بۇ كىشى باش ۋەزىر چېرچىل ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ناخۇشلۇق، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پىكاپقا چىقىپ كەتتى.

ئاخبارات ئورنىغا كەلسەك، خىزمەتداشلىرىمىزدىن بىر - قانچىسى شۇ يەردە ئىكەن. بىر ھاۋا ئارمىيە گېنېرال لېيتېنانتى خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېخى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— بۈگۈن ئاخشام بىزگە ھەقىقەتەن كۆپ زىيان بولدى، — دېدى ئۇ. ئۇ يەنە: — ئۇلار باتىسىن ئېلېكتر ئىستانسىسىنى پارتلىتىشنى نىشانلىغان بولسىمۇ تەگكۈزەلمەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا قۇرۇلۇشلارنى ۋەيران

قىلىپتۇ، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ
قاپتۇ، ئۇلار تايمىس دەرياسىدىن سۇ تارتىپ چىقىرىۋاتىدۇ،
ئوت كۆچىنى تىزگىنلەشكە يەنە 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.
ئەپەندىلەر! بۇ سىلەرگە تولىمۇ يامان ئىشتەك بىلىنگەن بولۇشى
مۇمكىن، دەرۋەقە بۇ بىز ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بىر قېتىملىق
هاۋا هۇجۇمى بولسىمۇ، لېكىن، ئەپەندىلەر! ئۇ تەمكىن قىيا-
پەتتە تولۇقلاپ، — بۇگۈن كېچىدىكى بۇ ئۇرۇشتا بىز غەلىبە
قىلدۇق دەپ قارايمەن، — دېدى.

ئۇ چىرايىمىزدىكى هەيرانلىق ئالامەتلىرىگە قاراپ كۈلۈپ
كەتتى - دە، بىزگە يەنە مۇنداق دېدى: — سىلەر مېنىڭ هاۋا
ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىدا قىلغان سۆزلىرىمنى ئاڭلى-
غان بولساڭلار كېرەك. هەر نۆۋەتتە گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى-
نىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى زىيانغا ئۇچراتساق، داۋاملىق ئۇس-
تۈنلۈكتە تۇرغان بولىمىز. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بۇنداق
خوراشقا هەرقانداق هاۋا ئارمىيىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.
هازىرقى ئەڭ يۇقىرى مۆلچىرىمىزگە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى هاۋا
هۇجۇمغا 450 گېرمانىيە ئايروپىلانى قاتناشقان، تولۇقسىز
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ 45 ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈ-
شۈردۇق، بۇ بىزنىڭ كېچىلىك هاۋا هۇجۇمدا تۇنجى قېتىم
بۇنداق جەڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىشىمىز. مانا بۇ يېڭى تىپتىكى
تەكشۈرۈش ئەسۋابى ئورنىتىلغان كۈرەشچى ئايروپىلانلىرى-
مىزنىڭ پۇتۇنلەي مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى چۈشۈندۈرىدۇ.
گېرمانىيە بىر قېتىملىق هاۋا هۇجۇمدا مەخسۇس تەربىيىلەن-
گەن 45 ئۇچقۇچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا هەرگىز چىداپ تۇ-
رالمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، ئەپەندىلەر! پادىشاھ جەمەتى
هاۋا ئارمىيىسىدىكىلەر بۇ ئىشتىن ھەقىقەتەن بەكمۇ خۇش بول-
دۇق.

بىز هېلىقى هاۋا ئارمىيە گېنېرالىنىڭ سۆزلىرى راستمۇ-

دۇ؟ لوندون شەھىرى ھەقىقەتەن ئامان ـ ئېسەن قالغانمىدۇ؟ دېگەندەك بىر قاتار ئىشلارنى خىيال قىلغان ھالدا بىنادىن ئاي-رىلدۇق، ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن ئىس چىقىشقا باشلىغانىدى، يۇمىلاق، قىپقىزىل قۇياش شاتلىق ئىچىدە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئاخبارات ئورۇنىنىڭ تېشىدا ئون نەچچە كىچىك ماشىنىنىڭ تۇرغىنىغا ئادەمنىڭ زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، شوپۇرلار ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سېئو مېھمان-خانىسىغا يېنىپ كەلدۇق، بەزى كوچىلاردىن مېڭىشقا بولمى-غاچقا، ئامالسىز ئەگىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق، ئوت ئۆچۈ-رۈلۈپ بولغانىدى. ئىشچىلار يېرىلىپ كەتكەن سۇ تۇرۇبىلىرىنى رېمونت قىلىشقا باشلىغانىكەن، ھەتتا كوچىلاردا ئاپتوبۇسلارمۇ قاتناشقا باشلىغانىدى.

دېمەك، «ئېنگلاند ھامىنى ئېنگلاند» دېگەن ناخشىنى غىڭ-شىپ ئېيتقاچ، پەتنۇستا قىزىق دەملەنگەن چاي بىلەن بولكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەنىدى. بۇ ناخشا لوندون شەھىرىدە بەك كەڭ تارقالغان ناخشا ئىدى، ئىلگىرى كىشىلەر بۇ ناخشىنى بەك كونا ناخشا دەپ قاراپ كەلگەنىدى، ھازىر بۇ ناخشا نېمە ئۈچۈن-دۇر كىشىلەرگە يېڭىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. قانداقتۇر ئۇنىڭدا ئەنگلىيىنى بېسىۋالغىلى بولمايدىغانلىقتىن ئىبارەت ئاددىي، سەممىي بىر ھەقىقەت ئىپادىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەگەر ئەنگلىيە مۇشۇنداق بىر كېچىگە بەرداشلىق بېرەلىسە، ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغاندەك قىلاتتى.

1941 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ھەقىقەتەن ئۇنتۇل-غۇسىز بىر كېچە بولدى.

# 29. 2 _ 183 نامـلـىق كۇمـلاچ دورىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

جۇن. روز. سېتىد

بۇ ھېكايىدە كانادا پادىشاھ جەمەتى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ «ماتېبىيدىيا» نامـلـىق چوڭ تىپتىكى مۇھاپىزەتچى ھەربىي پارا-خوتىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ دېڭىز ئارمىيىسىدىكى سانسىزلىغان ماتروسلارنىڭ كېسەل ئاۋازىنى يەڭگىللىتىشتە ئوينىغان رولى سۆزلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «ما-تېبىيدىيا» نامـلـىق ھەربىي پاراخوتتىكى بارلىق پاراخوت خىزمەت-چىلىرى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆز مەجبۇ-رىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتقاندا پاراخوتىمىزدىكى ستوك. مەيھالىنىڭ مەيدىسىگە ئور-دېن تاقاشنى ئارزۇ قىلسامىۇ، ئەمما بۇ پەقەت بىر دېڭىز ئارمىيە مايۇرى (ۋاقىتلىق) نىڭ ئارزۇسى بولغاچقا، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ شان - شەرەپ ئىنسولىننى كەشىپ قىلغۇچىلارنىڭ بىرى چارلىز. بېسىت ئىسىملىك بىر دوختۇر بىلەن مەشھۇر مونترال نېرۋا كېسەللىكلىرى ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى ۋې-لىت. پونفوردقا مەنسۇپ بولدى.

ئۇلار نام چىقارغان تېببىي ئالىملار بولۇپ، 2 _ 183 نامـلـىق كۇمـلاچ دورىنى سىناق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى.

بۇ ئادەتتىكى دورا ئەمەس، دورا لۇغىتىدە ئۇ كانادا دېڭىز

ئارمىيىسىنىڭ پاراخوتتا باش قېيىش، قۇسۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى دېيىلگەن، بۇ دورا پاراخوتتا باش قې-يىش، قۇسۇش كېسىلىدىن ئىبارەت ئىنسانلاردىكى ئەڭ قور-قۇنچلۇق كېسەلگە پايدا قىلاتتى. 1943 ـ يىلى بۇ دورا تەجرى-بىخانىدا بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاتلانتىك ئوكيان ئۇرۇ-شىدا دېڭىز ئاستىغا يوشۇرۇنغان دۈشمەننىڭ سۇ ئاستى پاراخو-تىنىڭ تەھدىتى يامانمۇ؟ ياكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي پاراخوتىدىكى ماتروسلارنىڭ باش قېيىش، قۇسۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى يامانمۇ؟ دەيدىغان گۇمانىي پىكىرلەر دائىم تۇغۇلۇپ تۇراتتى. 2 ـــ 183 ناملىق كۇمىلاچ دورىنىڭ ياسى-لىشى ھەربىي پاراخوتتا ۋە قېيىقتا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۇچەي ـ باغرىلىرىنىڭ ئارامىدا تۇرۇشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇردى، ئۇ-نىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشقا ياردىمى تەگكەنلىكىدە گەپ يوق.

تېببىي ئالىملارنىڭ 2 ـــ 183 نامليق كۇمىلاچ دورىنى كەشىپ قىلىش يولىدىكى ئاجايىپ ئىش ئىزلىرى كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىر خىل دورىنى ئىزدەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىن-سانلار دېڭىزدا يۈرۈش قىلىشنى باشلىغاندىن بۇيانقى كۆپلىگەن ئەسىر مابەينىدە، تېببىي ساھەدىكىلەر پاراخوتتا باش قېيىش، قۇسۇش كېسەللىكىگە قارىتا كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر خىل جاھىل پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلگەنىدى. «تېببىي ئىلىم» دە بىراۋ پاراخوتتا ئاغرىق ئاۋازىدىن نالە قىلىپ ھەتتا ماغدۇرسىز-لىقتىن پاراخوتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىشكە كۈچى يەتمىسىمۇ، «تېببىشۇناسلىق» تا ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق كېسىلى يوق دەپ قارىلاتتى، دېمەك بۇ خىل كېسەلگە قارىتا تاكى 1941 ـ يىلى كانادانىڭ «ماتېبىدىيا» نامليق پادىشاھ جەمەتى مۇھاپىزەت-چى پاراخوتىدىكىلەر قىشنىڭ تۇمانلىــق كۈنلىرىدە بۇ جە-ھەتتە ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلغانغا قەدەر شۇنداق قاراشلاردا بولۇپ كەلگەن.

«ماتېبىيدىيا» ناملىق مۇھاپىزەتچى پاراخوت دەسلەپكى مەز-
گىللەردە ياسالغان پاراخوت بولۇپ، ئۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئوك-
ياندا گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتلىرىنىڭ تەھدىتىگە تاقا-
بىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى. نيۇفاندلېندنىڭ سان
جون پورتى ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بازىسى بولسا، ئىسلاندى-
يىنىڭ تاشلىنىپ چۆلدەرەپ كەتكەن بۇ پورت قولتۇقى ئۇنىڭ
ئاخىرقى بېكىتى ئىدى. ئۇنىڭ بىر نۆۋەت قاتنىشى ئۈچۈن بىر
ئاي ۋاقىت كېتەتتى، كانادانىڭ مۇھاپىزەتچى پاراخوتلىرىدا
دوختۇر بولمىغانلىقتىن، تاسادىپىي ئۇچراپ قالىدىغان قوغلىغۇ-
چى پاراخوتلارنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتىگىلا تايىناتتۇق.

سېتوك. مەيھالنى بۇ ھېكايىمىزدە باش قەھرىمان قىلىشقا
مىلك تەستە تايىن تاپتۇق. ئۇ 1941 ـ يىل 12 ـ ئايدا «ماتېبىي-
دىيا» ناملىق پاراخوتقا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ،
بۇ ئۇنىڭ پاراخوتقا تۇنجى قېتىم چىقىشى ئىدى، ئۇ ئىزچىل
تۇردە دېڭىزدىكى سەپەرگە ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەنىدى. سې-
توك. مەيھال «ماتېبىيدىيا» ناملىق مۇھاپىزەتچى پاراخوت سان
جون پورتىدىن يولغا چىققاندا تېخى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىققا
ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن
ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ،
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

دەرۋەقە يالغۇز ئۇلا بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان
ئەمەس ئىدى. پاراخوت ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستا ئايلىنىشتىن
ئىلگىرى (بۇ خىلدىكى مۇھاپىزەتچى پاراخوتنىڭ شۇ تۇپەيلىدىن
نامى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى) . كۆپلىگەن ماتروسلارنىڭ ۋە
ئوفىتسېرلارنىڭ ئەھۋالىدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولسىمۇ،
لېكىن باش قېيىش، قۇسۇش كېسەللىكىنىڭ ئازابىنى يەڭگەن-
دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە
كەلگەنىدى. سېتوك. مەيھالدا ئاستا خاراكتېرلىك باش قې-

يىش، قۇسۇشتىن بولىدىغان كېسەللىكنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مېخانىكا ئوفىتسېر پاراخوت باشلىقىغا يېڭىدىن كەلگەن بۇ كىشىنىڭ خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنى ئاسما كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى، دوكلات قىلدى.

يول ئۈستىدە كېسەل بولۇپ قالغان بۇ پاراخوت مېخانىكى ئېغىر خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلانغانىدى. ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇنىڭ ھالى خاراب بولۇپ، چىرايلىرى تامدەك ئاقىرىپ قان دىدارى قالمىغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۈستىخان بولۇپ، بەك سەتلىشىپ كەتكەنىكەن. ئۇ تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىشلارغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

«ماتېبىدىيا» ناملىق پاراخوت سان جون پورتىدىن يولغا چىقىپ 16 يېرىم كۈندىن كېيىن، ئىسلاندىيىگە يېتىپ كېلىپ ئەنگلىيىنىڭ چوڭ تىپتىكى رېمونت قىلغۇچى پاراخوتىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. سېتوك. مەيھالنى بۇ پاراخوتتىكى بىرنەچچە ھەربىي دوختۇرغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇنى داۋالاش پونكىتىغا ئاپىرىپ ئۇزۇن مۇددەت داۋالاشنى ھاۋالە قىلدۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مەيھالنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئۇ داۋالىنىۋاتقان ھېلىقى پاراخوتقا ئەۋەتىلدىم. بىر ھەربىي دوختۇر ماڭا: — سىز ئېھتىمال سېتوك. مەيھالنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ ئــۇنــىــڭــدا ھېچقانداق چاتاق يوق ئىكەن، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا: — سېتوك. مەيھال باش قېيىپ، قۇسۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، — دېدىم. ھېلىقى پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي دوختۇر ماڭا:

— تېتىقسىز گەپ قىلماڭ! پاراخوتتا كۆپىنچە ئادەملەردە باش قېيىش، قۇسۇش ئالامەتلىرى بولىدۇ، ئۇ بىرنەچچە كۈن-

دىن كېيىن بالىنىستىن چىقىدۇ، — دېدى.

مەن يەنە گېپىمدە چىڭ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— باشلىق! سېتوك، مەيھالىنىڭ گىرىپتار بولغىنى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل، بالىنىستىن چىقسا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدىم.

ھېلىقى پودپولكوۋنىك ماڭا: — ئۇنداقتا بۇنىڭغا قاراڭ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈردۇم، ئۇنىڭدا بىرئاز ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى بولغاندىن سىرت، سالامەتلىكى ئاجايىپ ياخشى ئىكەن، يۈرىكى بىلەن ئۆپكىسىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشى ئىكەن. شۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنى پاراخوتىڭلاردىن سەۋەبسىز قالدۇرۇپ ئېلىپ قېلىشقا قىلچە ھەققىم يوق، — دېدى.

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە سېتوك. مەيھالىنى پاراخوتقا قايتۇرۇپ كېتىشتىن باشقا بىزدە ھېچقانداق ئامال قالمىغانىدى. ئىسلاندىيەدىن يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا، بۇ بىچارە ئادەم بىز بىلەن بىرگە مېڭىپ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.

ئىسلاندىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سەككىز، ئون بال دېڭىز بورىنىغا يولۇقتۇق، بوران پاراخوتىمىزنىڭ تاختا كۆۋرۈكلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. مىڭ تەستە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن خالىفاكس پورتىغا كېلىپ پاراخوتىمىزنى رېمونت قىلماقچى بولدۇق، پاراخوت باشلىقىدىن تارتىپ ئادەتتىكى پاراخوت خادىملىرىغىچە سېتوك. مەيھال ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن خالىفاكس پورتىغا يېتىۋالساق دېگەنلا ئوي بار ئىدى.

ئۇ باش قېيىش، قۇسۇش كېسەللىدىن ئۆلۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاچلىق ۋە ئاجىزلاپ كېتىش تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكى بىزگە ئايان ئىدى. خالىفاكسقا بېرىش سەپىرى بىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق مۇسابىقە ئىدى. مۇسابىقىدە

بىز يېڭىپ چىقتۇق. پاراخوتىمىز پرىستانغا كىرىپ توختىشى
بىلەن مەيهالىنىڭ گېلىدىغان ئاز - تولا بىرنەرسە ئۆتىدىغان
بولدى. ئۇنى بازىدىكى داۋالاش ئورنىغا ئاپىرىپ قويدۇق. بۇ،
ئۇنى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى شۆبە ئەترىتىگە يۆتكەش-
نىڭ تۇنجى قەدىمى ئىدى.

ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قايتىپ
كەلدى.

نۆۋەتچى ئوفىستېر ئەجەبلەنگەن هالدا ئۇنىڭدىن: — مەي-
هال بۇ يەرگە نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

نەس باشقان سېتوك. مەيهال: — باشلىق! ئۇلار مېنى
پاراخوتقا قايتىپ بېرىپ ئۆزۈڭنى تېزىمغا ئالدۇر، پاراخوتقا
يېنىپ كەتمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى.

— هەربىي دوختۇرغا كۆرۈندۈڭمۇ؟

— هەئە كۆرۈندۈم، باشلىق، ئۇ سەندە كېسەل يوق
ئىكەن، — دېدى.

بۇ خەۋەر پاراخوت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. ئۇ
بۇ ئىشقا سەل قارىمىدى، ناهايىتى ئېنىقكى سېتوك مەيهالنىڭ
دېڭىز ئۈستىدە كېسىلىنىڭ يەنە بىر قېتىم قوزغىلىپ قېلىشىغا
بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ يىغىن چاقى-
رىپ، مۇمكىنچىلىكى بولغان بىرقانچە هەرىكەت پىلانىنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى، لېكىن ئۇنىڭ لايىهىلىرى ئاقمىغانلىقتىن ئۇنىڭدىن
ۋاز كېچىلدى.

مەن ئەڭ ئاخىرىدا پىكىر بايان قىلىپ مۇنۇلارنى
ئېيتتىم: — بۇ ئىش پۈتكۈل ئۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش مەسىلى-
سىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەهمىيىتى سېتوك. مەي-
هالدىن كۆپ چوڭ، بىز بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، جەز-
مەن ئۇنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

بىز ئىشنى ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ، مەمۇرىي تارماقلار-

نىڭ ھەر دەرىجىلىك قاتلاملىرى ئارقىلىق، مەسىلىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدۇق، بەزى ئەھۋاللاردا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاز ـ تولا ھېسداشلىق قىلغانلىقىغا ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئەمما ھەممىسى ياردەم قىلىش قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ناۋادا سەھىيە مىنىستىرلىكىمۇ ئاستا خاراكتېرلىك پاراخوتتا ياندۇرۇش، باش قېتىش كېسىلىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى رەت قىلىۋەتسە، ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. چۈنكى سەھىيە مىنىستىرلىكىگە فلوت قوماندانىدىن باشقا كىشى بۇيرۇق چۈشۈرەلمەيتتى.

پاراخوتىمىزنىڭ باشلىقى: ــ ئۇنداقتا، بىز فلوت قوماندانى بىلەن كۆرۈشسەك بولغۇدەك! ــ دېدى.

مېنىڭچە ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى خالىفاكستا دېڭىز ئارمىيە قوماندانى كونتور ئادمىرال گېئورگى. جونس بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىزنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسى تارىخىدىكى شەرەپلىك ۋاقىتلار دېيىشكە بولاتتى. فلوت قوماندانى، سېتوك. مەيپالىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانىمىزنى ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن ناھايىتى زەن قويۇپ ئاڭلىدى. ئارقىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ (پاگونۇمەدىكى بىر تال سىزىق كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە ئانچە چېلىقمىغانىدى) مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەدەپ بۇ ئىشتىن قۇسۇر چىقىرىپ مۇنداق دېدىم، ــ كانادا پادىشاھ جەمەتى دېڭىز ئارمىيىسى كىچىك پاراخوتلاردىن تەشكىل قىلىنغان دېڭىز ئارمىيىسى بولغاچقا، پاراخوتتا ھەربىي دوختۇر بولمايدۇ، بىز بۇ ئىشتا بەك تەلەيسىز ئىكەنمىز. ياش ھەربىي دوختۇرلار شەرەپلىك دېڭىز ئارمىيە فورمىسىنى كىيىش ئارزۇسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىگە قاتنىشىدۇ. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇش پاراخوتىدا تۇرۇپ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئاز قىسمىلا قوغلاپ

زەربە بېرىش پاراخوتىغا تەقسىم قىلىنىدۇ ياكى ئەنگلىيىگە ئارد-يەتكە بېرىلىدۇ.
قوماندان شۇ پەيتتە خالىفاكستا ھەربىي دوختۇرلارنىڭ نا-ھايىتى كۆپلۈكىنى پەملەپ، شتاب باشلىقىنى چاقىرىپ بۇنى ئېنىقلىدى. شتاب باشلىقى ئۇنىڭغا: — ھەربىي سەپكە يېڭى-دىن قوبۇل قىلىنغان بىر تۈركۈم ھەربىي دوختۇرلارنىڭ يېقىندا تورونتودىن يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.
— بەك ياخشى بوپتۇ، ئەتىكى ھاۋا رايىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— قوماندان جانابلىرى ئەتە كۈچلۈك شەرق شامىلى چىقى-دىكەن.
— ياخشى، بىر پاراخوت تېپىپ، كېلەلەيدىغان بارلىق ھەربىي دوختۇرلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئەتە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي مانېۋىرغا قاتناشتۇرۇڭلار! — قوماندان دېدى.
قوماندان «ماتېبىدىيا» ناملىق پاراخوتتىن كەلگەن ۋەكىل-لەرگە قاراپ كۆتۈرەڭگۈ قىياپەت بىلەن: دېڭىزدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەسىلە ھەل قىلىشتىن تېخىمۇ ياخشى چارە بولمىسا كېرەك! — دېدى.
ھەربىي دوختۇرلار مىنا تازىلاش پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ دې-ڭىزغا چىقتى ئۇنىڭ پەرقلىق يېرى نېمە دېگەندە، ئۇ مۇھاپىزەت-چى پاراخوتقا قارىغاندا تېخىمۇ قوپال ئىدى، پاراخوت ئەتىگەن سائەت ئالتىدە پورتتىن يولغا چىققانىدى، ئالا - بۇلىماچ شەپكە كىيىۋالغان ھەربىي دوختۇرلار پاراخوتنىڭ گىرۋىكىگە بېرىۋې-لىشقانىدى، ئۇلار كېچە خېلى بىر ۋاخ بولغاندا ئاندىن قايتىپ كەلدى.
ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى مىنا تازىلاش پاراخوتى-دىكى بىر لېيتېنانت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ قالايمىقان بول-

غانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى: بۇ دوختۇرلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىماي پاراخوتنىڭ سالاسۇنىغا يېپىشىۋالغانلىقىغا قارىمامسىز، بىز مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ تەرتىپكە سېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىزنىڭ بېشى قېيىپ ياندۇرغۇچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىرىنچى گۇرۇپپا دىققەت، سالاسۇن تەرەپكە قاراپ ئۈچ قەدەم ـــ قەدەملەپ مارش! بىرىنچى گۇرۇپپا پاراخوت ئۈستىدە قالسۇن، ئىككىنچى گۇرۇپپا پاراخوت ئاستىغا چۈشسۇن! دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقىمىز تۇرغان گەپ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ئىشتا بىزمۇ چاققان كەلدۇق. ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە داۋالاش پونكىتىنىڭ ئىشكى ئېچىلماستىن بۇرۇن، سېستورا. مەيھالنىڭ گۇۋاھنامىلىرىنى ۋە پاراخوتنىڭ كېسەل تارىخىنى تەقلەپ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق، ئۇنىڭ ئۆچىرىتى ئەڭ ئالدىدا ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەربىي دوختۇرلارمۇ ئىشقا چۈشتى، ئۇلارنىڭ چىراي شەكلى بەك سەتلىشىپ كەتكەنىدى، سېستوك. مەيھال يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمۇشتا لازىمەتلىك نەرسىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئۇ بىزگە قولىدا يۆگەكلىك تۇرغان ماتېرىيالىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدى، ماتېرىيالغا "ئاستا خاراكتېرلىك باش قېيىپ، قۇسۇش كېسىلى"، دېگەن ئەگرى - بۈگرى خەتلەر يېزىلغان، ئۇنىڭغا "دېڭىزدا خىزمەت ئىشلەشكە لايىق ئەمەس" دېگەن تامغا بېسىلغانىدى.

شۇ كۈنى كەچتە "ماتبىدىيا" ناملىق پاراخوتتا تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدۇق، پاراخوتتا باش قېيىپ، قۇسۇش كېسىلىنى بىز تېببىي ئىلىم ھۆججەتلىرىگە كىرگۈزگەندۇق.

كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا كەلسەك، بىزنىڭ بۇ ھەقتە ماختانغۇدەك سالاھىيىتىمىز يوق. تېببىي ئىلىم ساھە-

سىدىكىلەر ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرەر كېسەلنى قوبۇل قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسە شۇ كېسەلنى داۋالاش ئۇ-سۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلىقىنى ئاز ـ تولا تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا 1943 ـ يىلى تەجرىبىخانىدىن ئۈچ خىل خىمىيىلىك ماددىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل بىرىكمە دورا 2 ـ 183 ناملىق دورا مەيدانغا كەلدى.

شان ـ شەرەپ ئەجىر سىڭدۈرگۈچىلەرگە مەنسۇپ. «ما-تېبىدىيا» ناملىق پاراخوتتىكى بارلىق خادىملار مۇشۇ كىچىك بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىدىن قانائەتلىنىمىز.

本书根据海潮出版社 1993 年 1 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب ”دېڭىز دولقۇنى“ نەشرىياتى 1993-يىل 1-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: پەرھات يۈسۈپ

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : ياسىن مۇھەممەت

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: گىمئىل

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تۇرسۇن رەھىم، ياسىن مۇھەممەت، مەغپىرەت كامال، تەلئەت ئىبراھىم

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ سىرى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013)

تېلېفون نومۇرى: 010-64290862

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى

باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

2000-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

2000-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

سانى: 3000—0001 باھاسى: 14.00 يۈەن

责任编辑
责任校对：亚森买买提
装帧设计：金一

图书在版编目（CIP）数据

二次大战秘闻录：维吾尔文/张大化编著．—北京：民族出版社，2000．8
ISBN 7-105-04106-4

Ⅰ．二 Ⅱ．张… Ⅲ．纪实文学-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．125

中国版本图书馆CIP数据核字（2000）第46994号

译者：吐尔逊，亚森买买提
麦合甫来提，塔来提

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街14号 邮编100013）
民族出版社排版中心 迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2000年8月第1版 2000年8月北京第1次印刷
开本：850×1168毫米 1/32 印张：12.375
印数：0001-3000册 定价：14.00元

«كىتاب ئىسمىنى ياسىن مۇھەممەت يازغان»



ISBN 7-105-04106-4

9 787105 041060 >

ISBN 7-105-04106-4/I · 957
民文（维 178） 定价：14.00元